


مەملىكەت بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى دەرسى
ۋە ئىدىيە ـ ئەخلاق دەرسى ( ئومۇمىي پەن ) دىن كۆرسەتمىلىك دەرسلىك

# قانۇن ئاساسلىرى دەرسلىكى

( مەخسۇس كۇرس سىناق نۇسخىسى )

مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ۋە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت مەھكىمىسى
بىلەن ئەدلىيە مىنىستىرلىقى قانۇنچىلىق تەشۋىقات مەھكىمىسى تەشكىللەپ تۈزدۈردى

مەملىكەتلىك ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى
ۋە ئىدىيە-ئەخلاق دەرسلىكى (ئورتاق دەرسلىك) بويىچە كۆرسەتمىلىك دەرسلىك

# قانۇن ئاساسلىرى دەرسلىكى

(مەخسۇس كۇرس سىناق نۇسخىسى)

مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت مەھكىمىسى بىلەن ئەدلىيە مىنىستىرلىقى قانۇن-تۈزۈم تەشۋىقات مەھكىمىسىنىڭ تەشكىللىشىدە تۈزۈلدى

باش تۈزگۈچى: گۇچۇندې
مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: چېن لاۋجى
ماقالىنى يازغۇچىلار: گوڭ شيەنتيەن، ليۇگوۋيچېن،
ياڭ شاۋچىڭ، چېن داۋېن،
چېن لاۋجى، گۇچۇندې،
جۇيىجوڭ، سۇي خۇڭمىڭ

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

法律基础教程:维吾尔文/谷春德,陈劳志主编;艾力等译. —乌鲁木齐:新疆科技卫生出版社,2000.8
ISBN 7-5372-2245-2

Ⅰ.法… Ⅱ.①谷…②陈…③和… Ⅲ.法律-中国-教材-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.D92

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 39713 号

责任编辑 艾尔肯·阿力木
校　　对 热依汗·努尔

法律基础教程(专科试用本)
艾力、阿布都热依木、艾则孜 翻译
*　　*　　*
新疆科技卫生出版社(W)出版发行
(乌鲁木齐市龙泉街 66 号 邮编 830001)
新疆工业高等专科学校印刷厂
*　　*　　*
850×1168 毫米 32 开本 18 印张
2000 年 8 月第一版 2000 年 8 月第一次印刷
印数:1—5000 定价:21.60 元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتاب مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ۋە ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق مەھكىمىسى بىلەن ئەدلىيە مىنىستىرلىقى قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقات مەھكىمىسىنىڭ تەشكىللىشىدە تۈزۈلگەن بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق دەرسلىكى ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن دەرسلىكلەرنىڭ بىرى . بۇ كىتاب پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ، ئەدلىيە خىزمەت ئەمەلىيىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا ئاساسەن ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنى يادرو قىلىپ ، قانۇن ئىلمى ئاساسىي نەزەرىيىسى ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە قانۇنچىلىق نەزەرىيىسى ، ئاساسىي قانۇن ، مەمۇرىي قانۇن ، ھەق تەلەپ قانۇنى ، ئىقتىسادىي قانۇن ، جىنايى ئىشلار قانۇنى ، شۇنىڭدەك ئۈچ چوڭ دەۋا قانۇنىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئېنىق ، ئىخچام تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى . بۇ كىتابتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ، مەزمۇن بېكىتىلدى . مۇھىم نۇقتىلار گەۋدىلەندۈرۈلدى . تەپسىلىي ۋە ئىخچام بولۇش مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى .

**مۇقەددىمە** .................................................. 1
1 . قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنىڭ ماھىيىتى ، ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنى .................................................. 1
2 . قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى .................................................. 9
3 . قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە تەلىپى .................................................. 23
**بىرىنچى باب قانۇنچىلىق ئاساسىي نەزەرىيىسى** ... 27
**§1 . قانۇننىڭ ماھىيىتى** .................................................. 27
1 . قانۇن ئۇقۇمى .................................................. 27
2 . قانۇننىڭ ماھىيىتى .................................................. 31
3 . قانۇننىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى .................................................. 35
4 . قانۇننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى .......... 39
5 . سوتسىيالىستىك قانۇن ئۇقۇمى ۋە ماھىيىتى ... ... ... 43
**§2 . قانۇننىڭ رولى** .................................................. 47
1 . قانۇننىڭ رولى توغرىسىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچە ۋە ئۇنىڭ تۈرى .................................................. 47
2 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رولى .................................................. 49
3 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ سىياسىي جەھەتتىكى رولى .................................................. 57
4 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپ ،

مەدەنىيەت جەھەتتىكى رولى ...... 63
5 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ تاشقى خىزمەت جەھەت-
لەردىكى رولى ...... 67
§3 . قانۇن ئېڭى ...... 70
1 . قانۇن ئېڭىنىڭ ئۇقۇمى ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنىشى ...... 70
2 . سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ
سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...... 72
3 . سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ... 77
§4 . قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى ...... 79
1 . قانۇننى تۈزۈشنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئالاھىدىلىكى ... 79
2 . قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئۇقۇمى ، قۇرۇلمىسى ۋە تۈرگە
ئايرىلىشى ...... 80
3 . سوتسىيالىستىك قانۇننى تۈزۈش خىزمىتىنىڭ يېتەك
چى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى ...... 84
4 . دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ مەنبەسى ...... 90
5 . سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى ۋە قانۇن تارماقلى
رى ...... 93
§5 . قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى ...... 94
1 . قانۇننىڭ يولغا قويۇشنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇسۇلى ...... 94
2 . قانۇننى تەتبىقلاش ئۇقۇمى ۋە ئالاھىدىلىكى ... 95
3 . سوتسىيالىستىك قانۇننى تەتبىقلاشنىڭ ئاساسىي تەلىپى
ۋە پرىنسىپلىرى ...... 96
4 . قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئۈنۈم كۈچى ...... 100
5 . دۆلىتىمىز قانۇن - قائىدىلىرىنىڭ چۈشەن
دۈرۈلۈشى ...... 104
6 . سوتسىيالىستىك قانۇنغا رىئايە قىلىش ...... 106
ئىككىنچى باب دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە قانۇن -
تۈزۈم نەزەرىيىسى ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قى-

لىش ..... 113

**§1 . دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە قانۇن ـ تۈزۈم نەزەرىيىسى ..... 113**

1 . دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزم بولمايدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ زامانىۋىلىشىشمۇ بولمايدۇ ..... 113

2 . دېموكراتىيە بىلەن قانۇن ـ تۈزۈمدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بىرلىككە ئىگە ..... 122

3 . دېموكراتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشنى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ..... 125

4 . بىر قولدا قۇرۇلۇشنى، بىر قولدا قانۇن ـ تۈزۈمنى تۇتۇش ۋە قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ..... 138

5 . سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋە ئاساسىي فاڭجېنى ..... 141

6 . قانۇن ـ تۈزۈمنى كۈچەيتىشنىڭ نېگىزلىك مەسىلىسى ئادەم تەربىيىلەش، قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن ـ تۈزۈم چۈشەنچىسىنى كۈچەيتىش ..... 148

**§2 . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلىتى قۇرۇش توغرىسىدا ..... 151**

1 . «ئادەمگە تايىنىپ ئىدارە قىلىش» ۋە «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئىككى خىل بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇل ..... 151

2 . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ..... 155

3 . سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ..... 162

4 . سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلىتىنى تىرىشىپ قۇرۇش ..... 165

www.uyghurkitap.com


**ئۈچىنچى باب ئاساسىي قانۇنلۇق قانۇن ـ تۈزۈملەر ...... 177**

**§1 . ئاساسىي قانۇن ھەققىدە چۈشەنچە ...... 177**

1 . ئاساسىي قانۇننىڭ ئۇقۇمى ۋە ئالاھىدىلىكى ........... 177

2 . دۆلىتىمىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئاساسىي قانۇننىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى ........ 179

**§2 . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى ............... 185**

1 . دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى تۈزۈمى ................................................ 185

2 . دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ...... 190

3 . دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تۈزۈمى ...... 197

4 . دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى ........... 202

**§3 . دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ......................................... 207**

1 . پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ...... 207

2 . دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقى ......... 210

3 . دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈپ مەجبۇرىيەتلىرى ........ 219

4 . دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى .................. 221

5 . پۇقرالار ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى توغرا يۈرگۈزۈش ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ئادا قىلىشى لازىم ........................................ 223

**§4 . دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئاپپاراتى ................... 224**

1 . دۆلەت ئاپپاراتى ئۇقۇمى .............................. 224

2 . دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى سىستېمىسى ...... 225

**§5 . ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى تىكلەش، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ......... 234**

1 . ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ

مۇھىم ئەھمىيىتى ........................................ 234
2 . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى ........................................ 235
**تۆتىنچى باب مەمۇرىي قانۇن - تۈزۈم........................................ 239**
**§1 . مەمۇرىي قانۇن - تۈزۈم توغرىسىدا قىسقىچە بايان ........................................ 239**
1 . مەمۇرىي قانۇن ئۇقۇمى، مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........................................ 239
2 . مەمۇرىي قانۇننىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولى .......... 242
3 . مەمۇرىي قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى .......... 243
4 . مەمۇرىي قانۇننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى .......... 250
**§2 . مائارىپ مەمۇرىي قانۇنى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان........................................ 252**
1 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى» ....... 252
2 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالىي مائارىپ قانۇنى» ........................................ 258
3 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» ........................................ 261
4 . «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ تەرتىپىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە» .................. 263
**§3 . باشقا بىر قانچە مەمۇرىي قانۇنلار توغرىسىدا ئومۇمىي بايان........................................ 268**
1 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى» ........................................ 268
2 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كوچ كۆرسىتىش قانۇنى».......... 271
3 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش باشقۇرۇشتىكى جازالاش نىزامى» .................. 272

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي جازا قانۇنى ........................................ 275

## بەشىنچى باب ھەق تەلەپ قانۇن ـ تۈزۈمى ............ 281

§1 . ھەق تەلەپ قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە بايان ...... 281
1 . ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ھەق تەلەپ قانۇن مۇناسىۋەتلىرى ................................ 281
2 . ھەق تەلەپ سۇبيېكتى ........................ 285
3 . ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەت ۋە ۋەكالەتچىلىك ........................................ 294

§2 . ھەق تەلەپ ھوقۇقى ................................ 300
1 . مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ۋە مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدار ھوقۇقىغا دائىر مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ................................ 300
2 . ھەقدارلىق ........................................ 307
3 . جىسمانىي ھوقۇق ................................ 312
4 . ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى .......................... 313
5 . ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ........................ 330

§3 . توختام قانۇنى .................................... 343
1 . توختام قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى ، ئالاھىدىلىكى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى ........................................ 343
2 . توختامنىڭ تۈزۈلۈشى ............................ 346
3 . توختامنىڭ تەسىر كۈچى .......................... 348
4 . توختامنىڭ ئىجرا قىلىش .......................... 350
5 . توختامنى ئۆزگەرتىش ، ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە توختىتىش ........................................ 352
6 . توختام ماجىرالىرىنى بىرتەرەپ قىلىش .......... 353
7 . توختامنىڭ تۈرلىرى .............................. 354

§4 . ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى ۋە دەۋا سۈرۈكى ...... 360

1 . توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەق تەلەپ جاۋاب
كارلىقى........................ 360
2 . ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ھەق
تەلەپ جاۋابكارلىقى........................ 361
3 . ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئې
لىشنىڭ شەكلى ........................ 363
4 . دەۋا سۈرۈكى........................ 364
**§5 . نىكاھ قانۇنى** ........................ 366
1 . نىكاھ قانۇنى ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي
پرىنسىپى ........................ 366
2 . نىكاھلىنىش ........................ 368
3 . ئائىلە مۇناسىۋىتى........................ 370
4 . نىكاھدىن ئاجرىشىش........................ 378
**ئالتىنچى باب ئىقتىسادىي قانۇن - تۈزۈم** ......... 383
**§1 . ئىقتىسادىي قانۇن - تۈزۈم ھەققىدە قىسقىچە
بايان** ........................ 383
1 . ئىقتىسادىي قانۇن ئۇقۇمى........................ 383
2 . دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن - تۈزۈمى ........... 384
3 . ئىقتىسادىي قانۇن ۋە سوتسىيالىستىك بازار
ئىگىلىكى ........................ 390
**§2 . كارخانا قانۇنى**........................ 392
1 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار قانۇنى ...... 392
2 . شەھەر - بازار كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخا
نىلار قانۇنى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى قانۇنى ........ 397
3 . خۇسۇسىي كارخانىلار قانۇنى........................ 400
4 . چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخا
نىلار قانۇنى ........................ 404
5 . شىركەت قانۇنى........................ 408

§3 . ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ هوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى ........................ 413
1 . ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى ........ 413
2 . ئىستېمالچىلارنىڭ هوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى ........................................ 418
§4 . باج قانۇنى ........................................ 420
1 . باج قانۇنى هەققىدە قىسقىچە بايان ............ 420
2 . ئوبوروت سوممىسىدىن ئېلىنىدىغان باج قانۇنى ...... 423
3 . تاپاۋەت بېجى قانۇنى .......................... 427
4 . باج ئېلىش - باشقۇرۇش قانۇنى .............. 429
§5 . ئەمگەك قانۇنى .................................. 433
1 . ئەمگەك قانۇنى ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ........................................ 433
2 . ئەمگەكچىلەرنىڭ هوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ........ 434
3 . ئەمگەك توختامى ................................ 435
4 . ئەمگەك مۇهاپىزىتى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ........ 438
5 . ئەمگەك تالاش - تارتىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ... 440
يەتتىنچى باب جىنايى ئىشلار قانۇن - تۈزۈمى .......... 443
§1 . جىنايى ئىشلار قانۇنى هەققىدە قىسقىچە بايان ........................................ 443
1 . جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ۋەزىپىسى ........ 443
2 . جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى .......... 445
3 . جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى ........ 447
§2 . جىنايەت ........................................ 452
1 . جىنايەت ئۇقۇمى ۋە ئالاهىدىلىكى .............. 452
2 . جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشى ........................ 455
3 . يوللۇق قوغدىنىش ۋە جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىش ........................................ 464
4 . جىنايەتنىڭ تەييارلىنىشى ، ئەمەلگە ئاشماي قېلىشى ۋە

جىنايەتنى توختىتىش ........ 467
5 . بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت ........ 469
6 . جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى جىنايەتنىڭ تۈرلىرى ...... 472
§3 . **جىنايى جازا** ........ 490
1 . جىنايى جازانىڭ ئۇقۇمى ........ 490
2 . جىنايى جازانىڭ تۈرلىرى ........ 491
3 . جىنايى جازانىڭ كونكرېت قوللىنىلىشى ...... 494
**سەككىزىنچى باب دەۋا قانۇن - تۈزۈملىرى** ...... 502
§1 . **دەۋا قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان** ........ 502
1 . دەۋا قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى ۋە تۈرى ........ 502
2 . دەۋا قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى ........ 503
3 . دەۋا قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ........ 504
4 . دەۋادىكى دەلىل - ئىسپاتلار ........ 508
§2 . **ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى** ........ 512
1 . ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى ........ 512
2 . ھەق تەلەپ دەۋاسىغا قاتناشقۇچىلار ........ 516
3 . ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى ...... 519
4 . ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى سوت تەرتىپى ........ 520
§3 . **مەمۇرىي دەۋا قانۇنى** ........ 527
1 . دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى ۋە باشقۇرۇش تەۋەلىكى ........ 527
2 . مەمۇرىي دەۋاغا قاتناشقۇچىلار ........ 532
3 . مەمۇرىي دەۋانىڭ تەرتىپلىرى ........ 535
§4 . **جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى** ........ 539
1 . جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى ...... 539
2 . جىنايى ئىشلار دەۋاسىغا قاتناشقۇچىلار ........ 543
3 . جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى ........ 546
4 . جىنايى ئىشلار قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسى ........ 548
5 . جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ تەرتىپى ........ 548

www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

## 1 . قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنىڭ ماھىيىتى، ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنى

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى دەرسى ۋە ئىدىيە ـ ئەخلاق دەرسى (قىسقارتىپ ئىككى دەرس دېيىلىدۇ) ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ماركسىزم نەزەرىيىسى تەربىيىسى ۋە ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسلىق يولى ۋە ئاساسلىق ھالقىسى، سوتسىيالىستىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، ئېلىمىز ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىك سىستېمىسىدىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئورگانىك تەركىبىي قىسىم، ھەربىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرسلىكتىن ئىبارەت. ئىدىيە ـ ئەخلاق دەرسى «قانۇن ئاساسلىرى»، «ئىدىيە ـ ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىنىش» ۋە «ۋەزىيەت ۋە سىياسەت» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «جۇڭگو ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى پروگراممىسى (سىناق نۇسخىسى)» شۇنىڭدەك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ 1998 ـ يىلىدىكى «ئالىي مەكتەپلەردە «ئىككى دەرس» نى تەسىس قىلىش بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىرىدە «قانۇن

ئاساسلىرى» دەرسى، «ئەدىيە ـ ئەخلاق بىلەن تەربىيلەنىش»، «ۋەزىيەت ۋە سىياسەت» دەرسى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان بولۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېنەكچى قىلغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسىنى ئېلىپ بارىدىغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماركسىزملىق قانۇنچىلىق ئاساسىي قاراشلىرىنى ئىگىلەشكە ياردەم بېرىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇنلارنىڭ ئاساسىي روھىي ۋە بەلگىلىمىسىنى چۈشىنىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم قارىشى ۋە قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان مۇھىم دەرسلىك بولۇپ، ئۇ ھەم قانۇندىن ئومۇمىي بايان دەرسلىكىگە ئوخشىمايدۇ، ھەم قانۇن كەسپىي دەرسلىكلىرىگە ئوخشىمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنىڭ ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىلارغا زۆرۈر بولغان قانۇن ئاساسىي بىلىملىرى ۋە قانۇن ئىلمىي ئاساسىي نەزەرىيە بىلىملىرىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارغا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قۇرۇش ۋە دېموكراتىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكى ۋە جاپالىق ھەم ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى تونۇتۇش، ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي كۆزقارىشىنى سىڭدۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە مۇھىم تارماق قانۇنلىرىنىڭ ئاساسىي روھىي ۋە مەزمۇنىنى ئىگىلىتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە پۇقرالىق ئېڭى تىكلىشىگە، قانۇن ـ تۈزۈم قارىشى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىش، پۇقرالىق ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشكە، مەجبۇرىيەتلەرنى قاتتىق ئادا قىلىشقا ياردەم

www.uyghurkitap.com

بېرىش ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ، ئۆزىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ، دۆلەت مەنپەئەتى ۋە ئۆزىنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار بىلەن ئاڭلىق كۈرەش قىلىش ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان ، غايىلىك ، ئەخلاقلىق ، مەدەنىيەتلىك ، ئىنتىزامچان ئىقتىساس ئىگىلىرىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت .

قانۇن ئاساسلىرى دەرسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنى يادرو قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھەم ماركسىزم قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئادەتتىكى نەزەرىيىسىنى ، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈم نەزەرىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ھەم ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە ئېتىبار بېرىلگەن ، ھەم ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن . بولۇپمۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش ۋە دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن . شۇنداقلا ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتى ۋە ئۇلار ئېتىبار بېرىدىغان مەسىلىلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ ، دەۋر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن . قاراتمىلىقى كۈچلۈك ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە قوللىنىشىغا پايدىلىق .

بۇ دەرسلىك ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

بىرىنچى ، قانۇنشۇناسلىق قائىدىلىرى قىسمى . يەنى بىرىنچى باب «قانۇن ئاساسىي نەزەرىيىسى» ۋە ئىككىنچى باب

«دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق نەزەرىيىسى ۋە دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» ، بۇنىڭدا قانۇننىڭ پەيدا بولۇشى ، ماھىيىتى ۋە تارىخىي تەرەققىياتى ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ ماھىيىتى ، رولى ، تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق نەزەرىيىسى ۋە دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش توغرىلىق سۆزلىنىدۇ . قانۇننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ، قانۇننىڭ ماھىيىتى چۈشەندۈرۈلۈپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇننىڭ سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ماددىي ئىكەنلىكى ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى قاتارلىق ماركسىزملىق قانۇنچىلىق قارىشىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىلىدۇ . قانۇن ئوقۇمىنى سۆزلەش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلۈپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرى بىلەن باشقا ئىجتىمائىي قائىدىلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە پەرقىنى ئىگىلىشىگە ، ئىدىيە جەھەتتە قانۇننىڭ نوپۇزىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىلىدۇ . ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ ماھىيىتى ۋە رولىنى تونۇتۇش ئارقىلىق ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ، سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتنى قۇرۇش ۋە دېموكراتىيە ، قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ، زۆرۈرلۈكى ، جاپالىقلىقى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈلۈش بىلەن بىرگە ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قۇرۇش مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇلۇغۋار ئىجادىيەت بولۇپ ، ئۇنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنى بىردەمدىلا تاماملاش مۇمكىن ئەمەسلىكى چۈشەندۈرۈلىدۇ .

دېڭ شىياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە، قانۇن - تۈزۈم نەزەرىيىسىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېڭ شىياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتى، ئۇنىڭ روھى، ماھىيىتى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىگىلىتىلىپ، دېڭ شىياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم نەزەرىيىسى — دېڭ شىياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى مۇستەھكەم تىكلەشنى تولۇق تونۇتىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي تەدبىرىنىڭ مەنىسى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتى، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئاڭلىق ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى، قانۇن بىلىملىرى قىسمى، يەنى ئاساسىي قانۇن ۋە تارماق قانۇنلار قىسمى. بۇلار ئۈچىنچى باب «ئاساسىي قانۇنلۇق قانۇن تۈزۈملەر»، تۆتىنچى باب «مەمۇرىي قانۇن - تۈزۈم»، بەشىنچى باب «ھەق تەلەپ قانۇن - تۈزۈمى»، ئالتىنچى باب «ئىقتىسادىي قانۇن تۈزۈملىرى»، يەتتىنچى باب «جىنايىي ئىشلار قانۇن - تۈزۈملىرى»، سەككىزىنچى باب «دەۋا قانۇن - تۈزۈملىرى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسىي قانۇن قىسمىدا، ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى، دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەكلى، شۇنداقلا سىنىپىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنىڭ

مەركەزلىك ئىپادىسى ئىكەنلىكى ، ئۇ بىر دۆلەتنىڭ توپ تۈزۈمى ۋە ۋەزىپىسىنى بەلگىلەشتە ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە قانۇن بولۇپ ، ھەرقانداق شەخس ۋە تەشكىلنىڭ ھەرىكەت مىزانى ئىكەنلىكى ، ئۇنى تۈزۈش ۋە ئۆزگەرتىش تەرتىپى تېخىمۇ قاتتىق بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ ھەمدە ھەربىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاساسىي قانۇن ئېڭىنى تىكلىشى ۋە كۈچەيتىشى ، ئاساسىي قانۇننىڭ ئەڭ ئالىي نوپۇزى ۋە ئىززىتىنى قوغدىشى ، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق سۆزلەش ئارقىلىق ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئاساسىي روھى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى ، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى توغرا ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىش ، خەلقنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق سايلام ئۇسۇلى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ باشقا ئورگانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ۋە نازارەت قىلىدىغانلىقىنى ، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى يەنە خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ، خەلققە مەسئۇل بولىدىغانلىقى ، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ دۆلەتكە خوجايىنلىق قىلىشتەك سىياسىي تۈزۈمىنى نۇقتىلىق بايان قىلىش ئارقىلىق ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېلىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت شەكلى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى سىياسىي شەكلىنى خەلق كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى ۋە تارىخىي تاللاش ئىكەنلىكىنى ، بۇ سىياسىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىملىقىنى ، غەربنىڭ سىياسىي تۈزۈم ئەندىزىسىنى كۆچۈرۈپ كەلمەسلىكنى ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى

ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بۇرژۇئا دۆلەتلىرىدىكى ئۈچ ھوقۇق ئايرىلىپ تۇرۇش تۈزۈمىدىن ئەۋزەل بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە خاراكتېرى ئېلىمىزدە ئۈچ ھوقۇق ئايرىلىپ تۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش لازىملىقىنى تولۇق تونۇتىدۇ. ئېلىمىز پۇقرالىرىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا بولغان ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت قارىشىنى، خوجايىنلىق ئېڭىنى تىكلىشىگە، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈش، پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ئاداقىلىشىغا ياردەم بېرىلىدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تۇتۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ۋە قوللاش بولۇپ، دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەتنى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە كەڭ دائىرىدىكى ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغىلى ۋە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇتۇلىدۇ. تارماق قانۇنلار قىسمىدا، جۇڭگو مەسىلىسى ۋە بىز ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلار مەركەز قىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى، بولۇپمۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش، ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە، قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئەمەلىيىتى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ئەمەلىيىتى ۋە ئۇلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە زىچ باغلىنىشلىق بولغان بەزى تارماق قانۇنلارنىڭ قانۇن تۈزۈش

مەقسىتى ، پرىنسىپى ۋە ئاساسىي روھىي نۇقتىلىق سۆزلىنىپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلىشى ، مۇناسىۋەتلىك ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىلىدۇ . بولۇپمۇ ، قانۇننىڭ فۇنكسىيىسى پەقەت قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنىلا جازالاش بولماستىن ، بەلكى كۆپ ھاللاردا پۇقرالار بىلەن قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ، شۇنداقلا ، «جازالاش» تىكى مەقسەتنىڭ ئۆزىمۇ «كاپالەتلەندۈرۈش» ئۈچۈندۇر دېگەن قاراشىنى نۇقتىلىق بايان قىلىش ئارقىلىق ، ئوقۇغۇچىلاردا قانۇنغا بولغان «ھېسسىياتنى» يېتىلدۈرۈپ ، قانۇن بولمىسا ئەركىنلىكمۇ بولمايدۇ ، دېگەن قاراش تۇرغۇزۇلىدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇننى بىلىش ، قانۇنغا رىئايە قىلىش ، قانۇننى قوغداش ۋە قانۇننى ئىشلىتىش ئاڭلىقلىقى ۋە ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈلىدۇ .

ئۈچىنچى ، قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن - تۈزۈم كۆزقارىشى قىسمى ، يەنى بىرىنچى باب ئۈچىنچى پاراگراف «قانۇن ئېڭى» ۋە ئىككىنچى باب بىرىنچى پاراگراف ئالتىنچى تېما «قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ مەسىلە — كىشىلەرنى تەربىيىلەش ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىش» . بۇنىڭدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە پۇقرالىق ئېڭىنى تىكلەش ، قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكى شۇنىڭدەك قانۇنچىلىق ئېڭى ۋە پۇقرالىق ئېڭىنى قانداق تىكلەش ، قانۇن قارىشىنى قانداق كۈچەيتىش دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر نۇقتىلىق سۆزلىنىدۇ . قانۇن ئېڭىنىڭ ئاساسىي مەنىسى ، مەزمۇنى ۋە مۇھىم رولى ، شۇنىڭدەك قانۇن ئاساسىي دەرسى بىلەن باشقا قانۇن دەرسلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى سىستېمىلىق سۆزلەش ئارقىلىق ، قانۇن ئاساسىي دەرسىنى ئوقۇتۇشنىڭ تۈپ مەقسىتى

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدىغانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئېڭى ، يۇقىرالىق ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە كۈچەيتىشنىڭ بىر خىل ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلىدۇ . بىرىنچىدىن ، قانۇننى ئۆگىنىش ، قانۇننى بىلىش ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىگىلەش لازىم . ئىككىنچىدىن ، قانۇنغا رىئايە قىلىش ، قانۇننى ئىشلىتىشنى بىلىش ، قانۇننى قوغداپ ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ، قانۇندىن ئىبارەت بۇ قورالدىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ ، ئۆزىمىزنى قوغدىشىمىز ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىپ ، دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغدىشىمىز لازىم . ئۈچىنچىدىن ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ، ئۆزىمىزنىڭ قانۇنىي ئاڭ سەۋىيىمىز بىلەن ساپايىمىزنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم .

## 2 . قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

قانۇن ئاساسلىرى دەرسى ھەربىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرسلىك . قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ، ئاساسىي فاڭجېنلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلىشى ۋە ئىزچىل ئىجرا

قىلىشى، قەتئىي ۋە توغرا بولغان سىياسىي يۆنىلىشىنى تۇرغۇزۇشى، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى ۋە پۇقرالىق ئېڭىنى تىكلىشى، قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىشى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئىدىيە - ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېڭى ۋەزىيەتكە تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىشى، «غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان» بولغان سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىدىن بولۇپ چىقىشىدا چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشى ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېنىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە ئۇنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىشى ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىشى، قەتئىي ۋە توغرا بولغان سىياسىي يۆنىلىش تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشتىكى يېتەكچى ھۆججەت ۋە مۇھىم ئاساس. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنىنىڭ قائىدىلەشتۈرۈلۈشى، كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ھەمدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. پارتىيە

سىياسىتى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ جېنى خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، خۇددى يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدىكى دوكلاتىدا كۆرسەتكىنىدەك: «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان تۈپ ئومۇمىي تەدبىرى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزىدۇ ھەمدە ئۆز پائالىيىتىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بارىدۇ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈزۈم ۋە قانۇن جەھەتتىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېنلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيىنىڭ ئومۇمىيەتنى ئىزگىنلەپ تۇرىدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان رەھبەرلىك يادروسىغا خاس رولىنى باشتىن - ئاخىر جارى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم»[1]. ئۇ يەنە 1995 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى لېكسىيىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ

---

[1] جياڭ زېمىننىڭ «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 - ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى» دېگەن كىتابىنىڭ 35 - بېتىدىن ئېلىندى. خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل نەشرى.

كۆرسەتكەن : «پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكى ئاساسلىقى سىياسىي ، ئىدىيىۋى ، تەشكىلىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكتىن ئىبارەت . سىياسىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكنىڭ ئاساسلىق شەكلى : پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇش ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولى ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىغا باشلامچىلىق قىلىپ پارتىيىنىڭ لۇشيەن ، فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت . پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىش ئاساسىدا تۈزگەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار خەلق ئىرادىسىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ ، پارتىيە تەشەببۇسىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشىدۇر . ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش — خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلىش ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن ، فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر»[①] . جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىش ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك . قانۇن ئاساسلىرى دەرسى دەل پارتىيىنىڭ لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنى قانۇن نۇقتىسىدىن گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ . ئالىي مەكتەپ

① «خەلق گېزىتى» نىڭ 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى ساندىن ئېلىندى .

ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشى ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى چوڭقۇر ئىگىلىشى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېنى ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنىڭ قانۇن ئاساسىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېن ۋە ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى ئۆستۈرۈشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان سىياسىي يۆنىلىشنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ.

2. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى سوتسىيالىستىك ئەخلاق ئېڭىنى كۈچەيتىش، ئىدىيە - ئەخلاق جەھەتتىكى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئەخلاق بىلەن قانۇن ھەم ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان، بىر - بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلمەيدىغان، ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بار، ئۆزئارا رول ئوينايدىغان، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۆزئارا تولۇقلايدىغان ئىككى خىل مۇھىم ئىجتىمائىي قائىدە، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ئىككى خىل ۋاستە. ئەخلاق ساپاسى ۋە قانۇن ئېڭى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي ساپادىن ئىبارەت. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو، كوللېكتىپىزمنى پرىنسىپ، ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئەمگەكنى سۆيۈش، ئىلىم - پەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشنى ئاساسىي تەلەپ

قىلىپ ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق تەربىيىسى ، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئائىلە ئەخلاق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان ، باراۋەر دوستانە ئۆتىدىغان ، ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم . قاراردا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن : «سوتسىيالىستىك ئەخلاق ئادىتى شەكىللەندۈرۈش ، مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەم تەربىيىگە ھەم قانۇن ـ تۈزۈمگە تايىنىش لازىم .» ئېسىل ئەخلاق ھەرىكىتى ئېسىل ئەخلاقىي ساپا ئۇستىگە قۇرۇلىدۇ ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر . ئەخلاق ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلدۈرۈلۈشى ئەلۋەتتە تەربىيىگە باغلىق . لېكىن تەربىيىنىڭ قائىدە ئارقىلىق نەسىھەت قىلىش رولىلا بولۇپ ، مەجبۇرلاش ۋە چەكلەش رولى بولمايدۇ . جەمئىيەت تەشەببۇس قىلغان ئەخلاق پرىنسىپى خەلقنىڭ ئېڭىغا ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىشتىن ئىلگىرى ، پەقەت تەربىيىگە تايىنىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ . يەنە مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى قانۇن ۋاستىسىنى قوشۇمچە قىلىشىمىز ، ئەخلاق تەلىپىنى جازالاش خاراكتېرىدىكى قانۇنىي چەكلەش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ھەمدە ئۇنى تەدرىجىي ھالدا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان ئىچكى چەكلەش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم . سوتسىيالىستىك قانۇن ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا سوتسىيالىستىك ئەخلاق بىلەن بىردەكلىككە ئىگە . سوتسىيالىستىك قانۇن سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋە پرىنسىپىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ، كونا ئەخلاقنى تەنقىد قىلىش ، شۇنداقلا قانۇنغا خىلاپ

قىلمىشلارنى جازالاش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئەخلاقنى تەشۋىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ ئاساسىي تەلىپىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، كىشىلەرنى سوتسىيالىستىك ئەخلاققا ئاكتىپ رىئايە قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. قانۇن ئاساسلىرى دەرسى قانۇن ئاساسىي نەزەرىيىسى، قانۇن ئاساسىي بىلىملىرىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، قانۇن روھىنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىستىك ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشى ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ ئاساسىي تەلىپىنى قانۇن جەھەتتىن چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشكە، قانۇندا قانداق بەلگىلىمىلەرنىڭ بارلىقىنى، دۆلەتنىڭ نېمىنى تەشەببۇس قىلىپ، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ نېمىلەرنى قىلسا بولىدىغانلىقى، نېمىلەرنى قىلسا بولمايدىغانلىقى، نېمىلەرنى چوقۇم قىلىش كېرەكلىكىنى، قانداق قىلغاندا توغرا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاڭلىق ھالدا قانۇن - تۈزۈم ئىزىغا سېلىپ، بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئەخلاق ئېڭىنى كۈچەيتىش، ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ۋە ياخشى بىلەن يامانىنى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى، ھەق بىلەن ناھەقنى، شەرەپ بىلەن نومۇسنى ئايرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك ئەخلاق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى، ئىدىيە - ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

3. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشى دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ لاياقەتلىك پۇقراسى بولۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك

قانۇن دۆلىتى قۇرۇش ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، دۆلەتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تىنچلىقىنى قوغداشقا ياردەم بېرىدۇ.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىنىڭ ئاساسىي تەدبىرى قىلىپ بېكىتىش ھەمدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇشنى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنى قىلىش پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى . سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇش ـ سوتسىيالىزم تارىخى تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەرلىك . خەلق مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغانلىق — دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسىي تەدبىر ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى توپ ئۇلۇغۋار پىلان . ئۇ خەلقنىڭ تىنچ ۋە بەختلىك بولۇشى ، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ۋە ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش ، دۆلەتنى ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا ئۆتۈشتىكى ئۇلۇغ ئىنقىلاب ، شۇنداقلا ، ئۇ بىر تەدرىجىي تەرەققىيات باسقۇچىدىن ئىبارەت . پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ، دېڭ شياۋپىڭ «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، بىزنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى . ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى دۇنيانى كۆز

تىككۈزىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى ، لېكىن ، خەلقنىڭ تەلىپىدىن يەنە مەلۇم ئارىلىق بار ، يەنە خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە ، جاپالىق تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ . ئىدىيە تونۇشتا يول باشلايدۇ . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ۋە يولغا قويۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت . پۇقرالارنىڭ قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى ، دۆلەت مەنپەئەتى ۋە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغدىشى ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى . كەڭ پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشى ياكى قويۇلماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ . پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى . تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى ، قانۇن مۇكەممەل بولمىسا ، تۈزۈمدە ئېغىر يوچۇق بولسا ، بۇزۇق ئادەملەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يامان ئىشلارنى قىلىدۇ . ياخشى ئادەملەرمۇ ياخشى ئىش قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ . تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە يەنە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان قانۇن ـ تۈزۈم بولۇپ ، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق قارىشى ئاجىز ، ئىدىيە ساپاسى تۆۋەن بولسا ، ھەرقانچە ياخشى بولغان قانۇن ـ تۈزۈممۇ رىئايە قىلىشقا ئېرىشەلمەيدۇ ، رول ئوينىيالمايدۇ ، ھەتتا شەكلى بار قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ، شۇڭا ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن ـ تۈزۈم قارىشىنى كۈچەيتىش ، قانۇنغا رىئايە قىلىش ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ساپاسى ۋە ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش

ئىنتايىن مۇھىم . «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىشتىكى بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن : «ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ ، كىشىلەرگە پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ، مەجبۇرىيەتلىرىنى ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا ئالاقىدار قانۇنلارنى بىلدۈرۈپ ، ئۇلارنى قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان ، ئۆزىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدىغان ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدىغان ، قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولىدىغان قىلىش كېرەك» . بۇ دەل سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ لايەقەتلىك پۇقرالىرىغا قويۇلغان تەلەپ . ئېلىمىز ھازىر دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇۋاتىدۇ . دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى قانۇن بويىچە باشقۇرۇلۇشى ، پۇقرالارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى قانۇن بەلگىلىمىسىگە رىئايە قىلىشى لازىم . قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتنىڭ لايەقەتلىك پۇقراسى بولۇش ئۈچۈن ، قانۇننى چۈشىنىش ئاساسىدا ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىش كېرەك . قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش . سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇش ، دۆلىتىمىز دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىپىسى ، يۆنىلىشى ، تەدبىرىنى ۋە قەدىمىنى شەرھلەشتىن ئىبارەت . ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشى ئادەتتىكى قانۇن ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئىگىلەش ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ،

سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇش، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكلىكى، ئۇزاق مۇددەتلىكى ۋە جاپالىقلىقىنى تونۇپ يېتىش، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتىنىڭ لاياقەتلىك پۇقراسى بولۇشىغا ياردەم بېرىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش فاڭجېنىدا ئاڭلىق چىڭ تۇرۇشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىنچ ـ ئامان بولۇشى ۋە تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

4. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە سەرخىللاشتۇرۇشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكرى» دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە، شۇنداقلا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا

قىلىشنىڭ يېڭى تەلىپى ۋە جىددىي ئېھتىياجىغا ماسلىشىدىغان ساپا مائارىپىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىزدىنىش، ئىلگىرىلەش، ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەللەشتۈرۈش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى، بولۇپمۇ ئاساسىي قانۇن تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك». قانۇن ساپاسىنى ھازىرقى دەۋردىكى ئىقتىساسلىق خادىملار ساپاسىنىڭ مۇھىم تەرىپى قاتارىدا ئېنىق كۆرسىتىش لازىم. نۆۋەتتە، ئېلىمىز ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا. خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئومۇمەن بازار ئىگىلىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن قائىدىلىشىشى، قانۇن - تۈزۈملىشىشى لازىم. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەدرىجىي ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، زۆرۈر بولغان قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش، قانۇن ۋاستىسىنى قوللىنىپ ئىقتىسادنى، جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى تېزدىن يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم بولماقتا. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كەلگۈسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تايانچ كۈچلىرى، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى، ئۇلار قانۇننى ئۆگەنمىسە، قانۇننى بىلمىسە، قانۇنغا

رىئايە قىلمىسا ، قانۇننى ئىشلەتمىسە ، ئۆزلىرىگە مۇناسىپ بولغان قانۇن بىلىملىرى ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئىقتىدارى بولمىسا ، پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان ، بىلىم ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ، دۆلەت كۈچى رىقابىتى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ . ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا مۇستەھكەم ، توغرا بولغان سىياسىي يۆنىلىش ، كەڭ ھەم چوڭقۇر سىياسىي بىلىم ۋە ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەت بولۇشتىن باشقا ، ئۇلار يەنە قانۇنىي تەپەككۇر ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى لازىم . ئۇلار چوقۇم ھازىردىن باشلاپ ئالىي مەكتەپلەردىكى مۇنتىزىم ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ، قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى تىرىشىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشى ، لاياقەتلىك سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرى بولۇشقا ئىنتىلىش كېرەك . مەسىلەن ، كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھازىرقى زامان كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلەپلا قالماستىن ، يەنە كارخانا قانۇنى ، توختام قانۇنى ، ئەمگەك قانۇنى ، بوغالتىرلىق قانۇنى ، ستاتىستىكا قانۇنى ، پاتېنت قانۇنى ، باج قانۇنى قاتارلىقلارنىمۇ بىلىشى كېرەك . تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنى ئىگىلەپلا قالماستىن ، يەنە تېخنىكا توختام قانۇنى ، پاتېنت قانۇنى ۋە ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىنىمۇ بىلىشى كېرەك . قانۇن ئاساسلىرى دەرسى قانۇن ئاساسىي بىلىملىرىنى ۋە ئاساسىي نەزەرىيىلەرنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا قانۇننى ئۆگىنىش ، قانۇننى بىلىش ، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە قانۇننى ئىشلىتىشكە ھەمدە

كەسپكە ئۇيغۇن بولغان مەخسۇس قانۇن بىلىملىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا، ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە سەرخىللاشتۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئومۇمەن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشى دەۋر تەلىپى بولۇپلا قالماي، يەنە بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈنمۇ زۆرۈردۇر. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «قانۇن مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز»، «قانۇن بىلمىسەممۇ ئوخشاشلا تۇرمۇش كەچۈرەلەيمەن» دېگەنگە ئوخشاش خاتا ئىدىيىلەرنى تۈزىتىشى، «بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس»، «قانۇن ئاممىنى ئەيىبلىمەيدۇ» دېگەن خاتا قاراشلارنى تاشلىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئەسىر ھالقىيدىغان ئىقتىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت يۈكسەكلىكتىن، قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تونۇش، ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش، قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى قەتئىي ئەستايىدىل ئۆگىنىش لازىم.

www.uyghurkitap.com

## 3 . قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە تەلىپى

قانۇن ئاساسلىرى دەرسى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە دەرسىدۇر . قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشتە قەتئىي پوزىتسىيە بولۇش ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش روھىنى تىكلەش ، ئەستايىدىللىق بىلەن كىتاب ئوقۇش ، نەزەرىيىنى ئىگىلەش ، قانۇن ئۇقۇملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىلىش ، قانۇننىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ، توغرا ئىگىلەش ، قانۇننىڭ ئاساسىي روھىنى چۈشىنىش جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىش لازىم .

بىرىنچى ، قانۇنشۇناسلىق كۈچلۈك سىنىپىيلىققا ئىگە . ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارنىڭ قانۇنشۇناسلىقى ئوخشاش بولمايدۇ . ئوخشاش بولمىغان سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئوخشاش بولمىغان سىنىپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . ھەرقايسىسى ئۆز سىنىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . قانۇن ئاساسلىرى دەرسى ماركسىزمنىڭ قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلىپ ، سوتسىيالىستىك قانۇن بىلىملىرىنى يەتكۈزىدىغان دەرس . شۇڭا ، قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشتە ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىش ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇش ، قاتاللىق ، مۇتەئەسسىپلىك قارشى تۇرۇش ، سىنىپىي تەھلىل بىلەن تارىخىي تەھلىلنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ،

ماركسىزمنىڭ قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا مۇھىم قانۇنلىرىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىش لازىم.

ئىككىنچى، قانۇن ئاساسلىرى دەرسى روشەن نەزەرىيىۋىلىككە ۋە قوللىنىشچانلىققا ئىگە، قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشتە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش كېرەك. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش — قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى ھەم قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ تۈپ تەلىپىدۇر. قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى ئىشلىتىش بولۇپ، ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆگىنىش، ئۆلۈك ھالدا يادلاش ئەمەس، شۇڭا، ئۇنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر ھەم ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىش كېرەك. قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشتە جۇڭگو مەسىلىسى ۋە پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇلۇغۋار ئىشنى مەركەز قىلىش، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى، بولۇپمۇ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتى ۋە دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلىرىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش، تەپەككۇر قىلىش، تەتقىق قىلىش ۋە

قولىلىنىش ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ، دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش ، ئەركىنلىك بىلەن ئىنتىزام ، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت قاتارلىق مەسىلىلەردە ساقلانغان ھەرخىل مۇجمەل تونۇشلارنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەل قىلىش ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىقى بىلەن بورژۇئازچە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىقنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن چەكسىز دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ، ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىش ، قانۇنچىلىق كۆزقارىشى ، دېموكراتىيە ئېڭى ۋە خوجايىنلىق ئاساسىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىش ، ئۆگەنگەن قانۇن بىلىملىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ھەرخىل خاتا كۆزقاراشلارنى تەنقىد قىلىشقا ماھىر بولۇش ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك .

ئۈچىنچى ، قانۇن ئاساسلىرى دەرسى كۈچلۈك ئۇنىۋېرسال ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە . ئۇ كۆپ خىل پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ . قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشتە ، دەرسخانا ئۆگىنىشى بىلەن دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك . ئوقۇغۇچىلار ئەستايىدىللىق بىلەن دەرس ئاڭلاش ، زۆرۈر بولغان پايدىلىنىش كىتابلىرى ۋە ماتېرىياللىرىنى كۆرۈشتىن سىرت ، يەنە ئوقۇتۇش تەلىپى بويىچە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار ، قانۇن نىزاملارغا چېتىشلىق بولغان كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشى ، شۇنداقلا ، ئۆگەنگەن كەسپكە بىرلەشتۈرۈپ مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار ، قانۇن ـ نىزاملارنى نۇقتىلىق ئۆگىنىپ ، بىلىمىنىڭ كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ، ئىككىنچى ، دەرسخانا ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، جانلىق ، جۇشقۇن ، مەركىزىي ئىدىيىسى ئېنىق ، بىۋاستە كۆرگىلى بولىدىغان قانۇنچىلىق تەربىيىسى

پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشى لازىم. گېزىت - ژۇرنال، قانۇنچىلىق تەربىيىسى تېلېۋىزىيە فىلىمى، كىنو ۋە مەخسۇس تېمىدىكى رادىئو قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، قانۇن بىلىملىرى مۇسابىقىسى ۋە مۇنازىرىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش، «تەقلىدىي سوت» تەشكىللەش، قانۇنچىلىق تەشۋىقات سەھنىسى تەسىس قىلىش، قانۇن بىلىملىرىدىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە مەمۇرىي ئورگانلاردا پراكتىكا قىلىش ياكى جەمئىيەت تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش، تۈرمىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، جىنايى ئىشلار، ھەق - تەلەپ، ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي دېلولارنى سوراق قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئاڭلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق قانۇننىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى شەخسەن ئۆزى ھېس قىلىش، شۇنداقلا سوتچى، تەپتىش، ئادۋوكات ۋە قانۇننى خىزمەتچىلىرىنى مەكتەپلەرگە تەكلىپ قىلىپ قانۇن لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆگىنىش لازىم ھەمدە ئۆز يېنىدا يۈز بەرگەن تىپىك دېلو مىساللىرىدىن ئۆگىنىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇن ئاساسلىرىنى ئۆگىنىشى قانداق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؟

2. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قانداق قىلغاندا قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ياخشى ئۆگىنەلەيدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# بىرىنچى باب قانۇنچىلىق ئاساسىي نەزەرىيىسى

## 1§ . قانۇنىنىڭ ماھىيىتى

### 1 . قانۇن ئۇقۇمى

1 . چەت ئەل قانۇنشۇناسلىرى ۋە ئېلىمىز قەدىمكى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قانۇن توغرىسىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچىسى

مەيلى چەت ئەل قانۇنشۇناسلىرى بولسۇن ياكى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مۇتەپەككۇرلىرى بولسۇن، قانۇن توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۈرلۈك تەبىرلەرنى بەرگەن. ئەنگلىيىنىڭ كلاسسىك ناتۇرال قانۇنچىلىق ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى خوربۇس قانۇننىڭ ئۆزىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىقادىدا قانۇن بۇيرۇقتۇر، ئۇ ھەرگىزمۇ تەكلىپ ئەمەس، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ھەرقانداق يەنە بىر ئادەمگە چىقارغان بۇيرۇقىمۇ ئەمەس، بەلكى ئەسلىدىلا بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتى بولغان ئادەملەرگە چىقىرىلغان مەخسۇس بۇيرۇقتىن ئىبارەت». گېرمانىيە پەلسەپە قانۇن ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى گېگىل قانۇنغا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «قانۇن ئۆز جايىدا قانۇن بولىدۇ ھەمدە ئوبيېكتىپ بەلگىلىمە ئىچىدە تەسىس قىلىنىدۇ، يەنى ئاڭنى تەمىنلەش ئۈچۈن

ئىدىيىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلىدۇ ھەمدە قانۇنلۇق ۋە ئۇنۇملۇك نەرسە دەپ قاراپ ئېلان قىلىنىدۇ» . ئامېرىكا ئىجتىمائىي قانۇنچىلىق ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى پاندى قانۇننىڭ رولىنى چىقىش قىلىپ مۇنداق تەبىر بېرىدۇ : «مەن قانۇننى تەرەققىي قىلغان سىياسىيدا تۇرۇپ ، ئىجتىمائىي جەھەتتە يۇكسەك دەرىجىدە كەسىپلەشكەن ئىجتىمائىي كونترول قىلىش شەكلى يەنى سىستېمىلىق ، تەرتىپلىك ھالدا جەمئىيەتتە قوللىنىشقا باب كېلىدىغان ، كۈچلۈك ئىجتىمائىي كونتروللۇقتىن ئىبارەت ، دەپ قارايمەن» . ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان مۇتەپەككۇرلىرى شاڭ ياڭ مۇنداق دېگەن : «قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى ۋە قانۇن ئوردا بەلگىلەيدۇ . لېكىن قانۇن چوقۇم خەلقنىڭ رايىغا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك . قانۇنغا رىئايە قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ، خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاش كېرەك» . قانۇنچىلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى خەن فېيىنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق بولۇپ ، مۇنداق دەيدۇ : «قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ئۆز مەقسىتىنى يازىدۇ ، قانۇننى ئوردا تۇرغۇزىدۇ ، ئەمما خەلقنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن ئېلان قىلىدۇ» . قانۇنچىلارنىڭ ئاساسچىسى گۈەن جوڭمۇ مۇنداق دەيدۇ : «قانۇنغا بويسۇنغۇچىلار تۆھپە قوشۇشنى كۆزلەيدۇ ، جازالىنىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ . قانۇنغا بويسۇنغۇچىلار خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن جېدەل - ماجىرانى بېسىقتۇرىدۇ ۋە چەكلەيدۇ ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار بۇ ئەھۋاللارنى ئوبدان بىلىدۇ» .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ قانۇنشۇناسلىرى ، مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قانۇن ئۇقۇمى توغرىسىدىكى باياتلىرى بىزنىڭ قانۇننىڭ مەزمۇنىنى تونۇش ۋە چۈشىنىشىمىزدە مۇئەييەن رول ئوينىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار قانۇننى ھەرخىل چۈشەندۇرگەن بولۇپ ، ئۇلار قانۇننىڭ شەكلى

ۋە تاشقى ئالاھىدىلىكىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بىلەن ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ مۇقەررەر ئىچكى باغلىنىشىنى ئىنكار قىلىپ، قانۇننىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمىگەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قانۇن توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئىلمىي دېگىلى بولمايدۇ.

## 2. ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىقنىڭ قانۇن توغرىسىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچىسى

ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىق 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ماركس بىلەن ئېنگېلس ئورتاق ئىجاد قىلغان. ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى قانۇنچىلىق تەرەققىيات تارىخىدىكى ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلس «گېرمانىيە ئىدېئولوگىيىسى»، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» قاتارلىق بىر قاتار ئەسەرلىرىدە قانۇن ئۇقۇمىنى شەرھلەپ، قانۇننىڭ سىنىپىيلىق ماھىيىتى بارلىقىنى ئېچىپ بەرگەن. «گېرمانىيە ئىدېئولوگىيىسى» دېگەن كىتابتا ماركس بىلەن ئېنگېلس ماتېرىيالىزملىق تارىخىي قاراش پرىنسىپىنى قانۇن ھادىسىلىرى ساھەسىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ، قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى «كىشىلەرنىڭ ماددىي مۇناسىۋىتى ھەمدە كىشىلەرنىڭ مۇشۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئۆزئارا كۈرەش جەريانىدا پەيدا بولغان»[1] دەپ قارىغان. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت مەنبەسىدىن پەيدا بولغان قانۇن — ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ بىرخىل ئىرادىسى، يەنى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەپ تۇرغان ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسى. خۇددى ئۇلار ئېنىق كۆرسەتكەندەك، مۇئەييەن

---

[1] «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 3 ـ توم 363 ـ بەت، خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1960 ـ يىل.

ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمران سىنىپلار[1] «ئۆز كۈچلىرىنى دۆلەت شەكلى بىلەن تەشكىللىگەندىن باشقا ، ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئالاھىدە مۇناسىۋەتتىنى بەلگىلىگەن ئىرادىسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى قىلىدۇ ، يەنى قانۇننىڭ ئادەتتىكى شەكلى بىلەن ئىپادىلەيدۇ» . ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ «ئورتاق مەنپەئەتى بەلگىلىگەن بۇ خىل ئىرادىنىڭ ئىپادىسى — دەل قانۇن بولىدۇ»[2] . بولۇپمۇ ماركس بىلەن ئېنگېلس «كومپارتىيە خىتابنامىسى» دا ھۆكۈم قىلىپ : «سىلەرنىڭ قارىشىڭلار ئەسلىدىلا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، خۇددى سىلەرنىڭ قانۇنچىلارنىڭ قانۇن دەپلا ئاتالغان ئۆز سىنىپىڭلارنىڭ ئىرادىسى بولۇپ ، بۇ ئىرادىنىڭ مەزمۇنىنى سىلەرنىڭ سىنىپىڭلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلىگەن»[3] . بۇ يەكۈن قانۇننىڭ مەخسۇس تەبىرى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ قانۇن ئۇقۇمىنىڭ يادروسى ۋە مەزمۇنىنى قانۇنغا بېرىلىدىغان تەبىرنىڭ ئاساسلىق مۇھىم ئامىلى ۋە قانۇننىڭ سىنىپىيلىك ماھىيىتىنى ھەمدە ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئېچىپ بەرگەن . شۇڭا ، بۇ ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە .

ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ يۇقىرىقى بايانىغا ئاساسلىنىپ ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك قانۇنشۇناسلار ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ

---

① «ماركس ، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە) 3 ـ توم 378 ـ بەت .

② «ماركس ، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە) 3 ـ توم 378 ـ بەت .

③ «ماركس ، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە) 1 ـ توم 289 ـ بەت ، 1996 ـ يىلى خەلق نەشرىياتى نەشرى .

تەتقىقات نەتىجىسىنى قوبۇل قىلىپ ، ئىلمىمىزنىڭ قانۇن ئەمەلىيىتى تەجرىبىسىگە بىرلەشتۈرگەندە ، قانۇنغا مۇنداق تەبىر بېرەلەيمىز : قانۇن دۆلەت تۈزگەن ياكى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە دۆلەت مەجبۇرىي ھالدا ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قېلىپلاشقان سىستېما بۇ ئىرادىنىڭ مەزمۇنىنى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلەيدۇ ، ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋەتىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى بەلگىلەش ئارقىلىق ھۆكۈمران سىنىپلارغا پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئېتىراپ قىلىدىغان ، قوغدايدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ، سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە جەمئىيەتنى باشقۇرىدىغان قورالدىن ئىبارەت .

## 2 . قانۇننىڭ ماھىيىتى

ماركسىزملىق پەلسەپە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇدۇكى ، شەيئىنىڭ ماھىيىتى شەيئىنىڭ ئىچكى خاراكتېرىنى بەلگىلىگەنگە ئوخشاش ، قانۇننىڭ ماھىيىتىمۇ قانۇننىڭ ئىچكى خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ . ماركس بىلەن ئېنگېلس «كومپارتىيە خىتابنامىسى» دا بۇرژۇئازىيىنىڭ قانۇننىڭ ماھىيىتىنى 3 جەھەتتىن ئېچىپ بەرگەن .

1 . قانۇن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ نامايەندىسى

ئاتالمىش «ھۆكۈمران سىنىپلار» دېگەندە ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەن ، سىياسىي ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان سىنىپلارنى كۆرسىتىدۇ . «ئىرادە» دېگەندە كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ مەقسەتلىك ئاڭ بولۇپ ، ئىجتىمائىي

تۇرمۇشنىڭ سۇبيېكتىپ دائىرىسىگە تەۋە بولىدۇ. قارىمۇ ـ قارشى سىنىپلار مەۋجۇت بولۇۋاتقان جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپنىڭلا ئۆز سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنى قانۇنغا بىۋاسىتە كىرگۈزۈش شارائىتى ۋە ئىقتىدارى بولىدۇ. ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا بولمىغان سىنىپلار ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ. يەنە شۇنى كۆرۈش كېرەككى، قانۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئايرىم ئىرادىسى ياكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ پۈتكۈل ئىرادىسى ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار بولغان، دۆلەتنىڭ ئىرادىسى قىلىپ كۆتۈرۈش زۆرۈر بولغان ھەمدە قانۇن ئىپادىلەش شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشكە ئېرىشكەن قىسمى بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئورتاق ئىرادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. قانۇن دۆلەتنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسى

ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسى شۇ سىنىپ ئەزالىرىنىڭلا ئارزۇسى ۋە تەلىپى بولۇپ، ئۇنىڭغا جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرىنىڭ بويسۇنۇشى تەس. ئۇ دۆلەتنىڭ ئارىغا چۈشىشى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە كۆتۈرگەندىلا يەنى قانۇننىڭ ئادەتتىكى ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئاندىن قانۇن بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەممە كىشى بويسۇنۇشتەك ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسى قانۇنغا سىڭدۈرۈلۈشتە دائىم ئىككى خىل يول بولىدۇ: بىرىنچىسى، دۆلەت قانۇن تۈزگەندە، يەنى دۆلەتنىڭ قانۇن تۈرغۈزۈش ھوقۇقى بار ئورگانلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە قانۇن تۈزۈش تەرتىپىگە ئاساسەن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىنى قانۇن ـ تەرتىپ قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ئىككىنچىسى، دۆلەت ئېتىراپ قىلىدۇ، يەنى دۆلەتنىڭ قانۇن تۈرغۈزۈش ھوقۇقى بار

ئورگانلىرى جەمئىيەتتە رېئال مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئادەتتىكى ئىجتىمائىي تەرتىپنى (مەسىلەن: ئۆرپ - ئادەت) قانۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قانۇن - تەرتىپكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا هەممە كىشى بويسۇنۇشتەك ئۇنۇمگە ئېرىشىدۇ.

3. هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ مەزمۇنىنى هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئالاهىدە ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلەيدۇ

ماركسىزملىق پەلسەپە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇدۇكى، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاڭنى بەلگىلىشىدە ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى بولىدۇ. قانۇن ئەكس ئەتتۈرگەن هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسى هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كاللىسىدا بېكىتىلگەن ئەمەس، شۇنداقلا ئاسماندىن چۈشكەنمۇ ئەمەس، بەلكى سىنىپلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماددىي تۇرمۇش شارائىتىدىن هاسىل بولىدۇ. شۇڭا، قانۇننىڭ سىنىپىيلىكى تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا قانۇننىڭ ماددىي چەكلىمىلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ مەزمۇنى ناهايىتى كەڭ بولىدۇ. ئادەتتىكىچە ئېيتقاندا، ئۇ ئاساسلىقى جۇغراپىيىلىك مۇهىت، نوپۇس ئەهۋالى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. جۇغراپىيىلىك مۇهىت، نوپۇس ئەهۋالى ئەلۋەتتە هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن، هەل قىلغۇچ ئەهمىيەتكە ئىگە بولغىنى يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش



www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋىتى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىنى چەكلەپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى چەكلەپ تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىنى بەلگىلەيدۇ ۋە بىۋاستە رول ئوينايدۇ. ماركس چوڭقۇر مەزمۇنلۇق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «پەقەت ھېچقانداق تارىخىي بىلىمى يوق ئادەملەرلا بىلمەيدۇكى: پادىشاھلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىقتىسادىي شارائىتقا بويسۇنماي قالمايدۇ ھەمدە ئەزەلدىن ئىقتىسادىي شارائىتقا بۇيرۇق قىلغان ئەمەس. مەيلى سىياسىي جەھەتتە قانۇن تۇرغۇزۇش بولسۇن ياكى شەھەر پۇقرالىرىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى تۇرغۇزۇش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تەلەپىنى ئىپادىلەش ۋە خاتىرىلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس»[1]. ئەلۋەتتە، بىز ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتىدىن باشقا يەنە سىياسىي، مىللىي ئەنئەنە، پەن - تېخنىكا قاتارلىق ئامىللارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىت بەلگىلىگەن قانۇن ياكى قانۇن - تۈزۈم ئوتتۇرىسىدا بەزىدە خېلى زور پەرق كۆرۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

---

① «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە) 4 - توم، 121 - ، 122 - بەت بەتلەر، خەلق نەشرىياتى نەشرى. 1958 - يىل.

## 3 . قانۇننىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى

قانۇن — بىر خىل ئىجتىمائىي ئۆلچەم . ئىجتىمائىي ئۆلچەمنىڭ تۈرى كۆپ بولىدۇ ، مەسىلەن ، ئەخلاق ئۆلچىمى ، دىنىي ئۆلچەم ، ھەرخىل قائىدە ـ يوسۇن ، سىياسىي ئۆلچەم ، ئىقتىسادىي ئۆلچەم ۋە كەسپىي ئۆلچەم قاتارلىقلار . قانۇنىي ئۆلچەم بىلەن يۇقىرىقى ئۆلچەملەرنى سېلىشتۇرغاندا قانۇن تۆۋەندىكىدەك تۈپ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ :

1 . قانۇنىي ئۆلچەم بىرخىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئۆلچەم

كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت مىزانى قانۇنچىلىقتا ئۆلچەم دېيىلىدۇ . ئۆلچەم ئىككى چوڭ تۈرگە يەنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم ۋە ئىجتىمائىي ئۆلچەم دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . تېخنىكا ئۆلچىمى ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ ، كىشىلەرنىڭ تەبىئىي كۈچ ، ئەمگەك قوراللىرى ۋە ئەمگەك ئوبيېكتىنى قانداق ئىشلىتىش ھەرىكەت مىزانىنى يەنى دائىم دەپ يۈرۈۋاتقان تېخنىكىلىق ئۆلچەم ، مەشغۇلات قائىدىلىرىنى بەلگىلەيدۇ . ئىجتىمائىي ئۆلچەم كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان ھەرىكەت مىزانى بولۇپ ، ئۇ قانۇنىي ئۆلچەم ، ئەخلاق ئۆلچىمى ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تېخنىكا ئۆلچىمى بەزىدە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ ، قانۇنىي ئۆلچەمدە گاھىدا نۇرغۇن تېخنىكا ئۆلچەم مەزمۇنلىرى بولىدۇ . بۇنداق چاغدىكى تېخنىكا ئۆلچىمى قانۇن تېخنىكا ئۆلچىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

قانۇن ئىجتىمائىي ئۆلچەمنىڭ بىرى ، شۇنداقلا ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئۆلچەم . خۇددى ماركس كۆرسەتكەندەك : «قانۇن



www.uyghurkitap.com

مۇئەييەنلەشكەن ، ئېنىق بولغان ، ئومۇمىيۈزلۈك بولغان ئۆلچەمدىن ئىبارەت » . قانۇن ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئۆلچەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆلچەملىك ، يىغىنچاق ۋە مۆلچەردىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ . ئۆلچەملىك دېگەندە ، ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ئەھۋالدا نېمە قىلىشى كېرەكلىكى ياكى نېمىنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ ، يەنى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت قېلىپىنى ، ئۆلچىمىنى ۋە يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . يىغىنچاقلاش دېگەندە ، ئۇنىڭ ئوبيېكتى ئابستراكت ، ئادەتتىكىچە بولىدۇ ، ھەتتا ئوخشاش شارائىتتا ئۇنى تەكرار ئىشلەتكىلى بولىدۇ . مۆلچەرلەش دېگەندە ، كىشىلەر دۆلەتنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى ، قانداق قانۇنىي ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىشى مۇمكىن .

2 . قانۇن ئۆلچىمىنى دۆلەت بېكىتىدۇ ياكى ئېتىراپ قىلىدۇ

ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان قانۇن ئۆلچىمىنى دۆلەت بېكىتىدۇ ياكى ئېتىراپ قىلىدۇ . بېكىتىش ۋە ئېتىراپ قىلىش دۆلەتنىڭ قانۇن ئۆلچەملىرىنى بەرپا قىلىش ۋە تۈزۈشنىڭ ئىككى خىل شەكلى ۋە يولى ھېسابلىنىدۇ . «بېكىتىش» دېگەندە ، ئەسلىدە مۇنداق ھەرىكەت مىزانى يوق بولۇپ ، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ، دۆلەت ئورگانلىرى ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە مۇئەييەن قانۇن تەرتىپىگە ئاساسەن ئۈنۈمى ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەملىك قانۇنىي ھۆججەتلەرنى بەرپا قىلىش ۋە تۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ . خاراكتېرى ۋە شەكلى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ قانۇن بەرپا قىلىش ، تۈزۈش ئورگانلىرى ۋە شەكلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . مەسىلەن ، فېئودال خانلىق ئىستىبدات تۈزۈمىدە قانۇننى ئاساسەن پادىشاھ تۈزۈپ

چىقىدۇ؛ بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيە تۈزۈمىدە قانۇننى ئاساسلىقى پارلامېنت تۈزىدۇ. «ئېتىراپ قىلىش» دېگەنلىك بۇ خىل ھەرىكەت مىزانى ئەسلىدىلا جەمئىيەتتە مەۋجۇت، شۇنداقلا ئەمەلىيەتتىمۇ رول ئوينىغان بولۇپ، دۆلەت ئۇنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە قانۇنلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ كۈرۈشكە تاپشۇرغان بولىدۇ. «ئېتىراپ قىلىش» ئادەتتىكى ئىجتىمائىي مىزان (مەسىلەن: ئادەت، تەجرىبە، ئەخلاق، دىن، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن قاتارلىقلار) ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ. خەلقئارا قانۇن ئۆلچىمىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بولىدۇ. دۆلەتنىڭ ئالاھىدە بېكىتىلگەن ئورگانلىرى كونكرېت دېلوغا كېسىم چىقىرىپ يىغىنچاقلىغان مىزان ۋە پرىنسىپىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مەيلى قانۇن ئۆلچەملىرىنى بېكىتىش بولسۇن ياكى ئېتىراپ قىلىش بولسۇن، ئۇ دۆلەت ھوقۇقىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە دۆلەت ھوقۇقىنىڭ ئىشلىتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 3 . قانۇنىي ئۆلچەم ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى بېكىتىدۇ

قانۇنىي ئۆلچەم — كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى بېكىتىش ئارقىلىق ھۆكۈمران سىنىپلارغا پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئېتىراپ قىلىدۇ، قوغدايدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. قانۇنىي جەھەتتىكى ھوقۇق دېگەندە قانۇن كىشىلەرگە بەرگەن مەلۇم ھوقۇقنى كۆرسىتىدۇ (نېمە ئىش قىلىمەن دېگەندەك). قانۇن جەھەتتىكى مەجبۇرىيەت دېگەندە، كىشىلەرنىڭ قانۇندا بەلگىلىگەن مەلۇم مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ (نېمىنى قىلماسلىق ياكى نېمىنى قىلىش كېرەك دېگەندەك). بۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى، ھۆكۈمرانلىق

قىلىنغۇچى سىنىپلارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى ھەمدە ھەربىرىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ بولغاندا قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. دۆلەت قانۇن ئۆلچىمىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئۇ ئومومىيۈزلۈك چەكلەپ تۇرۇش كۈچىگە ئىگە

ئىجتىمائىي ئۆلچەمنى مۇئەييەن كۈچ ئارقىلىق يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. قانۇن ئۆلچىمى بىرخىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئۆلچەم بولۇپ، ئۇنى دۆلەت ھوقۇق كۈچىگە تايىنىپ يەنى مەجبۇرىي يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ھالبۇكى، بۇنداق مەجبۇرلاش كۈچى ئومۇمىيۈزلۈك بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئۆلچەمنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشقا دۆلەت كاپالەتلىك قىلمىسا، بۇ ئۆلچەمگە خىلاپلىق قىلغاندا دۆلەت ئۇنى قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ ۋە جازالىمايدۇ ـ دە، بۇ قانۇنىي ئۆلچەم قۇرۇق قەغەزگە، ئىسمى بار، جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. لېكىن، قانۇنىي ئۆلچەمنى دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش كۈچىگە تايىنىپ يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئاخىرقى مەنىدىن چىقىپ ئېيتىلغان، يەنى قانۇننىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇداپىئە لىنىيىسى مەنىسىدىن ئېيتىلغان، بۇ قانۇنىي ئۆلچەمنى يولغا قويۇشنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا ياكى ھەربىر قانۇن ئۆلچەمنى يولغا قويۇشتا دۆلەتنىڭ سىستېمىلىق زوراۋان كۈچىگە تايىنىش دېگەنلىك ئەمەس ياكى دۆلەتنىڭ مەجبۇرلىشى قانۇننى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ بىردىنبىر كۈچى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىي ئۆلچىمىنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشتىكى خاراكتېرى ۋە دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى

سىنىپلارنىڭ دۆلەت قانۇنىي ئۆلچىمىنى ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش كۈچىگە تايىنىپ يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ قانۇنىي ئۆلچىمى كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق رىئايە قىلىشى بىلەن دۆلەتنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشىنى بىرلەشتۈرۈشكە تايىنىپ يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ .

## 4 . قانۇننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

قانۇننىڭ پەيدا بولۇشىدا چوڭقۇر ئىقتىسادىي مەنا ۋە سىنىپىي مەنا بولىدۇ . ئۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى .

ئىنسانىيەت سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم تاشلاشتىن ئىلگىرى ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىدە ياشايتتى . ئىپتىدائىي كوممۇنانىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەت — ئاساسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولاتتى . ئىپتىدائىي كوممۇنا مەزگىلىدە دۆلەتمۇ ، قانۇنمۇ يوق ئىدى . ئۇ دەۋردىكى جەمئىيەت تەشكىلاتى قەبىلە تۈزۈمىدىكى تەشكىلات بولۇپ ، ئاساسلىقى ئادەت ئىجتىمائىي ئۆلچەم قىلىناتتى . مانا مۇشۇ قەبىلە تۈزۈمى ۋە ئادەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى تەڭشەيتتى ۋە بىر تەرەپ قىلاتتى . خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك : «بۇنداق ئىنتايىن ساددا ئاددىي قەبىلە تۈزۈمى نېمە دېگەن ئېسىل تۈزۈم ـ ھە ! ئۇلاردا ئەسكەر ، ژاندارما ئەسكەر ۋە ساقچى يوق ؛ ئاقسۆڭەك ، پادىشاھ ، ۋالىي ، يەرلىك ئەمەلدار ۋە سودىيە يوق ؛ تۈرمە يوق ،ئەيىبلەش يوق ،ئەمما ھەممە ئىشنىڭ قائىدە-تەرتىپى بار .» ، «بارلىق مەسىلىنى ، ئادەم ئۆزى ھەل قىلىدۇ ، كۆپىنچە ھاللاردا

تارىختىن بۇيانقى ئۆرپ ـ ئادەت بارلىق ئىشنى ئوبدان تەڭشىگەن »[1] .

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى تەرەققىي قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنىڭغا ئەگىشىپلا سىنىپ بارلىققا كەلگەن ۋە سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشلەر مەيدانغا كەلگەن. مۇشۇنداق سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋالدا قەبىلە تۈزۈمى ۋە ئادەت ئامالسىز قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە ئىجتىمائىي ئۆلچەمنىڭ ئېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. قۇلدارلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئارمىيە، ساقچى، تۈرمە قاتارلىق بىر قاتار زوراۋانلىق ئاپپاراتى ۋە مەخسۇس باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، قۇللارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشقا ۋە جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، قۇلدارلار ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئۇنى قانۇن قىلىپ تۈزۈشكە توغرا كەلدى. قىسقىسى، قۇلدارلارنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، خۇسۇسىيەتى مۇلۇكچىلىكنىڭ ئېھتىياجىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە قوغداش، جەمئىيەت تەڭشەشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈر توقۇنۇشىنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىش جەريانىدا دۆلەت ۋە قانۇن پەيدا بولدۇ. خۇددى ئېنگېلس كۆرسەتكەندەك:

---

[1] «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە) 4 ـ توم، 95 ـ بەت.

«جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مەلۇم باسقۇچىدا مۇنداق بىر ئېھتىياج بارلىققا كېلىدۇ: ھەر كۈنى تەكرارلانغان ئىشلەپچىقىرىش، تەخسىمات ۋە ئالماشتۇرۇش ئورتاق بولغان بىر مىزان بىلەن چەكلىنىپ تۇرىدۇ، شەخسلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشقا بويسۇنۇشتەك ئورتاق شارائىتىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ مىزان ئالدى بىلەن ئادەتلىنىشتە ئىپادىلىنىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي قانۇنغا ئايلىنىدۇ. قانۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، قانۇننى قوغداش مەسئۇلىيىتى بولغان ئورگان — جامائەت ھوقۇقى، يەنى دۆلەت مۇقەررەر شەكىللىنىدۇ»[1].

ئېنگېلسنىڭ بۇ مۇپەسسەل بايانى قانۇنىنىڭ پەيدا بولۇشى بىردەملىكلا ئىش ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇزۇن مەزگىللىك ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات جەريانى كېتىدىغانلىقى يەنى ئادەتتىن ئادەتنى قانۇنلاشتۇرۇش، يەنە ئۇنى يېزىق شەكلىگە كەلتۈرۈش جەريانى كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئادەت، ئەخلاق ئۆلچىمى، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ مىزانلىرى قانۇنىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن شەكىل ۋە شارائىت ھازىرلىغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئادەتتە ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ساقلانغان بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئىككىسىدە ماھىيەتلىك پەرق بولىدۇ. ئالدىنقىسى سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق قورالى بولۇپ، كۈچلۈك سىنىپىيلىككە ئىگە بولىدۇ. كېيىنكىسى قەبىلە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت مىزانى بولۇپ، سىنىپىيلىكى بولمايدۇ.

قانۇنىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇزۇن تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرۈپلا قالماي، بەلكى قانۇنىنىڭ تەرەققىياتىمۇ خېلى ئۇزۇن تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۈردى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تارىخ تىپىدىكى تۆت خىل قانۇن

---

① «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 3 ـ توم، 211 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

مەۋجۇت بولغان . قۇللۇق تۈزۈمدىكى قانۇندىن تەرەققىي قىلىپ فېئوداللىق تۈزۈمدىكى قانۇنغا ، ئارقىدىن يەنە كاپىتالىستىك قانۇن ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنغا تەرەققىي قىلىپ باردى . بۇ ، قانۇن تەرەققىياتىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتى ، يەنە كېلىپ بۇ قانۇنىيەتنى جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى بەلگىلەيدۇ . ماركس مۇنداق دەيدۇ : «جەمئىيەتتىكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندە ، ئۇلار بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتى ياكى مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋەتى (بۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ قانۇنىي ئاتالغۇسى ) ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇناسىۋەتلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شەكلىدىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە سىلىنغان ئىشەنچكە ئايلىنىدۇ . دەل شۇ ۋاقىتتا ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ دەۋرى يېتىپ كەلگەن بولىدۇ . ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، بارلىق كېلەڭسىز ئۇستقۇرۇلمىلارمۇ ئاستا ـ ئاستا ياكى تېزدىن ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ»[1] . ماركسنىڭ بۇ يەردە ئېيتقىنى دەل ئىجتىمائىي زىددىيەت ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت . بۇ قانۇنىيەت قانۇننىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ . قانۇن ئىجتىمائىي ئۇستقۇرۇلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، ئۇنى ئىقتىسادىي بازىس بەلگىلەيدۇ ، ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ . كونا ئىقتىسادىي بازىس ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغاندا يېڭى ئىقتىسادىي بازىس كونا

---

① «ماركس ، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە ) 2 ـ توم 32 ـ ، 33 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. قانۇنمۇ تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. يېڭى تارىخىي تىپتىكى قانۇن كونا تارىخىي تىپتىكى قانۇننىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. قانۇننىڭ بۇ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئىجتىمائىي زىددىيەت ھەرىكىتى قانۇنىيىتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئىجتىمائىي زىددىيەت ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتى قانۇننىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ ھەمدە ئۇ قانۇننىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 5. سوتسىيالىستىك قانۇن ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى

### 1. سوتسىيالىستىك قانۇن ئۇقۇمى

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنى گومىنداڭنىڭ ساختا قانۇن سىستېمىسىنى ئۈزۈل - كېسىل سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىنقىلابىي بازىلاردىكى دېموكراتىزملىق قانۇن ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. ماركسىزملىق قانۇنچىلىق نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئۇقۇمىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەرگە يىغىنچاقلىغىلى ۋە تەرىپلىگىلى بولىدۇ: ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنىي سوتسىيالىستىك دۆلەت تۈزىدۇ ياكى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەمدە دۆلەتنىڭ مەجبۇرىي كۈچى بىلەن يولغا قويۇش ھەرىكىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۆلچىمىنى سىستېمىلاشتۇرىدۇ. ئۇ ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئوخشاش بولمىغان باسقۇچتىكى ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلىگەن ئېلىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى نامايەن قىلىدۇ. قانۇندا ھوقۇق مەجبۇرىيەتنى بېكىتىش چارىسى قوللىنىلىپ،

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرىدىغان سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئېتىراپ قىلىش، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش — خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئۆتكۈر قورالى.

2. سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ماھىيىتى

ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى تۆۋەندىكى 3 جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) ئۇ ئىشچىلار رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنىڭ نامايەندىسى

ئېلىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. ئېلىمىزنىڭ بۇ بىر خاراكتېرى ئېلىمىز قانۇنىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنىلا نامايەن قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ كۈچلۈك قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى ئېلىمىزدىكى رەھبىرىي سىنىپ. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېلىمىزدىكى رەھبىرىي سىنىپ بولالىشىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىك، ئارتۇقچىلىق ھەمدە ئۇلۇغ تارىخىي بۇرچىنى ئۈستىگە ئالالايدىغانلىقى بەلگىلىگەن. جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىدىكى تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاندىلا، ئاندىن ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىگە ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەت تۇرمۇشىدىكى

www.uyghurkitap.com

رەھبەرلىك ئورنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ شەكىللىنىشى، ئىجاد قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشىدا مۇقەررەر رەھبەرلىك رول ئوينايدىغانلىقى بەلگىلىگەن . ئىپىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنىدا ئالدى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئەتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ .

سوتسىيالىزمنى گۈللەندۈرۈش ھەرگىزمۇ ئىشچىلار سىنىپىدىن ئىبارەت بىرلا سىنىپنىڭ ئىشى ئەمەس ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا دېھقانلار ۋە سوتسىيالىزمنى قوللايدىغان بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشقاندىلا ، ئاندىن بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، ئىشچىلار سىنىپى چوقۇم دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى ، كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپ قۇرۇشى لازىم . ھازىرقى جۇڭگودا خەلق دېگەننىڭ دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ ، ئومۇمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قوغدىغان ۋە ئۇنىڭغا پائال قاتناشقانلا كىشىلەر ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قىزغىن سۆيگەن ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوللىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىپىمىزدىكى خەلق دائىرىسىگە كىرىدۇ . دېمەك ، خەلقنىڭ دائىرىسىگە ئىشچىلار ، دېھقانلار زىيالىيلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر كىرمەستىن ، يەنە كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلەرمۇ كىرىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپىمىزنىڭ خوجايىنلىرى . ئىپىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنىدا ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ، تەلىپى ۋە مەنپەئەتى چوقۇم ۋە مۇقەررەر ئەكس ئېتىشى كېرەك .

(2) قانۇن ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ

خەلقنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى قىلىپ كۆتۈرگەن بولىدۇ . ئېلىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ھەممىسى قانۇن بولمايدۇ . پەقەت ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىرادىسى قىلىپ كۆتۈرگەن ئىرادىسىلا ئاندىن قانۇن بولىدۇ . يەنى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلق ، ئۆز قولىدىكى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى قىلىپ كۆتۈرىدۇ . دەل مۇشۇ چاغدىكى «ئىرادە» لا ئاندىن قانۇن بولالايدۇ ۋە قانۇن دەپ ئاتىلىدۇ .

3 ) ئۇ نامايەن قىلغان ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئىرادىسىنىڭ مەزمۇنىنى ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلەيدۇ .

ھازىر جۇڭگودا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساس بولغان ھالدا كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ۋە تەڭ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ . ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ خاراكتېرىنى ، مەزمۇنىنى ۋە تەرەققىيات نىشانىنى بەلگىلىگەن . سوتسىيالىستىك قانۇن ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ، قوغدايدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن تەڭ ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭمۇ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ .

# § 2 . قانۇننىڭ رولى

## 1 . قانۇننىڭ رولى توغرىسىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچە ۋە ئۇنىڭ تۈرى

1 . قانۇننىڭ رولى توغرىسىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچە

ئادەتتە ، قانۇننىڭ رولى دېگەندە قانۇننىڭ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە پەيدا قىلغان تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ دۆلەت ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ۋە دۆلەت ئىرادىسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ، جەمئىيەت ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ كونكرېت نامايەن قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا ، قانۇننىڭ رولى دېگەندە قانۇننىڭ ئىجتىمائىي سىستېمىدا ئۇستىگە ئالىدىغان ۋە يۈرگۈزىدىغان ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ . قانۇننىڭ رولىنىڭ ماھىيىتى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ . بىر تەرەپتىن ، قانۇننىڭ رولى جەمئىيەت ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى يەنى ، قانۇننىڭ رولى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆز كۈچىنىڭ نامايەندىسى . ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ يىغىندىسى ئىقتىسادىي بازىس بولىدۇ . قانۇن ئىقتىسادىي بازىسقا باغلىق بولىدۇ ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىك مۇناسىۋىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ .

2 . قانۇن رولىنىڭ تۈرى

قانۇننىڭ رولىنىڭ ئوبيېكتىغا ئاساسەن قانۇننىڭ رولىنى قانۇن ئۆلچىمىنىڭ رولى ۋە قانۇننىڭ ئىجتىمائىي رولى دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ .

1 ) قانۇن ئۆلچىمىنىڭ رولى

قانۇن ئۆلچىمىنىڭ رولى قانۇن ئۆلچىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە

يېتەكچىلىك قىلىش، باھالاش ۋە مۆلچەرلەش رولىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، قانۇننىڭ يېتەكلەش رولى

قانۇننىڭ يېتەكلەش رولى دېگەندە، قانۇننىڭ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، يول باشلاش رولىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل يېتەكلەش ئۆلچەملىك يېتەكلەش بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئايرىم يېتەكلەش ئەمەس.

ئىككىنچى، قانۇننىڭ باھالاش رولى

قانۇننىڭ باھالاش رولى دېگەندە، قانۇن كىشىلەر سۇپىتىدە باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە باھا بېرىش ئۆلچىمىدە ئوينايدىغان رولىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، قانۇننىڭ مۆلچەرلەش رولى

قانۇننىڭ مۆلچەرلەش رولى دېگەندە كىشىلەرنىڭ قانۇنغا ئاساسلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا قانداق ھەرىكەتتە بارلىقىنى ھەمدە شۇ ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىقلارنى ئالدىن مۆلچەرلەشنى، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

2) قانۇننىڭ ئىجتىمائىي رولى

قانۇننىڭ ئىجتىمائىي رولى قانۇننىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش رولىدىن ئىبارەت. دۆلەتنىڭ ئىچكى فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن، قانۇننىڭ ئىجتىمائىي رولىنى سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق رولى ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇش رولى دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، قانۇننىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق رولى

قانۇننىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق رولى قانۇننىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق فۇنكسىيىسىدىن ئىبارەت. ئۇ قانۇننىڭ ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىق، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ۋە ئىدىيىۋى مەدەنىيەت ھۆكۈمرانلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولىنى كۆرسىتىدۇ. ھۆكۈمران سىنىپلار قانۇندىن پايدىلىنىپ

ئىقتىسادىي ، سىياسىي ۋە ئىدىيۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىنغاندىن باشقا ، ئۆز سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئىتتىپاقداشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ .

ئىككىنچى ، قانۇننىڭ ئىجتىمائىي باشقۇرۇش رولى

قانۇننىڭ ئىجتىمائىي باشقۇرۇش رولى قانۇننىڭ ئىجتىمائىي جامائەت فۇنكسىيىسىدىن ئىبارەت . ئۇ قانۇننىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش شارائىتىنى قوغداش ، تېخنىكا ئۆلچىمىنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجتىمائىي جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش رولىنى كۆرسىتىدۇ .

## 2 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رولى

قانۇن بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق ، قانۇن ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ، قانۇننىڭ خاراكتېرى ، پەيدا بولۇشى ، مەزمۇنى ۋە راۋاجلىنىشى ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ۋە چەكلىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قانۇن ئىقتىسادىي بازىسنىڭ شەكىللىنىش ، مۇستەھكەملىنىش ۋە راۋاجلىنىشىدا يېتەكچىلىك قىلىش ، ئىلگىرى سۈرۈش ، كاپالەتلىك قىلىش ، مۇلازىملىق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ . سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىس سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ خاراكتېرى ، ئالاھىدىلىكى ، مەزمۇنى ۋە راۋاجلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ . سوتسىيالىستىك قانۇن بولسا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسنىڭ شەكىللىنىشى ، مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ .

1 . سوتسىيالىستىك قانۇن ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك

تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوغدايدىغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئاساسىي ئىگىلىك تۈزۈمىدۇر.

1999 - يىل 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىدە: «دۆلەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلغان، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئىگىلىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ تۈپ ۋەزىپىسى مانا بۇ ئاساسىي ئىگىلىك تۈزۈمىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش.

1) سوتسىيالىستىك قانۇن سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ.

ئاساسىي قانۇندا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تۈزۈمىنىڭ ئاساسى - ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولىدۇ، يەنى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدە بولىدۇ.» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1993 - يىلى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىدە: «دۆلەت ئىگىلىكى يەنى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى ئىگىلىكى — خەلق ئىگىلىكىدىكى يېتەكچى كۈچ، دۆلەت دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلىگەن. دۆلەت قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرىدۇ ۋە تەشكىللەيدۇ. دۆلەت ئىگىلىكى بازار رىقابىتىگە پائال قاتنىشىپ، بازار ئارقىلىق ئۆزىنى تەرەققىي

www.uyghurkitap.com

قىلدۇرىدۇ ۋە زورايتىدۇ. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش، تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، كەسپىي قۇرۇلمىلارنى تەڭشەش ئارقىلىق، مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىگە قارىتا، 1999 - يىل 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىدە: «يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكى — ئائىلە ھۆددىگەرلىكى ئاساس قىلىنغان، تولۇق بىرلەشكەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك تۈزۈمىدۇر. يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش، ئامانەت قەرز، ئىستېمال قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى ھەمكارلىق ئىگىلىك — سوتسىيالىستىك ئەمگەكچى ئامما كوللېكتىپ ئىگىلىكى ھېسابلىنىدۇ»، «شەھەر، بازارلاردىكى قول سانائەت، سانائەت، بىناكارلىق، ترانسپورت، سودا، مۇلازىمەت قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى ھەمكارلىق ئىگىلىك — سوتسىيالىستىك ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكى ھېسابلىنىدۇ» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مانا بۇ ھەمكارلىق شەكلىدىكى ئىگىلىكلەر، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت بىر قاتار قانۇنىي، مەمۇرىي ۋە ئىگىلىك خاراكتېرىدىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەمكارلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

2) سوتسىيالىستىك قانۇن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ.

1999 - يىل 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇن لايىھىسىدە : « قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى دائىرىسىدىكى يەككە ئىگىلىك ، خۇسۇسىي ئىگىلىك قاتارلىق ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى » ، «دۆلەت يەككە ئىگىلىك ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ۋە مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ » ، «دۆلەت يەككە ئىگىلىك ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى يېتەكلەيدۇ ، باشقۇرىدۇ ، ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ »دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ،ئاساسىي قانۇننىڭ 18ـ ماددىسىدا چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار ، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىش يولى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلارغا قارىتا ئېنىق بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان . دۆلىتىمىز يەنە چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ئىگىلىككە قارىتا بىر قاتار بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئېلىمىزگە مەبلەغ سېلىشى ئۈچۈن ياخشى قانۇن مۇھىتىنى يارىتىپ بەردى .

3 ) سوتسىيالىستىك قانۇن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلغان ، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەقسىمات تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ .

دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 6 ـ ماددىسىدا «سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدە كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈم يوقىتىلىپ ، ئىقتىدارىغا يارىشا ئىشلەش ، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن . 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىدە : «دۆلەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلغان ، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى

www.uyghurkitap.com

بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەقسىمات تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان . نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان كۆپ خىل تەقسىمات شەكلىدە ، ئەمگەكچىگە قاراپ تەقسىم قىلىش يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ئەمگەكچىگە ھەق بېرىشتە يەنىلا شۇ ئەمگەكچىنىڭ ئەمگىكىنىڭ مىقدارى ، سۈپىتى ئۆلچەم قىلىنىدۇ ، ئەلۋەتتە رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ ، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئېلىشنى يولغا قويۇپ ، مۇۋاپىق پەرقنى ساقلاپ ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئامىلىغا قاراپ تەقسىم قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك . دۆلەت باشقا شەكىلدىكى كىرىملەرگە قارىتا (ئۆي ئىجارە كىرىمى ، قەرز ئۆسۈمى كىرىمى ، پاي كىرىمى ، ئېھتىيات تولۇقلىمىسى ، خۇسۇسىي كارخانا ئىگىلىرىنىڭ غەيرىي ئەمگەك كىرىمى) قانۇنلۇق بولسىلا قوغداشنى يولغا قويىدۇ ، ئومۇمنىڭ مۈلكىگە دەخلى تەرۇز يەتكۈزۈش ، باج ئوغرىلاش ، باج تاپشۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ، پارىخورلۇق قىلىش ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق قانۇنسىز ۋاستىلارنى قوللىنىپ پايدا ئالغۇچىلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالايدۇ . دۆلەت بىر قىسىم رايون بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ ھەققىي ئەمگىكى ۋە قانۇنلۇق تىجارىتى ئارقىلىق ئالدىن بېيىشنى ، ئالدىن بېيىغانلارنىڭ كېيىنكىلەرنىڭ بېيىشىغا ياردەم بېرىپ ، ئورتاق بېيىشنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . دۆلەت تەقسىمات سىياستى ۋە باجنى تەڭشەش سىياستى ئارقىلىق ، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ كىرىمى يۇقىرى بولۇپ كېتىشى سەۋەبى بىلەن ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىدۇ . دۆلەت ئىش ھەققى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ، ئىش ھەققى مۇئامىلىسىنى ئۆستۈرۈپ ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل

بولماسلىق مەسىلىسىنى پەيدىنپەي ھەل قىلىدۇ.

## 2. سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى رولى

«مەركىزىي كومىتېتنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدىكى بىرنەچچە مەسىلە ھەققىدىكى قارارى» نىڭ 44 - ماددىسىدا: «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، مۇكەممەل بولغان قانۇن - تۈزۈملەر ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش زۆرۈر» دەپ كۆرسىتىلگەن. سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇستەھكەملەشتىكى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى، بازار ئىگىلىكىنىڭ خاراكتېرى ۋە قانۇننىڭ كاپالەتلىك قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش رولى بەلگىلىگەن. بازار ئىگىلىكىنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىگىلىكى دېيىشكىمۇ بولىدۇ، بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى: بىرىنچىدىن، بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان تاۋار ئىگىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرتىپلىك، بىخەتەر، ئادىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن ئورتاق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمىلەر بولۇشى زۆرۈر؛ ئىككىنچىدىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى باراۋەر، ئەركىن بولىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈش، چەكلەشنى قانۇن ئارقىلىق يېتەكلەشكە، تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بازار ئىگىلىكى رىقابەت كۈچلۈك بولغان

www.uyghurkitap.com

ئىگىلىك ، ئەركىن ، ئادىل رىقابەتنى قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك ؛ تۆتىنچىدىن ، بازار ئىگىلىكى كۆپ مەنبەلىك مەنپەئەتلەر بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، مەيلى شەخس ، كوللېكتىپ ، دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت بولسۇن ، مەيلى رايون بىلەن رايون ، تارماق بىلەن تارماق ، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مەنپەئەتى بولسۇن ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ، ھەم زىددىيەتلىك بولىدۇ ، مانا مۇشۇنداق مەنپەئەت ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلىش ۋە ھەل قىلىشتا ، قانۇن ئارقىلىق تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ ؛ بەشىنچىدىن ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكىتىنى بىۋاسىتە بەلگىلىيەلمەيدۇ ، شۇڭا ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى ماكرولۇق تەڭشىشى ۋە سىياسەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشتا قانۇن بەلگىلىمىلەرگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ ؛ ئالتىنچىدىن ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ، دۆلەت ئىچىدىكى بازارلار بىلەن خەلقئارا بازارلار ئۆزئارا چېتىلىدۇ ، خەلقئارا بازارلار ئەركىن سودىنى ئاساس قىلغان ، بۇنداق ئەركىن سودا پائالىيىتىنى تەڭشەشتە ، جامائەت ئېتىراپ قىلغان قانۇن - پرىنسىپلارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ .

قانۇننىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى مۇھىم رولى تۆۋەندىكىلەردە ئىپادىلىنىدۇ : بىرىنچىدىن ، قانۇن بازار ئىگىلىكىدە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ . قانۇن بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ياخشى بولغان تاشقى مۇھىت ، دېموكراتىك سىياسىي ۋەزىيەت ۋە مۇقىم ئىجتىمائىي تەرتىپ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، قانۇن بازار ئىگىلىكىدە يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ . قانۇن بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ، باھا كۆرسەتكۈچى ، ئاساسىي سىياسەتلىرى ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەپ ، بازار ئىگىلىكىنى توغرا ،

قانۇنلۇق ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ، بىخەتەر يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەيدۇ ؛ ئۈچىنچىدىن ، قانۇن بازار ئىگىلىكىدە مۇلازىمەت رولىنى ئوينايدۇ . قانۇن جامائەت گۇۋاھلىقى ، دەۋا ۋەكالەتچىسى ، قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ، قانۇنىي باھا ، قانۇنىي بېكىتمە قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ ؛ تۆتىنچىدىن ، قانۇن بازار ئىگىلىكىدە چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ . قانۇن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدايدۇ ، پاسسىپ تەرەپلىرىنى (پايدا قوغلىشىش ، پايدىنى دەپ ئادالەتنى ئۇنتۇش ، ساختا ، سۈپەتسىز ، ناچار تاۋار سودىسى بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىش ، ئالداش ۋەھاكازالار ) ئۈنۈملۈك چەكلەپ بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام ، تەرتىپلىك راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ .

3 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى رولى

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەكشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭقۇر ئىنقىلاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مۇشۇ تارىخىي خاراكتېرلىك ئىنقىلابتا سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە . بىرىنچىدىن ، دۆلەت سوتسىيالىستىك قانۇن بەلگىلىمە شەكلىنى قوللىنىپ ، پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى ، فاڭجېن ، ۋەزىپە ، ئۇسۇل ، قەدەم - باسقۇچلىرىنى تۈزۈملەشتۈرۈش ، قانۇنلاشتۇرۇش يولىغا سېلىپ ، ئىسلاھاتنى باشتىن - ئاخىر رەھبەرلىكى بولغان ، قەدەم باسقۇچى بولغان ھالدا ساغلام ، تەرتىپلىك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا ، دۆلەت

قانۇنىي شەكىلنى قوللىنىپ ئىسلاھات يېڭى تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، دۆلەت ئىسلاھاتتا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال يېڭى مەسىلىلەرگە ئاساسەن، قانۇن - بەلگىلىمىلەرگە ۋاقتىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىسلاھات نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇپ، تۈزۈملەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى باشتىن-ئاخىر قانۇنىي يول ۋە دائىرىدە ساغلام تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، دۆلەت سوتسىيالىستىك قانۇنىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تۈرلۈك ھەرىكەتلەرگە، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىپ، ئىسلاھاتنى مۇقىم تىنچ بولغان ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە مۇھىت بىلەن تەمىنلەپ، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ بەشىنچىدىن، دۆلەت قانۇنىي شەكىللەرنى قوللىنىپ، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى يەنى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، باراۋانلىق، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ياشانغانلارنى بېقىش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىدۇ. بۇ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنىڭ ئېھتىياجى.

### 3. سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ سىياسىي جەھەتتىكى رولى

1. سوتسىيالىستىك قانۇن خەلق دېموكراتىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ

1) سوتسىيالىستىك قانۇن خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىدۇ

خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى — خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى . ئۇ ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن شەكلى ئارقىلىق ، خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

ئاساسىي قانۇندا : «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ» ، «خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگىنى — مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان . خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى . خەلقنىڭ تۈرلۈك يوللار ، شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشىنىڭ بەلگىلىنىشى ، قانۇنىي جەھەتتىن خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشىدىكى خوجايىنلىق ئورنىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى ۋە ئېتىراپ قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

2 ) سوتسىيالىستىك قانۇن خەلقنىڭ كەڭ سىياسىي ھوقۇقىغا ، ئەركىنلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ

ئاساسىي قانۇندا مۇنداق بەلگىلەنگەن : پۇقرالار سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ، ئاخبارات ، نەشرىيات ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، جەمئىيەت ئۇيۇشتۇرۇش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش ئەركىنلىكىگە ، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خادىملىرىنى تەنقىد قىلىش ئۇلارغا تەكلىپ بېرىش ھەمدە ئەرز قىلىش ، پاش قىلىش ھوقۇقىغا ، پەن تەتقىقات ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ھوقۇقىغا ۋە ئەركىنلىكىگە ئىگە . دۆلەت مەمۇرىي ۋە ماددىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ پۇقرالارنىڭ يۇقىرىقى ھوقۇق ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەمدە دۆلەت مەجبۇرلاش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىنىڭ

دەخلى تەرۇزسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

3) سوتسىيالىستىك قانۇن خەلق ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ

بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، مەنپەئەتنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆپلىگەن زىددىيەت ۋە ماجىرالار كېلىپ چىقتى. سوتسىيالىستىك قانۇن بۇ ماجىرالارنى ھەل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: نىكاھ ماجىراسى، ئۆي ماجىراسى، قەرز ماجىراسى، ۋارىسلىق قىلىش ماجىراسى قاتارلىقلار، مانا بۇلار نىكاھ قانۇنى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوتسىيالىستىك قانۇن خەلق ئىچىدىكى قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى جازالاپ، خەلقنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

2. سوتسىيالىستىك قانۇن دۈشمەن كۈچلەرگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدۇ ۋە ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ يوقىتىلدى. لېكىن سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك ئىشلىرىمىزغا يەنىلا ھەرۋاقىت بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، دۈشمەن كۈچلەرگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش يەنىلا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ مۇھىم فۇنكسىيىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇندا «سوتسىيالىستىك تۈزۈم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈپ تۈزۈمى، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول

قويۇلمايدۇ » دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان . 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىدە «دۆلەت ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغدايدۇ ، دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلغانلارنى ۋە باشقا دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن جىنايى پائالىيەتلەرنى باستۇرىدۇ ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ۋە باشقا جىنايى پائالىيەتلەرنى جازالايدۇ ، جىنايەتچىلەرنى جازالايدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ » دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان . دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا قانۇنلۇق قىلمىشنىڭ جىنايەت شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ، بۇنداق جىنايى قىلمىشقا قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن . ئىجتىمائىي تەرتىپنى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۇچۇن قاتىللار ، ئوت قويغان جىنايەتچىلەر ، پارتلىتىش ، زەھەر سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان جىنايەتچىلەر ، باسقۇنچىلىق ، بۇلاڭچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەر ھەمدە جىنايەتچىلەر شايكىسىغا قاتتىق زەربە بېرىپ ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىپ ، جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىنتايىن زۆرۈر . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنى جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىپ ، يېڭى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ ۋاستە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ تۈرمە قانۇنىدا جىنايەتچىلەرنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ فاڭجېن ، سىياسەت ، تەدبىرلىرى بەلگىلىنىپ ، جازالاش ، باشقۇرۇش بىلەن ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى بىرلەشتۈرۈش ، ئەمگەك ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سىياسىي تەربىيىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ، جىنايەتچىلەرنى ئەمگەك ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە ئارقىلىق ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ، ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايدىغان پۇقرا قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىشى ئوتتۇرىغا

قويۇلغان .

3 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى رولى

سىياسىي تۈزۈلمە دېگىنىمىز — ئىجتىمائىي تۈپ سىياسىي تۈزۈمنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان تۈرلۈك كونكرېت تۈزۈملەرنىڭ ئورگانىك سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ كادىرلار تۈزۈمى ، سىياسىي مەسلىھەت تۈزۈمى ، ئەدلىيە تۈزۈمى ، دۆلەت ئورگانلىرىنى تەشكىللەش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرا تۈزۈمى ، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ، كۆپ پارتىيە رەھبەرلىكى ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ قۇرۇلمىلار تارىخ بىلەن شەكىللەنگەن ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە تاللىۋالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ، ئۇ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ . ئۇ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسىنى قوغداپ ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . لېكىن بەزى كونكرېت تۈزۈملەر مۇكەممەللەشمىگەنلىكتىن ، نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر ساقلىنىپ ، تۈپ سىياسىي تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا . مەسىلەن : بيۇروكراتلىق ھادىسىلىرى ، ھوقۇقنىڭ زىيادە مەركەزلىشىپ قېلىش ھادىسىلىرى ، ئائىلە باشلىقى تۈزۈمى ھادىسىسى ، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ باقىۋەندىلىك ھادىسىسى ھەمدە ھەرخىل

شەكىلدىكى ئالاھىدە ئىمتىياز ھادىسىسى قاتارلىقلار.
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئېھتىياجى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، پايدىلىقلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ بەزى كونكرېت تۈزۈمى ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا: «نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى شۇكى: «دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلارنى ئايرىپ، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، دېموكراتىك نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، تىنچ ئىتتىپاقلىقنى قوغداشتىن ئىبارەت» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سوتسىيالىستىك تۈزۈم سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم رولغا ئىگە. بىرىنچىدىن، سوتسىيالىستىك تۈزۈم سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىپىسى، نىشانى، فاڭجېن، ئۇسۇلى ۋە قەدەم باسقۇچىنى بەلگىلەپ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يۆنىلىشىگە قاراپ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىستىك تۈزۈم تۈرلۈك كونكرېت ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ۋە چەكلەيدۇ، ئىسلاھاتتىكى نۇرغۇن توسالغۇلارنى تۈگىتىدۇ. چىرىكلىككە، جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك قانۇن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى مۇقىملاشتۇرىدۇ، قېلىپلاشتۇرىدۇ،

مۇكەممەللەشتۇرىدۇ ، يېڭى مۇكەممەل سىياسىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىپ ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .

## 4 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ پەن - تېخنىكا، مائارىپ ، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى رولى

### 1 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ پەن - تېخنىكىغا بولغان رولى ۋە تەسىرى

پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى . ئۇنىڭ قانۇن تۈرغۈزۈش ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ، ئەدلىيە ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىشتا رولى ۋە تەسىرى ناھايىتى زور . شۇنىڭ بىلەن بىرگە قانۇن پەن - تېخنىكىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ .

1 ) قانۇن پەن - تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىدا تەشكىللەش ، باشقۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ . قانۇن پەن - تېخنىكىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىدا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش تەرەققىيات ستراتېگىيىسى بېكىتىلىپ ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ، پەن - تېخنىكىنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، خىراجەت ، سېلىنمىغا ۋە تۈرلۈك تۈزۈملەرنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ .

2 ) قانۇن پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشتا كاپالەتلىك قىلىش ، ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ . قانۇن پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى ، ئەسەر ھوقۇقى تۈزۈمى ، پاتېنت تۈزۈمى ، تېخنىكا توختىمى تۈزۈمى ، پەن - تېخنىكا بازارلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۈزۈش

ئارقىلىق پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ .

3 ) قانۇن پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى ئېلىپ كەلگەن پاسسىپ ئاقىۋەتلەرنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ . پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۇقىرى دەرىجىدە سانائەتلىشىشنىڭ ئىشقا ئېشىشى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ تۈگەپ كېتىشى قاتارلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن . دۆلەت دېھقانچىلىق قانۇنى ، ئورمانچىلىق قانۇنى ، ئوتلاق قانۇنى ، مۇھىت ئاسراش قانۇنى ، ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ پاسسىپ ئاقىۋەتلەرنى چەكلەپ ، ئاپەتكە ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ .

4 ) قانۇن خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىدا ئىلگىرى سۈرۈش ، ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ . ھازىرقى دەۋر خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا دەۋرىگە قەدەم قويدى ، خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇشلار بارغانسېرى قويۇق بولىۋاتىدۇ . خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە پەن ـ تېخنىكا سودىسى خەلقئارا جامائەت قانۇنى ، خەلقئارا خۇسۇسىيلار قانۇنى ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي قانۇننىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالدى ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىپ ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى قانۇنى ۋە تۈزۈملىرىنى تۈزۈش ، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر .

2 . سوتسىيالىستىك قانۇن مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى

www.uyghurkitap.com

ئوينايدۇ .

سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ، تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە ئاساسىي ۋەزىيىتىنى ئېنىق بېكىتىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇنۇلار بەلگىلەنگەن : دۆلەت ھەرخىل مەكتەپلەرنى ئېچىپ ، باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرىدۇ . ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ، كەسپىي ۋە ئالىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ھەمدە مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى مائارىپنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ . دۆلەت تۈرلۈك مائارىپ ئەسلىھەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىدۇ . ئىشچىلار ، دېھقانلار ، دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە باشقا ئەمگەكچىلەرگە قارىتا ، سىياسىي ، مەدەنىيەت ، پەن - تېخنىكا كەسپىي مائارىپنى يولغا قويىدۇ . ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىقتىساس ئىگىسىگە ئايلىنىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ . دۆلەت تۈرلۈك مائارىپ ئەسلىھەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىدۇ . ئىشچىلار ، دېھقانلار ، دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە باشقا ئەمگەكچىلەرگە قارىتا ، سىياسىي ، مەدەنىيەت ، پەن - تېخنىكا كەسپىي مائارىپنى يولغا قويىدۇ . ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىقتىساس ئىگىسىگە ئايلىنىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ . دۆلەت كوللېكتىپ تەشكىلاتلار ، كارخانا كەسپىي تەشكىلاتلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي كۈچلەرنى قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن تۈرلۈك مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ ، ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ دۆلەت يەنە «جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ ، مائارىپ قانۇنى ، ئالىي مائارىپ قانۇنى ، مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى ، ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى ، كەسپىي مائارىپ قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپ ، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مائارىپ ئىشلىرىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنى ۋە پرىنسىپلىرىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

3. سوتسىيالىستىك قانۇن مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك قانۇن مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق بېكىتىدۇ. ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى بېكىتىپ، مۇنۇلارنى ئېتىراپ قىلدى: دۆلەت پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىنى مۇكاپاتلايدۇ، ئاممىۋى تازىلىق پائالىيەتلىرى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى قانات يايدۇرىدۇ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاخبارات رادىئو - تېلېۋىزىيە، نەشرىيات ئىشلىرى، كۇتۇپخانا، موزېي، مەدەنىيەت سارىيى ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ. دۆلەت مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقىلەر، قىممەتلىك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە باشقا مۇھىم مەدەنىيەت مىراسلارنى قوغدايدۇ، دۆلەت بىر قاتار قانۇن - قائىدىلەرنى تۈزۈپ، ئاساسىي قانۇننىڭ پرىنسىپاللىق بەلگىلىمىلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇن مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى پرىنسىپى، يولى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى بەلگىلەيدۇ. دۆلەت زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن مىللىي، ئىلمىي، ئاممىباب سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تەرەققىي

قىلدۇرىدۇ . دۆلەت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا ۋە ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ، مۇنەۋۋەر تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە مەدەنىيەت سەنئىتىنى گۈللەندۈرىدۇ .

## 5 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ تاشقى خىزمەت جەھەتلەردىكى رولى

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنى دۆلەت ئىچىدە فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماي ، سىرتقا قارىتىلغان خىزمەتلەردىمۇ فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ ، سىرتقا قارىتىلغان سىياسىي ـ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ .

### 1 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ تاشقى سىياسىي مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى رولى

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ تاشقى سىياسىي مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى رولىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى تاشقى سىياسىي پائالىيەت ۋە تاشقى سىياسىي بېرىش ـ كېلىشتە ئەكس ئېتىدۇ . دۆلىتىمىز قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلىك ، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇپ ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدۇ ھەمدە باراۋەرلىك ئاساسىدا تاشقى مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ . دۆلىتىمىز قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق 150 دىن كۆپرەك دۆلەت ۋە رايون بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى . قانۇن نورمال تاشقى مۇناسىۋەت ۋە خەلقئارا ئالاقىغا كاپالەتلىك قىلدى . دۆلىتىمىز قانۇنىي ئۇسۇل بىلەن يەنى خەلقئارا كېسىم ۋە خەلقئارا سوت

مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى ئارقىلىق ، خەلقئارا سىياسىي تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىپ ، خەلقئارا تىنچلىقنى قوغداشنى قوللايدۇ . دۆلىتىمىز قانۇن ۋاستىسىنى قوللىنىپ ، دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا مەسىلىسى ۋە ئىككى دۆلەتكە تەۋە بولۇش مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى . دۆلىتىمىز ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىرما ، نېپال ، موڭغۇلىيە ، پاكىستان ، ئافغانىستان قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەر بىلەن چېگرا شەرتنامىسى ئىمزالاپ ، چېگرانى رەسمىي ئايرىدى . دۆلىتىمىز 1995 ـ يىلى ھىندونېزىيە بىلەن قوش دۆلەت تەۋەلىكى شەرتنامىسى ئىمزالاپ ، قوش دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى . دۆلىتىمىز ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىگە قارشى تۇرىدۇ . بارلىق دۆلەتلەرنىڭ يادرو قوراللىرىنى ۋە خىمىيىۋى قوراللارنى چەكلىشىنى ۋە ئۇنى ئۈزۈل ـ كېسىل كۆيدۈرۈۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەمدە يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك ئەھدىنامىسىگە ئەزا دۆلەتلەر قاتارىغا كىرىپ ، خەلقئارادا تىنچ مۇھىت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى . دۆلىتىمىز خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى پائالىيەتلەرگە پائال قاتنىشىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي پروگراممىسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە ھۆرمەت قىلدى . بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش يۈزىسىدىن قوللانغان تەدبىر ۋە پائالىيەتلىرىنى قوللاپ ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداش ئۈچۈن ، مەلۇم چوڭ دۆلەتنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق دىپلوماتىيىسى» گە قارشى تۇرۇپ تۆھپە كۆرسەتتى .

2 . سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ تاشقى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتلەردىكى رولى

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنى تاشقى ئىقتىسادىي سودا ئالاقىلەرنى كاپالەتلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. قانۇن سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىقتىسادىي سودا ئالاقىلىرىنىڭ پرىنسىپ ۋە فاڭجېنلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىدۇ. قانۇندا جۇڭگو ـ چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكىنى، ھەمكارلىقىدىكى كارخانا ۋە تاشقى مەبلەغ ئارقىلىق قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ئورنى ۋە تىجارىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بەلگىلەيدۇ. قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق تاشقى ئىقتىسادىي سودا، تاۋار ئىمپورت ـ ئېكسپورتى، تېخنىكا ۋە ئۇسكۇنە كىرگۈزۈشنى باشقۇرىدۇ. قانۇن دۆلىتىمىز قاتناشقان خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى قوغدايدۇ. قانۇن خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالاقىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالاقىلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ دۆلىتىمىزدىكى قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنى تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. دۆلىتىمىز نۇرغۇن دۆلەت بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. مەدەنىيەت سەنئەت ئۆمەكلىرىنى چەت ئەلگە داۋاملىق ئەۋەتىپ ماھارەت كۆرسىتىپ، جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى تارقاتتى. ئوقۇغۇچى ۋە ئالىملارنى چەت ئەلگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ۋە ئىلمىي سۆزلەشكە ئەۋەتىپ، چەت ئەلنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى. دۆلىتىمىزمۇ چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت سەنئەت ئۆمەكلىرىنى قوبۇل قىلدى. چەت ئەللىك

ئوقۇغۇچى ۋە ئالىملارنىڭ دۆلىتىمىزگە كېلىپ ئۆگىنىشى ۋە ئىلىم سۆزلىشىنى قارشى ئالدى . مەدەنىيەت ، مائارىپ ، تەنتەربىيە جەھەتلەردىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈردى . سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ يەنمۇ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىياتىغا ، يېڭى تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ تاشقى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق جەھەتلەردىكى رولى بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا .

## § 3 . قانۇن ئېڭى

### 1 . قانۇن ئېڭىنىڭ ئۇقۇمى ۋە تۈرلەرگە بۆلىنىشى

#### 1 . قانۇن ئېڭىنىڭ ئۇقۇمى

قانۇن ئېڭى — ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئوبيېكتىپ قانۇن ھادىسىلىرىگە بولغان سۇبيېكتىپ ئىنكاسى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ قانۇن ۋە قانۇن ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ، كۆزقارىشى ، بىلىمى ۋە پسىخىكىسىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر . ئۇ قانۇننىڭ ماھىيىتى ، رولى توغرىسىدىكى كۆزقارىشى ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلارغا بولغان تەلەپ ۋە پوزىتسىيە ، قانۇن توغرىسىدىكى باھا ۋە چۈشەندۈرۈشلەر ، كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ قانۇنلۇق بولغان ـ بولمىغانلىقىغا بېرىلگەن باھا ۋە قانۇنچىلىق قارىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

قانۇن ئېڭى بىرخىل سىنىپىي ھالدا مۇستەقىل بولغان پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي ھادىسە . ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددىلىقى شۇكى ، ئۇ دۆلەت ۋە قانۇننىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا

كېلىدۇ ، ئىجتىمائىي ئوبيېكتىپ قانۇن ھادىسىلىرىنى ئۆزىنىڭ بەلگىلىك ئىنكاس ئوبيېكتى قىلىدۇ .

### 2 . قانۇن ئېڭىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى

ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەم ۋە تەرەپلەرگە ئاساسەن ، قانۇن ئېڭىنى ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

1 ) قانۇن ئېڭىنىڭ سۇبيېكتىنى ئۆلچەم قىلىپ شەخسلەرنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە كوللېكتىپنىڭ قانۇن ئېڭىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ . شەخسلەرنىڭ قانۇن ئېڭى شەخسنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۆرسىتىدۇ .

كوللېكتىپ قانۇن ئېڭى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ سىنىپ ۋە سىنىپىي قاتلاملارنىڭ قانۇن ئېڭىدۇر . شەخسلەرنىڭ قانۇن ئېڭى بىلەن كوللېكتىپنىڭ قانۇن ئېڭى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ . شەخسلەرنىڭ قانۇن ئېڭى كوللېكتىپنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ شەكىللىنىدۇ ؛ شەخسلەرنىڭ قانۇن ئېڭى كوللېكتىپنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھامان كوللېكتىپ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ ، نەتىجىدە ئۇ كوللېكتىپنىڭ قانۇن ئېڭىغا ئايلىنىدۇ .

2 ) قانۇن ئېڭىنىڭ مەۋجۇت بولۇش شەكلىنى يەنى قانۇن ئېڭى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ۋە بىلىش جەريانىنى ئۆلچەم قىلىپ ، ئۇنى قانۇن پسىخىكىسى ۋە قانۇن ئىدىيىسى سىستېمىسىغا بۆلۈشكە بولىدۇ . قانۇن پسىخىكىسى كىشىلەرنىڭ قانۇن ھادىسىلىرىگە بولغان ئىنكاسى يەنى قانۇن ھادىسىلىرىگە بولغان دىققىتى ، تەسىراتى ، چۈشىنىشى ۋە بۇ خىل بىلىش جەريانىدا پەيدا بولغان كەيپىياتى ، تەسىراتى ، پوزىتسىيىسىدىن ئىبارەت . ئۇ كىشىلەرنىڭ قانۇن ھادىسىلىرىگە بولغان يۈزەكى ، بىۋاستە ، ئىستىخىيىلىك ئىنكاسىدۇر .

قانۇن ئىدىيىسى كىشىلەرنىڭ قانۇن ھادىسىلىرىگە بولغان ئەقلىي بىلىش باسقۇچى بولۇپ ، ئۇ نەزەرىيىۋىلەشكەن ،

www.uyghurkitap.com

سىستېمىلاشقان قانۇن ئىدىيىسى، كۆزقارىشى، بىلىمىنى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ قانۇن ھادىسىلىرىگە بولغان ئىستىخىيىلىك ئىنكاسىنى ئىپادىلەيدۇ.

3) جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان - تۇرمىغانلىقىنى ئۆلچەم قىلىپ، قانۇن ئېڭىنى ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن قانۇن ئېڭى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىمىگەن قانۇن ئېڭى، دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن قانۇن ئېڭى ھامان ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قانۇن ئېڭى بولىدۇ، ئۇ ئىجتىمائىي ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنكاسىدۇر. ئۇ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىمىگەن قانۇن ئېڭى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپنىڭ قانۇن ئېڭى ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپنىڭ قانۇن ئېڭى سىنىپنىڭ كوللېكتىپ ئېڭى سۈپىتىدە دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان يوسۇندا يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇننى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ شۇ دەۋردىكى جەمئىيەت ئۇستقۇرۇلمىسىغا مەنسۇپ بولمايلا قالماستىن، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنلار بىلەن تۈپتىن قارىمۇقارشى بولۇپ، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئىنكار قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 2. سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

### 1. سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ ئۇقۇمى

سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى — ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلقنىڭ قانۇن قارىشى، قانۇن تۇيغۇسى، قانۇن ئىدىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئۇ سوتسىيالىستىك

ئىقتىسادىي بازىسىنى قوغداش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يەنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداشنى چىقىش قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىلمىي، ئىلغار، ئادىل بولغان قانۇن ئىدىيىسىدۇر.

2. سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى

سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇنى ئىككى جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىرى، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسىيالىستىك قانۇننى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئىدىيە ۋە پسىخىكىلىق شەرتى؛ يەنە بىرى، سوتسىيالىستىك قانۇن كىشىلەرنى سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىغا ئىگە قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1) سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسىيالىستىك قانۇن تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشنىڭ ئىدىيە ۋە پسىخىكىلىق شەرتى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسىيالىستىك قانۇن تۈرغۇزۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇن تۈرغۇزۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىلمىيلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى ئاساسى.

بىر دۆلەتنىڭ قانۇنىنىڭ شەكىللىنىشى، قانۇن تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشى تۈپتىن ئېيتقاندا شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا باغلىق. ھەرقانداق بىر قانۇن تۈزگۈچى ئوبيېكتىپ شارائىتقا قارىماي خالىغانچە قانۇن تۈزەلمەيدۇ. ئەمما بۇ قانۇن تۈزگۈچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئامىلى ۋە قانۇن ئېڭىنىڭ قانۇن تۈزۈشكە بولغان مۇھىم رولىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. جەمئىيەتنىڭ قانۇنغا بولغان

ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئېتىشى، قانۇن ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشى، قانۇن تۈزۈش مۇددىئاسىنى پەيدا قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، قانۇن تۈزۈشنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە قانۇننىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىمۇ بولمايدۇ. قانۇننىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشتىكى زۆرۈرلۈكىنى تونۇش ئاساسىدا قانۇن ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى يەنىمۇ ئىگىلەش كېرەك. ئوخشىمىغان تۈردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئوخشىمىغان قانۇن ئارقىلىق تەڭشەش ئۇسۇلىغا ئېھتىياجلىق. شۇڭا، ئوخشىمىغان قانۇن - قائىدىلەرنى تۈزۈش كېرەك. ئېلىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قانۇن ئارقىلىق تەڭشەش بارغانسېرى تەخىرسىز بولىۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا، قانۇن تۈزۈش تەرتىپى، تېخنىكىسى قانۇن تۈزگۈچىلەرنىڭ كاللىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈلۈشى ۋە شەكىللىنىشى كېرەك. بۇمۇ قانۇن ئېڭىنىڭ قانۇن تۈزۈش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك رولىنىڭ ئىپادىسى. ئومۇمەن ئىلمىي قانۇن ئېڭىنىڭ يېتەكچىلىكى بولغاندىلا، ئاندىن قانۇننى ئىلمىي ھالدا تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ. قانۇن ئېڭى قانۇن تۈزۈشنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى شەرتى.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى قانۇننى توغرا ئىجرا قىلىش ۋە يولغا قويۇشنىڭ ئىدىيىۋى كاپالىتى. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە خادىملىرى، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە دۆلەت مەمۇرىيلىرىنىڭ ھەممىسى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلاردا قانۇن ئېڭىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ھەمدە قانۇن ئېڭىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى، كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى ئۇلارنىڭ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش - قىلماسلىقىغا، توغرا ئىجرا قىلىش -

قىلماسلىقىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇمۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ يېتىلىشى ۋە كۈچەيتىلىشىگىمۇ ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلاردا كۈچلۈك قانۇن ئېڭى بولغاندىلا ئاندىن، قانۇنغا تايىنىپ، قانۇنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ، قانۇننى ھەقىقىي تۈردە قېلىپلاشتۇرۇش، زەربە بېرىش، چۈچۈتۈش، تەربىيىلەش رولىغا ئىگە قىلىدۇ. قانۇنغا ئۇمۇميۈزلۈك رىئايە قىلىشقا ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار توغرا قانۇن ئېڭى ۋە يۇقىرى قانۇن ئېڭى سەۋىيىسىگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن قانۇننى توغرا تەتبىقلىيالايدۇ. ئەگەر قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن ئېڭى سەۋىيىسى تۆۋەن، زۆرۈر بولغان قانۇن كەسپىي بىلىمى كەم بولسا، قانۇن ئىجرا قىلىش جەريانىدا خاتالىق كېلىپ چىقىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن. قانۇننى تەتبىقلاش يولغا قويۇش تەرتىپىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن ئېڭى سەۋىيىسى دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا تەتبىقلىنىش ياكى تەتبىقلانماسلىقىغا ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە بولمىغان، ئەمما قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار قانۇن نەزەرىيىسى، قانۇننىڭ پرىنسىپلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرگە ئاساسەن كونكرېت ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلگەندە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن ئېڭى تېخىمۇ مۇھىم بولىدۇ.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى. قانۇن دۆلەت ئىرادىسىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە يولغا قويۇلۇشتىن ئاۋۋال دۆلەت مەجبۇرلاش كۈچىنىڭ كاپالىتىگە تايىنىشى كېرەك. ئەمما نوقۇل ھالدا دۆلەت مەجبۇرلاش كۈچىنىڭ كاپالىتىگە تايىنىشقا

بولمايدۇ . يەنە كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ، رىئايە قىلىشىغا تايىنىش كېرەك . ھالبۇكى ، كىشىلەرنىڭ قانۇننى ئېتىراپ قىلىشى ۋە رىئايە قىلىشىنىڭ ئاچقۇچى كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق . كىشىلەر قانۇننى ئېتىراپ قىلىش ۋە رىئايە قىلىش ئۈچۈن قانۇن ـ نىزاملارنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپلا قالماي ، تېخىمۇ مۇھىمى توغرا بولغان قانۇن ئېڭىنى تۇرغۇزۇش كېرەك . رېئال تۇرمۇشتا بەزى كىشىلەر قانۇن ـ نىزاملارنى بىلىدۇ ، ئەمما بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلىدۇ ، بۇ دەل ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم قانۇن ئېڭىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭى سەۋىيىسى يۇقىرى بولسا ، سوتسىيالىستىك قانۇننى توغرا تونۇسا ، قانۇن ـ تۈزۈم كۆزقارىشى كۈچلۈك بولسا ، قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدۇ . قانۇننى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ يوللۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ . قانۇنغا خىلاپ بارلىق جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۈچلۈك قانۇن ئېڭىغا ئىگە بولۇشى ، قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشنىڭ ئىدىيىۋى كاپالىتى .

2 ) سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى جەريانىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن ، تىكلەنگەن ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن . سوتسىيالىزمنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلسا سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈش ، تىكلەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى

كۆچەيتىپ، قانۇن تۇرغۇزۇشنى كۆچەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم. قانۇن ئىجرا قىلىشنى ۋە ئەدلىيەنى كۆچەيتىپ، ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە ئەدلىيە قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقات تەربىيىسى بىلەن قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. قانۇن تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈندۇر.

### 3. سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش

قانۇن ئېڭى ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى بولۇپ، ئۇ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق بارلىققا كەلمەيدۇ ھەمدە ئۆزلۈكىدىن يېتىلمەيدۇ، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك تەربىيىلەش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

1. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش

قانۇن ئېڭى، قانۇنغا بولغان تونۇش ۋە چۈشىنىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئۆگىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇن بولغانىكەن، ئاساسلىنىش، قانۇن بولغانىكەن، يولغا قويۇش لازىم. شۇڭلاشقا، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش ۋە كۈچەيتىش — قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشتە زۆرۈر شەرت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە قانۇننىڭ نوپۇزىنى تۇرغۇزۇپ، قانۇننى تەتبىقلاش ۋە قانۇنغا بويسۇنۇشقا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قانۇني يولغا سېلىپ توغرا قانۇن ئېڭىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىش كېرەك.

2. قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇش

زور كۈچ بىلەن قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇش،

قانۇن ئۆگىنىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ قانۇن بىلىملىرىنى داۋاملىق ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك . ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، قانۇن ئېڭىنىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىقى ، يۇقىرى - تۆۋەن ياكى كۈچلۈك - ئاجىزلىقى قانۇننى تۇزۇش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسىدۇر . كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ھەرخىل ۋاستە ۋە كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى داۋاملىق ۋە ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ، يېڭى قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىش ، كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان مۇناسىۋەتلىك چىگىش مەسىلە ۋە قىززىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى يېشىش كېرەك . كىشىلەر قانۇننىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ ، قانۇننىڭ مەزمۇنى ۋە روھىنى ئىگىلىگەندىلا ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە قانۇنغا ئەستايىدىل رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقى بارلىققا كېلىدۇ . شۇ ئارقىلىق قانۇننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەم توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ .

3 . قانۇننىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش

قانۇن كىشىلەر ھەرىكىتىگە قارىتا ئېنىق يوسۇندا يېتەكلەش ، باھا بېرىش ، تەربىيىلەش ، ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە مەجبۇرلاشلاردىن ئىبارەت بولغان قېلىپلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە بولىدۇ . قانۇن ئېڭىنى پەقەت قانۇن - قائىدىلەرنى ئۆگىنىش ياكى قانۇن نەزەرىيىسى تەربىيىسى ئارقىلىقلا شەكىللەندۇرمەي ، ئەڭ مۇھىمى ، قانۇننىڭ كۈچلۈك جازالاش ، پاش قىلىش ، تەربىيىلەش ، يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، كىشىلەرنىڭ قانۇنغا بولغان چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا بويسۇنۇشى ئارقىلىق تەدرىجىي شەكىللەندۇرۇش كېرەك . سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى پەقەت قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ، قانۇن

بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، جامائەت پىكرىدىن تولۇق پايدىلىنىش، قانۇننىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۇنى كىشىلەرنىڭ قانۇن ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىقلا تەدرىجىي يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

## § 4 . قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى

### 1 . قانۇننى تۈزۈشنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئالاھىدىلىكى

#### 1 . قانۇننى تۈزۈشنىڭ ئۇقۇمى

قانۇننى تۈزۈش — قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى، قانۇننىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە قانۇننى تۈزۈش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن هوقۇق دائىرىسى ئىچىدە، قانۇن تەرتىپلىرىگە ئاساسەن، قېلىپلاشقان قانۇن ھۆججەتلىرىنى تۈزۈش، تۈزىتىش، بىكار قىلىش ۋە قانۇن قائىدىلىرىنى ئېتىراپ قىلىش پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

#### 2 . قانۇننى تۈزۈشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

1 ) ئۇ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەخسۇس پائالىيىتى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدىكى قانۇنىي شەكىللەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دۆلەت ئورگانلىرى ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەت بولۇپ، باشقا ھەرقانداق ئىجتىمائىي تەشكىلات، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر دۆلەت ئورگانلىرى ھوقۇق بەرمىگەن ئەھۋالدا بۇ خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئورگاننىڭ پائالىيىتى بولماستىن، بەلكى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلگەن، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەخسۇس پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

2 . ئۇ دۆلەت ئورگانلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ

بويىچە ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەت . دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇن تۈزۈشتىكى پائالىيىتى خالىغانچە ئېلىپ بېرىلماستىن ، بەلكى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ . قانۇن چىقىرىش هوقۇقى بولمىغان ئورگانلارنىڭ قانۇن چىقىرىش هوقۇقى بولمايدۇ . شۇنداقلا ، قانۇن چىقىرىش هوقۇقى بار دۆلەت ئورگانلىرىنىڭمۇ ئۆزى خالىغانچە قانۇن چىقىرىش هوقۇقى بولمايدۇ .

## 2 . قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئۇقۇمى ، قۇرۇلمىسى ۋە تۈرلەرگە ئايرىلىشى

1 . قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

قانۇن ـ قائىدىلەر قانۇننىڭ ئەڭ ئاساسىي هۈجەيرىسى بولۇپ ، ئۇ هۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىنكاسى ، دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان ياكى ئېتىراپ قىلىنىدىغان هەم دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچ كاپالىتى ئارقىلىق يولغا قويۇلىدىغان هەرىكەت مىزانىدۇر . قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ ئومۇمىي ۋە ئابستراكت بولغان هەرىكەت مىزانى ؛ ئۇ بۇيرۇق شەكلىنى ئالغان چوقۇم رىئايە قىلىنىدىغان هەرىكەت مىزانى ؛ ئۇ دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنغان ، دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى ئارقىلىق يولغا قويۇلىدىغان هەرىكەت مىزانى ؛ ئۇ هۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان هەرىكەت مىزانى ؛ ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ قانۇندىكى هوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنى بەلگىلەيدىغان هەرىكەت مىزانى ؛ ئۇ هۆكۈمران سىنىپقا پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى ئېتىراپ قىلىدىغان ، قوغدايدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان هەرىكەت مىزانىدۇر .

2 . قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى

قانۇن ـ قائىدە ئالاھىدە بولغان ، لوگىكىلىق جەھەتتىمۇ ئەتراپلىق بولغان بىر خىل قائىدىدۇر . ئۇنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى پەرەز قىلىش ، بىر تەرەپ قىلىش ، جازالاشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ .

پەرەز قىلىش — ھەرىكەت قائىدىلىرىنى تەتبىقلاشنىڭ ئەھۋال ۋە شارائىتنى يەنى قانداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ قائىدىنىڭ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

بىر تەرەپ قىلىش — ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ شۇ خىل قانۇن ـ قائىدىلەردە بەلگىلەنگەن ھوقۇق مەجبۇرىيەتلەرنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، نېمىلەرنى قىلىشقا يول قويۇلىدىغانلىقى ، نېمىلەرنى قىلىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

جازالاش — شۇ خىل قانۇن ـ قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغاندا كېلىپ چىققان ئاقىۋەتنى ، يەنى شۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلغاندا دۆلەتنىڭ قوللانغان مەجبۇرلاش تەدبىرىنى كۆرسىتىدۇ . قانۇن ـ قائىدىلەر قانۇننىڭ ماددىلىرىغا تەڭ ئەمەس ، قانۇن ماددىلىرى قانۇن قائىدىلىرىنىڭ يېزىق شەكلىدىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بىر قانۇن ماددىسىدا قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئۈچ ئامىلىنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىپادىلەنمەي ، بىر ياكى ئىككى ئامىلنى ئىپادىلىشىمۇ مۇمكىن .

3 . قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى

قانۇن ـ قائىدىلەرنى ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

1 ) قانۇندىكى تەڭشەش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۆۋەندىكىلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ : ھوقۇق بېرىش خاراكتېرىدىكى قائىدە ، مەجبۇرىيەت

www.uyghurkitap.com

خاراكتېرىدىكى قائىدە، مەنئى قىلىش خاراكتېرىدىكى قائىدە دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. هوقۇق بېرىش خاراكتېرىدىكى قائىدىدە سۇبيېكتىلارنىڭ مەلۇم ھەرىكەت ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن، يەنى سۇبيېكتىلارنىڭ مەلۇم ھەرىكەتنى قىلىشىغا يول قويۇش ياكى ئۇنىڭ باشقىلاردىن مەلۇم ھەرىكەتنى قىلىشنى تەلەپ قىلىشتىكى قائىدىدىن ئىبارەت؛ مەجبۇرىيەت خاراكتېرىدىكى قائىدە، بۇ سۇبيېكتىلارنىڭ مەلۇم ھەرىكەتنى چوقۇم قىلىش كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن قائىدە، يەنى سۇبيېكتىلارنىڭ پائال قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بەلگىلەنگەن قائىدىدىن ئىبارەت؛ مەنئىي قىلىش خاراكتېرىدىكى قائىدە، بۇ سۇبيېكتىلارنىڭ مەلۇم ھەرىكەتنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن قائىدە، يەنى سۇبيېكتىلارنىڭ مەلۇم ھەرىكەتنى قىلماسلىق مەجبۇرىيىتى بەلگىلەنگەن قائىدىدىن ئىبارەت. قانۇن تەڭشەش داۋامىدا ھوقۇق بېرىش خاراكتېرىدىكى قائىدە، دائىم مەجبۇرىيەت خاراكتېرىدىكى قائىدە ياكى مەنئى قىلىش خاراكتېرىدىكى قائىدىلەر بىلەن بىرلىكتە بارلىققا كېلىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ.

2) قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ قانۇننى تەڭشەش جەريانىدا ئوينىغان رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن قانۇن ـ قائىدىلەرنى تەڭشەش خاراكتېرىدىكى قانۇن ـ قائىدىلەر ۋە قوغداش خاراكتېرىدىكى قانۇن ـ قائىدىلەر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. تەڭشەش خاراكتېرىدىكى قائىدىلەر قانۇننىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش فۇنكسىيىسىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرىدىغان قائىدە بولۇپ، بۇ ھوقۇق بېرىش خاراكتېرىدىكى قائىدە، مەجبۇرىيەت خاراكتېرىدىكى قائىدە ۋە چەكلەش خاراكتېرىدىكى قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە قاتناشقۇچىلارغا ھوقۇق ۋە

مەجبۇرىيەتلەرنى بېكىتىپ بېرىپ ھەرخىل قانۇنلۇق قىلمىشلارنىڭ ئەندىزىسى ۋە ئۆلچىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ. قوغداش خاراكتېرلىك قائىدە قانۇننىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قوغداش فۇنكسىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا بەلگىلەنگىنى قانۇنسىز قىلمىشلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىنىشقا تېگىشلىك قانۇني مەسئۇلىيىتى ۋە قانۇن بويىچە جازالاشنىڭ تەدبىرلىرىدىن ئىبارەت.

3) قانۇن ـ قائىدىلەر سۇبيېكتىلارنى ئۆز ـ ئۆزىنى تەڭشەشكە يول قويۇش ـ قويماسلىق يەنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن ئۆز ئالدىغا ھوقۇق مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلەشكە بولۇش ـ بولماسلىقىغا ئاساسەن قانۇن ـ قائىدىلەر مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى قائىدە، ئىختىيارلىق خاراكتېرىدىكى قائىدىگە بۆلىنىدۇ. مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى قائىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە قاتناشقۇچىلار ئۇچۇن ئېنىق ھوقۇق، مەجبۇرىيىتىنى بەلگىلەپ بەرگەن. سۇبيېكتىلارنىڭ قائىدىلەرگە چوقۇم رىئايە قىلىشىنى ئالاقىدارلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كېڭىشىپ ھەل قىلىشقا يول قويماسلىقىنى بەلگىلىگەن. ئىختىيارلىق خاراكتېرىدىكى قائىدە سۇبيېكتىلارنىڭ ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلىرىنى بېكىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە ئالاقىدارلارنىڭ قانۇن يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئۆزئارا كېڭىشىشى ئارقىلىق ئۆزئارا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىشكە يول قويۇشى، يەنە ئالاقىدار كېلىشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن قانۇن ـ قائىدىلەرنى تەتبىقلايدىغان بەلگىلىمىدىن ئىبارەت.

4) قانۇن ـ قائىدىلەر مەزمۇنىنىڭ بېكىتىلىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن قانۇن ـ قائىدىلەر بەلگىلەش خاراكتېرىدىكى قائىدە، ھاۋالە قىلىش خاراكتېرىدىكى قائىدە، ئىجازەت بېرىش خاراكتېرىدىكى قائىدىلەرگە بۆلىنىدۇ. بەلگىلەش خاراكتېرىدىكى قائىدە — مەلۇم بىر ھەرىكەت

قائىدىنىڭ مەزمۇنىنى ئېنىق ، كونكرېت بەلگىلەپ بېرىپ ، باشقا قائىدىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىزاھلاش ھاجەتسىز بولغان قانۇن ـ قائىدە . ھاۋالە قىلىش خاراكتېرىدىكى قائىدە بولسا مەلۇم بىر ھەرىكەت قائىدىسىنىڭ مەزمۇنىنى بىۋاسىتە بەلگىلىمەي بەلكى قايسى بىر ئورگاننىڭ بەلگىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قائىدە . ئىجازەت بېرىش خاراكتېرىدىكى قائىدە — قانۇن ماددىلىرىدا مەلۇم بىر مەسىلە توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان ، ئەمما بۇ مەسىلىدە باشقا ماددىلارنى ياكى ھۆججەتتىكى مەلۇم بىر بەلگىلىمىنى تەتبىقلاشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قائىدە .

## 3 . سوتسىيالىستىك قانۇننى تۈزۈش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى

### 1 . سوتسىيالىستىك قانۇننى تۈزۈش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە بۇ نەزەرىيىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولغان «بىر مەركەز ، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى (يەنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ) دۆلىتىمىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدىكى تۈپ يېتەكچى ئىدىيە ھېسابلىنىدۇ . شۇنداقلا ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن تۈزۈش خىزمىتىنىڭمۇ بىردىنبىر يېتەكچى ئىدىيىسى ھېسابلىنىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن تۈزۈش خىزمىتىدىمۇ بۇ يېتەكچى ئىدىيە ئىپادىلىنىشى كېرەك . يولداش

دىڭ شىاۋپىڭنىڭ قانۇن چىقىرىش ئىدىيىسى دۆلىتىمىز قانۇن تۇزۇش خىزمىتىنىڭ توپ قىبلىنامىسى . ئۇنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك . بۇ يېتەكچى ئىدىيە ۋە فاڭجېنلارنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلغاندىلا ، ئاندىن ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولغان سوتسىيالىستىك قانۇنلارنى تۇزۇپ چىقالايمىز .

## 2 . سوتسىيالىستىك قانۇننى تۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

دۆلىتىمىز قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرى بىزگە سوتسىيالىستىك قانۇننى تۇزۇش خىزمىتىدە تۆۋەندىكى ئاساسىي پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇردى :

### 1 ) ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش

سوتسىيالىستىك قانۇننى تۇزۇشتە دۆلەت ئەھۋالى ، مىللەت ئەنئەنىسى ۋە ئادەتلىرى ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى قاتارلىقلارنى چىقىش قىلىش ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىش ، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى چىقىش قىلىش ، ئەستايىدىل تەكشۇرۇپ تەتقىق قىلىش ، سۇبيېكتىپ ئېھتىياج بىلەن ئوبيېكتىپ ئىمكانىيەتنى بىرلەشتۇرۇش ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغاندىن باشقا ، ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئىنسانىيەت قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆزنەك قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم . قانۇن مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق

بايلىقى . ئېلىمىز قانۇننى تۈزۈش خىزمىتى ئۆزىمىزنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ، ئېلىمىز تارىخىدىكى ياخشى بولغان قانۇن تۈزۈش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە پەرقلەندۈرگەن ، تاللىغان ھالدا چەت ئەللەرنىڭ قانۇن تۈزۈش تەجرىبىسىنى ئۆرنەك قىلىپ ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم . شۇنىڭ بىلەن بىرگە چەت ئەلگە مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي قانۇنلارنى تۈزۈشتە خەلقئارادىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي پائالىيەت قائىدىلىرىگە دىققەت قىلىش ۋە ئۇنى نەزەرگە ئېلىش ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ، ئىشىكنى ئېچىشقا ، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ۋە تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇش كېرەك .

ئەمەلىيەتنى چىقىش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشتىن باشقا ، يەنە ئەمەلىيەتنى ، ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش ، قانۇندا يولغا قويۇلغان ئىجتىمائىي ئۈنۈم ئارقىلىق قانۇن تۈزۈش خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشتە چىڭ تۇرۇش لازىم . شۇڭا ، قانۇننىڭ ئىزچىللىشىشى ، يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا دىققەت قىلىپ قانۇننى ۋاقتىدا تۈزىتىپ ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرۇش كېرەك .

2 ) پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش

پرىنسىپاللىقتا چىڭ تۇرۇش — دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن تۈزۈش خىزمىتىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىشتا ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ قانۇن چىقىرىش ئىدىيىسىنى قىبلىنامە قىلىشتا

چىڭ تۇرۇش ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە تۇرلۇك فاڭجېن ، سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . جانلىقلىقتا چىڭ تۇرۇش — ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۇرۇپ ، پرىنسىپلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا زۆرۈر بولغان ، يولغا قويۇشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان ھەر تۇرلۇك كونكرېت شەكىل ، ئۇسۇل ، قەدەم باسقۇچلىرىنى تېپىپ چىقىش كېرەك دېگەنلىكتۇر . پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىقنى توغرا ، مۇۋاپىق بىرلەشتۇرۇش لازىم . ئەگەر مۇستەھكەم پرىنسىپچانلىق بولمايدىكەن ، قانۇن تۇزۇش خىزمىتىمۇ نىشاندىن ئادىشىپ قالىدۇ . كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ . ئەگەر پرىنسىپاللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى جانلىقلىق بولمىسا ، پرىنسىپاللىقمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ . شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۇرۇش ، ھەرگىزمۇ بىر تەرەپلىمىلىك خاتالىقىنى سادىر قىلماسلىق ، جانلىقلىقنى پرىنسىپاللىققا بويسۇندۇرۇش كېرەك .

3) قانۇنىنىڭ كەسكىنلىكى ، مۇقىملىقى ۋە ئۇزلۇكسىزلىكىنى قوغداش

قانۇنىنىڭ كەسكىنلىكى — قانۇنىنىڭ نوپۇزلۇق بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى ، رەھبەرلىكنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىنى ، «رەھبەرلىكنىڭ كۆزقارىشىنىڭ ۋە دىققەت ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەسلىك»[1] نى كۆرسىتىدۇ . يەنى قانۇن تۇزۇلۇشى بىلەنلا قەتئىي تۇردە يولغا قويۇلۇشى كېرەك ؛ تۇزىتىش ، تولۇقلاش ياكى بىكار قىلىش زۆرۈر بولغان تەقدىردىمۇ ، بۇ ئۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەرگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىشى ، ھەرگىزمۇ قانۇنىنىڭ

---

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2 ـ توم ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 10 ـ بەت .



www.uyghurkitap.com

كەسكىنلىكىنى ئادەمگە ۋە گەپ سۆزگە قاراپ تەسىرگە ئۇچرىتىشقا بولمايدۇ . قانۇننىڭ مۇقىملىقى — قانۇن ، قانۇن - قائىدىلەر تۈزۈلگەن ۋە يولغا قويۇلغان ئىكەن ئۇ مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە نىسپىي هالدا ئۆزگەرتىلمەسلىكى ، يەنى بىر بۇيرۇق بىلەنلا خالىغانچە ئۆزگەرتىلمەسلىكى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ . بىراق قانۇننىڭ مۇقىملىقى مۇتلەق ۋە شەرتسىز بولماستىن ، بەلكى نىسپىي ، شەرتلىك بولىدۇ . قانۇن ۋە قانۇن - قائىدىلەر سىياسەت ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭ مۇۋاپىق پەيتتە ئەمەلدىن قېلىشى ، ئۆزگەرتىلىشى ۋە تۈزۈلۈشى مۇقەررەردۇر . قانۇننىڭ ئۇزلۇكسىزلىكى — قانۇن ۋە قانۇن - قائىدىلەرنى تۈزگەندە ، تۈزىتىش كىرگۈزگەندە ۋە تولۇقلىغاندا ئەسلىدە بار بولغان قانۇن ۋە قانۇن - قائىدىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردىكى باغلىنىشلارنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ، يېڭى قانۇن - قائىدىلەرگە قارىتا بۇرۇنقى قانۇن - قائىدىلەردىكى مۇۋاپىق ، كېرەكلىك قىسىملارنى قوبۇل قىلىش ، ساقلاپ قېلىش كېرەكلىكىنى ، يېڭى قانۇن - قائىدىلەر رەسمىي كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى ئەسلىدىكى قانۇن - قائىدىلەرنىڭ كۈچىنى خالىغانچە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

4 ) قانۇن تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئىلمىي ئالدىن كۆرەرلىكى

قانۇن تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئىلمىي ئالدىن كۆرەرلىكى بولسا قانۇن تۈزگۈچىلەرنىڭ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا تونۇپ يەتكەن ئوبيېكتىپ ئېھتىياج ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىنى قانۇن ئارقىلىق ئىپادىلەپ ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، يېتەكلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت .

نۆۋەتتىكى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى ئاستىدا قانۇن تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئىلمىي ئالدىن كۆرەرلىكى ۋە مۇددىتىدىن بۇرۇنلىقى تېخىمۇ مۇھىم . ئەمەلىيەتتە قانۇن تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئىلمىي ئالدىن كۆرەرلىكى ۋە مۇددەتتىن بۇرۇنلىقى چوقۇم رېئال بولغان سىياسىي ، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت قاتارلىق شارائىتلار ئاساسىدا تۇرغۇزۇلۇشى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى ۋە ئىمكانىيىتىنى ئىلمىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك . ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ سۇبيېكتىپ ئارزۇ بويىچە قانۇن تۈزۈشكە بولمايدۇ .

5 ) قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى بىلەن ئاممىۋى لۇشيەننى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش

قانۇن تۈزۈش خىزمىتىدە خەلق ئاممىسىنىڭ پىكرىنى ئاكتىپ ، تەشەببۇسكارلىق ھالدا كەڭ كۆلەمدە ئاڭلاپ ، ئۇلارنى قانۇن تۈزۈشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا قاتناشتۇرۇش كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قانۇنلارنى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ . خەلقمۇ بۇنداق قانۇنلارنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاڭلىق بويسۇنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، قانۇن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا ئۇلارنىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۇلارنىڭ تەكرار ئىسپاتلىشى ۋە سېلىشتۇرۇشى ئارقىلىق قانۇننىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم . قانۇن تۈزۈش خىزمىتى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەخسۇس پائالىيىتى . قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى بۇ جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ، قانۇن چىقىرىشنى قانۇن تەرتىپى بويىچە قاتتىق يۈرگۈزۈشى كېرەك . دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا قانۇن

چىقىرىش ئورگانلىرى مۇۋاپىق ۋە توغرا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ، قانۇنچىلىقنىڭ بىرلىك پرىنسىپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك .

## 4 . دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ مەنبەسى

«قانۇن مەنبەسى» مەخسۇس قانۇنشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولۇپ ، قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئۆچ مەنبەسىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈش ، ئۇسۇلى ۋە قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ تاشقى ئىپادىلىنىش شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق بولغان دۆلەت ئورگانلىرى تۈزۈپ ئېلان قىلغان قېلىپلاشقان قانۇن ، قانۇن ھۆججەتلىرىدىن ئىبارەت . دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك تەشكىلات قانۇنلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ مەنبەسى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈردىن ئىبارەت :

1 . ئاساسىي قانۇن

ئاساسىي قانۇن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي تۈزۈملىرى بەلگىلەنگەن ، يۈكسەك قانۇن كۈچىگە ئىگە بولغان دۆلەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى ، ئۇ باشقا بارلىق قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئاساسىدۇر .

2 . قانۇن

قانۇن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلىدۇ . ئالدىنقىسىنىڭ تۈزۈدىغىنى ئاساسىي قانۇن ، كېيىنكىسىنىڭ تۈزىدىغىنى ئاساسىي قانۇندىن باشقا قانۇنلاردۇر .

### 3 . دۆلەتنىڭ يۇقىرى مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ـ نىزاملىرى ۋە باشقا قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرى

مەمۇرىي قانۇن ـ نىزاملار گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدە تۈزۈپ ئېلان قىلغان دۆلەتنىڭ يۇقىرى مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈم كۈچى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن تۆۋەن بولىدۇ. گوۋۇيۈەنگە قاراشلىق مىنىستىرلىق، كومىتېت، ئىشخانىلار ئېلان قىلغان بەلگىلىمە، چارە، تەپسىلىي پرىنسىپ، قائىدىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تارماق قائىدىلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇمۇ قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ تاشقى ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر.

### 4 . يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن يەرلىك قانۇن ـ نىزاملار

يەرلىك قانۇن ـ نىزاملار ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى تۈزگەن ياكى تەستىقلىغان، قېلىپلاشقان قانۇن ھۆججەتلەردۇر. ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ، شۇنداقلا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا زىت كەلمەسلىكى كېرەك. ئۇ پەقەت شۇ رايوندا يولغا قويۇلۇش بىلەن چەكلىنىدۇ. ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۈزگەن بەلگىلىمە، چارە، پرىنسىپ، قائىدىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» ياكى «ھۆكۈمەت قائىدە ـ نىزاملىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارمۇ قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ سىرتقى ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

### 5 . ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە ئايرىم نىزاملىرى

مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملىرى مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزگەن ياكى تەستىقلىغان، قىلىپلاشقان قانۇن ھۆججەتلىرىدۇر. ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە ئايرىم نىزاملىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىغا يوللاپ تەستىقلانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە ئايرىم نىزاملىرى ئۆلكە ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىغا يوللاپ تەستىقلانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. نىزاملارنىڭ مەزمۇنى ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇندىكى پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گوۋۇيۈەن تۈزۈپ چىققان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىي قانۇن- قائىدىلىرىگە زىت كەلمەسلىكى كېرەك.

6 . ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلار قانۇنى

ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلار قانۇنى ئاساسلىقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزگەن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلارنىڭ نېگىزلىك قانۇنى، شۇنداقلا ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلارنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى تۈزگەن ھەرخىل قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلارنىڭ نېگىزلىك قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەمۇرىي رايونلار مەخسۇس قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە. قانۇن چىقىرىش ئورگىنى قانۇن تۈزۈش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە بىكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. بىراق تۈزگەن قانۇنلارنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك. ئەنگە ئالدۇرۇشى قانۇننىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

7 . خەلقئارا شەرتنامە

خەلقئارا شەرتنامە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا، ھەربىي، قانۇن، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەردە ئېتىراپ قىلغان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت توغرىسىدىكى كېلىشىمدۇر. دۆلىتىمىز ئىمزالىغان، تەستىقلىغان، قاتناشقان خەلقئارا شەرتنامىلەر ئېلىمىز تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالارغا قارىتا چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، خەلقئارالىق شەرتنامىلەر ئېلىمىز قانۇنىنىڭ مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 5. سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى ۋە قانۇن تارماقلىرى

### 1. سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى

سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى بىر دۆلەت ۋە رايوننىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان بارلىق قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈرلەرگە بۆلۈپ بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان قانۇن تارماقلىرى بولۇپ شەكىللەنگەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق، ئۆزئارا ماسلاشقان، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىرلىككە كەلگەن گەۋدە. ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى ئاساس قىلغان ھەرقايسى تارماقلارنىڭ قانۇنلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئورگانىك باغلانغان ۋە ماسلاشقان بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئىبارەت.

### 2. سوتسىيالىستىك قانۇن تارماقلىرى

قانۇن تارماقلىرى قانۇن ـ قائىدىلەر ئارقىلىق تەڭشەلگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان تەڭشەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈرگە بۆلۈشتىن ئىبارەت. قانۇن

تارماقلىرىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قانۇن ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ ئوبيېكتى ۋە قانۇن ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ ئۇسۇلى، قانۇن ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ ئوبيېكتى بولسا قانۇن - قائىدىلەر تەڭشىگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. قانۇن ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ ئۇسۇلى ئاساسلىقى قانۇن - قائىدىلەر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشنىڭ پرىنسىپى، شەكلى ۋە ۋاستىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسلىق قانۇن تارماقلىرى بولسا ئاساسىي قانۇن، قانۇن، مەمۇرىي قانۇن، سودا قانۇنى، ئىقتىسادىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، دەۋا قانۇنى، بايلىق ۋە مۇھىت قانۇنى ھەربىي ئىشلار قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 5 § . قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى

### 1 . قانۇننى يولغا قويۇشنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇسۇلى

#### 1 . قانۇننى يولغا قويۇشنىڭ ئۇقۇمى

قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى — مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق قانۇن - قائىدىلەرنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى پائالىيەت بولۇپ، قانۇننىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىشىدىكى ئالاھىدە شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ قانۇن - قائىدىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى پائالىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇن - قائىدىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى پائالىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل پائالىيەت ئارقىلىق قانۇن - قائىدىلەردە بەلگىلەنگەن ھوقۇق

بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ كونكرېت ھەرىكىتى ۋە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

2 . قانۇننى يولغا قويۇشنىڭ ئۇسۇلى

قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىدا ئاساسلىقى ئىككى خىل ئۇسۇل بار : بىرى قانۇننى تەتبىقلاش، يەنە بىرى قانۇنغا رىئايە قىلىش.

## 2 . قانۇننى تەتبىقلاشنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئالاھىدىلىكى

1 . قانۇننى تەتبىقلاشنىڭ ئۇقۇمى

قانۇننى تەتبىقلاش — دۆلەت ئورگانلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقى بويىچە قانۇن - قائىدىلەرنى كونكرېت ئادەم، ئورۇنلارغا تەتبىقلاش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كونكرېت دەۋالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ياكى ئۇلارغا قانۇني جازا تەتبىقلايدۇ.

2 . قانۇننى تەتبىقلاشنىڭ ئالاھىدىلىكى

1 ) قانۇننى تەتبىقلايدىغان سۇبيېكتىلار ئاساسەن دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلاردىكى خىزمەتچى خادىملاردىن ئىبارەت بولۇپ ئۇ يەنە دۆلەت ھوقۇق بەرگەن ئورۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 ) دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلاردىكى خىزمەتچى خادىملار قانۇن - قائىدىلەرنى تەتبىقلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغاندا، قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە قانۇن بويىچە دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش، قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك ماجىرالارنى ھەل قىلىش، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى جازالاش، ھوقۇقتىن خالىغانچە چەتنەپ كەتمەسلىك كېرەك.

3 ) دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلاردىكى خىزمەتچى خادىملار قانۇن - قائىدىلەرنى تەتبىقلاش پائالىيىتىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىشى، قانۇني رەسمىيەتلەرنى

ئەستايىدىل بىجىرىشى كېرەك .

4 ) دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلاردىكى خىزمەتچى خادىملار ئۆز ھوقۇقى دائىرىسى ئىچىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە قانۇن - قائىدىلەرنى تەتبىقلىغاندا، باشقا دۆلەت ئورگانلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ ئارىلىشىشىغا ۋە توسقۇنلۇق قىلىشىغا بولمايدۇ .

### 3 . سوتسىيالىستىك قانۇننى تەتبىقلاشنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋە پرىنسىپلىرى

1 . سوتسىيالىستىك قانۇننى تەتبىقلاشنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى

ئېلىمىزنىڭ قانۇنى ئۆزىنىڭ بىرى تەتبىقلاش ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، دۆلىتىمىز قانۇن تەتبىقلاشقا قارىتا توغرا بولۇش، قانۇنلۇق بولۇش، دەل ۋاقتىدا بولۇش، ئادىل بولۇش، مۇۋاپىق بولۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى .

توغرا بولۇش — قانۇن - قائىدىلەرنى تەتبىقلىغاندا پاكىت ئېنىق، دەلىل - ئىسپات تولۇق، خاراكتېرىنى بېكىتىشى توغرا، بىر تەرەپ قىلىش مۇۋاپىق بولۇشنى كۆرسىتىدۇ .

قانۇنلۇق بولۇش — قانۇن - قائىدىلەرنى تەتبىقلىغاندا، دۆلەتنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇش، قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق چېكى ۋە تەرتىپىگە ئاساسەن ئىش بىجىرىشنى كۆرسىتىدۇ .

دەل ۋاقتىدا بولۇش — قانۇن تەتبىقلاش پائالىيىتىنىڭ ھەربىر ھالقىلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاقىت تەلىپىگە قەتئىي ئۇيغۇن بولۇش، دېلو بىجىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ .

مۇۋاپىق بولۇش ۋە ئادىل بولۇش — قانۇن تەتبىقلاش

ھەرىكىتى ، سوتسىيالىستىك ئەخلاق تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇش كەڭ خەلقنىڭ قەلبىدىكى باراۋەرلىك تەلىپى ۋە قانۇن تەتبىقلاشنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن بولۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

2 . سوتسىيالىستىك قانۇننى تەتبىقلاشنىڭ پرىنسىپلىرى

1 ) پاكىتنى ئاساس ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش پرىنسىپى

پاكىتنى ئاساس ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق قانۇن تەتبىقلاشتىكى ئاساسىي تەجرىبىسىدۇر . پاكىتنى ئاساس قىلىش دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ قانۇن - قائىدىلەرنى تەتبىقلاشتا دېلونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ ، دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى پۈتۈنلەي ئىگىلەش ، دېلونى قاراپ چىقىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشتا ئوبيېكتىپ پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ خاراكتېرنى توغرا بېكىتىش ، جازا ئۆلچىمى مۇۋاپىق بولۇش ، قانۇن - قائىدىلەرنى توغرا تەتبىقلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى .

قانۇننى ئۆلچەم قىلىش دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلاردىكى خىزمەتچى خادىملاردىن قانۇن - قائىدىلەرنى تەتبىقلىغاندا ، قەتئىي تۈردە قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش بېجىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

قانۇن — دېلودىكى ھەق - ناھەقنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى . بىر ئادەمنىڭ قىلمىشىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەن ياكى شەكىللەندۈرمىگەنلىكى پەقەت قانۇن ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ . قانۇن جىنايەتنى بېكىتىپ جازا ئۆلچەشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى . قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇش جىنايەت بېكىتىش ، جازا ئۆلچەشتە قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي ، دېلونى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدىمۇ ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە دېلو بېجىرگۈچى

خادىملاردىن بارلىق پائالىيىتى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە چوقۇم ئۇيغۇن بولۇشىنى، رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشتە قەتئىي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇندىن چەتنەپ خالىغانچە جازا ئۆلچەيدىغان، يۈز خاتىرە قىلىپ قانۇننى بۇزىدىغان، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ كۆز بويامچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى قانۇننى ئۆلچەم قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپ بولۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا بۇنىڭغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ.

2) پۇقرالارغا قانۇننى تەتبىقلاشتا بىردەك باراۋەر بولۇش پرىنسىپى

قانۇن تەتبىقلاشتا پۇقرالار قانۇن ئالدىدا بىردەك باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇن تەتبىقلاشنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسلىق پرىنسىپى. شۇنداقلا، سوتسىيالىستىك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم پرىنسىپى. «پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش» پرىنسىپىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

پۇقرالارغا قانۇننى تەتبىقلاشتا بىردەك باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھەرقانداق پۇقرالارغا قانۇن - قائىدىلەرنى تەتبىقلىغاندا، بىردەك باراۋەر بولۇش، ئادەمگە قاراپ پەرقلەندۈرمەسلىك، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە باراۋەر قوغداش، پۇقرالارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىيەتنى باراۋەر ئۈستىگە ئېلىش، پۇقرالارنىڭ قانۇنغا خىلاپ بارلىق جىنايى قىلمىشنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىپ، ئۇلارغا تېگىشلىك جازا بېرىش، ھەرقانداق ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىق قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىدۇ.

3) ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزۈش پرىنسىپى

سوتسىيالىستىك قانۇننى تەتبىقلاش جەريانىدا ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئاساسلىق تەدبىرلەرنىڭ بىرى. ئاساسىي قانۇنىنىڭ 126 ـ ماددىسىدا: «خەلق سوت مەھكىمىلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، ھەرقانداق مەمۇرىي ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 131 ـ ماددىسىدا: «خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى قانۇن بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، ھەرقانداق مەمۇرىي ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىنى پەقەت دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرىلا بىر تۇتاش يۈرگۈزىدۇ، ئەدلىيە ئورگانلىرى خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، باشقا مەمۇرىي ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ، ئەدلىيە ئورگانلىرى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا چوقۇم قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك دېگەنلىكتۇر.

بۇ پرىنسىپنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ بىرلىكنى قوغداشقا، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى توغرا جارى قىلدۇرۇشقا، چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، ھەرخىل شەكىلدىكى ئالاھىدە ئىمتىيازغا قارشى تۇرۇشقا پايدىلىق.

4) ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خاتالىق بولسا، چوقۇم تۈزىتىش پرىنسىپى

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ، خاتالىق بولسا چوقۇم تۈزىتىش پرىنسىپى دۆلەت ۋە قانۇننىڭ ماھىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ ، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇننى تەتبىقلاشتىكى ھەققانىيلىقى ۋە كەسكىنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . بۇ پرىنسىپ قانۇننى تەتبىقلاشنىڭ چوقۇم قانۇننىڭ نازارەتچىلىكىدە بولۇشىنى ، قانۇننى تەتبىقلاش جەريانىدا خاتالىق كۆرۈلىدىكەن ، چوقۇم تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ . قانۇننى تەتبىقلاش جەھەتتىكى خاتالىق تۈپەيلىدىن پۇقرالار ۋە قانۇني ئىگىلەر ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىغان بولسا ، ئۇبىڭغا دۆلەت مۇۋاپىق تۆلەم بېرىشى كېرەك .

ئۇۋال قىلىنغان ، خاتا دېلولارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ، تۈزۈم جەھەتتە بۇ پرىنسىپنىڭ ئىزچىللىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك .

## 4 . قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئۈنۈم كۈچى

### 1 . قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئۈنۈم كۈچى

قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئۈنۈم كۈچى ئەمەلىيەتتە قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش دائىرىسى بولۇپ ، قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ قانداق ئورۇندا ، قاندا ۋاقىتتا ، قانداق كىشىلەرگە قارىتا چەكلەش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت .

1 ) قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ماكان جەھەتتىكى كۈچى

قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ماكان جەھەتتىكى ئۈنۈم كۈچى — قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ قايسى ئورۇندا ، قايسى زېمىن دائىرىسىدە كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئۈنۈم كۈچىدە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئەھۋال بار :

(1 ) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ، گوۋۇيۈەن ۋە

ئۇنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىق كومىتېتلىرى ئېلان قىلغان مەمۇرىي قانۇن ـ نىزاملار قاتارلىق قېلىپلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك ھۆججەتلەر دۆلىتىمىز تېررىتورىيىسىدە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بەزى قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ سىرتقا قارىتامۇ ئۈنۈم كۈچى بولىدۇ.

(2) يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى، مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئېلان قىلغان يەرلىك قائىدىلەر، ئاپتونومىيە نىزاملىرى، ئايرىم نىزاملار پەقەت شۇلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

(3) مەركىزىي دۆلەت ئورگانلىرى تۈزگەن قانۇن ۋە قانۇن ـ قائىدىلەردە تەتبىقلىنىش دائىرىسى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇلار شۇ بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

(4) بەزى قانۇنلار (مەسىلەن: جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ) سىرتقا قارىتامۇ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

2. قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ زامان جەھەتتىكى كۈچى

قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ زامان جەھەتتىكى كۈچى — قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى، قايسى ۋاقىتتا كۈچتىن قالىدىغانلىقى ۋە قانۇنلارنىڭ سۈرۈشتۈرۈش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

1) دۆلىتىمىز قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتىدە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئەھۋال بار:

(1) قانۇن ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ، بۇ خىل قانۇنلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

(2) بەزى قانۇن ھۆججەتلەردە قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى كونكرېت بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

(3) بەزى قانۇنلارنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى مەزكۇر قانۇننىڭ ئۆزىدە ئېنىق بەلگىلەنمەستىن، بەلكى مەزكۇر



www.uyghurkitap.com

قانۇننى ئېلان قىلىش بۇيرۇقىدا جاكارلانغان بولىدۇ .

(4 ) قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنىڭ باشقا قانۇن ۋە قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ۋە كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى بىلەن تەڭ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولىدۇ .

(5 ) بەزى قانۇنلار تۈزۈلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن بىر مەزگىل سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ ، تۈزىتىلگەندىن كېيىن قايتىدىن رەسمىي تۈزۈلىدۇ . بۇ خىل قانۇنلار سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان مەزگىلدە يەنىلا قانۇن كۈچىگە ئىگە بولىدۇ .

2 ) قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ كۈچتىن قېلىش مۇددىتىدە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئەھۋال بار :

(1 ) يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان كۈندىن باشلاپ ، مۇناسىپ هالدا كونا قانۇن ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالىدۇ .

(2 ) يېڭى قانۇن ئاساسەن ئوخشاش مەزمۇندىكى كونا قانۇنلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىدۇ ، يېڭى قانۇندا كونا قانۇننىڭ ئەمەلدىن قالدىغانلىقى بەلگىلىنىدۇ .

(3 ) ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى تۈپەيلىدىن ، ئەسلىدىكى مەلۇم قانۇن ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان بولىدۇ ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىنى يوقىتىپ ئۆزلۈكىدىن كۈچتىن قالىدۇ . بەزى قانۇنلار كۈچتىن قېلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن كۈچتىن قالىدۇ .

(4 ) قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈشكە هوقۇقلۇق بولغان دۆلەت ئورگانلىرى مەخسۇس قارار ، بۇيرۇق ئېلان قىلىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ ياكى بەزى قانۇن ۋە قانۇن ـ قائىدىلەردە ئۇنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى بەلگىلەنگەن بولىدۇ .

3 ) قانۇننىڭ سۈرۈشتۈرۈش كۈچى «قانۇننىڭ ئىلگىرىكى كۈچىنى سۈرۈشتۈرۈش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئىلگىرىكى ئىشلار ۋە قىلمىشلارغا تەتبىقلىنامدۇ ـ يوق ، چەكلەش كۈچى بولامدۇ ـ يوق دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى پرىنسىپ جەھەتتىن كونا قانۇننى ئاساس ، يەڭگىللىتىشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپىنى قوللانغان ، يەنى يېڭى قانۇن كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرىكى قىلمىش ۋە ۋەقەلەرگە قارىتا ئەگەر شۇ ۋاقىتتىكى قانۇندا جىنايەت دەپ قارالغان بولسا ، شۇ ۋاقىتتىكى قانۇن بويىچە جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ ؛ ئەگەر يېڭى قانۇندا جىنايەت ئەمەس ياكى يېنىك جازا بېرىش كېرەك دەپ قارالغان بولسا يېڭى قانۇن تەتبىقلىنىدۇ .

3 ) قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئادەمگە قارىتا كۈچى

قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئادەمگە بولغان ئۈنۈم كۈچى دېگىنىمىز — قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئادەملەرگە قارىتا چەكلەش كۈچى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . دۆلىتىمىز قانۇن ـ قائىدىلىرىنىڭ ئادەمگە بولغان ئۈنۈم كۈچىدە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئەھۋال بار :

(1) دۆلىتىمىز تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى بارلىق پۇقرالارغا بىردەك دۆلىتىمىز قانۇنلىرى تەتبىقلىنىدۇ .

(2) چەت ئەللەرگە (دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) دۆلىتىمىز تېررىتورىيىسى ئىچىدە قانۇندا ئالاھىدە بەلگىلەنگەنلىرى (مەسىلەن : دىپلوماتىيە ئىمتىيازى ۋە كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار ) دىن باشقا ھەممىسىگە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى تەتبىق قىلىنىدۇ .

(3) دۆلىتىمىز تېررىتورىيىسى سىرتىدىكى دۆلىتىمىز پۇقرالىرىغا قارىتا پرىنسىپ جەھەتتىن يەنىلا دۆلىتىمىز قانۇنى



www.uyghurkitap.com

تەتبىقلىنىدۇ .

(4) چەت ئەللىكلەر دۆلىتىمىز تېررىتورىيىسى سىرتىدا ئەگەر دۆلىتىمىزنىڭ ياكى دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلسا ياكى دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالىرى ۋە قانۇنىي ئىگىلەر بىلەن قانۇنىي ئالاقىدە بولغان بولسا ، ئوخشاشلا دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - قائىدىلىرى تەتبىقلىنىدۇ .

**5 . دۆلىتىمىز قانۇن - قائىدىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى**

1 . قانۇننى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۇقۇمى ۋە تۈرلىرى

1 ) قانۇننى چۈشەندۈرۈش ئۇقۇمى

قانۇننى چۈشەندۈرۈش—مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرى ، تەشكىلات ياكى شەخسلەرنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن - قائىدىلەر ياكى قانۇن ماددىلىرىنىڭ مەزمۇنى ، مەنىسى ، ئۇقۇمى ، ئاتالغۇلىرى ھەم تەتبىقلاش شەرتىگە بەرگەن چۈشەندۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ .

2 ) قانۇننى چۈشەندۈرۈشنىڭ تۈرلىرى

قانۇننى چۈشەندۈرۈش سۇبيېكتى ۋە قانۇن كۈچىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن رەسمىي چۈشەندۈرۈش ۋە غەيرىي رەسمىي چۈشەندۈرۈش دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ .

رەسمىي چۈشەندۈرۈش يەنى ھوقۇقلۇق چۈشەندۈرۈش ، قانۇنلۇق چۈشەندۈرۈش ، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ چۈشەندۈرۈشى دەپ ئاتىلىدۇ . ھوقۇق بېرىلگەن دۆلەت ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇق چېكىگە ئاساسەن قانۇننىڭ كۈچكە قارىتا ئېلىپ بارغان چۈشەندۈرۈشى بولۇپ ، ئۇ قانۇن كۈچكە ئىگە رەسمىي چۈشەندۈرۈش بولۇپ ، قانۇن تۈزۈشتىكى چۈشەندۈرۈش ، ئەدلىيەلىك چۈشەندۈرۈش ، مەمۇرىي

چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

غەيرىي رەسمىي چۈشەندۈرۈش — قانۇندا بەلگىلەنمىگەن چۈشەندۈرۈش ياكى ھوقۇقسىز چۈشەندۈرۈش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ دۆلەت ئورگانلىرى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، پۇقرالار ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇن - قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش قانۇن كۈچىگە ئىگە ئەمەس. غەيرىي رەسمىي چۈشەندۈرۈش ئىلمىي چۈشەندۈرۈش ۋە ئۆز مەيلىچە چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ گەرچە قانۇن كۈچىگە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن قانۇننى تەتبىقلاشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

2. ئېلىمىزدە رەسمىي قانۇن چۈشەندۈرۈشنىڭ ھالىتى

1) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى چۈشەندۈرۈشكە ھوقۇقلۇق؛ گوۋۇيۈەن ئۆزى تۈزگەن مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلەرگە قارىتا چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ؛ دۆلەت ھوقۇق بەرگەن باشقا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە؛ بۇ خىل چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى قانۇن تۈزۈشتىكى چۈشەندۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە يۇقىرى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش خىزمىتى جەريانىدا، قانۇن - قائىدىلەرنى تەتبىقلىغاندا ئېلىپ بارغان چۈشەندۈرۈش. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ئەدلىيە جەھەتتىكى چۈشەندۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ.

3) گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى تارماقلار خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، قانۇن قائىدىلەرنى قانداق كونكرېت تەتبىقلاشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان چۈشەندۈرۈش. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش مەمۇرىي جەھەتتىن

چۈشەندۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ .

4 ) يەرلىك ھوقۇقلۇق ئورگانلار ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى . ئالدىنقىسىنىڭ چۈشەندۈرىدىغىنى يەرلىك قائىدە ـ نىزاملارنىڭ ئۆزى بولۇپ ، كېيىنكىسىنىڭ چۈشەندۈرىدىغىنى يەرلىك قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ كونكرېت قوللىنىلىشىدۇر .

## 6 . سوتسىيالىستىك قانۇنغا رىئايە قىلىش

1 . سوتسىيالىستىك قانۇنغا رىئايە قىلىشنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى

سوتسىيالىستىك قانۇنغا رىئايە قىلىش ، سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر ، ھەرقايىسى سىياسىي پارتىيىلەر ، ھەرقايىسى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ، ھەرقايىسى كارخانىلار ، كەسپىي تەشكىلاتلار ھەمدە بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ . قانۇنغا رىئايە قىلىشتا ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش ؛ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلىرى ۋە يەرلىك قانۇن قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش ؛ ئەمگەك ئىنتىزامى ، تېخنىكا قائىدىسى ۋە بەزى ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتلار تۈزۈپ چىققان يېزا قائىدىلىرى ، پۇقرالار ئەھدىنامىلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلار .

سوتسىيالىستىك قانۇنغا رىئايە قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى ، ئۇ سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلار بىلەن كۈرەش قىلىش ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەشكە ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ،

ئىسلاھات ئېچىۋېتىشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانىلار كەسپىي تەشكىلاتلار، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار، ھەرقايسى سىياسىي پارتىيىلەر ۋە بارلىق پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىق ھالدا قانۇنغا رىئايە قىلىپ قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش كېرەك.

2. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ مەنىسى، شەكىللىنىش شەرتلىرى ۋە تۈرلەرگە ئايرىلىشى

1) قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش

قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش — دۆلەت ئورگانلىرى كارخانىلار، كەسپىي تەشكىلاتلار، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ياكى پۇقرالار خاتالاشقانلىقتىن، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايەت بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئادەتتىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جىنايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

2) قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ شەكىللىنىشى

قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ شەكىللىنىشىدە تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك:

(1) قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش كىشىلەرنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغان بىرخىل ھەرىكىتى بولۇپ، قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت ۋە قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ھەرىكەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) قانۇنغا خىلاپ قىلمىش بولۇش ئۈچۈن، قانۇن

تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دەخلى ـ تەرۇز قىلغان ۋە جەمئىيەتكە مەلۇم دەرىجىدە زىيان سالغان قىلمىش بولۇشى كېرەك . ئەگەر قىلمىش قانۇن قوغدايدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپكە دەخلى ـ تەرۇز قىلمىغان بولسا ، ئىجتىمائىي خەۋپ پەيدا قىلمىغان بولسا ، ئۇ قانۇندا قىلمىش بولۇپ شەكىللەنمەيدۇ .

(3 ) قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى

قانۇندا بەلگىلەنگەن جىنايى جاۋابكارلىق يېشىغا يەتكەن ، جىنايى جاۋابكارلىق ئىقتىدارى ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش كېرەك . بۇ تەبىئىي شەخس ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

(4 ) قانۇنغا خىلاپ قىلمىش بولۇش ئۈچۈن قىلمىش سادىر قىلغۇچىدا قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بولۇشى ، يەنى قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئاساسلىقى سۇبيېكتىپ جەھەتتىن خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولۇش كېرەك . قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئۆز قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، بۇ خىل ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلسا ياكى ئۇنىڭغا يول قويىدۇ . نەتىجىدە قانۇنغا خىلاپ جىنايەتنى شەكىللەندۈرىدۇ . سەۋەنلىك — ئۆز قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىش مۇمكىنلىكىنى ئالدىن بايقاشقا تېگىشلىك بولسىمۇ ، ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ ، دەپ ئىشىنىپ كېتىپ ، شۇنداق ئاقىۋەتنى پەيدا قىلغانلار سەۋەنلىك بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر ھېسابلىنىدۇ .

3 ) قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ تۈرلىرى

قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ كونكرېت خاراكتېرى زىيانلىق دەرىجىسى ۋە ئۇستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىقىنىڭ

ئوخشماسلىقىغا ئاساسەن جىنايى ئىشلار بويىچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ، ھەق تەلەپ ئىشلىرى بويىچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ، مەمۇرىي ئىشلار بويىچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ۋە ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دەپ ئۆچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

( 1 ) جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش — جىنايەت دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ دۆلەتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ شۇ ۋەجىدىن جىنايى جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ .

( 2 ) ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا خىلاپلىق قىلىش — ھەق تەلەپ قانۇنىغا خىلاپلىق ھەق تەلەپ قانۇنىي جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ .

( 3 ) مەمۇرىي ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش — مەمۇرىي باشقۇرۇش قانۇن - قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ مەمۇرىي قانۇن جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك بولغان قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ . دۆلەت خىزمەتچىلىرى ، پۇقرالار ، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مەمۇرىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ .

( 4 ) ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى — دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە ئاساسىي قانۇن خاراكتېرىدىكى ھۆججەتلەرگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ دۆلەت ئورگانلىرى تۈزگەن قانۇن ، قانۇن - نىزاملارغا زىت بولغان دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتى ئاساسىي قانۇن قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

3 ) قانۇنىي مەسئۇلىيەت ۋە قانۇنىي جازا

1 قانۇنىي مەسئۇلىيەت ( جاۋابكارلىق ) ، قانۇنىي جاۋابكارلىق كەڭ ۋە تار مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ ، كەڭ مەنىدىكى

قانۇنىي جاۋابكارلىق بىلەن قانۇنىي مەجبۇرىيەت ئوخشاش مەنىلەرگە ئىگە. تار مەنىدىكى قانۇنىي جاۋابكارلىق مەخسۇس قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشى ئۈچۈن ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇ مۇئەييەن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ دۆلەتكە ۋەكالىتەن قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى ئەيىبلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ مۇئەييەن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ دۆلەتكە ۋەكالىتەن قانۇنىي جازانى يولغا قويۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. قانۇنىي جاۋابكارلىقنى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرى ۋە زىيانلىق دەرىجىسىگە قاراپ جىنايى ئىشلار قانۇن جاۋابكارلىقى، ئاساسىي قانۇن جاۋابكارلىقى، ھەق تەلەپ ئىشلىرى قانۇن جاۋابكارلىقى، مەمۇرىي ئىشلار قانۇن جاۋابكارلىقى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ.

2) قانۇنىي جازا

قانۇنىي جازا دۆلەتنىڭ قانۇن تەرتىپلىرىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك تەدبىر بولۇپ، دۆلەتنىڭ قانۇننى يولغا قويۇشنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مۇھىم شەكلى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى: ئۇنى دۆلەتنىڭ مەخسۇس ئورگانلىرى يولغا قويىدۇ، ئۇ بىرخىل زورۇر بولغان قانۇنىي ھەرىكەت ھەم دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ جازالاشنى يولغا قويۇشنىڭ قانۇنىي دەستۇرى.

قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنىڭ خاراكتېرى، ئەھۋالى ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيانلىق ئاقىۋىتىگە ئاساسەن ئاساسىي

قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جازاسى ، ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا خىلاپلىق قىلىش جازاسى ، مەمۇرىي جازا ، جىنايى ئىشلار جازاسى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

(1) ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جازاسى ئاساسىي قانۇننىڭ ئالاھىدە بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قارىتا ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن يولغا قويۇلىدىغان مەجبۇرلاش تەدبىرى . ئۇنىڭ ئۇسۇلى ئىككى خىل . بىرى ، ئىشتىن ئاۋۋال تەكشۈرۈش ياكى ئىشتىن كېيىن تەكشۈرۈش ، ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ قانۇن ، قانۇن ـ نىزاملىرىنى ياكى باشقا ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ خىزمەت پائالىيىتىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكى ئېلانى ؛ يەنە بىر خىلى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئاساسلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش .

(2) ھەق تەلەپ جازاسى دۆلەت ئەدلىيە ئورگانلىرى ھەق تەلەپ قانۇن ـ قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قارىتا ھەق تەلەپ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە ھەق تەلەپ قانۇنىي جازاسى يۈرگۈزۈش لازىم . مەسىلەن : خەۋپ ـ خەتەرنى توختىتىش ، مال ـ مۈلۈكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، توسقۇنلۇقنى تۈگىتىش ، زىياننى تۆلەش قاتارلىقلار .

(3) مەمۇرىي جازا دۆلەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مەمۇرىي ئورگانلىرى ياكى قانۇندا ھوقۇق بەرگەن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ، پۇقرالار ، تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇن ۋە قانۇن نىزاملىرىغا خىلاپ ھەرىكەتلىرىگە قارىتا جازالاشنى يولغا قويىدۇ . مەمۇرىي جازا جەرىمانە قويۇش ، جازالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

(4) جىنايى ئىشلار جازاسى — دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قارىتا جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى بويىچە بېرىلىدىغان جازانى كۆرسىتىدۇ .

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

1 . قانۇن دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟

2 . سوتسىيالىستىك قانۇن دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

3 . قانۇننىڭ رولى نېمە؟ سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ رولى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

4 . قانۇن ئېڭى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟

5 . قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى دېگەن نېمە؟ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن تۈزۈشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرى قايسىلار؟

6 . قانۇننىڭ مەنبەسى دېگەن نېمە؟ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن مەنبەلىرى قايسىلار؟

7 . قانۇننىڭ ئۈنۈم كۈچى دېگەن نېمە؟ دۆلىتىمىز قانۇنلىرىنىڭ ئۈنۈم كۈچى قايسىلار؟

8 . قانۇننىڭ تەتبىقلىنىشى دېگەن نېمە؟ دۆلىتىمىزدە قانۇننى تەتبىقلاشنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

9 . قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېگەن نېمە؟ دۆلىتىمىزدە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارىتا قانداق جازا بېرىلىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب دېڭ شياۋپىڭ دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم نەزەرىيىسى ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش

## §1 . دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم نەزەرىيىسى

دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم نەزەرىيىسى — دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماۋزېدۇڭنىڭ دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم ئىدىيىسىنىڭ ۋارىسى ۋە تەرەققىياتى، ھازىرقى زامان جۇڭگو ماركسىزمىنىڭ دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم نەزەرىيىسى، ماركسىزمنىڭ دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم نەزەرىيىسى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، ھازىرقى زامان جۇڭگو دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر.

### 1 . دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزم بولمايدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ زامانىۋىلىشىشىمۇ بولمايدۇ

1 . دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقى

ماركسىزم — دېموكراتىيە ئاۋۋال بىرخىل دۆلەت تۈزۈمى

ۋە دۆلەت شەكلى ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيىتى — خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ . دېڭ شياۋپىڭ بۇ ماركسىزم دېموكراتىيە قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ ، دېموكراتىيە تارىختىن بۇيان پارتىيىمىزنىڭ كۈرەش قىلىدىغان تۈپ نىشانىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ، سوتسىيالىزم شارائىتىدا ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى . دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو فېئوداليزمىنىڭ قالدۇق تەسىرىگە قارشى تۇرۇشتىن ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ۋە دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ئىچكى باغلىنىشى قاتارلىق ئۈچ تەرەپتىن بۇ توغرا خۇلاسىنى چىقاردى .

دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم تەكىتلەپ ، جۇڭگونىڭ فېئودال ئەنئەنىسى نىسبەتەن كۆپ ، دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم ئەنئەنىسى بەك ئاز دەپ كۆرسەتكەن . ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە پاترىئارخال كۆزقاراش ، دەرىجە كۆزقارىشى ، يۇقىرى - تۆۋەن مۇناسىۋىتى ۋە كادىرلار بىلەن ئامما مۇناسىۋىتىدە بەزى سالاھىيەتتىكى تەڭسىز ھادىسىلەر مەۋجۇت ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيەت قارىشى ، قانۇن - تۈزۈم قارىشى ئاجىز ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىك تۈزۈمى ، كادىرلار تۈزۈمى جەھەتتىكى بيۇروكرات ھادىسىلەر ، ھوقۇق ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشكەن ھادىسىلەر ، ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىكى ھادىسىلەر ، كادىرلار رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ باقىۋەندىلىك ھادىسىلىرى ۋە ھەرخىل ، ھەر ياڭزا ئالاھىدە ئىمتىياز ھادىسىلىرى قاتارلىقلار مۇئەييەن دەرىجىدە فېئوداليزم قالدۇقلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر . بۇ فېئوداليزم دىكتاتورىسىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن ، دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر .

www.uyghurkitap.com

دېڭ شياۋپىڭ دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇڭ، سول ئىككى تەرەپتىكى تەجرىبىلەرنى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، «بىر ئادەمنىڭ دېگىنى ھېساب» دېگەنگە قارشى تۇرۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەك دېموكراتىيە قانۇن ـ تۈزۈمنى دەپسەندە قىلىدىغان بالايىئاپەتنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى چوقۇم ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دېڭ شياۋپىڭ يەنە، دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ئىچكى باغلىنىشىدىن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىدىن قاراپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ «دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزم بولمايدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ زامانىۋىلىشىشىمۇ بولمايدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى[1]. بۇ دېگەنلىك، دېموكراتىيە — سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىچكى خۇسۇسىيىتى دېگەنلىكتۇر. دېموكراتىيە بولمىسا، سوتسىيالىزمنى ئاتىغىلى بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئەسلىدە سوتسىيالىزم تېمىسىدا بار بولغان مەنا، سوتسىيالىزمنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىسى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوتسىيالىزم سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىگە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بولسا بىر تۈرلۈك ئۇلۇغ ئىش، ئۇ كەڭ خەلقنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشىنى، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا

---

[1] «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم 168 ـ بەت.

ئېھتىياجلىق . شۇڭا ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، كەڭ خەلقنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش لازىم . شۇڭا ، دېڭ شياۋپىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوتسىيالىزم تەرەققىي قىلسا ، دېموكراتىيىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ . سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ مەقسىتى ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، خەلق بىلەن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش دەپ تەكىتلىدى .

يولداش جياڭ زېمىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئىدىيىسىدە چىڭ تۇردى . 1992 ـ يىلى يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا : «دېموكراتىيە بىلەن قانۇن ـ تۈزۈم بولمىسا ، سوتسىيالىزم بولمايدۇ ، سوتسىيالىزمنىڭ زامانىۋىلىشىشىمۇ بولمايدۇ . بىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ ، مۇقىم بولغان سوتسىيالىستىك سىياسىي مۇھىتنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك ، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى» . 1997 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئېچىلغان پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا يولداش جياڭ زېمىن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم مەسىلىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى بايان قىلىپ ، ھازىرقى ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە دېموكراتىك قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ فاكتېنى ۋە ھەر تۈرلۈك تۈپ ۋەزىپىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ، «دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلما

ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىششى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىپ تەرەققىي قىلىشى، بىزدىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن تۈزۈشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

2. بىزگە ئېھتىياجلىقى — سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە

دېموكراتىيە بولسا بىر خىل تارىخىي ھادىسە. دېموكراتىيە تەرەققىيات تارىخىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھەرقانداق دۆلەتتىكى دېموكراتىيە شۇ دۆلەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئوخشىمىغان تۈردىكى دېموكراتىيە بولىدۇ. كاپىتالىستىك دېموكراتىيە بىلەن پرولېتارىيات دېموكراتىيىسى (يەنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە) بولسا ئىككى خىل ئوخشىمىغان شەكىلدىكى دېموكراتىيىدۇر. دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم تەكىتلەپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى چوقۇم كاپىتالىستىك سىنىپلار دېموكراتىيىسى، شەخسىيەتچىلىك دېموكراتىيىسىدىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈش لازىم، دەپ ئېنىق ھالدا «جۇڭگو خەلقى ھازىر ئېھتىياجلىق بولغان دېموكراتىيە پەقەت سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ياكى خەلق دېموكراتىيىسىدۇر. ھەرگىز كاپىتالىستىك سىنىپلارنىڭ شەخسىيەتچىلىك دېموكراتىيىسى ئەمەس»[1] دېدى. دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىر جەريان، پەقەت بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن

---

① «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم، 175 ـ بەت.

ئىلگىرىلەيدۇ، پەقەت قەدەم باسقۇچلۇق، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم «دېموكراتىيە بىلەن قانۇن - تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئوخشاش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا، 'چوڭ سايراش، چوڭ ئېچىلىش' نى قوللىنىشقا بولمايدۇ. يەنى چوقۇم قەدەم باسقۇچلۇق بولۇشى، رەھبەرلىكى بولۇشى لازىم. بولمىسا، پەقەت پاراكەندىچىلىككە ياردىمى بولۇپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈمگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ»[1]، دەپ كۆرسەتتى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئۈچۈن توغرا يول ۋە ئۇسۇلنى كۆرسىتىپ بەردى.

3. خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش لازىم

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرا نەزەرىيىسىگە ھەر تەرەپتىن ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىدى. 1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەركەزدىكى مەسئۇل يولداشلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، دېڭ شياۋپىڭ: «تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ئەھمىيەت بېرىش، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى بولمىسا بولمايدۇ»[2]. دەپ كۆرسەتتى. 1990 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەركەزدىكى مەسئۇل يولداشلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتا، خەلق دېموكراتىيە

---

① «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، 257 - بەت.
② «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3 - توم، 195 - بەت.

دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش دېگەن بۇ بىر مادىدا باشقا ئۈچ ماددىدىن تۆۋەن ئەمەس، دەپ تەكىتلىدى. 1992 ـ يىلىنىڭ بېشىدا دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇشنى قايتا تەكىتلەپ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچىنى ئىشلىتىپ خەلقنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش لازىم، چۈنكى سىنىپىي كۈرەش گەرچە جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسلىق زىددىيەت بولمىسىمۇ، دەرۋەقە يەنىلا مەۋجۇت. خەلقئارادىن قارىغاندا، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر يەنىلا دۆلىتىمىزگە ئاغدۇرمىچىلىق، سىڭىپ كىرىش، پارچىلاش، غەربلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. دۆلەت ئىچىدىن قارىغاندا، جەمئىيەتتە يەنىلا يامان ئادەملەر، كونا جەمئىيەتنىڭ قالدۇقلىرى، سوتسىيالىزمغا قارشى ئۇنسۇرلار، چەت دۆلەتلەر ۋە تەيۋەننىڭ جاسۇسلىرى، ئىشپىيونلىرى، ھەرخىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى قاتارلىقلار بار. شۇڭا، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش بىلەن بىرگە، ھەرخىل ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەت پائالىيەتلىرى ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەت پائالىيەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ماۋزېدۇڭنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى نەزەرىيىسى بىزگە خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى خەلققە دېموكراتىيە جەھەتتىن مۇئامىلە قىلىش بىلەن دۈشمەنگە دىكتاتۇرا جەھەتتىن مۇئامىلە قىلىشنىڭ بىرلىشىشىدىن ئىبارەت دەپ كۆرسىتىپ بەردى. دېموكراتىيە بىلەن دىكتاتۇرا دىئالېكتىك بىرلىكتە، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. پەقەت كۆپ ساندىكى ئادەملەردە يۇقىرى دېموكراتىيە بولسىلا، ئاندىن ئاز ساندىكى دۈشمەنلەر

بىلەن ئۇنۇملۇك دىكتاتۇرا ئىلىپ بارالايدۇ ؛ پەقەت ئاز ساندىكى دۈشمەنلەرگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزسىلا ، ئاندىن كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ . دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ بۇ تۈپ نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇردى ھەم ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى . 1979 ـ يىلى ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : خەلققە دېموكراتىيە جەھەتتە مۇئامىلە قىلىش ، دۈشمەنگە دىكتاتۇرا جەھەتتە مۇئامىلە قىلىش ئايرىلالمايدۇ . 1980 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق سۆزىدە ئۇ مۇنداق دېگەن : «ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن ئەمەلىي تۇرمۇش بىزنى قايتا ـ قايتا تەربىيىلەپ ، پەقەت كۆپ ساندىكى ئادەملەردە يۇقىرى دېموكراتىيە بولسىلا ، ئاز ساندىكى دۈشمەنلەرگە ئۇنۇملۇك ھالدا دىكتاتۇرا يۈرگۈزەلەيدۇ ؛ پەقەت ئاز ساندىكى دۈشمەنلەرگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزسىلا ، ئاندىن كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ»[1] . شۇڭا ، چوقۇم خەلققە بولغان دېموكراتىيىنى دۈشمەنگە بولغان دىكتاتۇرا بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە چوقۇم غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىزگە ئېلىپ بارىدىغان تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق ھوشيار بولۇشىمىز ، ھەرخىل ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش لازىم .

4 . دېموكراتىيە تۈزۈملىشىشى ، قانۇنلىشىشى لازىم

دېڭ شياۋپىڭ دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىي

---

① «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم 373 ـ بەت .

تەجرىبىلەر ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىغا ئاساسەن ، ئاۋۋال سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش ، قانۇنلاشتۇرۇش لازىم دەپ ئوتتۇرىغا قويدى . سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش دېگىنىمىز ، خەلقنىڭ دېموكراتىك هوقۇق مەنپەئەتىنى ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت، جەمئىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى دېموكراتىك تۇرمۇشىنى ، دېموكراتىيە قۇرۇلمىسىنى ، دېموكراتىيە شەكلىنى ، دېموكراتىيە پروگراممىسىنى ، سىستېمىلىق تۈزۈم ۋە قانۇن بىلەن مۇقىملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى تۈزۈم جەھەتتە ، قانۇن جەھەتتە مۇكەممەل شەكىلگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق دۆلەت سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى ۋە خەلقنىڭ دېموكراتىك هوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ۋە زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىماسلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش. 1978 ـ يىلى ئېچىلغان مەركەز خىزمەت يىغىنىدا دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن : «خەلق دېموكراتىيىسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، قانۇن ـ تۈزۈمنى كۈچەيتىش لازىم . دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش ، قانۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ، بۇ خىل تۈزۈمنى ۋە قانۇننى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان ، رەھبەرلەرنىڭ كۆزقارىشى ۋە دىققىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان قىلماسلىق لازىم»[①] .

1980 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەركەز سىياسىي بىيۇروسى كېڭەيتىلگەن يىغىنىدىكى سۆزىدە ، تۈزۈمنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن : «تۈزۈم ياخشى بولسا ، يامان ئادەملەر خالىغانچە زورلۇق قىلالمايدۇ ، تۈزۈم ياخشى بولمىسا ، ياخشى ئادەملەر ياخشى ئىش قىلالمايدۇ . ھەتتا

---

① «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم 196 ـ بەت .

يامان تەرەپكە ماڭدۇ» ، «رەھبەرلىك تۈزۈمى ، تەشكىلىي تۈزۈم مەسىلىسى تېخىمۇ نېگىزلىك ، پۈتۈن ۋەزىيەتلىك ، مۇقىملىق ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بولۇشى لازىم»[1] . 1980 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەركەز خىزمەت يىغىنىدىكى سۆزىدە ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن : بىزنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىمىزنىڭ مۇكەممەل بولمىغان يەرلىرى يەنە مەۋجۇت ، بىر قاتار قانۇن ، قانۇن - پەرمان ۋە نىزاملارنى تۈزۈپ ، دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش ، قانۇنلاشتۇرۇش لازىم . دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشى ، قانۇنلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن : ① ئاكتىپ ، باسقۇچلۇق ھالدا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ ، ھەر تۈرلۈك دېموكراتىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ؛ ② سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، دېموكراتىيىنىڭ مەزمۇنىنى كونكرېتلاشتۇرۇش ، قائىدىلەشتۈرۈش ؛ ③ قانۇن بىلەن ئىش بېجىرىشتە قاتتىق بولۇپ ، پۇقرالارنىڭ تۈزۈم ۋە قانۇن ئالدىدا باب باراۋەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم .

## 2 . دېموكراتىيە بىلەن قانۇن - تۈزۈمدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بىرلىككە ئىگە

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى زىچ باغلاپ ، بىرلەشتۈرۈپ ، دېموكراتىيە بىلەن قانۇن - تۈزۈمنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ، بىر - بىرىگە ماسلىشىدىغان دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا بايان قىلىش — دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم ئىدىيىسىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇھىم مەزمۇنى .

دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى

---

① «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم 337 - بەت .

جارى قىلدۇرۇش ، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى تەرەپ بىرلىككە ئىگە دەپ كۆرسەتكەن . «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم ئايرىلالمايدۇ . سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمى بولمايدىغان دېموكراتىيە ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمايدىغان دېموكراتىيە ، ئىنتىزامى ۋە تەرتىپى بولمايدىغان دېموكراتىيە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئەمەس»[1] . بۇ خىل بايانلار سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى .

### 1 . سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بولسا سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى

دېموكراتىيىنى ئاۋۋال بىر خىل «خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى» دىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى ، دىكتاتۇرا تۈزۈمىدىكى دۆلەت بىلەن ئۆز ئارا قارىمۇقارشى بولۇپ ، دېموكراتىيە بولمىغان قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئۆزى دىكتاتۇرىدىن ئىبارەت دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ .

سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ شەكىللىنىشى ، خەلق ئەمەلىيەتتە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەن ، بۇ سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم بارلىققا كېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى . سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ ، مەۋجۇت بولۇشى بىلەن مەۋجۇت بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ . دېموكراتىيە يەنە شەكىل جەھەتتە پۇقرالارنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىدىن دېرەك بېرىپ ، خەلقنىڭ دۆلەت تۈزۈمىنى بەلگىلەش ۋە دۆلەتنى باشقۇرىدىغان باراۋەر ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ، بەلكى پۇقرالارنىڭ بۇ ھوقۇقى

① «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم 359 ـ بەت .

قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىلەشتۈرۈش دەرىجىسى سوتسىيالىستىك قانۇننى تۈزۈملەشتۈرۈش دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە — سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ كۈچ بۇلىقى بولۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشىيالمايدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىگە تەبىئىي ھالدا بېقىنىشچانلىقى بولغاچقا، شۇڭا بىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى دەيمىز.

2. سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم بولسا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ گەۋدىلىنىشى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلۈشى

دېموكراتىيە نېگىزىدىن قانۇن ـ تۈزۈمگە ئېھتىياجلىق. بۇنى دېموكراتىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى بەلگىلىگەن. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە پەقەت خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش پرىنسىپىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىر قاتار تۈزۈم، پروگراممىلار ۋە قۇرۇلما ئارقىلىق بۇ خىل دېموكراتىيىنى ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بولغان كۆپ ھالقىلارغا بۆلۈپ، ھەرخىل سىياسىي سوبيېكتنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ھەم ئۇنى ئىجتىمائىي پاكىتقا ئايلاندۇرىدۇ، بەلكى بۇلار يەنە سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئارقىلىق خەلق ھاكىمىيىتى بېكىتىلىدۇ، خەلق ھاكىمىيىتى قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشى لازىم. پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىمۇ ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. قانۇن پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ۋە

ئەركىنلىكىنى، بولۇپمۇ خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش هوقۇقىنى قوغدىشى ۋە كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم. سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن مۇقەررەر باغلىنىشى بار، دەل بۇ خىل مەنىدىن بىز سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنىڭ گەۋدىلىنىشى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلۈشى دەيمىز. سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمى بولمىغان دېموكراتىيە مۇقەررەر هالدا هۆكۈمەتسىزلىكتىن ئىبارەتتۇر.

قىسقىسى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم ئايرىلالمايدۇ. بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىگە ماسلاشقان، چوقۇم ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىككىسىنى قارىمۇقارشى قىلىشقا ۋە ئىككىگە ئايرىشقا بولمايدۇ.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بولمىغان قانۇن - تۈزۈم سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم ئەمەس، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم بولمىغان دېموكراتىيە، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئەمەس. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى بىرلىكتە كۈچەيتىش لازىم.

### 3. دېموكراتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇن - تۈزۈم سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى دېموكراتىيە بىلەن قانۇن -

www.uyghurkitap.com

تۈزۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگونىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش - سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم يولىدۇر.

1. دېموكراتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقى

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئومۇملۇقنى ئاساس قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە، دېموكراتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنى، ئۇنداق قىلمىغاندا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولماي، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئاۋۋال سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقىنى دەلىللىدى. 1978 - يىلى پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلاھات ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1980 - يىلى 8 - ئايدا «پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتى» دېگەن بۇ سۆزىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق قىلىپ: «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئېھتىياجى، پايدىلىقلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ناچارلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى ۋە باشقا تۈزۈملىرىنىڭ ئىسلاھ

قىلىنىدىغانلىرى كۆپ » دەپ كۆرسەتتى. بۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش زۆرۈر دېگەنلىك . چۈنكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھازىرقى كونكرېت تۈزۈملىرىدە بەزى نۇقسانلار بولۇپ ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ . مەسىلەن : بيۇروكراتلىق ھادىسىلەر ، ھوقۇق ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشكەن ھادىسە ، ئائىلە باشلىقى ھادىسىسى ، كادىرلار رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىكى باقىۋەندىلىك ھادىسىلەر ، ھەر خىل ، ھەر ياڭزا ئىمتىياز ھادىسىلىرى قاتارلىقلار . بۇ ناچار ھادىسىلەرنى يېڭىش ئۈچۈن ئىدىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن ، تېخىمۇ مۇھىمى تۈزۈم مەسىلىسىنى ھەل قىلىش . 1986 ـ يىلى چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەندە ، ئۇ يەنە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە جىددىيلىكىنى تەكىتلىدى . ئۇ : «ھازىر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىر قەدەم ئىلگىرىلىسە ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىمىز ، سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلمىساق ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىسىگە كاپالەتلىك قىلالماي ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇمكىن بولماي ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ» دېدى . يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە «سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن ئۆزئارا بېقىنىدۇ ، ئۆزئارا ماسلىشىدۇ ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئالدىدا مېڭىشقىمۇ ، ئارقىدا مېڭىشقىمۇ بولمايدۇ ، ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم» دەپ تەكىتلىدى .

2 . سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ پرىنسىپى ۋە نىشانى

دۆلىتىمىز سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ مەقسىتى — سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت . شۇڭا ، دېڭ شياۋپىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوقۇم سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەشكە ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىدى .

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يەتمەكچى بولغان ئومۇمىي نىشان ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ ، بىرىنچىسى ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ؛ ئىككىنچىسى ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ؛ ئۈچىنچىسى ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ ، كەڭ خەلقنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش . كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى 3 نىشانغا قاراپ ئېلىپ بېرىلىدۇ : بىرىنچى نىشان بولسا ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى باشتىن ئاخىر ساقلاش ؛ ئىككىنچى نىشان بولسا ، بيۇروكراتلىقنى يېڭىپ ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ؛ ئۈچىنچى نىشان بولسا ، ئاساسىي قاتلام ۋە ئىشچى - دېھقانلار ، زىيالىيلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش . يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ پرىنسىپى ۋە نىشانىنى بايان قىلىپ ئېنىق ھالدا : «سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاش ۋە جارى

قىلدۇرۇشقا ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى .

3 . دېموكراتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەزمۇنى

دېموكراتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇنى 3 تەرەپكە يىغىنچاقلىدى . ئۇ : «ئىسلاھاتنىڭ مەزمۇنى ئاۋۋال پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش ، پارتىيە قانداق ماھىرلىق بىلەن رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ، بۇ بىر مۇھىم ھالقا ، بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىم . ئىككىنچى مەزمۇنى ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىپ ، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە ، يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارمۇ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش مەسىلىسى . ئۈچىنچى مەزمۇنى ، ئورگانلارنى ئىخچاملاش ، بۇ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دېدى . سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مۇئەييەن مەنىدىن ئېيتقاندا ، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى ، دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇش مەسىلىسى . يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا : «نۆۋەتتە ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى : دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىش ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىپ ، ئورگانلارنى ئىخچاملاش ، دېموكراتىيە نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، تىنچ ، ئىتتىپاقلىقنى قوغداش» دەپ كۆرسەتتى . دېموكراتىيىنى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېموكراتىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسلىقى:

بىرىنچى، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى چىڭ تۇتۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. دېڭ شياۋپىڭ دېگەندەك، بىزنىڭ تۈزۈمىمىز خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىيە تۈزۈمى، «بىزنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقىنىمىز مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى، بىر پالاتالىق پارلامېنت، بۇ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ»[1]. بىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز غەربنىڭ ئۇ خىلدىكى دېموكراتىيىلىرىنى يۆتكەپ ئىشلىتىشكە، ئۈچ ھوقۇق تەڭ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈمىنى يۆتكەپ ئىشلىتىشكە يول قويمايدۇ[2].

بۇ دېگەنلىك بىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىمىز كۆپ پارتىيە سايلىمى، نۆۋەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئىككى پالاتالىق پارلامېنت يۈرگۈزۈشكە بولمايدۇ، بەلكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئېلىپ بېرىپ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي ھەيئەت يىغىنىنىڭ قانۇن بويىچە دۆلەت ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ رولىنى يۈرگۈزۈشكە، قانۇن تۈزۈشنى ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ خەلق بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

سايلام تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش، نازارەت مېخانىزمىنى

---

① «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3 ـ توم200 ـ، 241 ـ بەتلەر.

② «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3 ـ توم، 220 ـ، 241 ـ بەتلەر.

كۈچەيتىش ، قانۇن ـ تۈزۈش خىزمىتىنى (تۈلچەملەشتۈرۈش) قېلىپلاشتۇرۇش لازىم .

ئىككىنچى ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەتچىلىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم . بۇ تۈزۈم غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىككى پارتىيە تۈزۈمى ياكى كۆپ پارتىيە تۈزۈمى بىلەن ئوخشىمايدۇ ، بىر پارتىيە تۈزۈمى بىلەنمۇ ئوخشىمايدۇ ، ئۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ۋە ئارتۇقچىلىققا ئىگە سىياسىي پارتىيە تۈزۈمى ، جۇڭگو ئىنقىلابىي ۋە قۇرۇلۇشى جەريانىدا شەكىللەنگەن . ئۇنىڭ تەشكىلىي شەكلى خەلق سىياسىي كېڭىشى . كومپارتىيە «ئۇزۇن مۇددەت بىرگە تۇرۇش ، ئۆزئارا نازارەت قىلىش ، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش ، ئار ـ نومۇستا بىرگە بولۇش» فاڭجېنى بويىچە دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن كېڭىشىش ، ئۇلارنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىش ، مۇھاكىمە قىلىش ، دېموكراتىيە نازارەتچىلىك رولىنى كۈچەيتىش لازىم . دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق ھالدا جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ، سىياسىي كېڭەشنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ سىياسەت فاڭجېنلىرى ، سىياسىي تۇرمۇشى ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ھەر تۈرلۈك ئىقتىسادىي مەسىلىلەر توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش ، ھەمكارلىشىش ئېلىپ بېرىپ ، ئۆزئارا نازارەت قىلىپ ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى يۈرگۈزۈشنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ، دەپ كۆرسەتتى . يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا : «خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىلىك ، دېموكراتىيە نازارەتچىلىك ، سىياسىيغا قاتنىشىش ، مۇھاكىمە قىلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ، تۈزۈملەشتۈرۈش ، ئۇنى پارتىيىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەر بىلەن

ئىتتىپاقلىشىشىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى قىلىش لازىم» دەپ تەكىتلىدى.
ئۈچىنچى، مىللىي رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەمدە بولغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم دەپ كۆرسەتكەن.
تۆتىنچى، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈش، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، ئۆزىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى يارىتىشقا كاپالەتلىك قىلىش. يېزا خەلق كومىتېتى، ئاھالىلار كومىتېتى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.
بەشىنچى، پارتىيە ۋە دۆلەت خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىگىلىشىگە رەھبەرلىك قىلىشى ۋە قوللىشى لازىم، دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك قارار، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىك يۈرگۈزۈپ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتى ۋە ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم تەكىتلەپ، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قەتئىي

كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك ، ھېچكىمنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا بولمايدۇ . ئىشچىلار ، دېھقانلار ، شەخسلەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇق - مەنپەئەتى دېموكراتىك سايلام ، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . 1980 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەركىزىي سىياسىي بيۇروسى كېڭەيتىلگەن يىغىنىدىكى سۆزىدە دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق ھالدا : «سىياسىي جەھەتتە خەلق دېموكراتىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، پۈتۈن خەلق ھەر خىل ئۈنۈملۈك شەكىللەر بىلەن دۆلەتنى باشقۇرۇش ، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام يەرلىك ھاكىمىيىتى ۋە ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ھوقۇقى ، پۇقرالارنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش» دەپ كۆرسەتتى . يەنە : «بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىز تېخىمۇ مۇكەممەل ، ئەتراپلىق ، توغرا بولغاندىلا ، خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر تۈرلۈك كارخانا كەسپىي ئورۇنلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ» .

4 . دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمى پۈتكۈل خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى ۋە كاپالەتلەندۈردى ، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى باشتىن - ئاخىر قوغدىدى . 1985-يىلى دېڭ شياۋپىڭ بىر قېتىملىق سۆزىدە چوڭقۇر قىلىپ : «كىشىلىك ھوقۇق دېگەن نېمە ؟ ئۇ ، قانچە ئادەمنىڭ ھوقۇقى ؟ ئاز بىر قىسىم ئادەمنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمۇ ؟ ياكى كۆپ ئادەمنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمۇ ؟ مەملىكەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمۇ ؟ غەرب دۇنياسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دېگىنى بىلەن بىز سۆزلەيدىغان كىشىلىك ھوقۇق ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا ئىككى ئىش ، كۆزقارىشى ئوخشىمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن .

بىرىنچى ، ھازىرقى جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق غەرب دۆلەتلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇق بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ ، ھازىرقى جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق بولسا كۆپ ساندىكى ئادەملەر ، مەملىكەت خەلقى بەھرىمەن بولىدىغان كىشىلىك ھوقۇق ، لېكىن غەرب دۇنياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەمەلىيەتتە ئاز ساندىكى ئادەملەر ، كاپىتالىستلار بەھرىمەن بولىدىغان كىشىلىك ھوقۇق ؛ ھازىرقى جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق بولسا خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدىكى دۆلەت ۋە سوتسىيالىستىك قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋە كاپالەتلەندۈرۈلگەن كىشىلىك ھوقۇق ، غەرب دۇنياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق بولسا كاپىتالىستىك سىنىپلار دىكتاتۇرىسىدىكى دۆلەت ۋە كاپىتالىزمنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋە ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقتۇر ؛ ھازىرقى جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق بولسا سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ، مەدەنىيەت شەرتى چەكلىگەن كىشىلىك ھوقۇق بولۇپ ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان ، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىدىغان كىشىلىك ھوقۇق ؛ غەرب دۇنياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق — كاپىتالىستىك ئىقتىساد ، مەدەنىيەت شەرتى چەكلىگەن كىشىلىك ھوقۇق بولۇپ ، كاپىتالىستىك ئىقتىساد ، مەدەنىيەتنىڭ خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز خارابلىشىدىغان كىشىلىك ھوقۇقتۇر ؛ ھازىرقى جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق خەلقنىڭ ھەقىقىي باراۋەر ھوقۇقى ؛ غەرب دۇنياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ماھىيەتتە كاپىتالىستلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى .

ئىككىنچى ، ھازىرقى جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق بىلەن غەرب دۇنياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قارىشى نېگىزىدىن ئوخشىمايدۇ . ھازىرقى جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق قارىشى مەۋجۇت بولۇش ھوقۇقى بىلەن تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئەڭ

مۇھىم تۇپ كىشىلىك ھوقۇق دەپ قارايدۇ . غەرب دۇنياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قارىشى مەۋجۇت بولۇش ھوقۇقى بىلەن تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ ؛ ھازىرقى جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق قارىشى كوللېكتىپ كىشىلىك ھوقۇق بىلەن شەخسىي كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ، مەدەنىيەت ھوقۇق ـ مەنپەئەتى بىلەن پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەت ئايرىلمايدۇ ، ئوخشاشلا مۇھىم ، غەرب دۇنياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قارىشى پەقەت شەخسىي كىشىلىك ھوقۇق ، پۇقرالىق ۋە سىياسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى ئېتىراپ قىلىدۇ ، كوللېكتىپ كىشىلىك ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ؛ ھازىرقى جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق قارىشى پەقەت كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئومۇمىيلىقى چوقۇم كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئالاھىدىلىكلىكى بىلەن بىرلىشىدۇ دەپ قارايدۇ ، غەرب دۇنياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق پەقەت كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ، يەنى «كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ» دېگەننى ئېتىراپ قىلىدۇ ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئالاھىدىلىكلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ ، ئومۇملاشقان كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمى ، تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئوخشىمىغان تارىخ ، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى نەزەردە تۇتۇش زۆرۈرلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ ؛ ھازىرقى جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق قارىشى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىڭ گەرچە خەلقئارالىق بىر تەرىپى بولسىمۇ ، ئاساسلىقى بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى دائىرىسىدىكى مەسىلە ، «دۆلەت ھوقۇقى كىشىلىك ھوقۇقتىن مۇھىم» دەپ قارايدۇ ؛ غەرب دۇنياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قارىشى «كىشىلىك ھوقۇق ئىگىلىك ھوقۇقتىن يۇقىرى» دەپ قاراپ ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ پەقەت خەلقئارالىق بىر تەرىپى بار دەپ قارايدۇ ؛ ھازىرقى جۇڭگودىكى

كىشىلىك ھوقۇق قارىشى ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى دۆلەتتە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە بۇنداق، ئۇنداق ئىختىلاپلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال، بۇنى ھەمكارلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، گەپنى ئازايتىش ياكى ئۆزئارا ئىختىلاپلارنى پەسەيتىش، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، غەرب دۇنياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قارىمۇقارشى ئىدىئولوگىيەنى تەرغىب قىلىدۇ، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ.

ئۈچىنچى، بىزنىڭ پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز باشتىن - ئاخىر پۈتكۈل خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. دۆلىتىمىز خەلقى سىياسىي ھوقۇقتىن، ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ، بۇ دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايەن قىلىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا: «كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىگىلىشىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ. دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك قارار، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىك يۈرگۈزۈپ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە كەڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ» دەپ تەكىتلىدى. بۇ يەنە شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، پارتىيىمىز خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۈنۈملۈك

قوغدايدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق مەنپەئەتى ئىنتايىن كەڭ بەلگىلەنگەن . بۇ خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ، سىياسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ، كىشىلىك ئەركىنلىكى ، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ھوقۇقى ، مائارىپ ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . دۆلەت قانۇن ، مەمۇرىي ، ماددىي ۋاستە ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، پۇقرالارنىڭ بۇ ھوقۇقلاردىن ئەمەلىي بەھرىمەن بولۇشىغا ۋە يۈرگۈزۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ . سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، جۇڭگو خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى ۋە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى .

5 . يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ ، پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇش ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ۋەزىپىسىنى بېكىتىپ ، خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى ؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەتچىلىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى ؛ مىللىي رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى ؛ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتتى ؛ دېموكراتىك سايلام ، دېموكراتىك قارار ، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەت

يۇرگۈزۈپ ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇقتىن ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىپ ۋە كاپالەتلەندۈرۈپ ، ئاكتىپ ، پۇختا ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يۇرگۈزدى .

قىسقىسى ، سىياسىي قۇرۇلۇش ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىر تۈرلۈك ئىنتايىن مۇرەككەپ قۇرۇلۇش ، ھەرتەرەپلەرگە ئومۇملاشقان ، شۇڭا ئۇ چوقۇم رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى ، يەنى پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش لازىم . پەقەت مۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بىر مۇقىم مۇھىت شەكىللەندۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىتى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ .

## 4 . بىر قولدا قۇرۇلۇشنى ، بىر قولدا قانۇن - تۈزۈمنى تۇتۇش ۋە قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش

### 1 . ئىككى قولدا تۇتۇش

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتا بىر قولدا قۇرۇلۇشنى تۇتۇش ، بىر قولدا قانۇن - تۈزۈمنى تۇتۇش — بۇ دېڭ شياۋپىڭ ئىزچىل چىڭ تۇرغان ، تەكرار تەكىتلىگەن ستراتېگىيىلىك ئىدىيە . 1986 - يىلى 1 - ئايدا دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق ھالدا : «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتا چوقۇم ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش ، پەقەت بىر قولدا تۇتۇشقا بولمايدۇ . ئىككى قولدا تۇتۇش دېگىنىمىز ، بىر قولدا قۇرۇلۇشنى تۇتۇش ، يەنە بىر قولدا قانۇن - تۈزۈمنى تۇتۇشتىن ئىبارەت» دېگەن . 1992 - يىلى جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە

قىلغان مۇھىم سۆزىدە ، دېڭ شياۋپىڭ يەنە ئېنىق ھالدا : «ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ ، بىر قولدا ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى ، بىر قولدا ھەرخىل جىنايى پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش ، ئىككى قول قاتتىق بولۇش لازىم» دەپ كۆرسەتتى . بۇندىن ئىلگىرى ئۇ يەنە : «بىر قولدا ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى ، يەنە بىر قولدا چىرىكلىككە زەربە بېرىشنى تۇتۇش» دېگەن . بۇ بايانلار سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر بايان قىلىپ بېرىدۇ ، ئۇ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىدۇر . قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلغان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىر تەرەپلىمە ، ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە ئەمەس . بىر قولدا قۇرۇلۇشنى ، بىر قولدا قانۇن - تۈزۈمنى تۇتۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى : ① پەقەت بىر قولدا قۇرۇلۇشنى ، بىر قولدا قانۇن - تۈزۈمنى تۇتقاندىلا ، ئاندىن تىنچ ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى ۋە مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىتنى ساقلاپ ، ياخشى جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاشقا پايدىلىق ؛ ② پەقەت بىر قولدا قۇرۇلۇشنى ، بىر قولدا قانۇن - تۈزۈمنى تۇتقاندىلا ، ئاندىن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئۈنۈملۈك تەڭشىگىلى ، نورمال ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلىغىلى ، دۆلەتنىڭ بازار ئىگىلىكىگە بولغان ئارىلىشىشى ۋە ماكرولۇق تەڭشىشىنى كۈچەيتىپ ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرگىلى ۋە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ ؛ ③ پەقەت بىر قولدا قۇرۇلۇشنى ، بىر قولدا قانۇن - تۈزۈمنى تۇتقاندىلا ، ئاندىن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، پەن - مائارىپ ۋە ئىدىيە -

ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرگىلى ۋە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. قىسقىسى، بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، بىر قولدا قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنى، بىر قولدا قانۇن - تۈزۈم ۋە ھەرخىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش لازىم. پەقەت ئىككى قولدا تۇتۇش ستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرساقلا، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 - ئەسىرگە يۈزلەندۈرگىلى بولىدۇ.

2. قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش

دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان: «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرەيلى» دېگەن فاڭجېن قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. بىر قولدا قانۇن - تۈزۈمنى تۇتۇشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بولۇپ، بۇمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم ئىدىيىسىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى. قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بولسا سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. «تۈزۈم بەلگىلىگۈچى ئامىل»، «نېگىزلىك، ئومۇملۇق، مۇقىملىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىككە ئىگە» بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىنىڭ كاپالىتى. قانۇن بويىچە ئىقتىساد باشقۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ قانۇن بويىچە ھەرخىل جىنايەتلەرگە زەربە بېرىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش؛ قانۇن بويىچە خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە قوغداش؛ دېموكراتىيە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى بىر تۇتاش قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش؛ قانۇن

بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا پۇقرالار تۇزۇم ۋە قانۇن ئالدىدا باب باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم ؛ قانۇن - تۇزۇمنى كۈچەيتىپ ، قانۇن - تۇزۇمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، بۇ خىل تۇزۇم ۋە قانۇننىڭ رەھبەرلىك ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەسلىك ؛ رەھبەرلىك كۆزقارىشىنىڭ ۋە دىققىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەسلىك ؛ ئەدلىيە قانۇنىنى كۈچەيتىپ ، يۇقىرى ساپالىق ئەدلىيە قوشۇنى قۇرۇش ؛ قانۇن - تۇزۇم تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭىنى ۋە قانۇن - تۇزۇم چۈشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم .

## 5 . سوتسىيالىستىك قانۇن - تۇزۇم قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋە ئاساسىي فاڭجېنى

1978 - يىلى مەركەز خىزمەت يىغىنىدىكى سۆزىدە دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق هالدا : «قانۇنغا تايىنىش ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش ، قانۇنغا خىلاپ بولسا سۈرۈشتۈرۈش» دەپ كۆرسەتكەن . بۇ سۆز يېڭى دەۋردە دۆلىتىمىز قانۇن - تۇزۇم قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەل يېتەكچى فاڭجېنى . بۇ فاڭجېن قانۇن تۈزۈش ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ، قانۇنغا بويسۇنۇش قاتارلىق قانۇن - تۇزۇم قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى تۈپ تەلىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، دۆلىتىمىز قانۇن - تۇزۇم قۇرۇلۇشىدا ئەڭ چوڭقۇر يېتەكچى ئەھمىيىتى ۋە رولى بار .

1 . قانۇنغا تايىنىش

قانۇنغا تايىنىش — قانۇن تۈزۈش خىزمىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپ ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ قانۇن يولىغا قويۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ . ھەممىنىڭ قانۇنى بولۇشى ، ھەممىدە رىئايە قىلىدىغان مىزان بولۇشى لازىم . «قانۇنغا تايىنىش» — سوتسىيالىستىك

قانۇن ـ تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەگەر نىسبەتەن مۇكەممەل قانۇن بولمىسا، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىستىك قانۇن تىكلەش — دۆلەت ئورگانلىرى كاپالەت ئارقىلىق ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلغان كەڭ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى دۆلەت ئىرادىسىگە كۆتۈرۈش، بارلىق تەشكىلات ۋە بارلىق پۇقرالار ئورتاق رىئايە قىلىدىغان تەرتىپ ئۆلچىمى قىلىش لازىم. پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىش ھارپىسىدا، ئەينى ۋاقىتتا دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكى مەسىلىسىگە قارىتا، دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق قىلىپ قانۇن تۈرغۇزۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: «ھازىرقى مەسىلە بولسا قانۇن مۇكەممەل ئەمەس، نۇرغۇن قانۇن تۈزۈلمىدى، دائىم رەھبەرلەر دېگەن گەپنى قانۇن قىلىپ، رەھبەرلەر دېگەن گەپنى قانۇنغا خىلاپ دېمەي، رەھبەرلەرنىڭ گېپىنىڭ ئۆزگىرىش بىلەن قانۇنمۇ ئۆزگەردى. شۇڭا، كۇچنى مەركەزلەشتۈرۈش، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى، دەۋا قانۇنى ۋە باشقا زۆرۈر قانۇنلارنى تۈزۈش لازىم» دېدى. دېڭ شياۋپىڭ يەنە تەكىتلەپ، قانۇن تۈزۈش خىزمىتىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، دېموكراتىيە تەرتىپ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش زۆرۈر. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا ماس بولغان سوتسىيالىزم قانۇنىنى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ، دېدى.

2. قانۇن بولغان ئىكەن، قانۇنغا ئاساسلىنىش

«قانۇن بولغان ئىكەن، قانۇنغا ئاساسلىنىش» بولسا، قانۇنغا رىئايە قىلىشقا قويۇلغان ئاساسىي تەلەپ، ئۇ بارلىق دۆلەت ئاپپاراتلىرى، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار، كارخانا كەسپىي ئورۇنلار، پارتىيە ـ گۇرۇھ، قوراللىق قىسىم ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىر ۋە ئامما قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشتە قاتتىق بولۇشى لازىم. دۆلىتىمىزدە كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ قانۇن تۈزۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلىشتا ئۈلگىلىك باشلامچى بولىدۇ. پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى لازىم. دېڭ شياۋپىڭ قانۇنغا بويسۇنۇش بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ، قانۇنغا كىم خىلاپلىق قىلسا، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش، ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويماسلىق، ھەركىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، قانۇن توردىن قېچىپ قۇتۇلمايدۇ، دېدى. ئۇ يەنە پۈتۈن پارتىيىلىك يولداشلار ۋە بارلىق كادىرلار ئاساسىي قانۇن، قانۇن، قانۇن ـ پەرمانلار بويىچە ئىش بېجىرىشنى، قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەر ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە تېز، قاتتىق زەربە بېرىش ۋە جازالاشنى تەلەپ قىلدى.

### 3 . قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش (1)

«قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش» — قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارغا قويۇلغان

ئاساسي تەلەپ . ئۇ ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق ، كەسكىن بولۇپ ، خەلق بەرگەن قانۇننى ئىجرا قىلىش هوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈپ ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى هەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش ۋە جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇڭا ، «قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش ،قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش» — سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇهىم هالقا . قانۇننى ئىجرا قىلىش بىر خىل ئالاهىدە پائالىيەت بولۇپ ، مەخسۇس دۆلەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت هوقۇقى ۋە تەرتىپىگە ئاساسەن ، قانۇن بويىچە هەرخىل دېلولارنى ئۆلچەملىك بىر تەرەپ قىلىش ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ، تەپتىش قىلىش ، سوت قىلىش ۋە جىنايى جازالارنى ئىجرا قىلىش پائالىيەتلىرى ئەلۋەتتە قانۇننى ئىجرا قىلىش پائالىيىتى هېسابلىنىدۇ . مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشى قانۇننى ئىجرا قىلىش پائالىيىتى بولۇپ ، كېيىنكىسىنىڭ دائىرىسى ۋە ساهەسى بارغانسېرى چوڭ بولماقتا ، ئۇ قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ ئاساسىي شەكلى هېسابلىنىدۇ . ئەدلىيە پائالىيىتى ۋە مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش پائالىيىتى بولسۇن هەممىسى پاكىتنى ئاساس ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى ، پۇقرالارنى قانۇننى تەتبىقلاشتا قانۇن ئالدىدا باب باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا ، هەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ خاتالىق بولسا تۈزىتىش پرىنسىپىدا ، مەخسۇس ئورگانلار بىلەن ئاممىۋى لۇشيەننى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئەدلىيە بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش لازىم .

www.uyghurkitap.com

دېڭ شياۋپىڭ قانۇن ۋە تۈزۈم ئالدىدا ھەممە ئادەم باب باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ۋە يولغا قويۇشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن. 1980 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت كادىرلار يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «مەملىكەت ئىچىدە مۇنداق بىر پرىنسىپنى يۈرگۈزۈشىمىز، يەنى قانۇن بولسا ئۇنىڭغا تايىنىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرۈش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باب باراۋەر بولۇش پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىش» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەركەز سىياسىي بيۇروسى كېڭەيتىلگەن يىغىنىدىكى سۆزىدە: «پۇقرالار قانۇن ۋە تۈزۈم ئالدىدا باب باراۋەر بولۇش، پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە نىزامنامىسى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى ئالدىدا باب باراۋەر بولۇش قاتارلىق ھەممە ئادەم قانۇندا بەلگىلەنگەن باراۋەر ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ھېچكىمنىڭ ئىگىلىۋېلىشى، ھېچكىمنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ۋە ئەدلىيە ئورۇنلىرى ھەم خىزمەتچى خادىملار قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى، چوقۇم ھەرخىل كاشىلا ۋە توسقۇنلۇقلارنى بىكار قىلىپ، قانۇن ئالدىدا باب باراۋەر پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇندا ۋە قانۇنلاردىكى ئىمتىيازدىن ئېشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جىنايى ئىشلار قانۇنىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان، جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىشى، قانۇن تورىدىن قېچىپ كەتمەسلىكى، قانۇننىڭ سۈرۈشتۈرۈشىدىن ۋە جازالىشىدىن قېچىپ كەتمەسلىكى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن قانۇننىڭ ئابرويىنى تىكلەپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەدلىيەدە ئالاھىدە

رولى بار . شۇڭا ، دېڭ شياۋپىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئېتىبار بەردى . 1980 ـ يىللاردا ئۇ كەسكىن هالدا ، هازىر ساقچىلار كەمچىل ، ئوفېتسىرلار كەمچىل ، سوت مەهكىمىسى باشلىقى ، سودىيە ، ئادۋوكات ، تەپتىش ئەمەلدارى ، سوت ئاچقۇچى خادىملار كەمچىل دەپ كۆرسەتكەن . سىياسىي قانۇن خەۋپسىزلىك كادىر ـ ساقچىلار قوشۇنىنى كېڭەيتىش ۋە كۈچەيتىشنى تەكىتلىدى . كەڭ كۆلەمدە ئەدلىيە كادىرلىرىنى سەپلەپ ، قانۇننى ئىجرا قىلىش دەرۋەقە بىر تەشكىلىي كاپالەت ، لېكىن تېخىمۇ مۇهىمى قانۇننى قانداق ياخشى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ، بۇ ئەدلىيە قوشۇنىنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۇ يەنە ئالاهىدە كۆرسىتىپ ، سىياسىي قانۇن كادىرلىرى هەرخىل قانۇنلارغا ، سىياسەت ، نىزام ، تەرتىپ ، بىخەتەرلىك ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك جەمئىيەت بىلىملىرىنى ئېنىق بىلىشتىن سىرت ، يەنە ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش ، ئىستىلى توغرا بولۇشنى كۆرسەتتى . سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ ئاساسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ، دېڭ شياۋپىڭ قانۇن تەربىيىسى ۋە قانۇن مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەهمىيەت بەردى . ئۇ 1995 ـ يىلىلا مۇنداق دېگەن : «سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم دۆلىتى قۇرۇشتا ، زور تۈركۈمدە قانۇن مەكتەپلىرى بولمىسا قانداق بولىدۇ ؟ شۇڭا ، قانۇن مەكتەپلىرىنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم» .

ئىسلاهات ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيان ، سىياسىي قانۇن سېپىدىكى كەڭ كادىر ـ ساقچىلارنىڭ تىرىشىپ خىزمەت قىلىشى نەتىجىسىدە ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە ئەدلىيە

جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى . ھەرخىل قانۇنغا خىلاپ جىنايى پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىلىپ ، جەمئىيەت مۇقىملىقى قوغدالدى . لېكىن ، ھازىر قانۇن بولسىمۇ تايانماسلىق ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك ، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق مەسىلىلىرى يەنىلا ناھايىتى ئېغىر . ئاز ساندىكى ئەدلىيە خادىملىرى قانۇننى ئىجرا قىلىپ تۇرۇقلۇق ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ، خىيانەتچىلىك ، پوپوزا قىلىپ تارتىۋېلىش ، پارىخورلۇق ، ھەتتا جىنايەتچىلەر بىلەن بىرلىشىپ جىنايەتكە يول قويۇۋاتىدۇ ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ تەرەپتىن قول سېلىپ ، «ئۇنىۋېرسال تۈزەش» ئېلىپ بېرىش ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە ئەدلىيە سالمىقىنى ئاشۇرۇپ ، قانۇن بويىچە ھەرخىل جىنايى پائالىيەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش لازىم . چىرىكلىكنى تازىلاپ ، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل بۇزۇق ، ناچار ھادىسىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش لازىم . ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن ئەدلىيە خادىملىرى ئارىسىدا تەرتىپكە سېلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ ، ئەدلىيە چىرىكلىكىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش ، ئۇنداق «زىيانداش» ، چىرىك ئۇنسۇرلارنى ئەدلىيە خادىملىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ ، ئەدلىيە قوشۇنىنى پاكلاش . ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە سوت شەكلىنى ئىسلاھ قىلىپ ، ناھەق ئەنزە ، خاتا ئەنزىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى بېكىتىپ ، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئىچىدىكى نازارەتچىلىك ، چەكلەش ۋە جازالاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم . ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ سىياسىي تەربىيىسى ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى ، كەسپىي ساپاسى ، ئەنزە بېجىرىش ئىقتىدارى ۋە كەسپىي ئەخلاق

سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، قانۇن تەربىيىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس بولغان قانۇن كەسپىي تالانت ئىگىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ تەربىيىلەپ چىقىش لازىم .

### 6 . قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىشنىڭ نېگىزلىك مەسىلىسى ئادەم تەربىيىلەش ، قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن - تۈزۈم چۈشەنچىسىنى كۈچەيتىش

قانۇننى قاتتىق ، كەسكىن ئىجرا قىلىش دەرۋەقە قانۇننىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ، تەشكىلات ۋە شەخسلەر ئاڭلىق ھالدا قانۇنغا بويسۇنۇش ئوخشاشلا ، قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم شەكلى . شۇڭا ، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، كىشىلەرنى قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشقا تەربىيىلەشتىكى نېگىزلىك مەسىلە.. دېڭ شياۋپىڭ : «قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىشتە مۇھىمى تەربىيە ئېلىپ بېرىش ، نېگىزلىك مەسىلە ئادەمنى تەربىيىلەش» دەپ تەكىتلىدى . ئۇ پۈتۈن خەلق ئارىسىدا قانۇن - تۈزۈمنى قانات يايدۇرۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ : «پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ، ئارمىيە ، كارخانا ، مەكتەپ ۋە پۈتكۈل خەلق ئارىسىدا ، ئىنتىزام تەربىيىسى ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم ...... ئالىي ، ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ ، ئىشچىلار زاۋۇتقا كىرگەندىن باشلاپ ، ئەسكەرلەر ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغاندىن باشلاپ ، خىزمەتچىلەر خىزمەتكە چىققاندىن تارتىپ ، ئۆزى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتىزامنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى لازىم . بارلىق ئىنتىزامسىز ، ھۆكۈمەتسىز ، قانۇن - تۈزۈمگە

خىلاپ ھادىسىلەرگە نىسبەتەن قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە تۈزىتىش لازىم. بولمىسا، بىز سوتسىيالىزمنى قەتئىي قۇرالمايمىز، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىمۇ قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرالمايمىز» دېدى. ئۇ يەنە ياش - ئۆسمۈرلەرگە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. 80 - يىللاردا ئېنىق قىلىپ: «قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى باللاردىن باشلاش، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر بۇ تەربىيىنى ئېلىپ بېرىشى، جەمئىيەتتىمۇ بۇ تەربىيىنى ئېلىپ بېرىش لازىم» دەپ كۆرسەتتى.

«ھازىر شۇنچە كۆپ ياشلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى، ئۆزىنى تۇتالماسلىقى، چەكلىيەلمەسلىكى، مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ بەك تۆۋەن بولۇشىدا» . دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسىگە ئاساسەن، 1985 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە دۆلىتىمىز ئىككىنچى 5 يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. كەڭ كادىر، ئاممىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشى كۈچەيدى. لېكىن قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى تەڭپۇڭ ئەمەس، كادىرلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش، كەڭ ئامما قانۇنغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ قانۇني ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ئاڭلىقلىقىنى ۋە ئىقتىدارىنى يەنىمۇ بىر قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنىڭ ئەمەلي ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. پارتىيە مەركىزي كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 1996 - يىلىدىن باشلاپ، ئۈچىنچى 5 يىللىق قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات تەربىيىسى پىلانى ئىجرا قىلىنىدى.

تەجرىبىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشتا چوقۇم ئەمەلىي ئۇنۇمگە قاراش، شەكىللۋازلىقنى چەكلەش، قانۇن - تۈزۈم چۈشەنچىسىنى ۋە قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىشتە كۈچ چىقىرىش. قانۇن ئېڭى — ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىرخىل ئالاھىدە شەكلى، كىشىلەرنىڭ قانۇن ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، چۈشەنچىسى، بىلىمى ۋە پسىخىكىسىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، ئۇ ئاساسلىقى: قانۇن بىلىمى، قانۇن - تۈزۈم قارىشى ۋە قانۇن كۆزقارىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانۇن - تۈزۈم قارىشى — كىشىلەرنىڭ قانۇنغا بولغان ئېتىبار بېرىشى ۋە ئاڭلىق رىئايە قىلىشتىكى دەرىجىسىدۇر. قانۇن - تۈزۈم قارىشى قانۇن ئېڭىغا تەۋە ھەم ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. نۆۋەتتە قانۇن بولسىمۇ تايانماسلىق، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەدلىيە ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن - تۈزۈم قارىشى ئاجىز؛ ھازىر جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جىنايەتلەر ئازايماستىن كۆپەيدى، ئازادلىقتىن كېيىنكى تەلتۆكۈس يوقىتىلغان چىرىكلىك ھادىسىلەر بۇگۈنكى كۈندە يەنە يېڭىۋاشتىن پەيدا بولۇپ كېڭەيدى، ئۇنىڭ تۈپ سەۋەبى يەنىلا ئۇلاردا قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن - تۈزۈم قارىشى كەمچىل. شۇڭا، ھەرخىل جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش، بۇ خىل بولمىغۇر ھادىسىلەرگە قارىتا قەتئىي مەنئى قىلىش ۋە سۈپۈرۈپ تاشلاشتىن سىرت، تۈپ مەسىلە — قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ، كەڭ كادىر ۋە ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن - تۈزۈم قارىشىنى كۈچەيتىش، كادىر ۋە ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن - تۈزۈم قارىشى كۈچەيسە،

پۇقرالارنىڭ ئېڭى ۋە قانۇنغا بويسۇنۇش قارىشى كۈچەيسە، مۇئەييەن دەرىجىدە، بۇ ھادىسىلەرنى تۈزەتكىلى ۋە يەڭگىلى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

## § 2. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلىتى قۇرۇش توغرىسىدا

### 1. «ئادەمگە تايىنىپ ئىدارە قىلىش» ۋە «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» — دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئىككى خىل بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇل

دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ، ئۇنىڭ بىر خىلى، «ئادەمگە تايىنىپ ئىدارە قىلىش» ئۇسۇلى، يەنە بىر خىلى، «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئادەمگە تايىنىپ ئىدارە قىلىش» ئۇسۇلى دېگىنىمىز، ئاساسلىقى دانىشمەن ياكى پادىشاھلارغا تايىنىش ئۇسۇلىدۇر. ئاز ساندىكى كىشىلەر ياكى مەلۇم شەخسكە تايىنىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلغاندا تۆۋەندىكىدەك نۇقسانلاردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ: ① خالىغانچە ۋە تاسادىپىيلىق بولۇش. قىسمەن كىشىلەرگە تايىنىپ دۆلەت ئىدارە قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ پىكرى ۋە تەشەببۇسى قېلىپلاشمىغاچقا، خالىغانچە ۋە تاسادىپىيلىق بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، شۇڭا كىشىلەر قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ؛ ② تۇراقسىز ۋە تۇتۇرۇقسىز بولۇش. شەخسلەرنىڭ پىكرى ۋە تەشەببۇسى ئاسانلا خالىغانچە ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا،

مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىقى كەمچىل بولىدۇ ، ئۇنداقتا ، كىشىلەر ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىيەلمىگەچكە ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولالمايدۇ ؛ ③ ئىمتىيازنى قوغداش ، باراۋەرلىككە بوزغۇنچىلىق قىلىش پرىنسىپى ئاسانلا شەكىللىنىپ قالىدۇ . قانۇنغا تايانماي ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرگەچكە ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىۋاتقان قىسمەن كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگىلا تايانغاچقا ، كىشىلەرگە قاراپ ئىش كۆرۈش ئاسانلا كېلىپ چىقىپ ، باراۋەرلىك پرىنسىپى قوغدالماي قالىدۇ .

«قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ئۇسۇلى دېگىنىمىز ، ئاساسلىقى بىرقانچە كىشىگە تايانماي ، ئاساسلىقى ھۆكۈمران سىنىپنى ئىنكاس قىلغان ئومۇمىي ، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە توپ مەنپەئەتكە تايىنىشتۇر ، ئۇ يىغىنچاقلىق ۋە دۆلەتنىڭ مەجبۇري خاراكتېرلىك قانۇنى ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىدۇ . ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، قانۇنغا تايىنىپ ئىدارە قىلىشتا دېيىلگەن قانۇن ، تۆۋەندىكىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە : ① قېلىپلاشقان ۋە ئاشكارا بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە . دېمەك ، قانۇن كىشىلەرگە ئاشكارا ، ئېنىق ھەرىكەت ئۆلچىمىنى بەلگىلەپ ، كىشىلەرگە ھەرىكەت يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەمەل قىلىدىغان نەرسىسى بولۇپ ، قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى ، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە قانداق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ ؛ ② مۇقىملىققا ، ئىزچىللىققا ئىگە ، دېمەك قانۇن تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇپ ، بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىدە بار بولغان كۈچىنى ساقلاپ قالىدۇ ؛ ئەگەر قانۇن بىر مەزگىل ۋاقىت ئارقىلىق ، ئۆزى تەڭشىمەكچى بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ھەقىقەتەن ئۇيغۇن كېلەلمىسە ، قانۇننىڭ ئۆزگىرىشى (ھەم قانۇننىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ، ئۆزگەرتىلىشى ، تۇرغۇزۇلۇشى ) دىن

خالىي بولغىلى بولمايدۇ ؛ لېكىن يېڭى قانۇن بىلەن كونا قانۇن ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنىڭ زۆرۈرلۈك ئىزچىللىقى ساقلاپ قېلىنىدۇ ؛ ③ يىغىنچاقلىقتا ۋە ئومۇمىيلىقتا ئىگە. قانۇندا بەلگىلەنگەنلىرى ئادەتتە ئابستراكتلىقى ۋە پرىنسىپلىقى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئادەم بولماستىن، بەلكى ئادەتتىكى ئادەمدۇر. ئۇ ئالاھىدىلىككە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئومۇمىيلىققا قارىتىلغان. ئۇ قايتا - قايتا كۆپ قېتىم قوللىنىلىدۇ ؛ قانۇنىنىڭ ئۇنۇمى ئومۇمىيۈزلۈك بولىدۇ، مەملىكەت خاراكتېرلىك قانۇنىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ئۇمۇمىيۈزلۈك چەكلەش كۈچى بولىدۇ، يەرلىك خاراكتېرلىك قانۇن - نىزاملارنىڭ شۇ جايدا ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش كۈچى بولىدۇ.

1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا، دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ساۋىقىغا قارىتا، دېڭ شياۋپىڭ تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «خەلق دېموكراتىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جەزمەن قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىك تۈزۈمنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش لازىم، بۇ تۈزۈم رەھبەرلەر-نىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەسلىكى، رەھبەرلەرنىڭ قارىشى ۋە دىققىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەسلىكى لازىم». 1980 - يىلى ئۇ يەنە كەسكىن هالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، بۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى مەركەزنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس توپ فاڭجېنى، بۇندىن كېيىن بۇنىڭدا ھەرقانداق تەۋرىنىش بولماسلىقى لازىم». ئۇ يەنە پۈتۈن پارتىيىگە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەڭ مۇھىمى تۈزۈم مەسىلىسى»، «تۈزۈم

ئاساسىنى بەلگىلەيدۇ» ، «تۈزۈم مەسىلىسى تۈپ خاراكتېرلىككە، ئومۇمىيلىققا، مۇقىملىققا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىككە ئىگە» . بۇ تۈزۈم مەسىلىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتكەن - ئۆزگەرتمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇنىڭغا پۈتۈن پارتىيە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم» . 1985 - يىلى 6 - ئايدا ئۇ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتىنى قۇرۇشنى يەنە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ بايانلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى گەۋدىلەنگەن .

يولداش جياڭ زېمىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى . ئۇ 1996 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۆتكۈزگەن قانۇنچىلىق ھەققىدىكى لېكسىيە سۆزلەش يىغىنىدا، «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى4 - يىغىنىدا1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ماقۇللانغان : «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ "9 - بەش يىللىق" پىلانى ۋە 2010 - يىلىغىچە كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى» نىڭ «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتىنى قۇرۇش» تىن ئىبارەت دۆلەتنى ئىدارە قىلىش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە كونكرېت ۋەزىپە ۋە تەلەپلەر بەلگىلەندى . 1998 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا، يولداش جياڭ زېمىن يەنىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا

قويدى : «دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىدا ، بىزدىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ ، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇ نىشاننى پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ پروگراممىسىغا كىرگۈزدى .

1999 - يىلى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ ، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلىتىنى قۇرۇش ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى . بۇ دۆلىتىمىز دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئابىدىسى . بىز دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، سوتسىيالىستىك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم .

## 2 . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مەزمۇنى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتى

1 . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مەزمۇنى

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان دوكلاتىدا ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئىلمىي مەزمۇنى توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك سىستېمىلىق توختىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش

— كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ، ھەرخىل يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىش ، قانۇنلىشىشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ ، بۇ تۈزۈم ۋە قانۇننىڭ رەھبەرلەر ئۆزگەرسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان ، رەھبەرلەرنىڭ قارىشى ۋە دىققىتى ئۆزگەرسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان قىلىش لازىم» . دېمەك ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : ① دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى كەڭ خەلق ئاممىسى ، خەلق ئاممىسى تارىخنى ياراتقۇچىلار بولغاچقا ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولىدۇ ؛ ② دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئوبيېكتى — دۆلەت ئىشلىرى ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ، ئىجتىمائىي ئىشلاردۇر ؛ ③ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆلچىمى — ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇندۇر . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى جەزمەن خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ ، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئىنكاس قىلىپ قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىش لازىم . رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى «قانۇن» ھېسابلاشقا بولمايدۇ ، ھەرقانداق شەخسنىڭ ئىرادىسىنى قانۇنغا كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ ؛ ④ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مەقسىتى دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىش ،

قانۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۇ خىل تۈزۈمنى ۋە قانۇننى رەھبەرلەر ئۆزگەرسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ قارىشى ۋە دىققىتى ئۆزگەرسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان قىلىش، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سۆز ئارقىلىق قانۇننى بىكار قىلىدىغان، ھوقۇقنى قانۇندىن ئۈستۈن كۆرىدىغان، شەخسلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە تۈزۈمنى خالىغانچە ئۆزگەرتىدىغان ئەھۋاللارنى تۈگىتىش؛ ⑤ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ شەكلى خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنى قانۇن بويىچە تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق ئىدارە قىلىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ توغرا يۆنىلىشى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش.

دۆلىتىمىزدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ كونكرېت تەلەپلىرى مۇنداق: پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە قانۇن بويىچە قاتتىق ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت ئۈچنى بىرلەشتۈرۈپ: «ئاساسلىنىدىغان قانۇنلارنى تۈزۈش، قانۇن تۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چوقۇم سۈرۈشتە قىلىش» نى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇش؛ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىش.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلەرنىڭ شەخسىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن تامامەن بىردەك. تۈزۈم ۋە قانۇن ياخشى بولسا، رەھبەرلەرنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، بۇزۇقلارنى خالىغانچە يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئامالسىز

قالدۇرىدۇ؛ ئەمما تۈزۈم ۋە قانۇن ياخشى بولمىسا، ياخشى رەھبەرلەر ياخشى ئىشلارنى تولۇق قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى قارشى تەرەپكە ماڭغۇزىدۇ، ئەمما بۇزۇقلارنى ئاسانلا مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ.

2. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى تۈپ، ئومۇمىي تەدبىرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى تۈپ، ئومۇمىي تەدبىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى — دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئالامىتى، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى، تۈزۈم ۋە قانۇن جەھەتتىن پارتىيىنىڭ تۈپ پروگراممىسى، تۈپ لۇشيەنى ۋە تۈپ فاڭجېنىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى؛ پارتىيىنىڭ باشتىن - ئاخىرىغىچە ئومۇميۈزلۈكنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى رەھبەرلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەدبىرى ۋە چوڭ - چوڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي تەدبىردە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىقتىسادىي پروگراممىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىكى سوتسىيالىزم خاراكتېرىدىكى ئىگىلىك، ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى ئۈستىدە سۆزلىسەك، ئۇ كاپىتالىزم ئىقتىسادى بىلەن

ئوخشمايدۇ . ئۇ جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە توغرا تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ ، توغرا لۇشيەن ، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ ، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ ، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈشنى شۇنىڭ بىلەن بىللە ، يەنە قانۇننىڭ قېلىپلىشىشى ، تەڭشىلىشى ۋە كاپالەتكە تايىنىشى لازىم .

پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا مۇنداق قارار قىلىنغان ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش — ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى بولىدۇ ، ئەمما بازار ئىگىلىكىنىڭ ماھىيەتلىك تەۋەلىكىنىڭ بەلگىلىنىشى ئۇ مۇقەررەر ھالدا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنغان ئىگىلىك بولىدۇ . بازار ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ قېلىپلىشىشى ، بازار ئاساسىي گەۋدىسى ھەرىكىتىنىڭ تەڭشىلىشى ، دۆلەت ماكرو ئىگىلىكىنىڭ كونترول قىلىنىشى ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ، شۇنداقلا خەلقئارا ئىگىلىكنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىنى جەزمەن قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرغاندا ، يېتەكلىگەندە ، چەكلىگەندە ۋە كاپالەتلەندۈرگەندە ، ئاندىن بازار ئىگىلىكىنىڭ مەبلەغ سەپلىشى داۋامىدا ئاساسىي خاراكتېرلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرالايدۇ ، جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قالاق ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلەيدۇ . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىدە چىڭ تۇرغاندا ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھات يۆنىلىشى ۋە نىشانىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ .



www.uyghurkitap.com

2 ) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىدە چىڭ تۇرغاندا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى سىياسىي پروگراممىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بولمىغان بولسا، سوتسىيالىزم بولمىغان بولاتتى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ بولمىغان بولاتتى، بۇ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى تەرىپىدىن ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن ھەقىقەت. بىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىتىنى قۇرۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېموكراتىك نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغدىغىلى بولىدۇ.

3 ) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىدە چىڭ تۇرغاندىلا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مەدەنىيەت پروگراممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇساپىسى ناھايىتى چوڭ دەرىجىدە خەلق ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئىقتىساس ئىگىلىرى مەنبەسىنىڭ ئېچىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ كەسكىن رىقابىتىگە، خەلقئارا دائىرىسى ئىچىدىكى ھەرخىل ئىدىيە، مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەۋج ئۇرۇشىغا، ھاللىق جەمئىيەتنىكى

خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا قارىتا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشى ۋە مىللەتلەرنى روناق تاپقۇزۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ۋە جىددىي.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئاساسىي تەدبىرىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ماكسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان پۇقرالارنى تەربىيىلەپ چىقىپ، زامانىۋىلىششقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىدىغان، مىللەت، ئىلىم - پەن ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن خەلققە تەربىيە بېرىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق پەزىلىتى ۋە مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ؛ مەۋقەنى جۇڭگونىڭ رېئاللىقىغا قارىتىپ، تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ پايدىلىق نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇرغىلى بولىدۇ.

4) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىدە چىڭ تۇرغاندا پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ يادرولۇق رولىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ بىزگە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى:

«تۆت ئاساسي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ يادروسى — پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتۇر» . قانۇن ۋە تۈزۈلمە جەھەتتىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى تونۇش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش — دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى . ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى قانۇن بويىچە تونۇشى ۋە كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، قانۇن بويىچە ئۆزى ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى ۋە پائالىيىتىنى چەكلىشى لازىم . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى كېرەك قىلىنمايدۇ ، دەيدىغان قاراش خاتادۇر .

## 3 . سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى

سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە :

1 . پرولېتارىيات ھاكىمىيەت پارتىيىسى يەنى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولۇش لازىم ، بۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ رەھبەرلىك يادروسى .

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى — سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۈستۈنلۈكى ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ، ئۇنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش — سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشىمىزنىڭ باش ۋەزىپىسى ۋە ئاچقۇچى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇپ ، پارتىيىنىڭ ئىدىيە ، نەزەرىيە ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، پارتىيىنىڭ باشتىن - ئاخىرىغىچە ئومۇمىيلىقنى

ئېگىلەپ ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ رەھبەرلىك يادرولۇق رولىنى ماسلاشتۇرۇشتا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

2 . خەلق دېموكراتىيىسى جەزمەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنغان بولۇشى لازىم ، بۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ سىياسىي نىشانى .

خەلق دېموكراتىيىسى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ، ئاساسىي ۋە يادرولۇق مەزمۇنى ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە كاپالىتى . شۇڭا ، خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ، قانۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، تۈزۈم ۋە قانۇن بىلەن خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم .

3 . سوتسىيالىزم ئىقتىسادىي ئاساسىنى جەزمەن تونۇپ يېتىپ ، قوغداپ ۋە كاپالەتلەندۈرۈش ، بۇ سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى .

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى — سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى . سوتسىيالىزم ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلىش ، كاپالەتلەندۈرۈش ، ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئاساسى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى قوغداش ،مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش—سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە تارىخىي بۇرچى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى راۋاجلاندۇرۇش ، ئېكسپىلاتاتسىيەنى يوقىتىپ ، ئىككى قۇتۇپلىشىشنى تۈگىتىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم . قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا جەزمەن سوتسىيالىزمنىڭ باراۋەرلىكى ، ئادىللىقى ۋە ھەققانىيەتلىكى

ئېپادىلىنىشى ، ھەم فېئودالىزمنىڭ كىشىلىك ئىمتىيازىغا قارشى تۇرۇش ، ھەم كاپىتالىزمنىڭ كاپىتال ئىمتىيازىغىمۇ قارشى تۇرۇشى لازىم . قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا جەزمەن سوتسىيالىزم ئىقتىسادىي ئاساسى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلىش ، قوغداش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش ئۇنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى .

4 . ماركسىزم ، لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە جەزمەن چىڭ تۇرۇش لازىم ، بۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى .

بىز دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى ۋە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن ، جەزمەن ماركسىزم - لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ، شۇ ئارقىلىق كەڭ كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىغا تەربىيە بېرىپ ۋە ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ ، ماركسىزمنىڭ دۆلەت ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى باشلامچىلىق قىلىش ئورنىنى جەزمەن قوغدىشىمىز لازىم . قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلىتى قۇرۇلۇشى جەريانىدا ، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا ئالاھىدە چىڭ تۇرۇپ ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىك قانۇنچىلىق نەزەرىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئۆگىنىپ ۋە چۈشىنىپ ، شۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىز قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆنىلىشى ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ستراتېگىيىسى ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم .

5 . قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نەزەرىيىسىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئەمەلىيىتى بىلەن يۇكسەك دەرىجىدە

بىرلىككە كەلتۈرۈشتە جەزمەن چىڭ تۇرۇش لازىم، بۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ــ قانۇننىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قانۇننىڭ ئەمەلىيىتى، قانۇن پرىنسىپلىرى بىلەن قانۇن بەلگىلىمىسى، قانۇن مەزمۇنى بىلەن قانۇن شەكلى، ئەمەلىي گەۋدە قانۇنى بىلەن تەرتىپ قانۇنى ۋە قانۇن - تۈزۈمى بىلەن قانۇن ئەسلىھەلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قانۇندىكى، شەكىلدىكى، ئىغىزدىكى پرىنسىپ، يەنە قانۇن باراۋەرلىكى ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان پرىنسىپلارنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئاساسلىنىدىغان قانۇنلارنى تۈزۈش، قانۇن تۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چوقۇم سۈرۈشتە قىلىش» نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

6. قانۇننى مۇكەممەل يۈرگۈزۈش، ئەدلىيەنى ئادىل يۈرگۈزۈش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇننى چوڭقۇر ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇننى ئۇنۇملۇك نازارەت قىلىش ۋە قانۇنغا ئۇنۇملۇك ياردەم بېرىش ــ سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى.

## 4. سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلىتىنى تىرىشىپ قۇرۇش

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلىتىنى قۇرۇش ــ بىر تۈركۈم مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى، قانۇن

تۇرغۇزۇش، قانۇن ئىجرا قىلىش، ئەدلىيەنى يۇرگۈزۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە قانۇنچىلىق تەشۋىق - تەربىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىنىدىغان نۇرغۇن خىزمەتلەر بار بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق جاپالىق تىرىشىشى لازىم.

1. قانۇن تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن تۇرغۇزۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، 2010- يىلىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش.

ئاساسلىنىدىغان قانۇنلارنى تۈزۈش - دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. قانۇن تۇرغۇزۇش خىزمىتى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئاكتىپ، ھەم مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، قانۇننىڭ مۇقىملىقى، ئىزچىللىقى، نوپۇزلۇقلىقى ۋە مۇۋاپىق ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۆزگەرتىش، تۇرغۇزۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن چىقىش قىلىپ، چەت ئەللەرنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش تەجرىبىلىرىنى توغرا قوبۇل قىلىپ ۋە ئەينەك قىلىپ، زۆرۈرلۈك بىلەن ئىمكانىيەتلىكنى بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ئەينەن كۆچۈرۈش، ئەينەن يۆتكەپ كېلىشكە بولمايدۇ؛ قانۇن تۇرغۇزۇش سۈپىتىگە دىققەت قىلىپ، قايتا - قايتا قانۇن تۇرغۇزۇش ۋە بەسلىشىپ قانۇن تۇرغۇزۇشتىن ساقلىنىپ، قانۇن تۇرغۇزۇش خىزمىتىدىكى «تارماق قورغانچىلىق» ۋە «يەرلىك قورغانچىلىق»قا قارشى تۇرۇپ، قانۇننى تۇرغۇزۇشتىكى نوپۇزلۇق جىددىيلىكنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ قانۇن تۇرغۇزۇش تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن، قانۇن - نىزاملارنى يازغاندا بەزى

ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى كۆپرەك تېپىپ ، قانۇن تۇرغۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇپ ، قانۇن تۇرغۇزۇشنى تېخىمۇ مۇۋاپىق ، كونكرېت مەشغۇلات قىلىشقا تېخىمۇ قولايلىقلاشتۇرۇپ ، قانۇن تۇرغۇزۇشنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى يەنىمۇ تېزلىتىپ ، توپ قانۇننىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ ، ئىقتىسادىي ، سىياسىي تۈزۈلمە ۋە باشقا تەرەپلەرنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا تېخىمۇ مۇقىم بولغان قانۇن مۇھىتىنى يارىتىپ بېرىش ۋە تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك بولغان قانۇن كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش لازىم .

2 . قانۇن بويىچە مەمۇرىي ئىشلارنى يۈرگۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ، ماس كېلىدىغان ، قېلىپلاشقان مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش .

قانۇن بويىچە مەمۇرىي ئىشلارنى يۈرگۈزۈش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ، شۇنداقلا ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ . تۈزۈلگەن قانۇنغا تايانمىسا ، قانۇننىڭ بولمىغىنىغا ئوخشاش ؛ قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنمىسا دۆلەتنى ئىدارە قىلغىلى بولمايدۇ . قانۇن بويىچە مەمۇرىي ئىشلارنى يۈرگۈزۈشتە مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ، دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ ، پاسسىپ ، چىرىك ئەھۋاللارغا قارشى تۇرۇپ ، پاكلىق قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنى

تەلەپ قىلىدۇ؛ مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇش چوقۇم قېلىپلىشىشى، قانۇنلىشىشى لازىم، تەدبىر كۆپ تەرەپتىن چىقىپ، ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشكە قارشى تۇرۇپ، قانۇن - تۈزۈمنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ھۆكۈمەت پەرمانىنىڭ راۋان بولۇشىنى قوغداش؛ مەمۇرىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىشنى كەينىگە سۈرەپ، بىر - بىرىگە ئىتتىرىشىپ، قول ئۇچىدا ئىشلەيدىغان بيۇروكراتلىق ئىستىلىغا قارشى تۇرۇش لازىم؛ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق سىزىقى قىلىپ، مەمۇرىي جازادىن ئىبارەت قانۇنلۇق پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، «قالايمىقان ھەق ئېلىش»، «قالايمىقان سېلىق سېلىش» قا قارشى تۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ تۈرلۈك ھوقۇقىنى ھەقىقىي قوغداش؛ قانۇن - تۈزۈمنى نازارەت قىلىش ۋە دۆلەتنىڭ مەمۇرىي تۈلەم تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش، تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش. مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك، تىرىشچان، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى، ماس ھالدا ئايلىنىدىغان، ھەرىكىتى قېلىپلاشقان مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.

3. ئەدلىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەدلىيە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە ئادىل ۋە مۇستەقىل بولغان ئەدلىيە تۈزۈلمىسىنى قۇرۇش لازىم.

ئەدلىيە ئورگانلىرى دۆلەت قانۇن - تۈزۈمىنىڭ نوپۇزى، ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە بىرلىكىنى قوغداپ، قانۇن تۇرغۇزۇلۇق ئۈنىڭغا تايانماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىقتەك ئەھۋاللارنى ھەقىقىي ئۈگىشىشى لازىم؛ ئەدلىيە ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ،

ھەرقانداق مەمۇري ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇنسىزلىق قىلىپ ئارىلىشىشىغا ئۇچرىماي، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى «يەرلىك قورغانچىلىق»، «تارماق قورغانچىلىق» ھەرىكىتى ۋە رەھبىري كادىرلارنىڭ سۆزىنى قانۇننىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ مۇستەقىل دېلو بېجىرىشىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش ھەرىكەتلىرىنى قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم؛ «پاكىتنى ئاساس قىلىپ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ناھەق دېلو، خاتا دېلولارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش؛ قانۇننىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپىنى قوغداپ، ھەرخىل قانۇندىن سىرتقى ئىمتىيازلار ۋە «يۈز خاتىرە قىلىش دېلوسى»، «مۇناسىۋەت دېلوسى» غا قارشى تۇرۇش ۋە تاقابىل تۇرۇش؛ پارتىيە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشىنى قوغداپ ۋە قوللاپ، پارتىيە ئورگىنى، ھوقۇق ئورگىنى، مەمۇري ئورگىنىنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم؛ سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنىڭ «ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا ماسلىشىش، ئۆزئارا چەكلەش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پەقەت ماسلىشىپ چەكلىمەيدىغان ياكى پەقەت چەكلەپ ماسلاشمايدىغان خاھىشلارغا قارشى تۇرۇش لازىم؛ ئەدلىيە ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدلىيەنىڭ ئادىللىقى ۋە مۇستەقىللىقىغا تۇپ جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭگوچە ئەدلىيە تۈزۈلمىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.

4. سىياسىي قانۇن كادىرلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى

تۇرغۇزۇپ، يۇقىرى ساپالىق سىياسىي قانۇن كادىرلىرى قوشۇنىنى قۇرۇش لازىم.

1997 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق دېگەنىدى: «سىياسىي قانۇن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش ئۈچۈن، سىياسىي قانۇن كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ئىدىيە، ئىستىل، ئىنتىزام ۋە كەسپىي ساپاسىنى يەنىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىم». سىياسىي قانۇن كادىرلار قوشۇنىدا ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى چوڭقۇر تەپسىلىي قانات يايدۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن مېڭىسىنى قورالландۇرۇپ، سىياسىي - ئىدىيە ساپاسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئاممىۋى قاراش ۋە ئەخلاق قارىشىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى ئىرىشىپ تۇرغۇزۇپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقى ۋە ئىنتىزامچان بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ياخشى كەسپىي ئەخلاق قارىشىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، هوقۇقنى خالىغانچە ئىشلىتىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، قانۇننى بۇزغانلارنى جەزمەن قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، سىياسىي قانۇن قوشۇنىدىن قەتئىي هەيدەپ چىقىرىش لازىم، ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىشقا هەرگىز بولمايدۇ؛ سىياسىي قانۇن كادىرلار قوشۇنىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ قانۇن بىلىمى سەۋىيىسى ۋە قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش خىزمەت ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش؛ پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك، قانۇن نازارەتچىلىكى، ئامما نازارەتچىلىكى ۋە جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ،

قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە ئەدلىيە پائالىيىتىنى كۈچلۈك ئىجتىمائىي نازارەتچىلىك سىستېمىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىش لازىم .

5 . دېموكراتىيە نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك نازارەتچىلىك ، چەكلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم .

هوقۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىدە جەزمەن ئادىل ۋە ئاشكارا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە چېتىشلىق تارماقلار ئاشكارا ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى لازىم ؛ پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك ، قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە ئاما نازارەتچىلىك قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ ، ھەم ئۆزئارا تايىنىدىغان ، ئۆزئارا سىڭىشىدىغان ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە ھەمكارلىشىپ ماسلىشىدىغان ، ھەم ئۆزئارا مۇستەقىل ، ئىش تەقسىماتى ئېنىق ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچىلار مەسئۇل بولىدىغان ۋە قاتتىق چەكلەيدىغان نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم ؛ جامائەت پىكرى ئارقىلىق نازارەت قىلىش رولىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ۋە تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، نازارەت قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ ، نازارەتچىلەرنىڭ قانۇنى ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ ، دۆلەت قانۇن - تۈزۈمىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى قوغداش لازىم ؛ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ ، ھۆكۈمەت پەرمانىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم ؛ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ ، قالايمىقان ھوقۇق ئىشلىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ، ئۆز

نەپسىگە چوغ تارتىپ قانۇننى بۇزغانلارنى قاتتىق جازالاش لازىم .

6 . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى تېزلىتىش لازىم .

قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن بەلگىلىمىلەر بويىچە ، قانۇن ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىپ ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان كونكرېت پائالىيەت ، خەلقنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرى بويىچە ، ھەرخىل يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان جانلىق ئەمەلىيىتى ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۇل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ ، كەسىپلەرنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدىغان تۈۋرۈكلۈك قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ ، يەرلىكنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم . مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشى بىلەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئايرىۋېتىدىغان ۋە قارىمۇقارشى دەيدىغان خاتا ئىدىيىنى تۈگىتىپ ، بىر قولدا قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنى تۇتۇش ، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم . پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى ئاجىز بولۇپ ، قانۇننى بىلمەيدىغان ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان ۋە رىئايە قىلمايدىغان ئەھۋاللارنى تىرىشىپ تۈگىتىپ ، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قارىشىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش لازىم .

7 . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قارىشىنى كۈچەيتىپ ، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلىتى قۇرۇلۇشى

ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس سېلىش لازىم.

پۈتۈن خەلق ئارىسىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىۋى قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پۇقرالارنى بىر قەدەر كۈچلۈك قانۇن ئېڭىغا ئىگە قىلىش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى؛ قانۇننى خەلق ئاممىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىش — خەلقنىڭ خوجا بولۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى تەلىپى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات تەربىيىسى پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قارىشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇقەررەر يولى ۋە ئىدىيىۋى كاپالىتى.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىدا بىرىنچىدىن، ئىدىيە قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ئېڭىنى تۇرغۇزۇش لازىم. 20 يىلدىن بۇيان، قانۇن ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، پۇقرا ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قارىشىدا ئۆسۈش بولغان بولسىمۇ، لېكىن، گەپنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، قىسمەن پۇقرالار بولۇپمۇ رەھبىري كادىرلار كۆڭلىدە قانۇننىڭ تېگىشلىك ئورنى يوق، دەپ قاراپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئېڭى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، قانۇنغا تايانماي، سۆزگە، ئادەمگە تايىنىدىغان ئىمتىيازلىق ئەھۋاللار تېخى تۈگىگىنى يوق، «ئادەمگە تايىنىپ

www.uyghurkitap.com

ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنىڭ يەنىلا بازىرى بولماقتا. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، قانۇننىڭ ئورنىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

ئىككىنچىدىن، قانۇن ھەرقانداق شەخسىي ھوقۇقتىن چوڭ بولۇش، ھوقۇقنى جەزمەن قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. دۆلىتىمىزدە ھەرقانداق شەخسنىڭ ھوقۇقى قانۇندىن چوڭ بولمايدۇ، ھەرقانداق ھوقۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈلىدۇ، قانۇندىن سىرتقى ئىمتىيازغا، ھوقۇقنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ قانۇننى بۇزىدىغان، ھوقۇق ئارقىلىق قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىشىگە قەتئىي قارشى تۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش» تەك سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم پرىنسىپى جەزمەن ھەقىقىي يولغا قويۇلۇپ، قانۇن پەقەت پۇقرالارنى باشقۇرىدۇ، دەيدىغان مۇجمەل چۈشەنچە ۋە فېئودال مۇستەبىت ئىدىيىنى ھەقىقىي تۈگىتىش لازىم. دۆلىتىمىزدىكى ھەربىر پۇقرا ۋەزىپىسىنىڭ قانچىلىك چوڭ، ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى، تۆھپىسىنىڭ قانچىلىك كۆرۈنەرلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قانۇننىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ۋە قانۇندىن ھالقىيدىغان ھەرقانداق ئالاھىدە ھوقۇقى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى باراۋەرلىك ھالدا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىدۇ، باراۋەرلىك ھالدا قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇقنى يۈرگۈزىدۇ ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ.

8. پارتىيىنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدىغان رەھبەرلىك يادرولىقىنى قەتئىي قوغداش لازىم.

يولداش جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتكەن : «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش خەلق دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش ، قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئىش كۆرۈش بىلەن بىردەك . بارلىق خىزمەت ، بارلىق سەپلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىدىيە ، سىياسىي ، تەشكىلىي ۋە تۈزۈم جەھەتتە پارتىيىنىڭ توپ لۇشيەنى ۋە فاڭجېن سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە ، پارتىيىنىڭ باشتىن - ئاخىرغىچە رەھبەرلىك قىلىش يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم .بۇ بىر توپ پرىنسىپ» . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ، شۇنداقلا ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلىتى قۇرۇلۇشىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى . پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا ، ئاندىن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرغىلى ، ئاندىن كەڭ خەلق ئاممىسىنى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىپ ، پارتىيىنىڭ باشتىن - ئاخىرغىچە ئومۇملىقنى ئىگىلەش ، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان رەھبەرلىك يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ .

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشكە ، جەزمەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش لازىم . قەتئىي تەۋرەنمەي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇپ ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم ؛ پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، پارتىيىنى قەيسەر رەھبەرلىك يادروسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك .

پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ ، پارتىيىنىڭ ئاممىا بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىش ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم . چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇپ ، پارتىيە ئەزالىرىغا ، بولۇپمۇ كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ ، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇپ ، قاتتىق نازارەت قىلىش لازىم . پارتىيە تۇرمۇشىدا پارتىيىۋىلىككە ، پرىنسىپقا ، ئۆگىنىشكە ، توغرا كەيپىياتقا ، ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش لازىم . پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئۇنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىپ ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك يادرولۇقىنى قەتئىي قوغداپ ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يۈنىلىشىنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم .

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

1 . نېمە ئۈچۈن دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزم بولمايدۇ ، سوتسىيالىزمنىڭ زامانىۋىلىشىشى بولمايدۇ ، دەيمىز ؟

2 . دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى قانداق ئىلگىرى سۈرۈش لازىم ؟

3 . سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى قانداق كۈچەيتىش كېرەك ؟

4 . نېمە ئۈچۈن قانۇن ـ تۈزۈمنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ مەسىلە ئادەم تەربىيىلەشتە دەيمىز ؟

5 . سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ قانداق ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بار ؟

6 . سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىنى قانداق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈچىنچى باب ئاساسىي قانۇنلۇق قانۇن - تۈزۈملەر

## §1 . ئاساسىي قانۇن ھەققىدە چۈشەنچە

### 1 . ئاساسىي قانۇننىڭ ئۇقۇمى ۋە ئالاھىدىلىكى

1 . ئاساسىي قانۇن ئۇقۇمى

ئاساسىي قانۇن دېگىنىمىز دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ تۈرلۈك تۈپ تۈزۈمى ۋە تۈپ ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەپ، ھەرخىل سىياسىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما مۇناسىۋەتنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدىغان، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاساسىي قانۇن دۆلەت قانۇن سىستېمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇ جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە دەۋا قانۇنى قاتارلىق ئادەتتىكى قانۇنلارغا ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ۋە مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەممىسى دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ھەممىسى سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ مۇھىم قورالى ھېسابلىنىدۇ.

2 . ئاساسىي قانۇننىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى

ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى بولۇپ ، ئۇنىڭ تۈپ قانۇنلۇق ئورنىنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىكى ئامىللار بەلگىلەيدۇ .

بىرىنچى ، مەزمۇن جەھەتتىن ، ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ تۈپ ۋە مۇھىم مەسىلىلىرىنى بەلگىلەيدۇ . مەسىلەن : ئاساسىي قانۇندا دۆلەت تۈزۈمى ، سىياسىي تۈزۈم (ھاكىمىيەت تەشكىلىي فورمىسى ) ، دۆلەتنىڭ تۈپ سىياستى ، پۇقرالارنىڭ تۈپ ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرى ، دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەشكىلىي شەكلى ۋە ھوقۇقى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئېنىق بەلگىلەنگەن .

ئىككىنچى ، قانۇنىي كۈچ جەھەتتە ، ئاساسىي قانۇن ئەڭ يۇقىرى قانۇنىي كۈچكە ئىگە . دۆلەتنىڭ ھەرقانداق قانۇنى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ . لېكىن ئاساسىي قانۇننىڭ قانۇنىي كۈچى ئادەتتىكى قانۇنلاردىن يۇقىرى بولۇپ ، دۆلەتنىڭ قانۇن سىستېمىسىدا ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئاساسىي قانۇن ئادەتتىكى قانۇنلارنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى ، ھەرقانداق ئادەتتىكى قانۇن ئاساسىي قانۇننىڭ پرىنسىپى ۋە روھى بىلەن زىت كەلمەسلىكى كېرەك . ئاساسىي قانۇن بارلىق دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە پۈتۈن پۇقرالارنىڭ ئەڭ ئالىي پائالىيەت مىزانىدۇر .

ئۈچىنچى ، تۈزۈش ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەرتىپى جەھەتتە ئاساسىي قانۇن تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ . ئادەتتە ئاساسىي قانۇننى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە «ئاساسىي قانۇن تۈزۈش مەجلىسى» ، «ئاساسىي قانۇننى يېزىش كومىتېتى» ۋە «ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش كومىتېتى» قاتارلىق ئاساسىي قانۇننى تىكلەش ياكى تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئاپپاراتى قۇرۇلىدۇ . ئاساسىي قانۇن ياكى ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنىڭ ماقۇللىنىشى ۋە كۈچكە ئىگە

بولۇشى ئۈچۈن ئاساسىي قانۇننى تىكلەش ئورگىنىدىكى بارلىق ھەيئەتلەرنىڭ 2/3 قىسمى ، ھەتتا 3/4 قىسمىدىن كۆپرەكى قوشۇلۇشى كېرەك . ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭ ماقۇللىنىشى ئۈچۈن ئادەتتە قانۇن تىكلەش ئورگانلىرىدىكى يېرىمىدىن كۆپرەك ئادەملەر قوشۇلسىلا كۇپايە بولىدۇ .

## 2 . دۆلىتىمىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئاساسىي قانۇننىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى

دۆلىتىمىزنىڭ 1982 ـ يىلى ئېلان قىلغان ئاساسىي قانۇنى يەنى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇنى ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزملىق ئاساسىي قانۇندۇر . ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 1988 ـ يىلى 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 1999 ـ يىلىدىكى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇننىڭ بەزى ماددىلىرىغا قارىتا زۆرۈر بولغان تۈزىتىش ۋە تولۇقلاشلارنى ئېلىپ باردى . بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى .

### 1 . ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇننىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش — 1982 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى . پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ

شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە يەكۈنلىگەن تەجرىبىسى . ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىدىكى ئورتاق سىياسىي ئاساسى . ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇن تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ، رېئال ئەھۋالنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇ ئاساسىي قانۇننىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسىدىن ئىبارەت .

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇننىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىمۇ ئۈزلۈكسىز بېيىدى ۋە تەرەققىي قىلدى . 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «ئاساسىي قانۇننىڭ بىر قىسىم مەزمۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى توغرىسىدىكى چۈشەنچە» دە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن : «بۇ قېتىمقى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇن پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشىيەنىنى گەۋدىلەندۈرگەن» ، 1999 ـ يىلى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى يېتەكچى ئىدىيىلىك ئورنى بېكىتىلدى . دېڭ شياۋ پىڭ نەزەرىيىسى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىغە يېتەكچىلىك قىلىپ ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ،

ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنىڭ جۇڭگو ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى . ئۇ ھازىرقى زامان جۇڭگونىڭ ماركسىزمى ، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى ، بۇ ئىلمىي نەزەرىيىنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈپ ، دۆلىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى . دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تاللىشى ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولۇپ ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى غەلىبىلىك ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغۇسى .

2 . ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇننىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

ئاساسىي قانۇننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى دېگىنىمىز ، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش داۋامىدىكى قوللانغان ئاساسىي مەيدانى ۋە ئاساسىي مىزانىدىن ئىبارەت . دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇننىڭ پرىنسىپى تۆۋەندىكىچە :

بىرىنچى ، دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ بولۇش پرىنسىپى . دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ» دەپ بەلگىلەنگەن . دۆلىتىمىز خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت . گەرچە كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىمۇ ئادەتتە خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىغا كاپىتالىستلار ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنى

بولالمايدىغانلىقىنى بېكىتكەن . دۆلىتىمىزدە بولسا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەپلا قالماستىن ، ئاساسىي قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەمەلىيىتىدىمۇ دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقىنىڭ خەلققە مەنسۇپ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىلگەن ؛ ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىق خاراكتېرىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق ، كەڭ خەلقنىڭ دۆلەتتىكى خوجايىنلىق ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىنغان ؛ ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىغا ئومۇم ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاساس سېلىنغان ؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى يادرو قىلغان دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە تەسىس قىلىش ئارقىلىق ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى ئۈچۈن تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىلگەن . دۆلىتىمىز خەلقى ئالاقىدار قانۇن بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، باشقا ھەرخىل يول ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي باشقۇرۇشنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشنى دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە ئىزچىللاشتۇرغان .

ئىككىنچى ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى . دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ بولغان ئىكەن ئۇنداقتا ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشمۇ دۆلەتنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىدۇر . شۇنداقلا ، ئاساسىي قانۇننىڭ پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپىنىڭ ئاساسىي قانۇندا ئىپادىلىنىشىدۇر . شۇڭا ، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇنىدا

www.uyghurkitap.com

پۇقرالارنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ، شۇنىڭدەك ئاياللار ، باللار ، ياشانغانلار ، مېيىپلار ۋە مۇھاجىر قاتارلىق ئالاھىدە سالاھىيەتكە ئىگە خادىملارنى قوغداش بەلگىلىمىلىرى قالماي ، بەلكى يەنە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماددىي ۋە قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش بەلگىلەندى . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇننىڭ پۇقرالارنىڭ كەڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلۈش تەدبىرى . خەلقنىڭ ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇش ئورنىنى تېخىمۇ ئېنىق ، كونكرېت بېكىتىپلا قالماستىن ، بەلكى سوتسىيالىستىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئالدىنقى شەرت ھازىرلاپ بەردى .

ئۈچىنچى ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق پرىنسىپى . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلەنگەن : دۆلەت سوتسىيالىستىك قانۇن تۈزۈمىنىڭ بىرلىكى ۋە ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ ، بارلىق قانۇن ۋە قانۇن بەلگىلىمىلەر ئاساسىي قانۇن بىلەن زىت بولماسلىقى ، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ، ھەرقايسى سىياسىي پارتىيىلەر ، قوراللىق كۈچلەر ۋە ھەرقايسى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ، ھەرقايسى كارخانا ، كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى كېرەك . ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىپ كېتىدىغان ئالاھىدە ئىمتىيازى يوق .1999ـ يىلى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ

ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىدە، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇش ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى، ئاساسىي قانۇندىكى بۇ بەلگىلىمىلەر ئاساسىي قانۇنىنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق پرىنسىپىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى. بۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن دۆلىتى قۇرۇش مۇساپىسىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلدۇردى.

تۆتىنچى، دېموكراتىيىنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى. دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلغان ئاساسىي قانۇندا ھوقۇقنى پارچىلاش پرىنسىپى قوللىنىلماي، بەلكى دېموكراتىيىنى مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى يولغا قويۇلغان. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى: ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ئۇلار خەلققە مەسئۇل بولىدۇ. خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى ۋە تەپتىش ئورگانلىرى خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا مەسئۇل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. مەركەز ۋە يەرلىكتىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقنى ئايرىش، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا، يەرلىكنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدۇ.

## §2 . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى

### 1 . دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى تۈزۈمى

#### 1 . دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت خاراكتېرى

دۆلەتنىڭ خاراكتېرى — دۆلەت تۈزۈمى، دۆلەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى دېمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ دۆلەتتە تۇتقان ئورنى ۋە رولىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇنىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە ئېلىمىزنىڭ دۆلەت خاراكتېرىنى ئىشچى - دېھقانلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان دۆلەت دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ماھىيەتتە بولسا پرولېتارىيات سىنىپى دىكتاتۇرىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

#### 2 . خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى يېڭىچە دېموكراتىيە بىلەن يېڭىچە دىكتاتۇرىنىڭ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈشى

خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى، پرولېتارىيات سىنىپى دىكتاتۇرىسى نەزەرىيىسىنىڭ جۇڭگونىڭ كونكرېت تارىخىي شارائىتىدىكى مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ خەلققە قارىتا دېموكراتىيە، دۈشمەنگە قارىتا دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت. ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن: «خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دېموكراتىيە بىلەن

ئەكسىيەتچىلەرگە قارىتىلغان دىكتاتورىنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرسەك ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسى بولىدۇ » .[1] شۇڭا ، خەلققە قارىتا دېموكراتىيە يۈرگۈزۈش ، دۈشمەنگە قارىتا دىكتاتورا يۈرگۈزۈش ، دۆلىتىمىز خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسىنىڭ ئىككى تەرىپى . خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدا دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش ، دۈشمەنگە قارىتا دىكتاتورىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى . دۈشمەنگە قارىتا دىكتاتورىنى يولغا قويۇش خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى ، دېموكراتىيە بىلەن دىكتاتورا دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋەتتىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇلار ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ، بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ .

3 . ئىشچىلار سىنىپى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇچى كۈچى

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىش ، دۆلىتىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك سىنىپى بولۇشىنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالغان ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىسى بەلگىلىگەن . ئىشچىلار سىنىپى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابى ئەڭ قەتئىي ، كۆرىشى ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل بولۇپ ، ئۇلار ئەڭ ئىنقىلابىي تەشكىلاتچانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىققا ئىگە بولۇپ ، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدۇ . شۇڭا ، ئىشچىلار سىنىپى ئەڭ ئىلغار سىنىپ ، پەقەت ئىشچىلار سىنىپىلا ئېكسپىلاتاتسىيىنى ، سىنىپنى يوقىتىپ ، پۈتكۈل

---

[1] «ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم ، 1475 - بەت ، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1991 - يىلى نەشرى .

ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىزمنى قۇرۇپ چىقىشتەك تارىخىي بۇرچىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ . جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى ، «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا ، ئىنقىلاب مەغلۇپ بولىدۇ . ئىشچىلار سىنىپى بولغاندىلا ئىنقىلاب غەلىبىگە ئېرىشىدۇ» .[1]

ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخى ئوخشاشلا شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ كاپالىتى . شۇڭا ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان دەۋردە ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز ، تېخىمۇ جان ـ دىلىمىز بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشىمىز لازىم .

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىشى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پارتىيىسى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى . ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قورallanغان پارتىيە . دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ . پرىنسىپ سۇپىتىدە كۈچلۈك ئىنقىلابىي كۈچ بولۇپ تەشكىللىنىپ ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ . دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىسى ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىكى ، كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا ، يېڭى جۇڭگو بولمايدۇ . كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا ،

---

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4 ـ توم ، 1497 ـ بەت ، خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى .

جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، پارتىيىنىڭ دۆلەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشىمىز ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىمىز، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رەھبەرلىك يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

4. ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ سىنىپىي ئاساسى

ئېلىمىز يېزا ئىگىلىك دۆلىتى. دېھقانلار نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى. مەيلى تارىختىن ياكى رېئاللىقتىن ئالغاندا بولسۇن، ئېلىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىشنى بەلگىلىگەن. ئىشچىلار سىنىپى كەڭ دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. كەڭ دېھقانلارمۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاندىلا، ئاندىن قەد كۆتۈرۈپ ئازاتلىققا چىقالايدۇ ۋە دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلىنالايدۇ. سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كەڭ دېھقانلار سوتسىيالىزمنىڭ يېڭىچە دېھقانلىرىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغان سىياسىي ئاساسقا ۋە ماددىي ئاساسقا ئېرىشتى. شۇڭا، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشەنچلىك كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

5 . ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپ ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمى

بىرلىكسەپ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش مەزگىلىدە غايەت زور رول ئوينىدى . ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، ئۇ جۇڭگو ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئەڭگۈشتەرى . ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى تارىخىي دەۋردە ، بىرلىكسەپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپ دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيىلەر بىلەن ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى قاتناشقان ، پۈتكۈل سوتسىيالىزم ئەمگەكچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك ئىتتىپاق ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئىتتىپاق تۆۋەندىكى ئىككى دائىرىلىك ئىتتىپاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : بىرى ، چوڭ قۇرۇقلۇق دائىرىسىدىكى بارلىق ئەمگەكچىلەر بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تەركىب تاپقان تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى سىياسىي ئاساس قىلغان ئىتتىپاقتۇر . يەنە بىرى ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان كەڭ تەيۋەنلىك ، چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلاردىن تەركىب تاپقان ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىشنى سىياسىي ئاساس قىلغان ئىتتىپاقتۇر . جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيىلەر ، خەلق تەشكىلاتلىرى ، ھەر ساھە ۋەكىللىرى ، شۇنداقلا تەكلىپ قىلىنغان شەخسلەردىن تەركىب تاپقان ، كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىرلىكسەپ تەشكىلاتىدۇر .

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى بىلەن سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تۈزۈمى ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سىياسىي تۈزۈم . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «ئۇزۇن مۇددەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ، ئۆزئارا نازارەت قىلىش ، ھەقىقىي دوست بولۇش ، شان - شۆھرەت ، ئار - نومۇستا بىللە بولۇش» فاڭجېنىغا ئاساسەن ، دۆلەت تۇرمۇشىدىكى مۇھىم قارارلار بىلەن چوڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيىلەر بىلەن بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان مەسلىھەتلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى . ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ۋە مەسلىھەت بېرىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىتىنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى . شۇڭا ، 1983 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىدە : «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تۈزۈمى ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەندى . شۇنىڭ بىلەن بۇ تۈزۈم ئېلىمىزنىڭ تۈپ قانۇنىدا ئېتىراپ قىلىنىپ ، دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى .

## 2 . دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى

### 1 . خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىز ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى

ھاكىمىيەتنىڭ تەشكىلىي شەكلى ئالاھىدە جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەرخىل پرىنسىپ ۋە شەكىللەر ئارقىلىق تەشكىللىگەن . دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ ، ئۆزلىرىنى

www.uyghurkitap.com

قوغدايدىغان ، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىدىغان ھاكىمىيەت ئورگىنىنى كۆرسىتىدۇ .

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى — ئېلىمىز ھەرمىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە دېموكراتىينى مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيىنى ئاساس قىلىپ ، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ ، خەلقنىڭ ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تۈزۈمدۇر ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى — دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى ، ماركسىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتى بىلەن ئېلىمىز دۆلەت ئەھۋالى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى .

2 . دۆلىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى — دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى . باشقا سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ يادروسى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي شەكىلدۇر . شۇڭا ، دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئىنتايىن ئەۋزەل تۈزۈمدۇر . بۇنىڭ ئىپادىسى :

بىرىنچى ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن . شۇڭا ، ئۇ ئىنتايىن كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇزاق مۇددەتلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئورنىتىلغان . ئۇ 20 ـ يىللاردىكى بىخلىنىش ھالىتىنى ، 30 ـ يىللاردىكى سوۋېتلار تۈزۈمىنى ، 40 ـ يىللاردىكى كېڭەش يىغىنى تۈزۈمىنى ۋە

كېيىنكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى . بۇ جەريان ، خاملىقتىن پىششىقلىققا ئۆتۈش ، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىش جەريانىدۇر . شۇڭا ، ئۇ جۇڭگونىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتىدا شەكىللەنگەن بولۇپ ، ماركسىزمنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنىڭ جۇڭگودىكى كونكرېت قوللىنىشى . شۇڭا ، ئۇ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدۇ .

ئىككىنچى ، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىغا قولايلىق ، ئاساسىي قانۇن ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىدا ، دۆلىتىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى سايلىغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق سايلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ . ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى سايلىغۇچىلارغا ۋە ئەسلى سايلىغان ئورۇنغا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ . سايلىغۇچىلار بىلەن ئەسلى سايلىغان ئورۇننىڭ خالىغان چاغدا ئۆزلىرى سايلىغان ۋەكىلنى قانۇن بويىچە ئالماشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق بولىدۇ ، خەلق ۋەكىللىرى سايلىغۇچىلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى ئىگىلەش ، سايلىغۇچىلار ياكى ئەسلى سايلىغان ئورۇنغا خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە بەرگەن پىكرى ۋە تەلىپىنى ئاڭلاپ تۇرۇشى لازىم . خەلق ۋەكىللىرى دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن دۆلەت تۇرمۇشىدىكى چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە بېكىتىشكە ھوقۇقلۇق . بۇلار دۆلىتىمىز خەلقنىڭ ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش ، دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ .

ئۈچىنچى ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىر تۇتاش مەركەزلەشكەن دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قولايلىق ،

www.uyghurkitap.com

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ ، مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتايلىرى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئورگانلىرى دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ بەلگىلىمە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ دۆلەتنىڭ ھوقۇقى بىلەن خەلقنىڭ ھوقۇقىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . شۇنداقلا ، دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلىرى ، تەپتىش ئورگانلىرى ، سوت ئورگانلىرى تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ ھەم ئۇنىڭغا مەسئۇل بولىدۇ ، ئۇنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ . بۇلار خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا باشلامچىلىق ، يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ . شۇڭا ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىر تۇتاش مەركەزلەشكەن دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قولايلىق .

3 . ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىپ تۇرغۇزۇش تۈزۈمى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ

ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىپ تۇرغۇزۇش تۈزۈمى بۇرژۇئا مەرىپەت مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ھوقۇقنى ئايرىش تەلىماتىغا ئاساسەن ئورنىتىلغان ئىدى . يېقىنقى زاماندىكى ھوقۇقنى ئايرىش تەلىماتىنىڭ نەزەرىيە ئاساسى يېقىنقى زامان تەبىئەت قانۇنى ئىلمىدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنىڭ پاكىت ئاساسلىرى ئەنگلىيىنىڭ پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈمى ، ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى دۆلەت ھوقۇقىنى قانۇن چىقىرىش ، مەمۇرىيەت ، ئەدلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھوقۇققا ئايرىپ ، ئۇنى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل دۆلەت ئورگىنى يۈرگۈزىدۇ ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا چەكلەش ، ئۆزئارا تەڭپۇڭلۇق

ساقلاش مۇناسىۋىتى بولىدۇ .

ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا كاپىتالىستلار ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ئاساس قىلىنغاچقا، ھەرقايسى كاپىتالىستىك گۇرۇھلار ئارا مەنپەئەت جەھەتتە زىددىيەت ۋە توقۇنۇش مەۋجۇت . شۇڭا ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىپ تۇرغۇزۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ، ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى پەسەيتىپ ، بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئىتىنى قوغداشقا پايدىلىق ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، بۇرژۇئازىيە ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىپ تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ، يۈزەكى جەھەتتىكى چەكلەشنى شەكىللەندۈرۈپ ، كىشىلەردە دېموكراتىيە بېرىلدى دېگەن ساختا قىياپەت شەكىللەندۈرۈپ ، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئۈستىلىق بىلەن يوشۇرغان . شۇڭا ، بۇرژۇئازىيە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش جەريانىدا ، كۆپ ھاللاردا ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىپ تۇرغۇزۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىدۇ .

ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىپ تۇرغۇزۇش تۈزۈمى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ، مەمۇرىي ھوقۇق ۋە ئەدلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھوقۇقنى ئۆزئارا ئايرىشنى تەكىتلەپلا قالماي ، بەلكى ئۆزئارا تەڭ باراۋەر يولغا قويۇشنى تەكىتلەيدۇ . لېكىن دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق دۆلەت ھوقۇقىنى بىر تۇتاش يۈرگۈزۈش ، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ، تەپتىش ئورگانلىرى ۋە سوت ئورگانلىرى قانۇن چىقىرىش ئورگىنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بويسۇنۇش ئورنىدا تۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ . شۇڭا ، دۆلىتىمىزدە ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىپ تۇرغۇزۇش ھەم دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ، ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم پرىنسىپقا

ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . شۇڭا ، ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىپ تۇرغۇزۇش ھوقۇقى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . بۇنىڭغا قارىتا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : «غەربنىڭ ئاتالمىش دېموكراتىيىسىنى ، ئۇلارنىڭ ئۈچ ھوقۇق تىركىشىپ تۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ، ئۇلارنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىنى كۆچۈرۈپ كېلىدىغان ئىشنى قىلماي ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك»[①] .

4 . دۆلىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمى

سايلام تۈزۈمى قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەت ۋەكىللىك ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنى سايلاش توغرىسىدىكى تۈرلۈك تۈزۈملەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئاساسى . ئاساسىي قانۇن ۋە سايلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا ، دۆلىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىدەك :

بىرىنچى ، سايلام ھوقۇقىنىڭ ئومۇمىيۇزلۇك بولۇش پرىنسىپى . دۆلىتىمىزنىڭ سايلام قانۇنىدا يېشى 18 كە توشقان پۇقرالار مىللىتى ، ئىرقى ، جىنسى ، كەسپى ، ئائىلە تەركىبى ، دىنىي ئېتىقادى ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ، مال ـ مۈلۈك ئەھۋالى ۋە ئولتۇراقلىشىش مۇددىتى دەپ ئايرىلماي ، ھەممىسىدە سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقى بولىدۇ ؛ قانۇن بويىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلارنىڭ سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقى بولمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن .

ئىككىنچى ، سايلام ھوقۇقىنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپى .

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3 ـ توم ، 498 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

دۆلىتىمىزدە ھەربىر سايلىغۇچى ھەر قېتىملىق سايلامدا پەقەت بىر يەردە بىر قېتىم ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ ؛ شۇنداقلا ، دۆلىتىمىزنىڭ سايلام ھوقۇقى باراۋەرلىكى ماھىيەت جەھەتتىكى باراۋەرلىك بولۇپ ، ھەرگىزمۇ نوقۇل شەكىل جەھەتتىكى بەلگىلىمە ئەمەس . شۇڭا ، دۆلىتىمىزنىڭ سايلام قانۇنىدا كونكرېت دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدا ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدا ھەربىر ۋەكىللىك قىلىدىغان نوپۇس سانى ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتە بولىدۇ .

ئۈچىنچى ، بىۋاسىتە سايلام بىلەن ۋاستىلىك سايلامنى تەڭ ئېلىپ بېرىش پرىنسىپى . دۆلىتىمىزنىڭ سايلام قانۇنىدا ، رايون تەسىس قىلىنمىغان شەھەر ، شەھەرگە قاراشلىق رايون ، ناھىيە ، ئاپتونوم ناھىيە ، مىللىي يېزا ـ بازارلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ ؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ، رايون تەسىس قىلىنغان شەھەر ، ئاپتونوم ئوبلاستلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ دۆلىتىمىزدە ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىۋاسىتە سايلام ۋە ۋاستىلىك سايلامدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلنى قوللىنىپ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىلىنى سايلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

تۆتىنچى ، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش پرىنسىپى . يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش پرىنسىپى يەنە نامسىز بېلەت تاشلاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ سايلام بېلىتىگە سايلىغۇچىلارنىڭ ئىسمى يېزىلمايدىغان ، ئۆزى سايلام بېلىتىنى تولدۇرىدىغان ھەمدە بېلەتنى پېچەتلەنگەن بېلەت تاشلاش ساندۇقىغا تاشلايدىغان ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ . يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش دېموكراتىك

سايلام ئۈچۈن ئۆز ئارزۇسىنى ئەركىن ئىپادىلەيدىغان سۆز ھەم شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىپ، سايلىغۇچىلارنى سىرتىنىڭ ئارىلىشىشىدىن خالىي قىلىپ، پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بېلەت تاشلاپ سايلاش شارائىتىغا ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ سايلام قانۇنىدا، مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاشتا بىردەك يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىش بەلگىلەنگەن.

## 3 . دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تۈزۈمى

### 1 . دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى شەكلى

دۆلەت تۈزۈلمىسى شەكلى دېگىنىمىز — ئالاھىدە دۆلەت ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەلۇم پرىنسىپقا ئاساسەن دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن قىسمەنلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە قوللىنىدىغان شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى شەكلى ئاساسلىق بىرلىك تۈزۈم ۋە بىرلەشمە تۈزۈمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تىپقا بۆلۈنىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە قۇرۇپ چىققان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىك تۈزۈمدىكى دۆلەت تۈزۈلمە شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىك تۈزۈمدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسى شەكلىنى قوللىنىشتا ئاساسلىقى ئىككى سەۋەب بار.

بىرىنچى، تارىخىي سەۋەب، ئېلىمىز چىن شىخۇاڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن بۇيان، بىرلىككە كەلگەن

ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن دۆلەت . گەرچە ئېلىمىز تارىخىدا بۆلۈنۈش ھالىتى كۆرۈلگەن بولسىمۇ . لېكىن ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ۋەزىيەت ئەزەلدىن تارتىپلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى . ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنە بىزنىڭ بىرلىك تۈزۈمدىكى دۆلەت تۈزۈلمە شەكلىنى ئورنىتىشىمىزنىڭ مۇقەررەرلىكىنى بەلگىلىگەن .

ئىككىنچى ، مىللىي سەۋەب ، مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت . ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ھالىتى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت شارائىتى ئاستىدا بىرلەشمە تۈزۈمنى (فېدېراتسىيە تۈزۈمى) قوللىنىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى ، بىرلىك تۈزۈمنى قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلىگەن . بۇنىڭ ئىپادىسى : بىرىنچىدىن ئېلىمىز مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالى بىرلىك تۈزۈمنى ئورنىتىشنى بەلگىلىگەن بولۇپ ، بۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ؛ ئىككىنچىدىن ، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبى ۋە مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى بىرلىك تۈزۈمنى ئورنىتىشنى بەلگىلىگەن بولۇپ ، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئېلىمىز تەبىئىي بايلىقلارنىڭ تارقىلىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكى بىرلىك تۈزۈمنى ئورنىتىشنى بەلگىلىگەن بولۇپ ، بۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە پايدىلىق ؛ تۆتىنچىدىن ، ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا مۇھىتى ۋە خەلقئارا كۈرەش ۋەزىيىتى بىرلىك تۈزۈمنى ئورنىتىشنى بەلگىلىگەن بولۇپ ، بۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق .

2 . دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دېگىنىمىز ،

دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇپ، ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنى تەسىس قىلىش ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى — بىرلىك تۈزۈمدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسى شەكلى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي تۈزۈم.

ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيىلىك ئورگانلار مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت. ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئاساس قىلغان، مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئاپتونومىيىلىك ئورگانلار تەسىس قىلىنىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك ئورگان ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت. تۆتىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك ئورگانلار ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىن

باشقا، يەنە قانۇن بويىچە كەڭ دائىرىلىك ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى هەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتى. جۇڭگوچە ئالاهىدىلىككە ئىگە بولغان، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەهۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاساسىي تۈزۈمى. ئۇ دۆلەتنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش رەهبەرلىك قىلىشى بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇش دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك هوقۇقى ۋە ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش هوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاهىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاهىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇل ۋە قەدەم بىلەن سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىغا ۋە بۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىتى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز بېيىيدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

3. دۆلىتىمىزنىڭ ئالاهىدە مەمۇرىي رايون تۈزۈمى

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «دۆلەت زۆرۈر

تېپىلغاندا ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىدۇ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا يولغا قويۇلىدىغان تۈزۈملەرنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ قانۇن ئارقىلىق بەلگىلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەسەۋۋۇرىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى ۋە قانۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، تەيۋەن، مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قانۇنىي كاپالىتى. شۇنداقلا بۇ بىر جۇڭگوچە سىياسىي تۈزۈم.

«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» دېگىنىمىز — بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك دۆلەت مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە دۆلەتتىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگانلارنىڭ قارارىغا بىنائەن قىسمەت رايونلاردا تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوتسىيالىزم سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈمگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە تۈزۈمنى قانۇن بويىچە ساقلاپ قېلىشقا يول قويۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىشتىكى يېتەكچى قائىدە.

ئالاھىدە مەمۇرىي رايون دېگىنىمىز — دۆلىتىمىز تېررىتورىيىسىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن تەسىس قىلىنغان، ئالاھىدە قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولغان، ئالاھىدە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمنى يولغا قويىدىغان مەمۇرىي رايوننى كۆرسىتىدۇ. ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلار بىلەن ئادەتتىكى باشقا مەمۇرىي رايونلار ئوخشاشلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ۋە يەرلىك مەمۇرىي رايونى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ يەنە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. بۇنىڭ

ئىپادىسى : ئالاھىدە مەمۇرىي رايون يۇكسەك دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ؛ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلار ئەسلىدىكى كاپىتالىستىك تۈزۈمى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى 50 يىلغىچە ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ ؛ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرى ۋە مەمۇرىي ئورگانلىرى نېگىزلىك قانۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن شۇ جاينىڭ مەھكۇلۇك يۇقرالىرىدىن تەشكىل قىلىنىدۇ ؛ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ ئەسلىدە بار بولغان قانۇنى ئاساسەن ئۆزگەرمەيدۇ .

## 4 . دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى

ئىقتىسادىي تۈزۈم دېگىنىمىز — بىر دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۇكچىلىك ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەركىبلىرىنى بەلگىلەيدۇ . دۆلەتنىڭ ھەرخىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرگە قارىتىلغان تۈپ سىياستى ۋە خەلق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش پرىنسىپى قاتارلىق تۈزۈملەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ . ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۇكچىلىك شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ بىر دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ . شۇنداقلا ، ئۇ بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسىدۇر .

1999 - يىلى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن : «دۆلەت سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ، كۆپ خىل

مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرىدۇ» .

### 1 . سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ ئاساسى

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ ئاساسى — ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىن ئىبارەت . يەنى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىن ئىبارەت» . ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن بولۇپ ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسى .

بىرىنچى ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ئىگىلىكى يەنى دۆلەت ئىگىلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ دېگىنىمىز ، خەلق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان بىرخىل مۈلۈكچىلىك شەكلىنى كۆرسىتىدۇ . دۆلەت ئىگىلىكى دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى كۈچى بولغاچقا ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى كونترول قىلىپ ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى بەلگىلەپ ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى ۋە سەۋىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي ، بەلكى باشقا ئىگىلىك شەكىللىرىگە قارىتامۇ يېتەكچىلىك قىلىش ، ياردەم بېرىش ۋە

چەكلەشتەك مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ئاساسىي قانۇندا، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئىككىنچى، ئەمگەكچىلەرنىڭ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى، ئۇ كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىللىرىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىشتەك بىر خىل ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزۈتۈلگەن لايىھىسىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئاساسىدا قوش قاتلاملىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تولۇق بىرلەشتۈرىدۇ. يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ۋە سېتىش، ئامانەت ـ قەرز، ئىستېمال قاتارلىق تۈرلۈك شەكىلدىكى ھەمكارلىق ئىگىلىك قاتارلىقلار سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنىڭ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىدۇر. شەھەر ـ بازارلاردىكى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك، سانائەت، بىناكارلىق، ترانسپورت، سودا، مۇلازىمەت قاتارلىق كەسىپلەردىكى تۈرلۈك شەكىلدىكى ھەمكارلىق ئىگىلىكمۇ سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنىڭ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىدۇر. ئاساسىي قانۇندا، دۆلەت شەھەر ـ يېزىلاردىكى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىدۇ، يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

2. غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى

دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان

بولغاچقا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن، شۇڭا، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، يەنە غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ. 1999 - يىلى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «قانۇن بەلگىلىگەن دائىرىدىكى يەككە ئىگىلىك خۇسۇسىي ئىگىلىك قاتارلىق غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولىدۇ». بۇ بەلگىلىمە يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئورنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق.

بىرىنچى، يەككە ئىگىلىك. بۇ دېگىنىمىز، شەھەر - يېزىلاردىكى يەككە ئەمگەكچىلەردە ئۆزىگە تەۋە ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى بولىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنى ئاساس قىلىدىغان ئىگىلىك شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت يەككە ئىگىلىكنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. دۆلەت يەككە ئىگىلىككە قارىتا يېتەكچىلىك قىلىش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ.

ئىككىنچى، خۇسۇسىي ئىگىلىك. بۇ دېگىنىمىز قانۇن بەلگىلىگەن دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شەخسنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان ھەمدە ياللانما ئەمگەك مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولىدىغان ئىگىلىك شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت



www.uyghurkitap.com

خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، خۇسۇسىي ئىگىلىككە قارىتا يېتەكلەش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ.

ئۈچىنچى، جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى تىجارەت، ھەمكارلىق تىجارەت ۋە چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانا. بۇ بىرقانچە خىل ئىگىلىك شەكلى دۆلىتىمىز سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يېڭىچە ئىگىلىك شەكلى. ئاساسىي قانۇندا: «جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە چەت ئەلنىڭ باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى، شۇنداقلا جۇڭگو ۋە چەت ئەل بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلغان كارخانىلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنۇشى شەرت. ئۇلارنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنلىرى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

3. ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلغان تەقسىمات تۈزۈمى

تەقسىمات تۈزۈمى كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئۇ ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ ئاساسى بولغاچقا، شۇنداقلا مۇشۇنى ئالدىنقى شەرت قىلىش ئاساسىدا باشقا ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇلغاچقا، بۇ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تەقسىمات شەكلىنىڭ بىرلا خىل بولماسلىقىنى، بەلكى ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلىنىڭ بىرگە مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇشتەك تەقسىمات تۈزۈمىنى بەلگىلىگەن. 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك تەقسىمات تۈزۈمى ساقلىنىدۇ»، بۇ تەقسىمات تۈزۈمى دۆلەت تەشەببۇس قىلغان ئورتاق بېيىش نىشانى ئاستىدا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھالال ئەمگىكى ۋە قانۇنلۇق تىجارەت قىلىشى ئارقىلىق بېيىشىغا يول قويۇشقا پايدىلىق؛ نامراتلىق بىلەن بايلىق پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنى توسۇش شەرتى ئاستىدا، ھەم ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمىدە مۇۋاپىق پەرق بولۇشقا، ھەم سوتسىيالىستىك ئورتاق بېيىش نىشانىدا چىڭ تۇرۇشقا پايدىلىق.»

## § 3. دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى

### 1. پۇقرالىق ھوقۇق ۋە كىشىلىك ھوقۇق

#### 1. پۇقرا، گىراژدان ۋە خەلق

پۇقرا — بىرلا دۆلەت تەۋەلىكى بولغان، شۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدىغان تەبىئىي كىشىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە بولغانلىكى

كىشى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن .

گىراژدان بىلەن پۇقرا ئوخشاش مەنىدە بولۇپ ، دۆلىتىمىز قوللانغان دەسلەپكى مەزگىلدە «گىراژدان» نى «پۇقرا» بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلەتكەن . 1953 ـ يىلىدىكى سايلام قانۇنىدىن باشلاپ ، «پۇقرا» ئاتالغۇسى «گىراژدان» سۆزىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن . لېكىن دۆلىتىمىزدە «پۇقرا» بىلەن «خەلق» ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ ، ئۇلارنىڭ پەرقى : بىرىنچى ، خاراكتېرى ئوخشاش ئەمەس . پۇقرا چەت ئەللىك بىلەن قارىمۇقارشى ئۇقۇم ؛ خەلق بولسا دۈشمەن دېگەن ئۇقۇمنىڭ قارشى مەنىسىدىكى سىياسىي ئۇقۇم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە خەلق ئۇقۇمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەنىسى بار . ئىككىنچى ، دائىرىسى ئوخشاش ئەمەس . پۇقرا ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسى خەلق ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىدىن تېخىمۇ كەڭ ، پۇقرا ئۇقۇمى خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن ، يەنە خەلقنىڭ دۈشمەنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

2 . پۇقرالارنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى ئۇقۇمى

ھوقۇق دېگىنىمىز ، دۆلەت ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىگەن پۇقرالارنىڭ مەلۇم ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ . مەجبۇرىيەت دېگىنىمىز ، دۆلەت ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئارقىلىق بەلگىلىگەن پۇقرالارنىڭ مەلۇم ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ .

پۇقرالارنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى دېگىنىمىز ، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ۋە ئىجرا قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى

كۆرسىتىدۇ . بۇ ئاساسىي قانۇن ھوقۇقى ۋە ئاساسىي قانۇن مەجبۇرىيەتلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇنى پۇقرالارنىڭ ئادەتتىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، تۆۋەندىكى قانۇنىي ئالاھىدىلىككە ئىگە : بىرىنچى ، پۇقرالارنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى پۇقرالارنىڭ دۆلەتتىكى قانۇنىي ئورنىنى بەلگىلەيدۇ . ئىككىنچى ، تۈپ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ ئاساسلىق ھەم پۇقرالارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئۈچىنچى ، تۈپ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ ، ئۇ پۇقرالارنىڭ ئادەتتىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى تۇغدۇرىدۇ . تۆتىنچى ، تۈپ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت تۇراقلىقلىققا ۋە يول قويماسلىققا ئىگە . ئۇنى كىشىلەرنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتى بىلەن ئايرىۋېتىشكە ، كىشىلەرنىڭ قانۇندا باراۋەر بولۇش ئورنى بىلەن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ .

### 3 . پۇقرالىق ھوقۇق ۋە كىشىلىك ھوقۇق

كىشىلىك ھوقۇق ، بىر ئادەمنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ۋە ئەمەلىي بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ . پۇقرالىق ھوقۇق كىشىلىك ھوقۇقنىڭ قانۇندا ئىپادىلىنىش شەكلى . ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن شۇ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ھوقۇقى . كىشىلىك ھوقۇق بىلەن پۇقرالىق ھوقۇقنىڭ پەرقى ئاساسلىقى ، كىشىلىك ھوقۇق ئادەملىكنىڭ ئىلاھىلىققا قارشى تۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى ، پۇقرالىق ھوقۇقنى دۆلەت ۋە قانۇن ئاتا قىلىدۇ . كىشىلىك ھوقۇقنىڭ زۆرۈرلۈك تەركىبى كۆپ بولىدۇ . پۇقرالار ھوقۇقىنىڭ ئەسلىلىك تەرىپى كۆپ بولىدۇ . كىشىلىك ھوقۇق شەخسىي كىشىلىك ھوقۇق ۋە كوللېكتىپ كىشىلىك

ھوقۇقتا بۆلۈنىدۇ. پۇقرالىق ھوقۇق پەقەت شەخسىي ھوقۇقتىنلا ئىبارەت. كىشىلىك ھوقۇق دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىك بولىدۇ. پۇقرالىق ھوقۇقنىڭ دۆلەت ئىچىدىن ئىبارەت بىرلا تەرىپى بولىدۇ.

## 2. دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقى

ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىز پۇقرالىرى تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالايدۇ:

1. باراۋەرلىك ھوقۇقى

دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرى قانۇن ئالدىدا بىردەك باراۋەر» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ھەرقانداق پۇقرانىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھەرخىل ھوقۇقلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ تەڭ ئادا قىلىدىغانلىقىنى، دۆلەت ئورگانلىرى قانۇننى تەتبىقلاش جەھەتتە ھەرقانداق پۇقرا بىردەك باراۋەر بولىدىغانلىقى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن تاشقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2. سىياسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى

سىياسىي ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك — پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا قاتناشقاندا بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كونكرېت تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقى. سايلام ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقى مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش، ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇشنى ئىشقا

ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي ۋاستە. شۇنداقلا، خەلقنىڭ دۆلەت هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئاساسىي شەكلى. شۇڭا، ئۇ خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشىدىكى خوجايىنلىق ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە سايلام قانۇنىدا: «قانۇن بويىچە سىياسىي هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلاردىن باشقا يېشى 18 گە توشقان پۇقرالارنىڭ ھەممىسى مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە تەركىبى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، مال - مۈلۈك ئەھۋالى ۋە ئولتۇراقلىشىش مۇددىتىگە قارىماي سايلاش هوقۇقىغا ۋە سايلىنىش هوقۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئىككىنچى، سىياسىي ئەركىنلىكى. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا: «پۇقرالار سۆز، نەشرىيات، يىغىلىش، تەشكىلات قۇرۇش، نامايىش قىلىش ۋە پاراد ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن. ... 

ئىككىنچى، سىياسىي ئەركىنلىكى. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا: «پۇقرالار مۇنازىرە قىلىش، مەتبۇئات، توپلىشىپ يىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نامايىش قىلىپ، كۈچ كۆرسىتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يېقىنقى زامان دېموكراتىك سىياسەتنىڭ ئاساسى. پۇقرالارنىڭ ئۆز پىكىر - كۆزقاراشلىرىنى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، نورمال ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشتىكى تۈپ هوقۇقى. لېكىن پۇقرالار بۇنداق سىياسىي ئەركىنلىكنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى كېرەك. دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە ۋە پۇقرالارنىڭ باشقا قانۇنىي هوقۇقى بىلەن ئەركىنلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ.

3. نازارەت قىلىش هوقۇقى ۋە زىياننى تۆلىتىۋېلىش هوقۇقى

دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا: «پۇقرالار ھەرقانداق دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت خادىمى ئۈستىدىن تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىش هوقۇقىغا ئىگە. ھەرقانداق دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت خادىمىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ۋە ۋەزىپىسىنى ئادا

قىلماسلىق قىلمىشلىرى ئۈستىدىن مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا شىكايەت قىلىش ، ئەرز قىلىش ياكى پاش قىلىش هوقۇقىغا ئىگە . لېكىن پاكىت ئويدۇرۇش ياكى پاكىتنى بۇرمىلاش يولى بىلەن قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن . پۇقرالارنىڭ نازارەت قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، ئاساسىي قانۇندا يەنە : «مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرى پۇقرالار شىكايەت قىلغان ، ئەرز ياكى پاش قىلغان ئىشلارنى ئېنىقلاپ ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى لازىم . هەرقانداق كىشىنىڭ بېسىم ئىشلىتىشىگە ۋە زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ . قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىپ ياكى زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىپ جىنايەت شەكىللەندۇرگەنلەرنىڭ قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ . پۇقرالارنىڭ هوقۇقى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا ئۇچراپ زىيان تارتقانلار قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە زىياننى تۆلىتىۋېلىشقا هوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن .

4 . جىسمانىي ئەركىنلىك هوقۇقى

كەڭ مەنىدىكى جىسمانىي ئەركىنلىك هوقۇقى پۇقرالارنىڭ شەخسىيىتى ، كىشىلىك قەدىر - قىممىتى ۋە تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقى ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان خەت - ئالاقە ئەركىنلىكى ۋە خەت - ئالاقە مەخپىيەتلىكى قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . جىسمانىي ئەركىنلىك دېگىنىمىز ، پۇقرالارنىڭ شەخسىيىتى قانۇنسىز چەكلەشكە ، ئاختۇرۇشقا ، قاماپ قويۇشقا ۋە قولغا ئېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىدا ، هەرقانداق پۇقرا خەلق تەپتىش

مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى ياكى قارارىسىز ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارىسىز ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ئىجراسىسىز قولغا ئېلىنمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇندا يەنە پۇقرالارنى قانۇنسىز قاماپ قويۇش ۋە باشقا قانۇنسىز يوللار بىلەن جىسمانىي ئەركىنلىكىنى ئېلىپ تاشلاش ياكى چەكلەش ھەمدە پۇقرالارنىڭ يېنىنى قانۇنسىز ئاقتۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ. پۇقرالارنىڭ كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىمايدۇ دېگەنلىك، ھەربىر ئادەم باشقىلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، ھۆرمەتلىشىنى كۆرسىتىدۇ، پۇقرالارغا ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ھاقارەت كەلتۈرۈش، تۆھمەت قىلىش ۋە قارا چاپلاش، زىيانكەشلىك قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. پۇقرالارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىمايدۇ دېگەنلىك، ھەرقانداق ئورگان، تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ پۇقرالارنىڭ ئۆيىگە قانۇنسىز باستۇرۇپ كىرىشىگە، ئاقتۇرۇشىغا ياكى پىچەتلىشىگە بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇندا: «پۇقرالارنىڭ خەت - ئالاقە ئەركىنلىكى ۋە خەت - ئالاقە مەخپىيەتلىكى قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىدۇ. دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ ئېھتىياجى ياكى جىنايى ئىشلار جىنايىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ياكى تەپتىش ئورگانلىرى خەت - ئالاقىلەرنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەكشۈرگەندىن باشقا، ھەرقانداق تەشكىلاتنىڭ ياكى شەخسنىڭ ھەرقانداق باھانە بىلەن پۇقرالارنىڭ خەت - ئالاقە ئەركىنلىكىگە ۋە خەت - ئالاقە مەخپىيەتلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا، باشقىلارنىڭ خەت - ئالاقىلىرىنى يوشۇرۇش، بۇزۇپ تاشلىۋېتىش ۋە خالىغانچە ئېچىپ كۆرۈش قانۇنغا خىلاپ قىلمىشتۇر.

## 5 . دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى

دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا : «پۇقرالار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن . دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى — پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ ؛ ياكى ئۇ دىنغا ياكى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ ؛ ئوخشاش بىر دىن ئىچىدە ياكى ئۇ مەزھەپكە ، ياكى بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ ؛ ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلارنىڭ هازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ . ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ هازىر دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى بولىدۇ ، دېگەننى كۆرسىتىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بۇنداق بەلگىلىمىنىڭ بولۇشىنىڭ سەۋەبى : بىرىنچى ، دىن بىر خىل تارىخىي هادىسە بولۇپ ، ئۇ پەيدا بولۇش ، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ . ئىككىنچى ، دىنىي ئېتىقاد ئىدىيە كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان مەسىلە . پۇقرالارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلغاندا ، پەقەت سۆز بىلەن قايىل قىلىش ، تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ هەل قىلىش كېرەك . مەجبۇرلاش ، بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ، قوپاللىق بىلەن بوغۇشقا (بېسىشقا ) بولمايدۇ . ئۈچىنچى ، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇزاق مۇددەتلىكلىككە ، خەلقئارالىققا ، مىللىيلىققا ۋە ئاممىۋىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . شۇڭا ، هەرقانداق دۆلەت ئورگانلىرى ، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ۋە شەخسلەرنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى قىلماسلىققا مەجبۇرلاشقا يول قويۇلمايدۇ . دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكىمۇ بولمايدۇ ، دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ . لېكىن هەرقانداق كىشىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇشقا ، پۇقرالارنىڭ تەن ـ

ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزۈشكە ۋە دۆلەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا توسالغۇلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ .

### 6 . ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھوقۇقى

پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھوقۇقى دېگىنىمىز ، پۇقرالارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ماددىي مەنپەئەت جەھەتتە بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ پۇقرالارنىڭ باشقا ھوقۇقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى بولۇپ ، ئۇ پۇقرالارنىڭ تۆۋەندىكى ھوقۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

بىرىنچى ، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا : «دۆلەت پۇقرالارنىڭ قانۇنىي كىرىمىگە ، ئامانەت قويغان پۇلىغا ، ئۆي ـ جايىغا ۋە باشقا قانۇنلۇق مال ـ مۈلۈكلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ قانۇنىي مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى دېگىنىمىز ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ئەمگىكى ۋە باشقا كىرىمى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ھەمدە ئىگىلىگەن مەلۇم مال ـ مۈلكىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ .

ئىككىنچى ، ۋارىسلىق ھوقۇقى . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا : «دۆلەت قانۇن بەلگىلىمىلەر بويىچە پۇقرالارنىڭ شەخسىي مۈلكىگە بولغان ۋارىسلىق ھوقۇقىنى قوغدايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . ئاساسىي قانۇننىڭ بۇ بەلگىلىمىسى پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ داۋاملىشىشى بولۇپ ، ئۇ پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا پايدىلىق .

ئۈچىنچى، ئەمگەك ھوقۇقى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. پۇقرالارنىڭ ئەمگەك ھوقۇقى دېگىنىمىز، ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان پۇقرالارنىڭ خىزمەتكە ئېرىشىش ھەم شۇنىڭغا ماس ھالدا ھەق ئېلىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى، دەم ئېلىش ھوقۇقى. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەمگەكچىلىرىنىڭ دەم ئېلىش ھوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. دەم ئېلىش ھوقۇقى دېگىنىمىز، ئەمگەكچىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىنى ئاسراش ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن دەم ئېلىپ، كۆتۈلۈش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

بەشىنچى، ماددىي ياردەم ھوقۇقى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرى قېرىغاندا، كېسەل بولۇپ قالغاندا ياكى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن ئايرىلغاندا دۆلەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېرىشىش ھوقۇقىغا ئىگە. دۆلەت ئىش كۈتۈپ تۇرغۇچىلار سۇغۇرتىسى، ياشانغانلار پاراۋانلىقى سۇغۇرتىسى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش سۇغۇرتىسى، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تۇرغۇزۇپ، پۇقرالارنىڭ بۇ خىل ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشىغا ۋە ئۇنى يولغا قويۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

## 7. تەربىيىلىنىش ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى

پۇقرالارنىڭ تەربىيىلىنىش ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى تەربىيىلىنىش ھوقۇقى بىلەن پەن - تەتقىقات ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە باشقا مەدەنىيەت

www.uyghurkitap.com

پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا : «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ تەربىيىلىنىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار » دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ بەلگىلىمە پۇقرالارنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت تەمىنلىگەن تۇرلۇك مەكتەپ ۋە تەربىيىلىنىش ئورۇنلىرىدا پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ھوقۇقىنى ۋە مەلۇم شارائىتتىكى قانۇن بويىچە تۇرلۇك شەكىللەردىكى تەربىيىنى قوبۇل قىلىش مەجبۇرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . پۇقرالارنىڭ تەربىيىلىنىش ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، ئاساسىي قانۇندا دۆلەت تۇرلۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپىنى ، كەسپىي مائارىپنى ، سىرتتىن ئوقۇش مائارىپىنى ، كادىرلار تەربىيىلەش مائارىپىنى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدا تەربىيىلىنىش مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ؛ دۆلەت جەمئىيەت ۋە شەخسلەرنىڭ مەكتەپ ئېچىپ تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنى تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن . شۇنداقلا ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا : «پۇقرالار ئىلمىي تەتقىقات ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە باشقا مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە ، دۆلەت مائارىپ ، پەن - تېخنىكا ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پۇقرالارنىڭ خەلققە پايدىلىق بولغان ئىجادىي خىزمەتلىرىگە ئىلھام بېرىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن .

### 8 . ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى

دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا : «بارلىق پۇقرالارنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكى توغرىسىدا

تولۇق ۋە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىشتىن سىرت ، يەنە ئالاھىدە ئەھۋالدىكى يۇقىرالار ئۈچۈن مەخسۇس ماددا كىرگۈزۈپ ئالاھىدە قوغدىلىدۇ ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : بىرىنچى ، ئاياللار ، نىكاھ ، ئائىلە ، ئانىلار ، باللار ۋە قېرىلار دۆلەتنىڭ قوغدىشىدا بولىدۇ . ئاساسىي قانۇندا ، دۆلىتىمىزدىكى ئاياللار سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلە تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ . دۆلەت نىكاھ ، ئائىلە ، ئانىلار ، باللار ۋە قېرىلارنى قوغدايدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن . ئىككىنچى ، پېنسىيىگە ، دەم ئېلىشقا چىققان خادىملار ، ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ھەربىيلەر ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . ئاساسىي قانۇندا : «دۆلەت قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە كارخانا ، كەسپىي ئورۇن ۋە تەشكىلاتلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئارىسىدا پېنسىيىگە ۋە دەم ئېلىشقا چىقىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ . پېنسىيىگە ۋە دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ تۇرمۇشىنى دۆلەت ۋە جەمئىيەت كاپالەتلەندۈرىدۇ . دۆلەت ۋە جەمئىيەت مېيىپ بولغان ھەربىيلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە بېرىدۇ ، ھەربىيلەر ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . ئۈچىنچى ، مۇھاجىرلار ، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ . ئاساسىي قانۇندا : «دۆلەت مۇھاجىرلارنىڭ ھەققانىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ ، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇنىي

ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن .

## 3 . دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈپ مەجبۇرىيەتلىرى

پۇقرالارنىڭ تۈپ مەجبۇرىيىتى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ پۇقرالارغا قويغان ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ تۈپ تەلىپىدىن ئىبارەت. دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈپ مەجبۇرىيەتلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1 . ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش

دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى ، شۇنداقلا ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ شەرتى . شۇڭا ، بارلىق پۇقرالار ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغدىشى ، دۆلەتنى پارچىلايدىغان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان ھەرقانداق قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى لازىم .

2 . ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش ، دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ، ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاسراش ، ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش ، جەمئىيەت تەرتىپىگە بويسۇنۇش ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ھۆرمەتلەش

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە مەنپەئەتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ ، خەلقنى قوغداپ ، دۈشمەنگە زەربە بېرىش ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم قورال . شۇڭا ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش ھەربىر پۇقرانىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە

تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچى . دۆلەت مەخپىيەتلىكى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . شۇڭا ، دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش دۆلەتنىڭ تىنچ ، بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ، دۆلەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنىڭ ماددىي ئاساسى . شۇڭا ، بارلىق پۇقرالار دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىنى ئاسرىشى ۋە قوغدىشى كېرەك . پۇقرالارنىڭ ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشى ، ئىجتىمائىيلاشقان چوڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ، ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ، ئەمگەكچىلەرنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى قوغداش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . ئاممىۋى تەرتىپ ۋە ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق خەلقنىڭ نورمال تۇرمۇشى ۋە خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ، جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم شەرتى . شۇڭا ، ئاممىۋى تەرتىپكە رىئايە قىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ھۆرمەتلەش پۇقرالارنىڭ تۈپ مەجبۇرىيىتى .

### 3 . دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى ، شان - شەرىپىنى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش

ۋەتەننىڭ بىخەتەرلىكى ، شان - شەرىپى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى ، شۇنداقلا ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە ئارزۇسى . شۇڭا ، ھەرقانداق پۇقرانىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ياكى كىچىك گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتى دەپ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ، شان - شەرىپى ۋە مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا بولمايدۇ .

### 4 . ۋەتەننى قوغداش ، قانۇن بويىچە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش ۋە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىش

دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە زېمىن

پۈتۈنلۈكى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىدىكى مۇھىم ھالقا. ئۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ تىنچ ۋە بەختلىك بولۇشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ۋەتەننى قوغداش قانۇن بويىچە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىش جۇڭخۇا ئۇغۇل-قىزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

5. قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇش

باج دۆلەتنىڭ مەبلەغ غەملىنىشىدىكى مۇھىم چارىسى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسى. پۇقرالارنىڭ باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ماھىيەتتىن ئالغاندا، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياردەم بەرگەنلىكتۇر. دۆلەت پۇقرالارنىڭ باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك باج قانۇنلىرى ۋە سىياسەتلىرىنى ئېلان قىلدى. شۇڭا، ھەربىر پۇقرا دۆلەتنىڭ تۈرلۈك باج قانۇنلىرى ۋە سىياسەتلىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشى ۋە ئىجرا قىلىشى لازىم. دۆلەت باج ئوغرىلاش، باج يوشۇرۇش قىلمىشلىرىنىڭ قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىدۇ.

## 4. دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى

1. پۇقرالار ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى

دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى ئىككى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچى، بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنىڭ سۇبيېكتى

ئىنتايىن كەڭ بولىدۇ . دۆلىتىمىزدە ھوقۇق سۇبيېكتى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىشچىلار ، دېھقانلار ، زىيالىيلار ۋە سوتسىيالىزمنى ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ ھوقۇق سۇبيېكتىلىرىنىڭ دائىرىسى يەنە ئۈزلۈكسىز كېڭىيىدۇ . ئىككىنچى ، پۇقرالارنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا : «دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالىرىنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكى سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ، مائارىپ ، جىسمانىي قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن .

2 . پۇقرالار ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ رېئاللىقلىقى

دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ رېئاللىقلىقى تۆۋەندىكى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ . بىرى ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى پۇقرالارنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان بولغاچقا ، شۇڭا ، ئۇنى ئەمەلىي يولغا قويۇشقا بولىدۇ . يەنە بىرى ، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ھەم ماددىي جەھەتتىن ھەم قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ . شۇڭا ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدۇ .

3 . پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىكى باراۋەرلىكى

پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىكى باراۋەرلىكى دېگىنىمىز ، دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىر

ۋاقىتتا، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ تەڭ ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەرقانداق پۇقرانىڭ پەقەت ھوقۇقتىنلا بەھرىمەن بولۇپ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماسلىقىغا بولمايدۇ. شۇنداقلا، پەقەت مەجبۇرىيەتنىلا ئادا قىلىپ، ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولماسلىقىغىمۇ بولمايدۇ.

4. پۇقرالار ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەرنىڭ بىردەكلىكى

پۇقرالار ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىردەكلىكى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: ① پۇقرالار بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق بىلەن ئادا قىلىدىغان مەجبۇرىيەت بىردەك بولىدۇ. دۆلىتىمىز پۇقرالىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇش ھەمدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ② پۇقرالارنىڭ بەزى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئەمگەك ھوقۇقى ۋە تەربىيىلىنىش ھوقۇقى پۇقرالارنىڭ ھەم ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ③ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتى بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ. پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىش، پۇقرالارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ئادا قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، پۇقرالارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئاڭلىق ئادا قىلىشى پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

**5. پۇقرالار ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى توغرا يۈرگۈزۈش، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ئادا قىلىشى لازىم**

دۇنيادا ئەزەلدىنلا مۇتلەق بولغان، ھېچقانداق چەكلىمىگە

ئۆچرىمايدىغان هوقۇق ۋە ئەركىنلىك يوق. پەقەت دۆلەتنىڭ سىنىپىي ماهىيىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، چەكلەش مەزمۇنى، ئۇسۇلى ۋە مەقسىتى جەھەتتە پەرق بولىدۇ. دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ هوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا، پۇقرالار ئۆز هوقۇق ۋە ئەركىنلىكىنى يۈرگۈزگەندە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى لازىم. پۇقرالار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق ئادا قىلىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، پۇقرالارنىڭ هوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى شۇنىڭدەك باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇنىي هوقۇق ـ مەنپەئەتى بىلەن ماس كېلىشى كېرەك. بۇ خىل ئۆزئارا ماس كېلىش چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئىككىنچى، پۇقرالارنىڭ هوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن ماس كېلىشى لازىم. بۇ خىل ئۆزئارا ماس كېلىش چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئۈچىنچى، پۇقرالارنىڭ هوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى بىلەن ماس كېلىشى كېرەك.

## 4§. دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئاپپاراتى

### 1. دۆلەت ئاپپاراتى ئۇقۇمى

دۆلەت ئاپپاراتى دۆلەت ئۆز فۇنكسىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرغان دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر.

دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ خاراكتېرى دۆلەتنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. دۆلەت ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى

سىنىپ دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت دەپ ئايرىلغاچقا، شۇنىڭغا ماس ھالدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ دۆلەت ئاپپاراتى ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەت ئاپپاراتى دەپ ئايرىلىدۇ.

ئېلىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت، شۇڭا، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ خاراكتېرى تەبىئىي ھالدا سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھوقۇقى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كۈچلۈك قورالى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىدا، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى تەشكىللىنىش ۋە پائالىيەت جەھەتتە دېموكراتىيىنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق پرىنسىپى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى پرىنسىپى، ئىخچاملاش ۋە ئۈنۈمدارلىق پرىنسىپى، ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پرىنسىپىغا بويسۇنۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

## 2. دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى سىستېمىسى

ئاساسىي قانۇن بەلگىلىمىسىدە، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى تۆۋەندىكى قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ:

### 1. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورگىنى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى بولۇپ، ئۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ئازاتلىق

ئارمىيىسى سايلىغان ۋەكىللەردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەر قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرى: ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەت قىلىش، نېگىزلىك قانۇنلارنى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش؛ مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم رەھبىرىي خادىملىرىنى سايلاش، قارار چىقىرىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ دۆلەت تۇرمۇشىدىكى خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەرەققىيات پىلانى، شۇنىڭدەك پىلاننى ئىجرا قىلىش دوكلاتى، دۆلەت خام چوتى ۋە خام چوتنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى دوكلاتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك چوڭ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش؛ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرنى ئايرىش، ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلارنى تەسىس قىلىش ۋە ئۇنىڭ تۈزۈمىنى بېكىتىش؛ ئۆزى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن باشقا دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىملىق ئورگىنى بولۇپ، ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا مەسئۇل بولىدۇ ۋە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. كومىتېت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقىنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى كۆپ بولغاندا ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى خادىملار مەمۇرىي ئورگانلار، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقى: ئاساسىي قانۇنغا قارىتا چۈشەنچە بېرىش، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بېكىتىدىغان تۈپ قانۇنلاردىن باشقا قانۇنلارنى

تۈزۈش ؛ قانۇنلارغا قارىتا چۈشەنچە بېرىش، مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلەر ۋە يەرلىك قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش ؛ خەلق ئىگىلىكى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتى پىلانى ۋە دۆلەتنىڭ خام چوتىنىڭ قىسمەن تەڭشەش لايىھىسىنى تەستىقلاش، باشقا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە نازارەت قىلىش، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى رەھبىرىي خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇشنى قارار قىلىش ؛ دۆلەت تۇرمۇشىدىكى باشقا چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقى قاتارلىقلار .

## 2 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى . ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ . مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن دۆلەت باشلىقلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ . ئاساسىي قانۇندا : سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان 45 ياشقا توشقان دۆلىتىمىز پۇقراسى دۆلەت رەئىسى ياكى مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلىنالايدۇ . دۆلەت رەئىسى بىلەن مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 5 يىل بولىدۇ . داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك . دۆلەت رەئىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى : قانۇن ـ بۇيرۇقلارنى ئېلان قىلىش ؛ گوۋۇيۈەنىڭ زۇڭلىسىنىڭ نامزاتىنى كۆرسىتىش، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى ۋە چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش، دىپلوماتىيە ھوقۇقى، دۆلەتنىڭ ئوردېن ۋە پەخرىي ئۇنۋان بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

## 3 . گوۋۇيۈەن مەملىكىتىمىزنىڭ مەركىزىي خەلق

ھۆكۈمىتى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى ۋە ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا مەسئۇل بولىدۇ ۋە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. گوۋۇيۈەنىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. زۇڭلى، مۇئاۋىن زۇڭلى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارىنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. گوۋۇيۈەن زۇڭلى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. زۇڭلى، مۇئاۋىن زۇڭلى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ۋە باش كاتىپلاردىن گوۋۇيۈەنىڭ دائىمىي كېڭىشى تەشكىللىنىدۇ. گوۋۇيۈەنىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈش ۋە ئېلان قىلىش؛ مەمۇرىي تەدبىرلەرنى بەلگىلەش؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا تەكلىپ لايىھىسىنى يوللاش؛ ئۆزىگە قاراشلىق ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلار ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىش، مەمۇرىي خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش؛ دۆلەت مۇداپىئەسى، خەلق ئىشلار، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىقتىساد قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 4. مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى

مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دۆلىتىمىزدىكى قوراللىق كۈچلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئەڭ ئالىي ھەربىي ئىشلار رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇپ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىدۇ. مۇئاۋىن رەئىس، ھەيئەت ئەزالىرىنى رەئىس كۆرسىتىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى مەملىكەتلىك

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قارار قىلىدۇ. مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ، ئۇنىڭدا رەئىس مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، رەئىس مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا مەسئۇل بولىدۇ.

## 5. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلەتنىڭ يەرلىكتىكى ھوقۇقلۇق ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، رايون تەسىس قىلىنغان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق قۇرۇلتايلىرى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلىدۇ ۋە ئەسلىدىكى سايلىغان ئورۇننىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. رايون تەسىس قىلىنمىغان شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە سايلايدۇ ھەمدە ئۇلار سايلىغۇچىلارنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ، ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھوقۇقلىرى: ئاساسىي قانۇن، قانۇن ۋە مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ، شۇنىڭدەك يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارارلىرىغا رىئايە قىلىش ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش، يەرلىك خاراكتېردىكى مۇھىم دۆلەت ئىشلىرىغا قارىتا قارار چىقىرىش، شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى سايلاش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە قارىتا نازارەت

قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ ، خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە قارار ماقۇللاش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ؛ ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە بىر قەدەر چوڭ شەھەرلەردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى يەرلىك خاراكتېردىكى قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزسە ۋە ئېلان قىلسا بولىدۇ .

ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىدۇ . دائىمىي كومىتېت ، مۇدىر ، مۇئاۋىن مۇدىر قاتارلىق بىرقانچە ئادەم ۋە ھەيئەتلەردىن تەشكىل تاپىدۇ ۋە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ ۋە خىزمەتلىرىدىن دوكلات قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمەت ھوقۇقى : ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنىڭ سايلام خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ؛ ئۆز دەرىجىسى بويىچە خەلق قۇرۇلتايلىرىنى چاقىرىش ؛ ئۆزىنىڭ مەمۇرىي رايون دائىرىسىدىكى سىياسىي ، ئىقتىساد ، پەن ـ مائارىپ ، مەدەنىيەت ، سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى چوڭ ئىشلار توغرىسىدا قارار چىقىرىش ؛ «بىر ھۆكۈمەت ، ئىككى مەھكىمە» ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنى نازارەت قىلىش ، باشقا دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك خىزمەتچى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ، يەرلىك پەخرىي نام بېرىش توغرىسىدا قارار چىقىرىش ؛ ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە بىر قەدەر چوڭ شەھەر ھەم ئۆلكە ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ، يەرلىك خاراكتېردىكى قانۇن بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ ئېلان قىلسا بولىدۇ .

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەرلىك ھەر

دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى ھەم دۆلەتنىڭ جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆز دەرىجىسى بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا مەسئۇل بولىدۇ ۋە خىزمەتتىن دوكلات بېرىدۇ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى شۇ دەرىجىدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق خىزمەت ھوقۇقلىرى: شۇ دەرىجىدىكى ھوقۇقلۇق ئورگانلارنىڭ قارارىنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى، ئېلان قىلىنغان قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى ۋە مەمۇرىي خاراكتېردىكى باشقا قائىدە - نىزاملارنى ئىجرا قىلىش؛ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئىجرا قىلىش، پۇقرالارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆزىگە قاراشلىق خىزمەت تارماقلىرى بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە مەمۇرىي ئورگان خىزمەتچىلىرىنى ۋەزىپىگە قويۇش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، تەكشۈرۈش، مۇكاپاتلاش، جازالاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىش، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تاپشۇرغان باشقا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت.

### 6. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيىلىك ئورگانلار

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيىلىك ئورگانلار ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم



www.uyghurkitap.com

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان دۆلەت ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتىدە مۇدىرلىق ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت پۇقراسى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئوبلاست باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيە ھاكىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت پۇقراسى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك ئورگانلار ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشتىن سىرت، يەنە قانۇن بويىچە كەڭ دائىرىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە بولىدۇ. بۇ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، يۇقىرىنىڭ قارار ۋە بۇيرۇقلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمىسە، ئۇنى تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىشقا، ئۆز ئالدىغا ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم قائىدە ـ نىزاملارنى تۈزۈشكە بولىدۇ. يەرلىك مالىيىنى باشقۇرۇش، يەرلىك خاراكتېردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرى باشقۇرۇش، ئۆز جايلىرىدىكى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۆز جايلىرىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدايدىغان جامائەت خەۋپسىزلىك قوشۇنلىرىنى تەشكىللەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

7. خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى

خەلق سوت مەھكىمىسى دۆلىتىمىزنىڭ سوت قىلىش ئورگىنى ، ئۇ قانۇن بويىچە مۇستەقىل سوت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ . مەمۇرىي ئورگانلار ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئارىلىشىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ . دۆلىتىمىز خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى : ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ، مەخسۇس خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىن ئىبارەت . ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي سوت قىلىش ئورگىنى ، ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا مەسئۇل بولىدۇ ۋە خىزمىتىنى دوكلات قىلىدۇ . يەرلىك ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئۆزىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنىغا مەسئۇل بولىدۇ ۋە خىزمىتىنى دوكلات قىلىدۇ ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە مەخسۇس خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت خىزمىتىگە نازارەت قىلىدۇ . يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت خىزمىتىگە نازارەت قىلىدۇ .

خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ قانۇنىنى نازارەت قىلىش ئورگىنى . ئۇ قانۇن بويىچە مۇستەقىل تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ . ھەرقانداق مەمۇرىي ئورگان ، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ . دۆلىتىمىز خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە مەخسۇس خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي تەپتىش ئورگىنى بولۇپ ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا خىزمەت دوكلاتى قىلىدۇ . ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئۆزىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنىغا ۋە

يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە مەسئۇل بولىدۇ ۋە خىزمىتىنى دوكلات قىلىدۇ. ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە مەخسۇس خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

## 5 § . ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى تىكلەش، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش

### 1 . ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى. ئۇ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى ۋە تۈپ مەنپەئەتىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇش ـ قويۇلماسلىقى دۆلەتنىڭ سىياسىي تىنچلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، بىر دۆلەتتە ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئاساسىي قانۇننى ھەقىقىي، ئۈزۈل ـ كېسىل يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. ئەمەلىي تۇرمۇشتا كىشىلەر ئاساسىي قانۇنغا رىئايە قىلمىسا، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملار ئاساسىي قانۇننى ئىجرا قىلمىسا، ھەرقانچە ياخشى تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇنمۇ قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاساسىي

قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن قۇرۇلۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر؛

شۇنداقلا، ئاساسىي قانۇن ھەم دېموكراتىيە ئىدىيىسى، دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى ھەم دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى. شۇڭا، ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش دەرىجىسى بىر دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم.

## 2. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، مۇكەممەل بولماسلىقتىن تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشتەك ئەگرى - توقاي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، سىياسىي كاپالەت. سىياسىي كاپالەت دېگىنىمىز، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا نەمۇنىلىك باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە، ئۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا رەھبىرىي ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئالدىدا كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن باشقا پارتىيە تەشكىلاتلار ئوخشاش، ھەممىسى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش كېرەك.

پەقەت بىزنىڭ پارتىيىمىز ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك ۋە باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىدىغانلا بولسا، باشقا پارتىيە، تەشكىلات ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىمۇ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدۇ.

ئىككىنچى، قانۇنىي كاپالەت. بۇ ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئۆزىنىڭ كاپالەتلىك قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىسى: ① ئاساسىي قانۇنىنىڭ دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش؛ ② ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بارلىق ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭ ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بىلەن زىت كەلمەسلىكى، ئاساسىي قانۇنىنىڭ بارلىق ئورگانلار، تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ تۈپ ھەرىكەت مىزانى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بەلگىلەش؛ ③ ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئالاھىدە تەرتىپىنى ئېنىق بەلگىلەش. ئاساسىي قانۇندا يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى بەلگىلەش ئارقىلىق ئاساسىي قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ئۈچىنچى، تەشكىلىي كاپالەت. تەشكىلىي كاپالەت دېگىنىمىز، ئاساسىي قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەت قىلغۇچى ئورگان، تەشكىلگە تايىنىپ ئاساسىي قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇندا، دۆلىتىمىزدە قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى، دەپ بەلگىلەنگەن. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى بار؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى بار؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نامۇۋاپىق قارارلىرىنى ئۆزگەرتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بار؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ گوۋۇيۈەن تۈزگەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بىلەن زىت كېلىدىغان مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدە، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى بىكار قىلىش، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى تۈزگەن ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلەر بىلەن زىت كېلىدىغان يەرلىك خاراكتېردىكى قانۇن ـ قائىدىلەر ۋە قارارلارنى بىكار قىلىش ھوقۇقى بار؛ ئاساسىي قانۇندا يەنە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنىغا ماسلىشىپ ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك قانۇن ـ ھۆججەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇن كېلىشىنى تەكشۈرىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز مەمۇرىي رايون دائىرىسىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشقا ۋە ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

تۆتىنچى، خەلق ئاممىسىغا تايىنىش. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ۋە ئىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداقلا، يەنە ھەربىر پۇقرانىڭ ھەققانىي قانۇنىي مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ـ قىلىنماسلىقى خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. شۇڭا، كەڭ خەلق ئاممىسى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، ھەرقايسى كارخانا، كەسپىي

ئورۇن، تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي گورۇھلارنىڭ ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇشىغا نازارەت قىلىشى كېرەك.

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. ئاساسىي قانۇن دېگەن نېمە؟ تۈپ ئالاھىدىلىكى قايسى؟

2. دۆلەت تۈزۈمى ۋە سىياسىي تۈزۈم دېگەن نېمە؟ دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت خاراكتېرى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ تەشكىلىي شەكلى قانداق؟

3. دۆلەت ئاپپاراتى دېگەن نېمە؟ دۆلىتىمىزدە نېمە ئۈچۈن بىرلىك تۈزۈمدىكى دۆلەت ئاپپاراتى شەكلى قوللىنىلىدۇ؟

4. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دېگەن نېمە؟ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

5. دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ قانداق تۈپ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بار؟ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۇقرالارنىڭ تۈپ ھوقۇقىنى قانداق يۈرگۈزۈشى، مەجبۇرىيەتلىرىنى قانداق ئاڭلىق ئادا قىلىشى كېرەك؟

6. دۆلەت ئورگانلىرى دېگەن نېمە؟ مەملىكىتىمىزدە مەركىزىي ۋە يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ سىستېمىسى قانداق بولىدۇ؟

# تۆتىنچى باب مەمۇرىي قانۇن - تۈزۈم

## 1§ . مەمۇرىي قانۇن - تۈزۈم توغرىسىدا قىسقىچە بايان

### 1 . مەمۇرىي قانۇن ئۇقۇمى، مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

1 . مەمۇرىي قانۇن ئۇقۇمى

مەمۇرىي قانۇن — مەمۇرىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ئۆز فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىش جەريانىدا كېلىپ چىققان تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر.

«مەمۇرىي» دېگەن سۆز مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ ئۆز پائالىيىتى جەريانىدا ئېلىپ بارغان تۈرلۈك تەشكىللەش، كونترول قىلىش، ماسلاشتۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچى، ئۇ باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئىشى بولماستىن، بەلكى ئۇ دۆلەت كاتېگورىيىسىگە تەۋە. يەنى هۆكۈمەت ئىشلىرىغا تەۋەدۇر؛ ئىككىنچى، دۆلەتنىڭ بارلىق هوقۇقلىرى مەمۇرىي هوقۇق بولماۋەرمەيدۇ. پەقەت مەمۇرىي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورگانلار ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىلا مەمۇرىي ھوقۇق بولالايدۇ. ئۇ ۋەكالەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ھوقۇقى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تەپتىش ھوقۇقى ۋە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىدىن پەرقلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى، مەمۇرىي ھوقۇق ھوقۇق «ئىجرا ھوقۇقى»غا تەۋە بولۇپ، ئۇ دۆلەت قانۇن-قائىدىلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ۋە تەرتىپى بويىچە دۆلەت فۇنكسىيىسى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق قانۇنىي ھەرىكەتنى يۈرگۈزىدۇ.

## 2. مەمۇرىي قانۇننىڭ مەنبەسى

مەمۇرىي قانۇننىڭ مەنبەسى — مەمۇرىي قانۇن-قائىدىلىرىنى تۈزگەن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن كېلىپ چىقىدىغان بولغاچقا، قانۇنلارنىڭ ئورنى ۋە ئۈنۈمى ئوخشاشمايدىغان، ھەرخىل مەمۇرىي قانۇن-قائىدىلەرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ، دۆلىتىمىزدە مەمۇرىي قانۇننىڭ مەنبەسى سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىدىكى ھەرخىل قانۇن مەنبەلىرىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. يەنى دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت قانۇن شەكىللىرى بولغان ئاساسىي قانۇن، قانۇن، مەمۇرىي قانۇن-قائىدە ۋە مەمۇرىي نىزاملار، يەرلىك قانۇن-قائىدە ۋە نىزاملار، ئاپتونومىيە نىزامى، ئايرىم يولغا قويۇلىدىغان نىزاملار، شۇنىڭدەك قانۇننىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى. خەلقئارا ئەھدىنامىلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەمۇرىي قانۇن-قائىدىلەر بار. ئۇلار ئورتاق ھالدا مەمۇرىي قانۇننىڭ تارماقلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە ياكى تەستىقى، دۆلىتىمىز قاتناشقان ۋە ئورناتقان خەلقئارالىق شەرتنامە ۋە كېلىشىملەر، شۇنىڭدەك ئادەت قانۇنى، قانۇننىڭ نەزەرىيە ۋە ئاساسلىرىمۇ مەمۇرىي قانۇننىڭ مەنبەسىدۇر.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن مەمۇرىي قانۇن بىلەن مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلىرى دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك . مەمۇرىي قانۇن بىر قانۇنىي تارماق بولۇپ ، مەمۇرىي مۇناسىۋەتلەرنى قېلىپلاشتۇرىدىغان ۋە تەڭشەيدىغان قانۇنلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر . مەمۇرىي قانۇن - قائىدە بىر خىل قانۇننىڭ مەنبەئى بولۇپ ، گوۋۇيۈەن بېكىتكەن قائىدىلەشتۈرۈلگەن قانۇنىي ھۆججەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر . مەمۇرىي قانۇننىڭ مەزمۇنى زور مىقداردىكى قانۇن - قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەمما ، ئۇ مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ . باشقا قانۇن مەنبەلىرىدىكى مەمۇرىي مۇناسىۋەتلەرنى قېلىپلاشتۇرىدىغان ۋە تەڭشەيدىغان قانۇنلارمۇ مەمۇرىي قانۇن تارمىقىغا كىرىدۇ .

3 . مەمۇرىي قانۇننىڭ تۈرلىرى

مەمۇرىي مۇناسىۋەتلەر كۆپ خىل ھەم مۇرەككەپ بولغاچقا ، جىنايى ئىشلار قانۇنى ، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە ئەمگەك قانۇنى قاتارلىق تارماق قانۇنلاردەك بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ، سىستېمىلىق بولغان مەمۇرىي قانۇن (توپلىمى) تۈزۈش ياكى بىر بىرلىككە كەلگەن ، ئومۇملاشتۇرۇلغان مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرىدىكى قانۇن ھۆججىتىنى تۈزۈش مۇمكىن ئەمەس . مەمۇرىي قانۇن نۇرغۇن ئايرىم قانۇنلار ، قانۇن - قائىدىلەر ۋە نىزاملار ، شۇنىڭدەك باشقا قائىدىلەشتۈرۈلگەن قانۇنىي ھۆججەتلەردىن تۈزۈلىدۇ .

مەمۇرىي قانۇن ئادەتتىكى مەمۇرىي قانۇن ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي قانۇن دەپ ئايرىلىدۇ .

ئادەتتىكى مەمۇرىي قانۇن دېگىنىمىز — ئادەتتىكى مەمۇرىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر . ئۇ دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىي ، ۋەزىپىسى ، ھوقۇق دائىرىسى ۋە پائالىيەت

شەكلىنى ؛ دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ، پرىنسىپى ، شەكلى ۋە ئۇسۇلى ؛ دۆلەت مەمۇرىي باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ ئورنى ، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ، هوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتىنى ؛ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ مەمۇرىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئورنى ، هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ۋە تەڭشەيدۇ . مەسىلەن : مەمۇرىي تەشكىلات قانۇنى ، دۆلەت خىزمەتچىلىرى قانۇنى ، مەمۇرىي جازا قانۇنى ۋە مەمۇرىي تەرتىپ قانۇنىدىن ئىبارەت .

ئالاهىدە مەمۇرىي قانۇن دېگىنىمىز ، ئالاهىدە مەمۇرىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ هەرقايسى فۇنكسىيىلىك مەمۇرىي تارماقلارنىڭ مەمۇرىي مۇناسىۋىتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ۋە تەرتىپكە سالىدۇ . ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى مەمۇرىي قانۇنى ، تەنتەربىيە مەمۇرىي قانۇنى ، مائارىپ مەمۇرىي قانۇنى ، خەلق ئىشلىرى مەمۇرىي قانۇنى ، سەهىيە مەمۇرىي قانۇنى ، قاتناش مەمۇرىي قانۇنى ، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەمۇرىي قانۇنى ، تاموژنا مەمۇرىي قانۇنى ۋە پەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

## 2 . مەمۇرىي قانۇننىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولى

مەمۇرىي قانۇن مەمۇرىي مۇناسىۋەتلەرنى قانۇنىي جەهەتتىن تەڭشەش ئارقىلىق ، مەمۇرىي مۇناسىۋەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ (دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ) هوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنى توغرا ، قانۇنلۇق ۋە ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ ، ئۇلارنىڭ هوقۇقىدىن چەتنەپ كېتىش ياكى هوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىش هادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ؛ مەمۇرىي قانۇن ـ

تۇزۇم نازارىتى ئارقىلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ مەمۇري مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. مەمۇري جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچىنىڭ قانۇني ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. دۆلەت مەمۇرىيلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ مەمۇري قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئومۇمەن، مەمۇري قانۇن مەمۇري قانۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك باش گەۋدىگە يېتەكچىلىك قىلىش، مەمۇري باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مەمۇري ئورگانلارنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش، مەمۇري ئورگانلارنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

## 3. مەمۇري قانۇني مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

مەمۇري قانۇني مۇناسىۋەتلەر ئادەتتىكى قانۇني مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغاندىن باشقا، يەنە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە:

1. مەمۇري قانۇني مۇناسىۋەتلەرنىڭ باش گەۋدىسى مەلۇم بىر دۆلەت ئورگىنى بولۇشى زۆرۈر. ئاز ساندىكى ئەھۋاللاردا مەمۇري ئورگانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزى مەمۇري ئاپپاراتلار ياكى قانۇندا ھوقۇق بېرىلگەن بەزى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بولىدۇ.

دۆلەت مەمۇري ئورگانلىرى دېگىنىمىز، قانۇن بەلگىلىمىسى بويىچە دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان، دۆلەتنىڭ نىشان ۋە ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت مەمۇري ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەشكىللەيدىغان ۋە باشقۇرىدىغان ئورگاننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئورگىنى ياكى ھۆكۈمەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ

هوقۇقلۇق ئورگانلىرى ئىچىدىكى ئىجرا قىلىش ئورگىنى، شۇنداقلا مەمۇرىي قانۇن مۇناسىۋەتلىرىنىڭ باش گەۋدىسىنىڭ بىرىدۇر.

دۆلەت مەمۇرىيلىرى دېگىنىمىز، دۆلەت ياكى ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، جامائەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئەتكۈچى خادىملارنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزدە دۆلەت مەمۇرىيلىرى دېگىنىمىز، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى ئىشچى خادىملاردىن باشقا خىزمەتچى خادىملارنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت مەمۇرىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، قانۇنىي ئورنى، زىممىسىگە ئالغان مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى پەرقلەرگە ئاساسەن مەمۇرىي ئىشلار تۈرىدىكى مەمۇرىيلار ۋە كەسپىي ئىشلار تۈرىدىكى مەمۇرىيلارغا بۆلۈنىدۇ.

مەمۇرىي ئىشلار تۈرىدىكى مەمۇرىيلار دېگىنىمىز، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي خادىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنىي بەلگىلىمىلەر بويىچە دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بىلەن يەرلىكتىكى دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرىدا بارلىققا كەلگەن ھەمدە رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن خادىملاردۇر. ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار مەمۇرىي تەدبىر بەلگىلەش ۋە مەمۇرىي قوماندانلىق قىلىشتەك زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇلار مەركەزدە گوۋۇيۈەننىڭ تەشكىلىي خادىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەرلىكتە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلاردىكى ئۆلكە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، شەھەر باشلىقى، ئوبلاست باشلىقى،

ھاكىم، رايون باشلىقى، يېزا باشلىقى، شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمەت تارماقلىرىدىكى نازىر، ئىدارە باشلىقى، كومىتېت مۇدىرى، باش كاتىپ قاتارلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي خادىملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

كەسپىي ئىشلار تۈرىدىكى مەمۇرىيلار دېگىنىمىز، مەركەز ۋە يەرلىكتىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي خادىملىرىدىن باشقا مەمۇرىي شتاتتىكى خادىملارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار دۆلەت مەمۇرىيلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا مۇتلەق كۆپ سانني تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئىجراچىلىرى. ئۇلارنىڭ خىزمىتى ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار بىلەن مەمۇرىي ئىش تۈرىدىكى مەمۇرىيلارنىڭ تۈپ مەقسىتى بىردەك بولۇپ، ئىككىسى ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۆزئارا ماسلىشىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ.

2. مەمۇرىي قانۇنىي مۇناسىۋەت ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيىتىدىكى ئورنى باراۋەر بولمايدۇ

بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى: بىر تەرەپتىن مەمۇرىي قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى قانۇنىي مۇناسىۋەت باش گەۋدىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىشى ياكى ئىككى تەرەپنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق كېلىشىنى زۆرۈر شەرت قىلمايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەمۇرىي ئورگانلار دۆلەت نامىدا ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ، قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرگە قاتنىشىدۇ. مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچىلار مەمۇرىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىغاندا، مەمۇرىي ئورگانلار ئۇلارنى مەجبۇرىي ئادا قىلدۇرىدۇ. ئەكسىچە، مەمۇرىي ئورگانلار مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچىلار ئۇنىڭ ئادا قىلىشىنى ئىلتىماس قىلالايدۇ ياكى دۆلەت ئورگانلىرى

ئارقىلىق ئادا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ ياكى مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدىكى تەرتىپ بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنالايدۇ .

3 . مەمۇرىي قانۇنىي مۇناسىۋەت باش گەۋدىسىدىكىلەرنىڭ هوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرى مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلەردە ئالدىن بېكىتىلگەن بولىدۇ . مەمۇرىي قانۇنىي مۇناسىۋەت باش گەۋدىسىدىكىلەرنىڭ تاللاش ئەركىنلىكىگە ئورۇن بېرىلمەيدۇ .

مەمۇرىي ھەرىكەت دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي ھەرىكىتى دېگىنىمىز ، دۆلەت ئورگانلىرى ئۆزىنىڭ ھوقۇقلۇق دائىرىسىدە مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلىدىغان ئادەملەرگە قارىتا قانۇن بويىچە يولغا قويىدىغان قانۇنىي كۈچكە ئىگە ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ . مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ساھەسى ناھايىتى كەڭ ، لېكىن بۇ مەمۇرىي تەشكىلىي سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ـ باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىنى مەمۇرىي تەشكىلىي پرىنسىپ بويىچە ئىچكى قىسىمدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەرىكىتى يەنى ئىچكى قىسىمدىكى ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ؛ شۇنداقلا ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋەتلەردە باش گەۋدە ئۆز سالاھىيىتىدە دەۋاگەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكەت ، يەنى ھەق تەلەپ ھەرىكىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ؛ مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن ھوقۇقلۇق ئورگانلار ، شۇنداقلا ھۆكۈمەت نامى بىلەن باشقا دۆلەت ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت ، يەنى سىياسىي ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ . مەمۇرىي ھەرىكەت چوقۇم مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئۆزىنىڭ سىرتقى قىسمىغا جامائەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ھەمدە قانۇنىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان ھەرىكەت بولۇشى كېرەك .

مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ تۈرلىرى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ

قانۇن بويىچە قائىدىلەشتۈرۈلگەن قانۇنىي ھۆججەتلەرنى تۈزۈش ھەرىكىتى ئابستراكتلىق مەمۇرىي ھەرىكەت دېيىلىدۇ. ئۇ يەنە مەمۇرىي قانۇن تۇرغۇزۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇن بويىچە كونكرېت ئىشلارغا ياكى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئادەمگە قوللانغان ھەرىكىتى كونكرېت ھەرىكەت دېيىلىدۇ. مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرە، ئۇسۇل، تەرتىپ ۋە ۋاستە قاتارلىقلار بويىچە قاتتىق يۈرگۈزگەن ھەرىكىتى تىزگىنلەش دېيىلىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ھەرىكەت دائىرىسى، ئۇسۇل قاتارلىقلارغا قارىتا مۇزاكىرىلىشىش، تاللاش ئۈچۈن مەلۇم دائىرە ۋە بوشلۇق قويۇپ قويۇش — كېسىم قىلىش ھەرىكىتى دېيىلىدۇ. مەمۇرىي ئورگانلار چوقۇم قانۇندا بەلگىلەنگەن تەشكىللەر ياكى بەلگىلىك قانۇنىي شەكىللەر ئارقىلىق قانۇننىڭ كۈچىنى نامايەن قىلىشى ۋە نەتىجىسىنى چىقىرىش كېرەك. بۇ قانۇنىي شەكىلگە ئىگە ھەرىكەتتۇر؛ زۆرۈر بولغان قانۇنىي شەكىللەرگە مۇراجىئەت قىلماي ئاغزاكىلا ئىپادىلەپ قويۇپ ئىجرا قىلىدىغان ھەرىكەت قانۇنىي شەكىللەرگە ئىگە بولمىغان ھەرىكەتتۇر؛ مەمۇرىي ئورگانلار قانۇن بەرگەن ھوقۇق بويىچە، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزلۈكىدىن ئېلىپ بارغان ھەرىكەت ھوقۇقتا تايىنىش ھەرىكىتى بولىدۇ. بۇ يەنە ئۆزلۈكىدىن يۈرگۈزگەن مەمۇرىي ھەرىكەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت، ئىلتىماسقا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە ئۇ مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ ياكى مەجبۇرلانغان مەمۇرىي ھەرىكەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۈنۈم كۈچى** مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ مەمۇرىي

www.uyghurkitap.com

جەھەتتىن باشقۇرغۇچىلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدە پەيدا بولغان تەسىر ۋە ئۇنۇمىنى كۆرسىتىدۇ. مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى: ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت بەلگىلەش، ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن مەجبۇرىيەتنى كەچۈرۈم قىلىش، ئىقتىدار بېرىش بىلەن ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىش، قانۇنىي ئورنىنى ئۆزگەرتىش، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ياكى ھەرىكىتىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش، ئالاھىدە بېكىتىلگەن نەرسىگە قانۇنىي خاراكتېر ئاتا قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ شەكىللىنىشى مەلۇم شارائىتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. ھەرخىل مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئورتاق شەرتلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ① ھەرىكەتنىڭ باش گەۋدىسى قانۇنلۇق بولۇش، يەنى مەمۇرىي ئورگاننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا قانۇنىي ئاساس بولۇش، مەمۇرىي باش گەۋدىلىك سالاھىيەت ھازىرلاش؛ ② ھەرىكەت مەمۇرىي ئورگاننىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە بولۇش، ھوقۇقتىن چەتنەپ كەتسە ئىناۋەتسىز بولۇش. مانا بۇ مەمۇرىي قانۇننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى؛ ③ ھەرىكەتنىڭ مەزمۇنى قانۇنلۇق بولۇش، يەنى مەزمۇنى جامائەت مەنپەئەتى ۋە قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى، ئېنىق ۋە يولغا قويغىلى بولىدىغان بولۇشى لازىم؛ ④ ھەرىكەت قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك؛ ⑤ ھەرىكەت قانۇندا بەلگىلەنگەن شەكىلگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، مەمۇرىي ھەرىكەت يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىلا، ئۇنۇم كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ ئۇنۇم كۈچى: ① بېكىتىش كۈچى، ② چەكلەش كۈچى، ③ ئىجرا قىلىش كۈچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

مەمۇرىي ھەرىكەت مەمۇرىي ھوقۇق دائىرىسىدىن ئېشىپ

كەتسە ، مەمۇري جەھەتتە ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنسا ، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلەتسە ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئۇيغۇن بولمىسا ، بىكار قىلىنىدۇ ؛ كۆچكە ئىگە بولغان مەمۇري ھەرىكەتلەرنىڭ نامۇۋاپىقلىقى بايقالسا ياكى ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۆزگەرتىلسە ياكى مەمۇري ھەرىكەت قىسمەن ئۈنۈمىنى يوقاتسا ياكى يېڭى بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولسا ، مەمۇري ھەرىكەتنىڭ ئۆزگىرىشى دەپ ئاتىلىدۇ . مەمۇري ھەرىكەت قانۇنغا خىلاپ بولغانلىقى ياكى مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى يېڭى ئەھۋاللارغا ئۇيغۇنلىشالمىغان بولسا ، مەمۇري ئورگانلار بىكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ . مەمۇري ھەرىكەت ياكى يېڭى قانۇن ـ قائىدىلەر ئورنىتىلغاندا كونكرېت ھەرىكەت ئۈنۈمى يوقىلىدۇ ياكى قارىتىلغان ئوبيېكتى مەۋجۇت بولمىغانلىقىدىن يوقىلىدۇ ياكى مەمۇري جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچىغا بېكىتىپ بېرىلگەن مەجبۇرىيەت تولۇق ئورۇندالغان بولسا يوقىلىدۇ .

4 . مەمۇري قانۇني مۇناسىۋەتلەر دۆلەتنىڭ مەمۇري ئورگانلىرى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا پەيدا بولىدۇ ياكى دۆلەتنىڭ مەمۇري ئورگانلىرى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ .

مەمۇري قانۇني مۇناسىۋەتلەردە يۈز بەرگەن تالاش ـ تارتىش ۋە ماجىرالارنى دۆلىتىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرىدە ئادەتتىكى ئەھۋالدا مەمۇري جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى ئالدى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇري ئورگانلارغا ياكى قانۇن ، قانۇن ـ قائىدىلەرنى بەلگىلەيدىغان ئورگانلارغا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ . ئەگەر قايتا قاراپ چىقىش قارارىغا قايىل بولمىسا ، ئاندىن سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ . شۇنداقلا ، بىۋاستە سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسىمۇ بولىدۇ .

## 4 . مەمۇري قانۇننىڭ ئاساسي پرىنسىپى

مەمۇري قانۇننىڭ ئاساسي پرىنسىپى دۆلەتنىڭ مەمۇري ئورگان پائالىيىتىنىڭ بارلىق ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، مەمۇري قانۇن ـ قائىدىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئورتاق پرىنسىپلاردىن ئىبارەت . مەمۇري قانۇننىڭ ئاساسي پرىنسىپى مەمۇري قانۇنلۇق بولۇش پرىنسىپى، مەمۇري مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى ۋە مەمۇري جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش پرىنسىپى قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ .

1 . مەمۇري قانۇنلۇق بولۇش پرىنسىپى

مەمۇري قانۇنلۇق بولۇش پرىنسىپى يەنە قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت پرىنسىپى ياكى مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پرىنسىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ دېگەنلىك مەمۇري پائالىيەتلەر قانۇننى ئاساس قىلىش، قانۇن بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت . كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مەمۇري قانۇنلۇق بولۇش پرىنسىپى بارلىق مەمۇري قانۇن مۇناسىۋەتلىرىدىن مەمۇري قانۇن ـ قائىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىشنى ھەمدە ئىجرا قىلىشنى، بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ قانۇننى ئاساس قىلىشنى، قانۇننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشنى، ھەرقانداق مەمۇري قانۇن مۇناسىۋەت باش گەۋدىسىنىڭ قانۇندىن تاشقىرى ئالاھىدە ئىمتىيازىنىڭ يوقلۇقىنى، ھوقۇقتىن چەتنىگەن ھەرىكەتلەر ئىناۋەتسىز ھەرىكەت بولۇپ، مەمۇري قانۇن ـ قائىدىلەرگە خىلاپ ھەرىكەتلەر مۇناسىپ قانۇنىي ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى، بارلىق قانۇنغا خىلاپ مەمۇري باش گەۋدىلەر مۇناسىپ ھالدىكى قانۇني مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ .

2 . مەمۇري مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى

مەمۇري مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى دېگىنىمىز، مەمۇري قانۇن مۇناسىۋەتلىرىگە بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشىنىڭ ھەرىكىتى، بولۇپمۇ مەمۇري ئورگاننىڭ ھەرىكىتى قانۇنلۇق بولۇپلا

قالماستىن ، بەلكى يەنە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك . يەنى مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئەركىن كېسىم قىلىش ھەرىكىتى ئەقىلغە مۇۋاپىق بولۇش دېگەنلىكتۇر . چۈنكى قانۇندىن بارلىق مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىگە كونكرېت ، تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىشنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس ، شۇنداقلا رېئال ئەمەس ، بۇ مەمۇرىي ئورگانلارغا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ماس ھەرىكەت قوللىنىشى ئۈچۈن مەلۇم ئەركىن كېسىم ھوقۇقى بېرىلگەن ، ئەمما پەقەت مەمۇرىي قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇش پرىنسىپى بىلەنلا ئەركىن كېسىم قىلىش ھوقۇقىنى چەكلەش يېتەرلىك ئەمەس ، چوقۇم مەمۇرىي مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى ئارقىلىق چەكلەش كېرەك . مەمۇرىي مۇۋاپىق بولۇش : مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ قانۇننىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى ، قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ مۇۋاپىق مۇددىئاسى بولۇشىنى ، مەمۇرىي ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتسىز ئامىللارنى ئويلاشماي ، مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنى ئويلىشىش لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ .

3 . مەمۇرىي جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش پرىنسىپى

مەمۇرىي جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش پرىنسىپى دېگىنىمىز ، بەزى ئالاھىدە جىددىي ئەھۋالدا ، دۆلەت بىخەتەرلىكى ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە جامائەت مەنپەئەتى ئالاھىدە ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ ، مەمۇرىي ئورگانلار چەكلەش شەرتى ئاستىدا ، قانۇن ئاساسى بولمىغان ياكى قانۇن بىلەن زىت كېلىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ . كونكرېت ئېيتقاندا ، ئاساسىي قانۇن ، قانۇن ـ تۈزۈملەر نورمال يۈرگۈزۈلۈش قىيىن بولغاندا ، مەمۇرىي ئورگانلار زۆرۈر بولغان جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ . بۇ تەدبىرلەرنىڭ قانۇن ئاساسى بولمىسا ياكى قانۇن بىلەن زىت بولسىمۇ ، ئۇنىمى بار دەپ قارىلىشى زۆرۈر . لېكىن جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش تەدبىرلىرى ئادەتتە تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك : ① ئېنىق ، خاتاسىز بولغان جىددىي خەۋپ ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇش ؛ ②

غەيرىي قانۇنىي ئورگان جىددىي تەدبىر قوللىنىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن، ئىشتىن كېيىن ھوقۇقلۇق ئورگان بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش؛ ③ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش تەدبىرى، ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك؛ ④ جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش تەدبىرى ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مۇۋاپىق بولۇشى، ئۇنىڭ ئەكس تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ياكى دائىرىدە كونترول قىلىش كېرەك.

ئومۇمەن، مەمۇرىي قانۇنلۇق بولۇش مەمۇرىي مۇۋاپىق بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، مەمۇرىي مۇۋاپىق بولۇش مەمۇرىي قانۇنلۇق بولۇشنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى، ئىككىسىنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇشقا، ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئىككىسى ئورگانىك بىرىكىدۇ. ئەمما مەمۇرىي جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش پرىنسىپى قانۇنلۇق بولۇش پرىنسىپى بىلەن مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپىنىڭ پەۋقۇلئاددە پرىنسىپى، ئۇ مەمۇرىينى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پرىنسىپىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ مەمۇرىينى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پرىنسىپىنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىم مەزمۇنى.

## 2 § . مائارىپ مەمۇرىي قانۇنى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

### 1 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى»

1995 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 -

يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى» دۆلىتىمىز تارىخىدا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن مائارىپقا ئائىت تۇنجى قېتىملىق تۈپ قانۇندۇر. مائارىپ قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى مائارىپنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك مائارىپ تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلۇغ ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. مائارىپنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى

مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. «مائارىپ قانۇنى» دۆلەتنىڭ مالىيە خاراكتېرلىك مائارىپ راسخوتى چىقىمىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي قىممىتىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مائارىپقا مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش ئارقىلىق مائارىپنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قانۇنچىلىق ئىزىغا كىرگۈزدى.

2. دۆلەتنىڭ مائارىپ قانۇنىنى ئېنىق بەلگىلىدى

مائارىپنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئەخلاقى، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن



www.uyghurkitap.com

ئەتراپلىق يېتىشكەن سوتسىيالىزم ئىشلىرى قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش لازىم. بۇ بەلگىلىمە دۆلىتىمىز مائارىپىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت باش مەقسەتنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇش ئارقىلىق، مائارىپنىڭ ئىقتىساسلىقلارنى يېتىلدۈرۈش، يەنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېنىق بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇنداق ئىقتىساسلىقلارنىڭ ئۆلچىمىنى، يەنى ئەخلاقى، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق تەربىيىلەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مائارىپنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن تاشقىرى، مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش ھەمدە تەربىيىلەنگۈچىلەر ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش، غايە، ئەخلاق، ئىنتىزام، قانۇن - تۈزۈم، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

3. مائارىپنىڭ ئاساسىي تۈزۈملىرى

1) مەكتەپ مائارىپى تۈزۈمى. دۆلەت مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيە، باشلانغۇچ مائارىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ، ئالىي مائارىپتىن ئىبارەت مەكتەپ مائارىپى تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

2 ) مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمى . دۆلەت توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ . ھۆكۈمەت ، مەكتەپ ، ئائىلە باشلىقى ۋە ئالاقىدار ئىجتىمائىي تەشكىلات ھەم شەخسلەرنىڭ مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش مەجبۇرىيىتى بار .

3 ) كەسپىي مائارىپ تۈزۈمى . ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ، ئالاقىدار مەمۇرىي تارماقلار ۋە كارخانا كەسپىي تەشكىلاتلار تەدبىر قوللىنىپ ، پۇقرالارنىڭ كەسپىي مەكتەپ تەربىيىسىنى ياكى ھەرخىل شەكىلدىكى كەسپىي تەلىم - تەربىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇشى ۋە كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك .

4 ) چوڭلار مائارىپى تۈزۈمى . دۆلەت تۈرلۈك شەكىلدىكى چوڭلار مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ ، پۇقرالارنى كۆپ خىل شەكىلدىكى سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، ئىلىم - پەن ، تېخنىكا ، كەسىپ تەربىيىسى ۋە ئۆمۈرلۈك تەربىيىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ .

5 ) دۆلەت مائارىپى ئىمتىھان تۈزۈمى . دۆلەت دۆلەت مائارىپى ئىمتىھان تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ . گوۋۇيۈەننىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى دۆلەت مائارىپى ئىمتىھانىنىڭ تۈرلىرىنى بېكىتىدۇ . ئىمتىھان ئىشلىرىنى دۆلەت تەستىقلىغان مائارىپ ئىمتىھانىنى ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى ئىجرا قىلىدۇ .

6 ) ئوقۇش گۇۋاھنامىسى تۈزۈمى . دۆلەت تەستىقلىغان ياكى ئېتىراپ قىلغان مەكتەپ ۋە باشقا ئوقۇتۇش تارماقلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئوقۇش گۇۋاھنامىسى تارقىتىدۇ .

7 ) ئىلمىي ئۇنۋان تۈزۈمى . ئىلمىي ئۇنۋان بېرىش

تارماقلىرى قانۇنغا ئاساسەن بەلگىلىك بىلىم سەۋىيىسىگە ياكى كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسىگە يەتكەنلەرگە مۇناسىپ ئىلمىي ئۇنۋان بېرىپ، ئىلمىي گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىدۇ.

8) ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپ تۈزۈمى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى خاراكتېرىدىكى ئاپتونومىيىلىك تەشكىلاتلار ۋە كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلار تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان پۇقرالار ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

9) مائارىپ مۇپەتتىشلىكى تۈزۈمى ۋە مەكتەپ ھەم باشقا ئوقۇتۇش ئورگانلىرىنىڭ مائارىپنى باھالاش تۈزۈمى.

4. مائارىپ مۇناسىۋىتىدىكى سۇبيېكتلارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى

1) مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى

مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ھوقۇقى: نىزامنامىگە ئاساسەن ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇپ باشقۇرۇش؛ تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ۋە يولغا قويۇش؛ ئوقۇغۇچى ۋە باشقا تەربىيىلەنگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىش؛ تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش؛ تەربىيىلەنگۈچىلەرگە قارىتا مۇكاپاتلاش ياكى چارە كۆرۈش تەدبىرىنى يولغا قويۇش؛ تەربىيىلەنگۈچىلەرگە مۇناسىپ ئوقۇش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىش؛ ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا خىزمەتچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، مۇكاپاتلاش، جازالاشنى يولغا قويۇش؛ ئۆز تارمىقىنىڭ ئەسلىھەلىرى ۋە راسخوتىنى

باشقۇرۇش ؛ ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا قانۇنسىز ئارىلىشىشىنى رەت قىلىش ؛ قانۇن ، قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا ھوقۇقلارنى يۈرگۈزۈش .

مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى : قانۇن ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش ؛ دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ، دۆلەتنىڭ تەربىيەلەش ۋە ئوقۇتۇش ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىش ، تەلىم ـ تەربىيە ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ، تەربىيەلەنگۈچى ، ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ؛ مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن تەربىيەلەنگۈچى ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيلىرىنىڭ تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ۋە ئالاقىدار ئەھۋالىنى بىلىشىگە قولايلىق يارىتىش ؛ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ھەق ئېلىش ۋە ھەق ئېلىنىغان تۈرلەرنى ئاشكارىلاشتۇرۇش ، قانۇن بويىچە نازارەتنى قوبۇل قىلىش .

2 ) ئوقۇتقۇچىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» دا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىگە قارىتا ئېنىق بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى ( «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نىڭ مەزمۇنىغا قارالسۇن ) .

3 ) تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى

تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھوقۇقى : تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش پىلانىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ، تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ، ئۈسكۈنىلىرى ، كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ؛ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئوقۇش مۇكاپاتى ، ئوقۇش قەرز پۇلى ، ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىش ؛ ئوقۇش نەتىجىسى

ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردە ئادىل باھالىنىشقا ئېرىشىش، بەلگىلەنگەن ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، مۇناسىپ ئوقۇش گۇۋاھنامىسى، ئىلمىي ئۇنۋان گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشىش؛ مەكتەپ بەرگەن جازاغا قايىل بولمىسا، ئالاقىدار ئورۇنلارغا ئەرز قىلىش، ئۆزىنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال - مۈلۈك ھوقۇقى قاتارلىق قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا كىشى دەخلى - تەرۇز قىلسا، ئەرز قىلىش ياكى قانۇنغا ئاساسەن دەۋا قىلىش؛ يۇقىرىقىلاردىن سىرت، يەنە قانۇن - قائىدىلەردە بەلگىلەنگەن باشقا ھوقۇقلىرىمۇ بار.

تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى: قانۇن، قانۇن - نىزاملارغا رىئايە قىلىش؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، ياخشى ئىدىيىۋى ئەخلاق ۋە ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش؛ تىرىشىپ ئۆگىنىپ بەلگىلەنگەن ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش؛ ئۆز مەكتىپىنىڭ ۋە باشقا مائارىپ تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىگە رىئايە قىلىش.

**2. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي مائارىپ قانۇنى»**

1998 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالىي مائارىپ قانۇنى» ماقۇللاندى (تۆۋەندە «ئالىي مائارىپ قانۇنى» دېيىلىدۇ). بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ مۇناسىۋەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەڭشەش توغرىسىدىكى تۇنجى قانۇندۇر.

1. ئالىي مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي تۈزۈملىرى

«ئالىي مائارىپ قانۇنى» دا، دۆلەت ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇندا بېكىتىلگەن

ئاساسىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئالىي مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە يۇقىرى دەرىجىلىك مەخسۇس ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

«ئالىي مائارىپ قانۇنى» دا، دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ ئوقۇش تارىخى مائارىپى ۋە غەيرىي ئوقۇش تارىخى مائارىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئوقۇش تارىخى مائارىپى مەخسۇس كۇرس مائارىپى، تولۇق كۇرس مائارىپى ۋە ئاسپىرانت مائارىپىغا بۆلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ھەمدە ماس ھالدىكى كەسىپ ئۆلچىمى، ئوقۇش مۇددىتى، مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئوقۇشقا كىرىش سالاھىيەت مەسىلىسى قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم بەلگىلەنگەن؛ ئالىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى، ئىلتىماس قىلىش رەسمىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نىزامنامىسى قاتارلىق ئىشلار بەلگىلەنگەن. يەنە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقات ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، تەلىم - تەربىيە ئوقۇش - ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ دۆلەتنىڭ بەلگىلىگەن ئۆلچىمىگە يېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن؛ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن.

«ئالىي مائارىپ قانۇنى» دا مەكتەپلەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئاساسىي قاتلام كومىتېتى رەھبەرلىكى ئاستىدىكى مەكتەپ مۇدىرى



www.uyghurkitap.com

مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن؛ ئىلىم ھەيئىتى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرى: ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە باشقا مائارىپ خىزمەتچىلىرى ئىچىدىكى ئوقۇتقۇچى سالاھىيىتى تۈزۈمى، ۋەزىپە تۈزۈمى، تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى، مائارىپ خىزمەتچىلىرى تۈزۈمى، شۇنىڭدەك ئوقۇتقۇچى، باشقۇرغۇچى خادىملار، ئوقۇتۇش ياردەمچى خادىملىرى، باشقا كەسپىي تېخنىكا خادىملار ئوقۇتۇش ۋە ئىقتىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن.

2. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى

«ئالىي مائارىپ قانۇنى» نىڭ «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» دېگەن بابىدا: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ۋە بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى: ئوقۇغۇچىلار قانۇن نىزاملارغا رىئايە قىلىشى، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەت قائىدىسىگە ۋە مەكتەپنىڭ تۈرلۈك قائىدە- تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشى، ئۇستازلارغا ھۆرمەت قىلىشى، تىرىشىپ ئۆگىنىشى، تەن ساغلاملىقىنى كۈچەيتىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق ۋە سوتسىيالىزملىق ئىدىيە تۇرغۇزۇشى، ماركسىزىم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ياخشى بولغان ئىدىيە ئەخلاققا ئىگە بولغان بولۇشى، بىر قەدەر يۇقىرى پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەتنى ئىگىلىشى كېرەك. شۇنداقلا، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇشى لازىم.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھوقۇقى : ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتى ، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ . ئائىلە ئىقتىسادىدا قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ياردەم پۇلى تەلەپ قىلسا ياكى ئوقۇش پۇلىنى ئازايتىشنى ياكى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ . ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە قاتناشسا بولىدۇ . لېكىن ئوقۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ . ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قۇرۇشقا بولىدۇ . ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قانۇن ـ نىزام بەلگىلىگەن دائىرە ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشى ، مەكتەپنىڭ رەھبەرلىكى ۋە باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى كېرەك . ئوقۇغۇچىلار ئىدىيە ، ئەخلاق جەھەتتە لاياقەتلىك بولۇپ ، بەلگىلەنگەن ئوقۇش مۇددىتى ئىچىدە بەلگىلەنگەن دەرسلىكنى ئوقۇپ تۈگىتىپ ، نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغان ياكى مۇناسىپ ئوقۇش نومۇرىغا ئېرىشكەنلەر ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ .

### 3 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»

1993 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سەككىزىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا : «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» ماقۇللاندى (تۆۋەندە «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ ) . بۇ دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىلار توغرىسىدىكى قانۇندۇر . بۇ قانۇن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىپ ، ئىدىيە ـ ئەخلاق جەھەتتە ياخشى تەربىيىلىنىشىگە ۋە كەسپىي سۈپەتكە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىپ ، سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىنىڭ

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلدى.

1 . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھوقۇقى

«ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن، ئوقۇتقۇچىلار تۆۋەندىكى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ: ① تەلىم ـ تەربىيە، ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش، تەلىم ـ تەربىيە، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ۋە تەجرىبىسىنى قانات يايدۇرۇش؛ ② ئىلمىي ـ تەتقىقات، ئىلىم ئالماشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش، كەسپىي ئىلىم تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىپ، ئىلىم پائالىيەتلىرىدە تولۇق پىكىر بايان قىلىش؛ ③ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ۋە يېتىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق ۋە ئۆگىنىش نەتىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش؛ ④ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا ئېلىش، دۆلەت بەلگىلىگەن پاراۋانلىق تەمىناتى، شۇنداقلا قىشلىق، يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ئىش ھەققى ئېلىپ دەم ئېلىشتىن بەھرىمەن بولۇش؛ ⑤ مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيە، ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە ۋە مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە قارىتا پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىش، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى باشقا شەكىللەر ئارقىلىق، مەكتەپنى دېموكراتىك باشقۇرۇشقا قاتنىشىش؛ ⑥ بىلىم ئاشۇرۇش ياكى باشقا شەكىلدىكى تەربىيىلىنىشلەرگە قاتنىشىش.

2 . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى

ئوقۇتقۇچىلار تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك: ① ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا ۋە كەسپىي ئەخلاققا رىئايە قىلىپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش؛ ② دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، قائىدە ـ تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىش، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىنى ئىجرا قىلىش، ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ئەھدىنامىسىنى ئادا قىلىش، تەلىم

- تەربىيە ، ئوقۇتۇش خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ؛ ③ ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پرىنسىپ تەربىيىسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ، قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ، شۇنداقلا ئىدىيە - ئەخلاق ، مەدەنىيەت ، پەن - تېخنىكا تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ، ئوقۇغۇچىلارنى پايدىلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش ؛ ④ بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئۇلارنى ئاسراش ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ھۆرمەتلەپ ، ئەخلاق پەزىلەت ، زېھنىي كۈچ ، بەدەن سۈپىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ؛ ⑤ ئوقۇغۇچىلارغا زىيانلىق ھەرىكەتلەرنى ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان باشقا ھەرىكەتلەرنى چەكلەش ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە زىيانلىق ئەھۋاللارنى تەنقىد قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ؛ ⑥ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيە ، سىياسىي ئېڭى ۋە تەلىم - تەربىيە ئوقۇتۇش كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش .

## 4 . «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ تەرتىپىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە»

سابىق دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى 1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ تەرتىپىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلىپ ، شۇ كۈندىن باشلاپ يولغا قويىدى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بەلگىلىمە» دەپ ئاتىلىدۇ ) .

1 . ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ تەرتىپىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى

ئادەم تەربىيىلەش مۇھىتىنى ياخشىلاش ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ، ئوقۇتۇشنى قوغداش ، پەن تەتقىقات ، تۇرمۇش تەرتىپىنى ۋە تىنچ ، ئىتتىپاقلىق كەيپىياتىنى بەرپا قىلىش ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەخسۇس بىلىم ئەھلىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشقا پايدىلىق بولغان مەكتەپ تەرتىپىنى تۇرغۇزۇش — «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ تەرتىپىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە» نى تۈزۈشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىدىن ئىبارەت .

2 . مەكتەپكە كىرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە

مەكتەپكە كىرگەن خادىملار مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىق كېنىشكىسى ، خىزمەت كېنىشكىسى ، دەرس ئاڭلاش كېنىشكىسى ياكى مەكتەپ تارقىتىپ بەرگەن باشقا ئىزناك ، گۇۋاھنامىلەرنى بىرگە ئېلىپ كېلىشى لازىم . ئىسپاتى يوق خادىملار دەرۋازا قوغدىغۇچىلارغا تىزىملاتقاندىن كېيىن مەكتەپ ئىچىگە كىرىشكە بولىدۇ . دۆلەت ئىچىدىكى مۇخبىرلار مەكتەپكە كىرىپ زىيارەت قىلماقچى بولسا ، مۇخبىرلىق كېنىشكىسى بىلەن زىيارەت قىلىش توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئېلىپ ، مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا ئۇقتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ، مەكتەپكە كىرىپ زىيارەت قىلىشقا بولىدۇ . چەت ئەللىك مۇخبىرلار ۋە شياڭگاڭ ، ئاۋمېن ، تەيۋەنلىك مۇخبىرلار مەكتەپكە كىرىپ زىيارەت قىلماقچى بولسا ، مەكتەپ تۇرۇشلۇق ئۆلكىلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تاشقى ئىشلار ئورگانلىرى ياكى شياڭگاڭ ، ئاۋمېن ، تەيۋەن ئىشخانىلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە مۇخبىرلىق كېنىشكىسى ئېلىپ ھەمدە مەكتەپكە كىرىپ زىيارەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەكتەپنىڭ تاشقى ئىشلار ئورگىنى بىلەن ئالاقىلىشىپ

رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن ، مەكتەپكە كىرىپ زىيارەت قىلىشقا بولىدۇ . مەكتەپكە كىرگەن خادىملار قانۇن ـ قائىدىلەر ۋە ئىنتىزاملارغا ، مەكتەپنىڭ تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇشى لازىم . ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىق ، مەكتەپ ئامانلىق تەرتىپىگە زىيان سالماسلىقى لازىم . ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى چەت ئەللىك ، شياڭگاڭ ، ئاۋمېنلىق ، تەيۋەنلىك كىشىلەرنى مەكتەپكە كېلىپ تۇغقان يوقلاشقا تەكلىپ قىلغان بولسا ، مەكتەپ دەرۋازا خادىملىرىغا تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى ئۆتىگەندىن كېيىن ، مەكتەپكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ .

3 . سىرتتىن كەلگەنلەرنى قوندۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە

ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇش سورۇنى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ شەخسىي ئۆيى ئەمەس . شۇڭا ، ئادەتتە سىرتتىن كەلگەنلەرنى ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدا قوندۇرۇشقا بولمايدۇ . ئالاھىدە ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قوندۇرۇپ قىلىشقا بولىدۇ . قوندۇرۇپ قالغاندىمۇ تىزىملىتىش ، ياتاقتىن چىقىپ مەكتەپتىن ئايرىلغاندىمۇ تىزىملىتىش لازىم . ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدا يات جىنسلىقلارنى قوندۇرۇشقا بولمايدۇ .

4 . مەكتەپ ئىچىدىكى پائالىيەتلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمە

ئۇقتۇرۇش ، ئېلان ، مۇراجىئەت قاتارلىقلارنى مەكتەپ بەلگىلىگەن ياكى رۇخسەت قىلغان جايلارغا چاپلاش لازىم . تەشۋىقات بۇيۇملىرى ، مەتبەئە بۇيۇملىرىنى تارقىتىشتا چوقۇم مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىنىڭ قوشۇلۇشىنى ئېلىش كېرەك . مەكتەپ قورۇسىدا قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى ،

شۇنىڭدەك ئاۋاز ياڭراتقۇ، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۈسكۈنىلىرىنى ئورناتقۇچىلار ياكى مەكتەپنىڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەتكۈچىلەر مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىشىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. مەكتەپ ئىچىدە يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى لېكسىيە سۆزلەش، دوكلات بېرىش قاتارلىق زال ئىچى پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىگۈچىلەر 72 سائەت ئىلگىرى مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا ئىلتىماس قىلىش لازىم. رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ. يىغىلىش، نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىقلار دۆلەت مائارىپ فاڭجېنىغا ۋە قانۇن ـ تۈزۈم، قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا قارشى چىقماسلىقى، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرماسلىق، دۆلەت مۈلكى ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتلىرىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك كېرەك. لېكسىيە، دوكلات قاتارلىقلار دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن تۆت پرىنسىپلارغا قارشى بولماسلىقى، دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىغا خىلاپ بولماسلىقى، فېئوداللىق كۆز قاراشلارنى تەشۋىق قىلماسلىقى، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماسلىقى، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، تەتقىقات ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى قالايمىقان قىلماسلىقى كېرەك؛ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قىمار ئوينايدىغان، ھاراق ئىچىدىغان، ئۇرۇش ـ ماجرا تۇغدۇرىدىغان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن باشقا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان قىلمىشلارنى چەكلەش كېرەك؛ تىجارەت كېنىشكىسى يوق كىشىلەرنىڭ مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە سودا

www.uyghurkitap.com

ـ سىتىق قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ . مەكتەپ ئىچىدە ئىجتىمائىي تەشكىلاتقا ياتمايدىغان تەشكىلاتلارنى قۇرماقچى بولسا مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا تەستىقلىتىش كېرەك . تەستىقلاتمىغانلار پائالىيەت ئېلىپ بارماسلىق ۋە تەشكىلات قۇرماسلىقى كېرەك . مەكتەپ ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتقا ياتمايدىغان تەشكىلاتلار ۋە مەكتەپ ئىچىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللار قانۇن ـ مىزان تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىش ، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ، مەكتەپ تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىش ، مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىش ، ئومۇمىي پرىنسىپتىن چەتنىگەن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك .

5 . «بەلگىلىمە» گە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى

(1) بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان ، نەسىھەت قىلىسىمۇ ياكى چەكلىسىمۇ يەنىلا ئۆزگەرمىگەن ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەن ئەھۋالى يېنىكرەك بولسا ، مەكتەپ مەمۇرىي جازا ياكى ئىنتىزام جازاسى بەرسە بولىدۇ .

(2) ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىشلارنى شەكىللەندۈرگەنلەرگە قارىتا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ .

(3) ئەھۋالى ئېغىر بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنى ئەدلىيە ئورۇنلىرى بىر تەرەپ قىلىدۇ .

(4) بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان ، نەسىھەت قىلىسىمۇ ، چەكلىسىمۇ ئۆزگەرمىگەن ، مەكتەپ سىرتىدىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ، جامائەت خەۋپسىزلىك ، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئەھۋالغا قاراپ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ .

## § 3 . باشقا بىرقانچە مەمۇرىي قانۇنلار توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

### 1 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى»

دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھاكىمىيىتىنى قوغداش ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئېشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن 1993 - يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - يىغىنىدا : «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك قانۇنى» ماقۇللاندى ھەم ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى . بۇ قانۇندا دۆلەت خەۋپسىزلىكگە زىيان ھەرىكەتلەر ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك خىزمىتىدىكى ھوقۇقى ، پۇقرالار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشتىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى ، شۇنىڭدەك قانۇنىي جاۋابكارلىقى قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەنگەن .

1 . دۆلەت خەۋپسىزلىكگە زىيانلىق ھەرىكەتلەر

بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەت خەۋپسىزلىكگە زىيانلىق ھەرىكەت دېگىنىمىز ، چېگرا سىرتىدىكى ئاپپاراتلار ، تەشكىلاتلار ، شەخسلەر ئېلىپ بارغان ياكى ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى ، ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن باشقىلار

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بارغان ياكى چېگرا ئىچىدىكى تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر
چېگرا سىرتىدىكى ئاپپاراتلار ، تەشكىلاتلار، شەخسلەر بىلەن
ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ئېلىپ بارغان جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان
تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ : ① ھۆكۈمەتنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ، دۆلەتنى پارچىلاشقا ، سوتسىيالىستىك
تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا سۇيىقەست قىلغانلار ؛ ②
جاسۇسلۇق تەشكىلاتقا قاتناشقان ياكى جاسۇسلۇق تەشكىلات ۋە
ئۇنىڭ ۋەكالەتچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغانلار ؛ ③
دۆلەتنىڭ مەخپىيىتىنى ئوغۇرلىغان ، تىڭتىڭلىغان ، باشقىلارغا
ساتقان ، قانۇنسىز يەتكۈزۈپ بەرگەنلەر ؛ ④ دۆلەت خادىملىرىنى
ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتقان ، ئازدۇرغان ۋە سېتىلدۇرغانلار ؛
⑤ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيانلىق بولغان باشقا بۇزغۇنچىلىق
ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغانلار ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە پۇقرا
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان
يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارسا ، جەزمەن قانۇنىي
جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ . دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى
قوللىغان ، ئۇنىڭغا ھەمكارلاشقان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى
قوغدايدۇ ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشتا زور تۆھپىسى
بولغانلارنى تەقدىرلەيدۇ .

2 . پۇقرالار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى
قوغداش بۇرچى ۋە ھوقۇقى

(1) پۇقرالار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ بۇرچى

دۆلەت خەۋپسىزلىك قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن :
كوللېكتىپ ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئۆز ئورنىدىكى خادىملارغا
دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ
بېرىشى ، ئۆز ئورنىدىكى خادىملارنى دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە
زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ، توسۇشقا

سەپەرۋەر قىلىشى ، تەشكىللىشى كېرەك ؛ پۇقرالار ۋە تەشكىلاتلار دۆلەت خەۋپسىزلىك خىزمىتىگە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشى ياكى ھەمكارلىشىشى ، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە زىيانلىق ھەرىكەتلەرنى بايقىسا ، دەل ۋاقتىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ياكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىغا بىۋاستە ياكى تەشكىل ئارقىلىق مەلۇم قىلىشى كېرەك . پۇقرالار ۋە ئالاقىدار تەشكىلاتلار دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىغا ئالاقىدار ئەھۋال ۋە دەلىل ئىسپاتلارنى ئەينەن تەمىنلىشى كېرەك . رەت قىلىشقا بولمايدۇ . ھەرقانداق پۇقرا ۋە تەشكىلاتلار ئۆزلىرى بىلىدىغان دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە ئائىت مەخپىيەتلىكنى ساقلىشى كېرەك . ئۇلارنىڭ قانۇنسىز ھالدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ئائىت ھۆججەت ماتېرىيال ۋە باشقا بۇيۇملارنى ساقلىشىغا بولمايدۇ . قانۇنسىز ھالدا ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاش ، ئوغۇرلۇقچە رەسىم تارتىش قاتارلىق مەخسۇس جاسۇسلۇقتا ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلارنى ساقلىشىغا ، ئىشلىتىشىگە بولمايدۇ .

(2) پۇقرالار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ھوقۇقى

ھەرقانداق پۇقرا ۋە تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ۋە خادىملارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن چەتنەپ ، ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتكەن ۋە باشقا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھەرىكەتلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىغا ياكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا پاش قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ھوقۇقى بار . يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ياكى ئالاقىدار تارماقلار دەل ۋاقتىدا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ ، بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك . دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ خىزمىتىگە ھەمكارلاشقان ياكى قانۇن بويىچە پاش قىلغان ، شىكايەت قىلغان پۇقرالار ۋە تەشكىلاتلارغا قارىتا ،

ھەرقانداق ئادەمنىڭ بېسىم ئىشلىتىشى ۋە زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ .

www.uyghurkitap.com

## 2 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش قانۇنى»

7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنى 1989 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش قانۇنى» نى تۈزدى (تۆۋەندە «يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش قانۇنى» دېيىلىدۇ ) .

1 . «يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش قانۇنى» نىڭ چىقىرىلىشىدىكى مەقسەت

جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە جامائەت تەرتىپىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا پۇقرالارنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش .

قانۇن پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . دۆلەت پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق ھالدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، قانۇنسىز يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى چەكلەيدۇ . قانۇننىڭ پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى

ھەرگىزمۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالارنىڭ ئۆز ئارزۇلىرىنى بۇ خىل شەكىل بىلەن بىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ .

2 . «يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش قانۇنى» نىڭ تۈپ پرىنسىپى

(1) ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى ، پۇقرالارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش ھوقۇقىغا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم .

(2) ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىردەك بولۇشى پرىنسىپى ، پۇقرالار يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش كېرەك . ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن تۈپ پرىنسىپلارغا قارشى چىقىشقا ، دۆلەت ، جەمئىيەت ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق ئەركىنلىكىگە ۋە ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ .

(3) تىنچ ئېلىپ بېرىش پرىنسىپى ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش تىنچ ئېلىپ بېرىلىشى لازىم . قورال - ياراغ ، پىچاق ياكى پارتلاتقۇچ بۇيۇملارنى ئېلىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ .

**3 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇشتىكى جازالاش نىزامى»**

1987 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇشتىكى جازالاش نىزامى» 1986 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 - يىغىنىدا ماقۇللانغان .

1 . ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىش

دېگەنلىك ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغان ، جامائەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن ، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان جامائەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان يەتكۈزگەن ، ئەمما «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا ، جىنايى جازا بېرىشكە توشمايدىغان ، لېكىن ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش ئىشلىرى بويىچە جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ .

نىزامنامىدە ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇشقا خىلاپ ھەرىكەتلەر ئاساسلىقى دەخلى - تەرۇز قىلىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن 11 تۈرگە ئايرىلىدۇ . ① جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قىلمىشى ؛ ② جامائەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشى ؛ ③ باشقىلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشى ؛ ④ ئومۇمنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال - مۈلكىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشى ؛ ⑤ ئىجتىمائىي باشقۇرۇش تەرتىپىگە زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشى ؛ ⑥ ئوت ئۆچۈرۈش ، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ؛ ⑦ قاتناش باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ؛ ⑧ نوپۇس ياكى كىملىك باشقۇرۇش ئىشلىرىغا خىلاپ قىلمىش ؛ ⑨ ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش ، پاھىشىۋازلىق قىلىش ھەمدە ئىپپەت - نومۇسنى سېتىشقا تونۇشتۇرۇش ، يوشۇرۇن پاھىشە قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش قىلمىشى ؛ ⑩ ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ ھالدا ، زەھەرلىك بۇيۇملار تەييارلىنىدىغان ئەپيۇنگۈل قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش قىلمىشى ؛ ⑪ قىمار ئويناش ياكى قىمار ئويۇنغۇچىلارغا شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىش ، شۇنداقلا شەھۋانىيلىققا دائىر كىتاب ، رەسىم ، سىنئالغۇ ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئىشلەش ،

كۆچۈرۈش ، سېتىش ، ئىجارىگە بېرىش ياكى تارقىتىش قىلمىشلىرىدىن ئىبارەت .

2 . ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش بويىچە جازالاشنىڭ ئۇقۇمى ۋە تۈرلىرى

ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش بويىچە جازالاش — ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىشنى يۈرگۈزگەن دەۋالاشقۇچىلارغا قوللىنىلىدىغان بىر خىل مەمۇرىي جازا تەدبىرى . ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش بويىچە جازالاش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئورگان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ، ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش بويىچە جازالاشنىڭ ئوبيېكتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدىكى جۇملىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاراخوت ۋە ئايرۇپىلانلىرىدىكى ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى يۈرگۈزگەن جۇڭگو پۇقرالىرى ، چەت ئەللىكلەر ياكى دۆلەت تەۋەلىكى يوقلار (قانۇندا ئالاھىدە بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا ) ھەم ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغان قانۇنىي ئىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ بىۋاستە مەسئۇللىرى ۋە ياكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملاردىن ئىبارەت .

نىزامنامىدە ئامانلىق ساقلاش بويىچە باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى ، زىيىنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن ، ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش جازاسى : ① ئاگاھلاندۇرۇش ، ② جەرىمانە قويۇش ، ③ تۇتۇپ تۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ .

3 . ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش بويىچە جازالاشنىڭ كېسىمى ۋە ئىجرا قىلىنىشى

ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش بويىچە جازالاشنىڭ كېسىمى ۋە ئىجرا قىلىنىشى ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش بويىچە جازالاشنىڭ تەرتىپىدۇر .

(1) كېسىم

كېسىم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ دەۋاگەرنىڭ

ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىش ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى، جازا بېرىش كېرەك ياكى ئەمەسلىكى، قانداق جازا بېرىش كېرەكلىكى، يېنىكلىتىپ جازا بېرىش ياكى ئېغىرلىتىپ جازا بېرىش توغرىسىدىكى قارارىنى كۆرسىتىدۇ. ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش بويىچە جازالاشنىڭ كېسىم قىلىنىشى ھوقۇقىنى دۆلەتنىڭ مەخسۇس ئورگانلىرى، شۇنداقلا قانۇن ھاۋالە قىلغان ئورگانلار يۈرگۈزىدۇ. نىزامنامىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇشقا خىلاپ بولغان قىلمىشنى جازالاشقا قارىتا ناھىيىلىك، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىك شۆبە ئىدارىلىرى ياكى ناھىيە دەرىجىلىككە تەڭ بولغان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى كېسىم چىقىرىدۇ.

(2) ئىجرا قىلىش

ئىجرا قىلىش جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان كېسىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش جازاسىنى ئىجرا قىلىدىغان ئورگان يەنىلا دۆلەتنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. كونكرېت دېلولارنى ئىجرا قىلىش خىزمىتىگە كېسىم چىقارغان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسى ياكى ھاۋالىنى قوبۇل قىلغان يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەسئۇل بولىدۇ.

## 4 . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي جازا قانۇنى»

1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ



www.uyghurkitap.com

يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي جازا قانۇنى» ماقۇللاندى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «جازا قانۇنى» دېيىلىدۇ).

«جازا قانۇنى» نى تۈزۈشتىكى مەقسەت مەمۇرىي جازانى بېكىتىش ۋە يولغا قويۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش — مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىش، جامائەت مەنپەئەتى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداش، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈندۇر.

1. مەمۇرىي جازانىڭ تۈرى ۋە بېكىتىلىشى

مەمۇرىي جازا 7 تۈرلۈك بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە: ①ئاگاھلاندۇرۇش؛ ② جەرىمانە قويۇش؛ ③ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى ۋە قانۇنسىز مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش؛ ④ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى توختىتىشقا بۇيرۇش؛ ⑤ ئىجازەتنامىنى ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قېلىش ياكى كۈچتىن قالدۇرۇش؛ ⑥ مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش؛ ⑦ قانۇن، مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلەردە بەلگىلەنگەن باشقا جازالار.

جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان مەمۇرىي جازانى پەقەت قانۇن بېكىتىدۇ. مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلەر بىلەن يەرلىك خاراكتېرلىك قانۇن ـ قائىدىلەردە بېكىتىلگەن مەمۇرىي جازانىڭ دائىرىسى ۋە مەزمۇنى توغرىسىدا «جازا قانۇنى» دا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

2. مەمۇرىي جازانى يولغا قويىدىغان ئورگان

مەمۇرىي جازانى مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقى بولغان مەمۇرىي ئورگانلار قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە يولغا قويىدۇ. گوۋۇيۈەن ياكى گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ

خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىر مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەمۇرىي ئورگانلارغا مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي جازا ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى بەلگىلىسە بولىدۇ. لېكىن پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەشتەك مەمۇرىي جازا ھوقۇقىنى پەقەت جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىلا يۈرگۈزەلەيدۇ. مەمۇرىي ئورگانلار قانۇن، قانۇن - قائىدىلەر ياكى نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ئالاقىدار تەشكىلاتلارنىڭ مەمۇرىي جازا ھوقۇقىنى يولغا قويۇشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

ھاۋالىنى قوبۇل قىلغۇچى تەشكىلات تۆۋەندىكىلەرنى ھازىرلىشى كېرەك: ① قانۇن بويىچە قۇرۇلغان جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان كەسپىي تەشكىلاتلار؛ ② ئالاقىدار قانۇن، قانۇن - قائىدە نىزاملار ۋە كەسپكە پىششىق بولغان خادىملار؛ ③ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەكشۈرۈش ياكى بېكىتىشكە توغرا كەلسە، شارائىتى بار تەشكىلاتلار ماس ھالدىكى تېخنىكا جەھەتتىن تەكشۈرۈش ياكى بېكىتىشنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

### 3. مەمۇرىي جازانىڭ تەۋەلىكى ۋە ئىشلىتىلىشى (تەتبىقلىنىشى)

مەمۇرىي جازا قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت يۈز بەرگەن جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مەمۇرىي جازا ھوقۇقىغا ئىگە مەمۇرىي ئورگاننىڭ تەۋەلىكى (باشقۇرۇشى) دە بولىدۇ. قانۇن، قانۇن - قائىدىلەردە باشقىچە بەلگىلىمە چىقىرىلغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. تەۋەلىك جەھەتتە تالاش - تارتىش يۈز بەرسە، بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي ئورگانغا تەۋەلىكىنى بېكىتىپ بېرىشكە ئىلتىماس سۇنۇش، مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي جازانى يۈرگۈزگەندە، بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى ئۆزگەرتىشكە ياكى

مۇددەت ئىچىدە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇش كېرەك . دەۋاگەرنىڭ ئوخشاش بىر قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىغا قارىتا ئىككى قېتىمدىن يۇقىرى جەرىمانە قويىدىغان مەمۇرىي جازا بېرىشكە بولمايدۇ . 14 ياشقا توشمىغانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىغا مەمۇرىي جازا بېرىشكە بولمايدۇ ؛ ئەمما ئۇنىڭ ۋەسىيسىگە تەربىيىنى كۈچەيتىشكە بۇيرۇش كېرەك ، 14 ياشقا توشقان 18 ياشقا توشمىغانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىغا قارىتا مەمۇرىي جازانى يېنىكلىتىپ ياكى ئازايتىپ بېرىش كېرەك .

جاۋابكاردا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە ، مەمۇرىي جازانى يېنىكلىتىش كېرەك : ① قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنىڭ زىيانلىق ئاقىۋىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۈگەتكەن ياكى ئازايتقان بولسا ؛ ② باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت سادىر قىلغانلار ؛ ③ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ماسلاشقان ، خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بارلار .

قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى يېنىك بولغان ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا تۈزەتكەن ، زىيانلىق ئاقىۋىتى بولمىغانلارغا مەمۇرىي جازا بېرىلمەيدۇ . قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى ئىككى يىل ئىچىدە بايقالمىغانلارغا قايتا مەمۇرىي جازا بېرىلمەيدۇ . قانۇندا باشقا بەلگىلىمە چىقىرىلغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا .

4 . مەمۇرىي جازانىڭ بېكىتىلىشى

پۇقرالار ، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تەرتىپىگە خىلاپ قىلمىشلىرىغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىشكە توغرا كەلسە ، مەمۇرىي ئورگانلار پاكىتنى تەكشۈرۈپ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك . قانۇنغا خىلاپ پاكىتى ئېنىق بولمىغانلىرىغا مەمۇرىي جازا بېرىشكە بولمايدۇ . مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي جازانى بېكىتىشتىن ئىلگىرى دەۋاگەرگە قانۇنىي جازا بېرىشنىڭ پاكىتلىرى ، سەۋەبى ۋە

ئاساسىنى ، شۇنداقلا دەۋاگەرنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك . دەۋاگەر بايان قىلىشقا ۋە ئۆزىنى ئاقلاشقا ھوقۇقلۇق . مەمۇرىي ئورگانلار دەۋاگەرنىڭ پىكىرىنى تولۇق ئاڭلاش ، دەۋاگەر ئوتتۇرىغا قويغان پاكىت ، سەۋەب ۋە ئىسپاتلارغا يېڭىۋاشتىن قاراپ چىقىش كېرەك . دەۋاگەر ئوتتۇرىغا قويغان پاكىت ، سەۋەب ياكى ئىسپات پۇت تىرەپ تۇرالىسا ، مەمۇرىي ئورگانلار ئۇنى قوبۇل قىلىشى لازىم . دەۋاگەرنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى سەۋەبىدىن جازانى ئېغىرلىتىشقا بولمايدۇ .

5 . مەمۇرىي جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى

مەمۇرىي جازا قارار قىلىنغاندىن كېيىن ، دەۋاگەر مەمۇرىي جازا قارارىدا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئادا قىلىش كېرەك . دەۋاگەر مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولماي ، مەمۇرىي قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغان ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلغان بولسا ، مەمۇرىي جازانى ئىجرا قىلىش توختىتىلمايدۇ ، قانۇندا باشقىچە بەلگىلىمە چىقىرىلغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا .

6 . قانۇنىي جاۋابكارلىق

«جازا قانۇنى» دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن : مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي جازانى يولغا قويغاندا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان ياكى ئالاقىدار تارماقلار ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇيدۇ . بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىم ۋە باشقا بىۋاستە مەسئۇل خادىملارغا جازا بېرىشكە بولىدۇ : ① قانۇندا بەلگىلەنگەن مەمۇرىي جازا بېرىش پاكىتى يوقلار ؛ ② مەمۇرىي جازانىڭ تۈرى ۋە سالمىقىنى خالىغانچە ئۆزگەرتكەنلەر ؛ ③ جازانى ھاۋالە قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلار .

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

1 . مەمۇري قانۇن دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى مەمۇري قانۇن مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدۇ؟

2 . مەمۇري قانۇننىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى قايسىلار؟

3 . دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ فاكتېنىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

4 . ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى قايسى؟

5 . دۆلىتىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى نېمە؟

6 . «دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى»نى تۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

7 . «يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كوچ كۆرسىتىش قانۇنى» نىڭ قانۇن چىقىرىش مەقسىتىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

8 . ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا خىلاپ ھەرىكەت دېگەن نېمە؟

9 . «مەمۇري جازا قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن مەمۇري جازانىڭ سۇبيېكتى ۋە مەمۇري جازانىڭ ئاددىي تەرتىپى نېمە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بەشىنچى باب ھەق تەلەپ قانۇن ـ تۈزۈمى

## §1 . ھەق تەلەپ قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە بايان

### 1 . ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ھەق تەلەپ قانۇن مۇناسىۋەتلىرى

1 . ھەق تەلەپ قانۇن ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى

ھەق تەلەپ قانۇنى باراۋەر سۇبيېكتلار — پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى، قانۇنىي ئىگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى، پۇقرالار بىلەن قانۇنىي ئىگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مال ـ مۈلۈك مۇناسىۋىتىنى ۋە جىسمانىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدىن ئىبارەت. ھەق تەلەپ قانۇنى مۇستەقىل قانۇن تارمىقى بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. 1986 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دۆلىتىمىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» نى تۈزۈپ چىقتى.

ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى باراۋەر ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مال ـ مۈلۈك مۇناسىۋىتى ۋە جىسمانىي مۇناسىۋەتلەردىن ئىبارەت.

2 . ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى

1 ) دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ئورنى

باراۋەر بولۇش پرىنسىپى

دەۋاگەرلەرنىڭ ھەق تەلەپ پائالىيىتىدىكى باراۋەر قانۇنىي ئورنىنى ئورنىتىش تاۋار ئىگىلىكى مۇناسىۋىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ، شۇنداقلا ، ئۇ قىممەت قانۇنىيىتى رولىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى . بۇ ھەق تەلەپ سۇبيېكتىلىرىنىڭ باراۋەر قانۇنىي سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقى ، ئۆزئارا باشقۇرۇش ، باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىنىڭ بولمايدىغانلىقى ، ئۇلارنىڭ مۇلۇكچىلىك خاراكتېرى بىلەن مال - مۇلۇكنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەق تەلەپ سۇبيېكتىلىرى بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتنىڭ باراۋەر بولىدىغانلىقى ، ماجىرا تۇغۇلۇپ دەۋالاشقاندا سوتتىكى ئورنىنىڭ باراۋەر بولىدىغانلىقى ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ كەسپى ، سالاھىيىتى ، يېشى ، ئىرقى ياكى تەشكىل (قانۇنىي ئىگە ) بىلەن شەخس (پۇقرا ) نىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر قانۇندىكى ئورنىنىڭ ئوخشاش بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

2 ) ئىختىيار قىلىش ، ئادىل بولۇش ، تەڭ قىممەتتە تۆلەش ، سەمىمىي بولۇش ۋە لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپى

ھەق تەلەپ پائالىيەتلىرىدە مەيلى پۇقرا ياكى قانۇنىي ئىگە بولسۇن ، توختام ئىمزالىغاندا ، تۇرلۇك ھەق تەلەپ پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا بىردەك ئىختىيارلىقنى چىقىش قىلىش كېرەك . دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى قارشى تەرەپكە مەجبۇرىي تېڭىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ . دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھەرىكىتى ، ئادىل بولۇش پرىنسىپىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك . ئەگەر قىلمىشى ھەرىكەتنىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشەنمەي ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ياكى ئاشكارا ھالدا يولسىز ھەق تەلەپ ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان بولسا ، دەۋالاشقۇچى يەنە بىر تەرەپ بۇنداق ھەرىكەتنى ئۆزگەرتىش ياكى ئەمەلدىن

قالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق. تەڭ قىممەتتە تۆلەش پرىنسىپى قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ بىۋاستە ئىنكاس قىلىش شەكلىدىن ئىبارەت. تەڭ قىممەتتە تۆلەش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش دەۋالاشقۇچىلاردىن بىر - بىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، قارشى تەرەپنىڭ مال - مۈلكىنى ھەقسىز ئىگىلىۋالماسلىقنى، يۆتكىمەسلىكنى، مەجبۇرىي ئېلىپ ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. سەمىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپى سوتسىيالىستىك ئەخلاق كۆز قارىشىنى قانۇنلاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشىدىن ئىبارەت. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەريانىدا سەمىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشنىڭ ئۆزى قوپال ۋە قول ئۈچىدىلا ياساش، ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش، كەم ئۆلچەش قاتارلىق سودا ئەخلاقىغا خىلاپ بولغان ھەرىكەتلەرنى چەكلەش ۋە مەنئى قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(3) پۇقرالار ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش پرىنسىپى

دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ قانۇنىدىكى تۈرلۈك تۈزۈم ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش — تۈرلۈك ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرى بەھرىمەن بولىدىغان ھەق تەلەپ ھوقۇقىغا قارىتا قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئۇنى بىر تۈرلۈك تۈپ پرىنسىپ قىلىپ ئورناتقانلىقى ھەق تەلەپ ھوقۇقىنىڭ قانۇنىي ئۇنۇم كۈچىنى كۈچەيتكەنلىك. ھەق تەلەپ قانۇن - قائىدىلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك چەكلەش خاراكتېرىنى تەكىتلىگەنلىكتۇر. قانۇن تەرەپتىن قوغدىلىدىغان ھەق تەلەپ ھوقۇقىغا ھەرقانداق



www.uyghurkitap.com

تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ دەخلى - تەرۆز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بولمىسا، دەخلى - تەرۆز قىلغۇچىنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

4) ھەق تەلەپ ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىشنى مەنئى قىلىش پرىنسىپى

ھەق تەلەپ ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىشنى مەنئى قىلىش پرىنسىپى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① ھەق تەلەپ پائالىيىتىدە دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىگە رىئايە قىلىش كېرەك؛ ② ھەق تەلەپ پائالىيىتىدە ئىجتىمائىي ئەخلاقىقا، تۇرلۇك ئەھدىنامىلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك؛ ③ ھەق تەلەپ پائالىيىتىدە ئىجتىمائىي جامائەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ؛ ④ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا يول قويۇلمايدۇ. مەيلى پۇقرا ياكى قانۇنىي ئىگىلەر بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ نورمال ئىقتىسادىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.

3. ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتى

ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتى ھەق تەلەپ قانۇن - قائىدىسى تەرىپىدىن تەڭشىلىدىغان ھەمدە بەلگىلىك ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى مەزمۇنىغا ئىگە بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت.

ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىدەك ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ:

1) ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتىنىڭ سۇبيېكتى

ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتىنىڭ سۇبيېكتى دېگىنىمىز، ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتىدە ھەق تەلەپ ھوقۇقىدىن مۇستەقىل بەھرىمەن بولىدىغان ۋە ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىنى

ئۈستىگە ئالىدىغان ئالاقىدار تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ . ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان تەرەپ ھوقۇق سۇبيېكتى ، مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان تەرەپ مەجبۇرىيەت سۇبيېكتى دەپ ئاتىلىدۇ .

2 ) ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئوبيېكتى

ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئوبيېكتى دېگىنىمىز دەۋالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ يۆنىلىش ئوبيېكتىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئاساسلىقى مۈلۈك ، ھەرىكەت ، ئەقلىي مۇۋەپپەقىيەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

3 ) ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇنى

ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇنى دېگىنىمىز ، ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت قانۇنىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىدىن ئۆتكەن ھەق تەلەپ ھوقۇقى بىلەن ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . ھەق تەلەپ ھوقۇقى دېگىنىمىز ، قانۇن يولىغا قويىغان مەلۇم ھەق تەلەپ ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتى بولسا قانۇنىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ تەلىپى بويىچە مەلۇم ھەق تەلەپ ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش ياكى مەلۇم ھەق تەلەپ ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارماسلىق زۆرۈرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ .

يۇقىرىقى بايان قىلىنغان ئۈچ مۇھىم ئامىل ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بىرەرسى كەم بولسا بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر ئامىل ئۆزگىرىپ كەتسە ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىدىكى ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتى بولماي قالىدۇ .

## 2 . ھەق تەلەپ سۇبيېكتى

ھەق تەلەپ سۇبيېكتى دېگىنىمىز ، ھەق تەلەپ قانۇنىي



www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋىتىدە ھەق تەلەپ ھوقۇقىدىن مۇستەقىل بەھرىمەن بولىدىغان ۋە ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىنى مۇستەقىل ئۈستىگە ئالىدىغان پۇقرا ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئالاھىدە مۇناسىۋەتتە دۆلەتمۇ ئالاھىدە ھەق تەلەپ سۇبيېكتى بولىدۇ.

### 1. پۇقرا (تەبىئىي شەخس)

پۇقرا دېگىنىمىز، تەبىئىي تۇغۇلغان ھەمدە مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىگە ئىگە بولغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پۇقرالارنىڭ دۆلەتتە تۇتقان قانۇنىي ئورنىدىن ھەم پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ سۇبيېكتى بولۇشتەك بىر خىل سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى چەت ئەللىكلەر ۋە دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغان كىشىلەرمۇ دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ سۇبيېكتى ھېسابلىنىدۇ.

#### 1) پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھوقۇق ئىقتىدارى

پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھوقۇق ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ قانۇن تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش جەھەتتىكى سالاھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇ پۇقرالارنىڭ ھوقۇقتا ئېرىشىش، مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ياكى ھەل قىلغۇچ شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھوقۇق ئىقتىدارى پۇقرالار تۇغۇلغاندا باشلىنىپ، ئۆلگەندە ئاخىرلىشىدۇ.

#### 2) پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھەرىكەت ئىقتىدارى

پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھەرىكەت ئىقتىدارى دېگىنىمىز ، پۇقرالارنىڭ ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتكە قاتنىشىپ ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ۋە ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ .

پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھەرىكەت ئىقتىدارى بىلەن ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھوقۇق ئىقتىدارى ئوخشىمايدۇ . يەنى ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن تەبىئىي شەخس تۇغۇلۇش بىلەنلا بەھرىمەن بولماستىن ، بەلكى بۇ خىل ئىقتىدار پۇقرانىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان قانۇنىي ئاقىۋەتنى توغرا تونۇپ يېتىش - يېتەلمەسلىك ، توغرا ھۆكۈم قىلىش - قىلالماسلىق ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى سالماقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش - قىلالماسلىق ئىقتىدارىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ . ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھەرىكەت ئىقتىدارى مۇنداق تۆرلەرگە ئايرىلغان : ① 18 ياشتىن ئاشقانلار قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەر بولۇپ ، ئۇلار ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا تولۇق ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ . 16 ياشتىن ئاشقان ، 18 ياشقا توشمىغانلاردىن ئۆزىنىڭ ئەمگەك كىرىمىنى ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسى قىلغانلار ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا تولۇق ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشى دەپ قارىلىدۇ . ② 10 ياشتىن ئاشقان قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىك كىشىلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېشىغا ، ئەقلىي قابىلىيىتىگە ماس كېلىدىغان ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ . ئۆز ھەرىكىتىنى تولۇق ئاڭقىرالمايدىغان ، روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىك كىشىلەر بولۇپ ، ئۇلار ئۆزىنىڭ روھىي



www.uyghurkitap.com

ساغلاملىق ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ. باشقا ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى ۋەكالىتەن ئېلىپ بارىدۇ. ③ 10 ياشقا توشمىغان، قۇرامىغا يەتمىگەنلەر بىلەن ئۆز ھەرىكىتىنى ئاڭقىرالمايدىغان روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا ھەرىكەت ئىقتىدارى يوق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى قانۇنىي ۋەكالەتچىسى ۋەكالىتەن ئېلىپ بارىدۇ.

3) ۋەسىيلىك قىلىش

ۋەسىيلىك قىلىش دېگىنىمىز، ۋەسىيلەرنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا ھەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغان ياكى ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىك بولغان كىشىلەرنىڭ جىسمانىي، مال - مۈلۈك ۋە باشقا قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە نازارەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارنىڭ قانۇنىي ۋەسىيسى بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ۋەسىيلىك قىلىش ئىقتىدارىدىن قالغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ۋەسىيلىك ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بوۋىسى، مومىسى، ئاكا - ئاچىلىرى ياكى ۋەسىيلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان باشقا يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋەسىيلىك قىلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قانۇنىي ۋەسىيلىرى بولمىسا، ئۇ ھالدا ئاساسىي قاتلام تەشكىلات ياكى ئاتا - ئانىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ۋەسىيسى بولسا بولىدۇ.

ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا ھەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغان ياكى ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىك بولغان روھىي كېسەللەرگە قارىتا ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە ۋەسىيلىك قىلىش تەرتىپى مۇنداق بەلگىلەنگەن: ① جۆرىسى؛ ② ئاتا - ئانىسى؛

③ قۇرامىغا يەتكەن پەرزەنتلىرى؛ ④ باشقا يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى؛ ⑤ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولمىغان ياكى ۋەسىيلىك قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمىگەنلەر بولسا، ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى ياكى خەلق ئىشلار تارماقلىرى ۋەسىيلىكنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ۋەسىيلىك قىلغۇچى ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى ھېسابلىنىدۇ. ۋەسىيلىك قىلغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى: بىرىنچى، ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ھەمدە ئۇنى تەربىيىلەش ۋە نازارەت قىلىش. ئىككىنچى، ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىغا ۋەكالىتەن ھەق تەلەپ پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش؛ ھەق تەلەپ دەۋا پائالىيىتىگە قاتنىشىش. ئۈچىنچى، ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان مال ـ مۈلۈك جەھەتتىكى تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئىبارەت.

## 4 ) يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر، يېزىلاردىكى ھۆددىگەر تىجارەتچىلەر

يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر قانۇن يول قويغان دائىرىدە قانۇن بويىچە تەستىقلىتىپ، تىزىمغا ئېلىنغاندىن كېيىن، يەككە سودا ـ سانائەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان پۇقرالارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار شەھەر ئاھالىسى بولسىمۇ ياكى يېزىلاردىكى كەنت ئاھالىسى بولسىمۇ بولىدۇ.

سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر تىجارەت باشلاشتىن ئىلگىرى شۇ جايدىكى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنىغا ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى تەكشۈرۈپ تىزىملىغان ھەمدە تىجارەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار يەككە سودا ـ سانائەتچى

دېگەن سالاھىيەتكە ئىگە بولىدۇ. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئۆز دۇككىنىغا ۋۇبۇسكا ئېسىپ قويسا بولىدۇ.

يېزىلاردىكى ھۆددىگەر تىجارەتچىلەر قانۇن يول قويغان دائىرىدە يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختىمىدىكى پۇتۇم بويىچە تاۋار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىللىرىنىڭ ئەزالىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىدەك قانۇنىي ئالاھىدىلىككە ئىگە: ① ئۇ دېھقان ئائىلىسىنى تىجارەت بىرلىكى قىلىدۇ؛ ② ھۆددىگەرلىك توختىمىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ ③ ئۇلارنىڭ شۇغۇللىنىدىغىنى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتتىن ئىبارەت.

2. قانۇنىي ئىگە

1) قانۇنىي ئىگىنىڭ ئۇقۇمى ۋە شەرتى

قانۇنىي ئىگە ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا ھەرىكەت ئىقتىدارى بىلەن ھوقۇق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ۋە ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتنى كۆرسىتىدۇ.

ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغاندا، ئاندىن قانۇنىي ئىگە بولۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ: ① قانۇن بويىچە ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇشى كېرەك؛ ② مۇستەقىل يوسۇندا مال ـ مۈلۈك ۋە خىراجەتكە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك؛ قانۇنىي ئىگە مۇستەقىل يوسۇندا ئىگە بولغان مال ـ مۈلۈك ۋە خىراجەت قانۇن بويىچە قانۇنىي ئىگىنىڭ ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا تەئەللۇق بولغان ياكى قانۇن بويىچە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل يوسۇندا تىجارەت باشقۇرۇشىغا تەئەللۇق بولغان مال ـ مۈلكىنى كۆرسىتىدۇ؛ ③ قانۇنىي ئىگىنىڭ ئۆزىنىڭ نامى، تەشكىلىي

ئاپپاراتى ۋە ئورۇن - سورۇنى بولۇشى كېرەك . قانۇنىي ئىگىنىڭ نامى ئۇنىڭ تەخەللۇسى ، ئاپپاراتى ۋە ئورۇن بولۇپ ، ئۇ مەلۇم بىر قانۇنىي ئىگىنى باشقا قانۇنىي ئىگىلىرىدىن پەرقلەندۇرۇشنىڭ بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ . قانۇنىي ئىگىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى دېگىنىمىز ، قانۇنىي ئىگىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ، قانۇنىي ئىگىگە ۋەكالىتەن ھەق تەلەپ پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان ئاپپاراتىنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ .

قانۇنىي ئىگىنىڭ ئورۇن - سورۇنى قانۇنىي ئىگىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جايىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ قانۇنىي ئىگىنىڭ كەسپىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش سورۇنىغا ۋە مۇستەقىل تۇردە مال - مۈلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر ؛ ④ قانۇنىي ئىگە ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى مۇستەقىل ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇشى لازىم .

2 ) قانۇنىي ئىگىنىڭ ھوقۇق ئىقتىدارى

قانۇنىي ئىگىنىڭ ھوقۇق ئىقتىدارى قانۇنىي ئىگىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ھەق تەلەپ پائالىيىتىگە قاتنىشىش ، ھەق تەلەپ ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش ، ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . قانۇنىي ئىگىنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھوقۇق ئىقتىدارى شۇ قانۇنىي ئىگە قۇرۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ بارلىققا كېلىدۇ . قانۇنىي ئىگە تارقىتىۋېتىلگەن ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ، ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىغان ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاخىرلاشقاندا يوقىلىدۇ .

قانۇنىي ئىگىنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھوقۇق ئىقتىدارىنىڭ مەزمۇنى چەكسىز بولماستىن ، بەلكى قانۇنىي ئىگىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى مەقسەت ، كەسپىي تىجارەت دائىرىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . قانۇنىي ئىگە ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە

خىلاپلىق قىلىپ ياكى كەسپىي پائالىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ پائالىيەت ئېلىپ بارالمايدۇ ، ئەسلىدىكى كەسپىي دائىرىسىدىن ھالقىشقا توغرا كەلگەندە ، قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق ئۆزگەرتىش كېرەك .

3 ) قانۇنىي ئىگىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى

قانۇنىي ئىگىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى دېگىنىمىز ، قانۇنىي ئىگىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەق تەلەپ پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش ، ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . قانۇنىي ئىگىنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھەرىكەت ئىقتىدارى تەبىئىي شەخسىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئوخشىمايدۇ . قانۇنىي ئىگە قانۇن بويىچە ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن ھەق تەلەپ ھوقۇق ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ، ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە بولىدۇ . قانۇنىي ئىگە ئىشتىن توختىغاندا ئىككى خىل ئىقتىدار بىرلا ۋاقىتتا ئاخىرلىشىدۇ .

قانۇنىي ئىگىنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھەرىكەت ئىقتىدارىنى قانۇنىي ئىگە ئورگىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . قانۇنىي ئىگە ئورگىنى دېگىنىمىز ، قانۇنىي ئىگىنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئاپپاراتىنى ياكى ئۇنىڭ ئالىي باشقۇرۇش ئاپپاراتىنى كۆرسىتىدۇ . قانۇنىي ئىگە ئورگىنىدا قانۇنىي ئىگىنىڭ ئاساسلىق مەمۇرىي مەسئۇلىلا قانۇنىي ئىگىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن : زاۋۇتنىڭ زاۋۇت باشلىقى ، شىركەتنىڭ لىدىرى ، دىرېكتورى شۇنداق بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدە ئېلىپ بارغان پائالىيىتى قانۇنىي ئىگىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى دەپ قارىلىپ ، باشقا ھەرقانداق ھوقۇق بېرىشكە مۇھتاج بولمايدۇ ، قانۇنىي ئىگىنىڭ باشقا فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى پەقەت ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقى بويىچىلا پائالىيەت

ئېلىپ بارىدۇ .

4 ) قانۇنىي ئىگىنىڭ تۈرلىرى

(1) كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە . كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىنى ئۆزىنىڭ پائالىيەت مەزمۇنى قىلغان ، مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېساباتنى يولغا قويىدىغان ، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مۇستەقىل مەسئۇل بولىدىغان ھەمدە دۆلەتكە باج تاپشۇرىدىغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ . كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگىسىگە ئاساسلىقى قانۇنىي ئىگە بولغان ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانا ، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانا ، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانا ، بىرلەشمە كارخانا ، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا ، چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

(2) كارخانا تىپىدە بولمىغان قانۇنىي ئىگە . كارخانا تىپىدە بولمىغان قانۇنىي ئىگە دېگىنىمىز ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللانمايدىغان قانۇنىي ئىگىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن غەيرىي تىجارەت خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى قىلىشتا بولىدۇ . شۇڭا ، كارخانا تىپىدە بولمىغان قانۇنىي ئىگە يەنە پايدا تېپىشنى مەقسەت قىلمىغان قانۇنىي ئىگە دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ ئاساسلىقى دۆلەت ئورگىنى تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە ، كەسپىي ئورۇن تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە ، ئىجتىمائىي تەشكىلات تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

## 3 . ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەت ۋە ۋەكالەتچىلىك

1 . ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەت

1 ) ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەت ئۇقۇمى

ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەت دېگىنىمىز ، پۇقرالار ياكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ، ئۆزگەرتىش ، ئاخىرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان ، قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان قانۇنلۇق ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ .

ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەت ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ كەڭ دائىرىلىك قانۇنىي پاكىت بولۇپ ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىتىلىشى ، ئۆزگەرتىلىشى ۋە ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ .

2 ) ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش شەرتلىرى

(1) ھەرىكەت قىلغۇچى ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا مۇناسىپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك ؛ (2) ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ ئوي - پىكرى چىن بولۇشى كېرەك ؛ (3) ھەرىكەت قانۇنغا ياكى ئىجتىمائىي جامائەت مەنپەئەتىگە خىلاپ كەلمەسلىكى كېرەك .

3 ) ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ شەكلى

ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ شەكلى دېگىنىمىز ، ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغان ئوي - پىكرىنىڭ تاشقى جەھەتتىن ئىپادىلىنىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ . ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەتتە يازما شەكلىنى قوللىنىشقىمۇ ، ئاغزاكى شەكلىنى قوللىنىشقىمۇ ياكى باشقا شەكلىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ . قانۇندا ئالاھىدە شەكىل

بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنلىرى قانۇن بەلگىلىمىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

4 ) ھەق تەلەپ ھەرىكىتىنىڭ ئىناۋەتسىز بولۇشى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي ئاقىۋىتى

ھەق تەلەپ ھەرىكىتىنى ئۇ ئىناۋەتسىز بولغاندىن كېيىنكى قانۇنىي ئاقىۋىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئىناۋەتسىز ھەق تەلەپ ھەرىكىتى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدىغان ھەق تەلەپ ھەرىكىتى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

ئىناۋەتسىز ھەق تەلەپ ھەرىكىتى دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە بەلگىلەنگەن قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش شەرتلىرىنى ھازىرلىمىغان تۈرلۈك ھەق تەلەپ ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھەق تەلەپ ھەرىكەتلىرى دەۋالاشقۇچى تەرەپلەر ئارزۇسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىردەك ئىناۋەتسىز بولىدۇ. يەنە كېلىپ ھەرىكەت باشلانغان ۋاقىتتىن تارتىپلا قانۇنىي جەھەتتە چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولمايدۇ. ئىناۋەتسىز ھەق تەلەپ ھەرىكىتى ئاساسلىقى مۇنداق يەتتە تۈرلۈك ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا ھەرىكەت سالاھىيىتى يوق كىشىنىڭ قىلغان ھەرىكەتلىرى؛ ② ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا ھەرىكەت سالاھىيىتى چەكلىك بولغان كىشىنىڭ قانۇن بويىچە مۇستەقىل ئېلىپ بارسا بولمايدىغان ھەرىكەتلىرى؛ ③ بىر تەرەپنىڭ ئالداش، تەھدىت سېلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش ياكى پۇرسەتپەرەسلىك قىلىش ئارقىلىق، يەنە بىر تەرەپنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالى ئاستىدا ھەرىكەت قىلدۇرغان ھەرىكەتلەر؛ ④ يامان غەرەز بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ ياكى ئۈچىنچى كىشىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش ھەرىكەتلىرى؛ ⑤ قانۇنغا ياكى ئىجتىمائىي جامائەت مەنپەئەتىگە خىلاپ كېلىدىغان

ھەرىكەتلەر ؛ ⑥ دۆلەتنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانىغا خىلاپ كېلىدىغان ئىقتىسادىي توختامغا دائىر ھەرىكەتلەر ؛ ⑦ قانۇنسىز ھەرىكەتنى قانۇنلۇق شەكىل بىلەن ياپقان ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت .

ئۆزگەرتىشكە ، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدىغان ھەق تەلەپ ھەرىكىتى ، ئىپادىلىگەن ئوي - پىكىرنىڭ بىر قىسمى چىن بولمىغان ، ئىختىيارلىق پرىنسىپىغا خىلاپ ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ھەق تەلەپ ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : ① ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ ھەرىكەت مەزمۇنىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىش بولۇپ ، ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ ھەرىكەت خاراكتېرىگە ، دەۋالاشقۇچى قارشى تەرەپكە ، نىشاندىكى نەرسىنىڭ تۈرى ، سۈپىتى ، كۆلىمى ۋە سانى قاتارلىقلارغا قارىتا خاتا تونۇشتا بولۇشى تۈپەيلىدىن ، ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆزىنىڭ ئوي - پىكىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ قويغانلىقتىن ھەمدە بىر قەدەر زور زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ ؛ ② ئادىللىقى يوقالغان ھەرىكەتلەر . بۇ دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ ئۆز ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ياكى دەۋالاشقۇچى قارشى تەرەپنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان ، ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيىتى ئادىل بولۇش ، تەڭ قىممەتتە ھەق تۆلەش پرىنسىپىغا ئاشكارە خىلاپ بولغان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ .

زور دەرىجىدىكى ئۇقۇشماسلىق ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ياكى ئادىللىقنى يوقاتقان ھەق تەلەپ ھەرىكىتىگە قارىتا دەۋالاشقۇچى تەرەپلەر ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان بولسا ، خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزگەرتىپ بېرىشى كېرەك . دەۋالاشقۇچى تەرەپلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسا خەلق سوت مەھكىمىسى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگەرتىشى ياكى ئەمەلدىن

قالدۇرۇشى كېرەك .

ئىناۋەتسىز ھەق تەلەپ ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىي ئاقىۋىتى ئىناۋەتسىز قىلىشقا ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدىغان ھەق تەلەپ ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ باشلانغان ۋاقتىدىن تارتىپلا ئىناۋەتسىز بولىدۇ . تېخى ئادا قىلىنمىغان بولسا ، قايتا ئادا قىلىشقا بولمايدۇ . ئادا قىلىنىۋاتقان بولسا ، دەرھال توختىتىش كېرەك . ھەق تەلەپ ھەرىكىتى ئىناۋەتسىز قىلىنىدۇ ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدۇ ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ، دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك . ① مال ـ مۈلۈكنى قايتۇرۇش كېرەك ؛ ② زىياننى تۆلەش كېرەك ؛ ③ ئىككى تەرەپ يامان نىيەتتە تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ دۆلەتنىڭ ، كوللېكتىپنىڭ ياكى ئۈچىنچى كىشىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەق تەلەپ ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسا ، ئىككى تەرەپ ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىپ ، دۆلەتكە تاپشۇرۇش ، كوللېكتىپقا تاپشۇرۇش ياكى ئۈچىنچى كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك .

2 . ۋەكالەتچىلىك

1 ) ۋەكالەتچىلىكنىڭ ئۇقۇمى ۋە قانۇنىي ئالاھىدىلىكى

ۋەكالەتچىلىك دېگىنىمىز ، ۋەكالەتچى ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچىنىڭ ھاۋالە قىلىشى ياكى قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى ھەمدە خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ياكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بەلگىلەپ بېرىشى بويىچە ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچىنىڭ نامىدا ۋەكالەتچىلىك ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھەرىكەتنى ھەمدە بۇ خىل ھەرىكەتتىن كېلىپ چىققان قانۇنىي ئاقىۋەتنى ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئالىدىغان تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ .

ۋەكالەتچىلىك ھەرىكىتى تۈۋەندىكىدەك قانۇنىي ئالاھىدىلىككە ئىگە :

(1) ۋەكالەتچى ۋەكالەتچىلىك ھەرىكىتىنى ۋەكالەتچىلىك قىلىنغۇچىنىڭ نامىدا ئېلىپ بېرىشى كېرەك . ۋەكالەتچى ئۆز نامىدا ھەق تەلەپ پائالىيىتىنى ئېلىپ بارسا ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى بولۇپ ، بۇنىڭ قانۇنىي ئاقىۋىتىنى ۋەكالەتچى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ .

(2) ۋەكالەتچى ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى بەرگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى مۇستەقىل ئىپادىلەيدۇ . لېكىن ۋەكالەتچىلىك قىلىنغۇچى بەرگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى ئۈچىنچى كىشىگە قانداق ئىپادىلەشنى قارار قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇپ ، ۋەكالەتچىلىك قىلىنغۇچى بىلەن ئۈچىنچى كىشى ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ .

(3) ۋەكالەتچىنىڭ ھەرىكىتى قانۇنىي ئەھمىيەتكە ئىگە ھەرىكەت بولۇشى كېرەك . يەنى ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى بىلەن ئۈچىنچى كىشى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ھەق تەلەپ ھوقۇقى بىلەن ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىنى پەيدا قىلالايدۇ ، ئۆزگەرتەلەيدۇ ۋە ئاخىرلاشتۇرالايدۇ .

(4) ۋەكالەتچىلىك ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان قانۇنىي ئاقىۋەتنى ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى بىۋاستە ئۈستىگە ئالىدۇ . ۋەكالەتچىنىڭ ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقى دائىرىسىدە ئېلىپ بارغان بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ قانۇنىي ئاقىۋىتىنى ، جۈملىدىن پايدىلىق ئاقىۋىتىنى ۋە پايدىسىز ئاقىۋىتىنى ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم .

2 ) ۋەكالەتچىلىكنىڭ تۈرلىرى

ۋەكالەتچىلىكنى ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقىنىڭ بارلىققا كېلىش ئاساسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن تۈۋەندىكى تۈرلەرگە

ئايرىشقا بولىدۇ :

(1) ھاۋالە قىلىنغان ۋەكالەتچىلىك . ھاۋالە قىلىنغان ۋەكالەتچىلىك دېگىنىمىز ، ۋەكالەتچى ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچىنىڭ ھاۋالە قىلىپ ھوقۇق بېرىشى ئارقىلىق ئېلىپ بارغان ۋەكالەتچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ھوقۇق بېرىلگەن ۋەكالەتچىلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

(2) قانۇنىي ۋەكالەتچىلىك . قانۇنىي ۋەكالەتچىلىك مەلۇم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئاساسەن قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكالەتچىلىكنى كۆرسىتىدۇ . قانۇنىي ۋەكالەتچىلىك ئاساسلىقى ھەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغان ياكى ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىك بولغان كىشىلەر ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋەكالەتچىلىك شەكلىدىن ئىبارەت .

(3) بەلگىلەنگەن ۋەكالەتچىلىك . بەلگىلەنگەن ۋەكالەتچىلىك دېگىنىمىز ، بەلگىلەنگەن ئورۇن ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىشى بويىچە بارلىققا كەلگەن ۋەكالەتچىلىكنى كۆرسىتىدۇ . ئادەتتە ، قانۇنىي ۋەكالەتچىسى بولمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ياكى ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغانلار ئۈچۈن ئالاقىدار بەلگىلىگۈچى ئورۇن ، جۇملىدىن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى ئۇلار ئولتۇرۇشلۇق جايلاردىكى ئاھالىلار كومىتېتى ۋەسىي بەلگىلەپ بېرىدۇ . ۋەسىي ئۇلارغا ۋەكالىتەن ھەق تەلەپ پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ .

3 ) ۋەكالەتچىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ يوقىلىشى

ۋەكالەتچىلىك مۇناسىۋىتى مەلۇم قانۇنىي پاكىتقا ئاساسەن بارلىققا كېلىدۇ ، ئوخشاشلا مەلۇم قانۇنىي پاكىتقا ئاساسەن يوقىلىدۇ .

تۆۋەندىكى پاكىتلار كۆرۈلسە ھاۋالە قىلىنغان ۋەكالەتچىلىك ئاخىرلىشىدۇ : ① ۋەكالەتلىك قىلىش مۇددىتى

توشقان ياكى ۋەكالىتەن بېجىرىدىغان ئىش ئاخىرلىشىپ بولسا؛ ② ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى ھاۋالىسىنى بىكار قىلسا ياكى ۋەكالەتچى ھاۋالىدىن باش تارتسا؛ ③ ۋەكالەتچى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا؛ ④ ۋەكالەتچى ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھەرىكەت ئىقتىدارىنى يوقاتقان بولسا؛ ⑤ ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى ياكى ۋەكالەتچى بولغان قانۇنىي ئىگە ئىشتىن توختىتىلغان ياكى تارقىتىۋېتىلگەن بولسا.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللار كۆرۈلسە قانۇنىي ۋەكالەتچىلىك ۋە بەلگىلەنگەن ۋەكالەتچىلىك ئاخىرلىشىدۇ: ① ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ياكى ئۇنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھەرىكەت ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلگەن بولسا؛ ② ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى ياكى ۋەكالەتچى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا؛ ③ ۋەكالەتچى ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھەرىكەت ئىقتىدارىنى يوقاتقان بولسا؛ ④ ۋەكالەتچىنى بەلگىلەپ بەرگەن خەلق سوت مەھكىمىسى ياكى ئورۇن ئۆز بەلگىلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسا؛ ⑤ ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى بىلەن ۋەكالەتچى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەسىيلىك مۇناسىۋەت باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاخىرلاشقان بولسا.

## § 2 . ھەق تەلەپ ھوقۇقى

### 1 . مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ۋە مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدار ھوقۇقىغا دائىر مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى

1 . مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدار ھوقۇقىنىڭ ئۇقۇمى

ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى دېگىنىمىز ، مۈلۈك ئىگىسىنىڭ قانۇن بويىچە ئۆز مۈلكىنى ئىگىلەش ، ئىشلىتىش ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ . مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ھوقۇق سۇبيېكتى (ئىگىدارلىق قىلغۇچى ) نىڭ ھامان مۇئەييەن بولىدىغانلىقىدا ، مەجبۇرىيەت سۇبيېكتىنىڭ مۇئەييەن بولمايدىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ .

1 ) ئىگىلەش . ئىگىلەش دېگىنىمىز ، مال ـ مۈلۈكنى ئەمەلىي كونترول قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ . ئىگىدارلىق قىلغۇچى مال ـ مۈلۈكنى ئىگىلەشكە ھوقۇقلۇق . ئەمما ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولمىغان كىشىلەرنىڭمۇ مال ـ مۈلۈكنى ئىگىلەش ئەھۋالى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . قانۇنلۇق ئىگىلەپ تۇرۇش مۇناسىۋىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ ، بۇ ھالدا ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ قايتۇرۇۋېلىشنى ئىلتىماس قىلىشىغا بولمايدۇ . قانۇنسىز ئىگىلىگۈچىلەرگە قارىتا ئۇنىڭ ياخشى نىيەتتە ياكى يامان نىيەتتە ئىگىلىگەنلىكىگە ئاساسەن ئىگىدارلىق قىلغۇچى ياكى قانۇنلۇق ئىگىلىگۈچىدىن مال ـ مۈلۈكنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەش كېرەك .

2 ) ئىشلىتىش . ئىشلىتىش دېگىنىمىز ، مۈلۈكنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىش ئورنىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ . مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلغۇچى مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىستېمال قىممىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ، بۇ مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇقى .

3 ) مەنپەئەتلىنىش . مەنپەئەتلىنىش دېگىنىمىز ، ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى مال ـ مۈلۈكتىن پايدىلىنىپ قولغا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي كىرىم ياكى مەنپەئەتنى كۆرسىتىدۇ .

4 ) بىر تەرەپ قىلىش . بىر تەرەپ قىلىش دېگىنىمىز ، قانۇن جەھەتتە مال ـ مۈلۈكنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش ياكى مال ـ مۈلۈكنى بىر ياقلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ .

مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارلىق ھوقۇقى ، كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە پۇقرالار ، شەخسىيلەرنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارلىق ھوقۇقى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ .

2 . مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە يوقىلىشى

ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ شەكلى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ : بىر خىلى ، دەسلەپكى قولغا كەلتۈرۈش . بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە مەلۇم قانۇنىي پاكىتقا ئاساسەن ، مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ تۇنجى قېتىم پەيدا بولۇشى ياكى ئەسلىدىكى ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە ئىرادىسىنى ئاساس قىلماي ، ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى بىۋاسىتە قولغا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ . دەسلەپكى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسلىق شەكلى : ئىشلەپچىقىرىش ۋە كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ، مۇسادىرە قىلىش ، پايدا ئېلىش (مەنپەئەتلىنىش ) ، كۆپەيتىش ، ئىگىسىز مۈلۈكنى دۆلەت ياكى كوللېكتىپقا تاپشۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . يەنە بىر خىلى ، قوبۇل قىلىپ ئىگە بولۇش ، بۇ ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ مەلۇم قانۇنىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئەسلىدىكى ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ قولىدىن مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئاساسلىقى

سېتىش ـ سېتىۋېلىش ، ھەدىيە تەرتىپىدە قوبۇل قىلىش ، ۋارىسلىق قىلىش ۋە باشقا قانۇنلۇق ئاساس ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بىرقانچە خىل شەكلى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى مەلۇم قانۇنىي پاكىتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن يوقىلىدۇ . مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قانۇنىي پاكىتلار ئاساسلىقى مۇنداق : ① ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ؛ ② ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش ؛ ③ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئوبيېكتىنىڭ يوقىلىشى ؛ ④ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىگىدارلىق قىلغۇچىنى ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يۆتكەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىش قاتارلىقلار .

3 . مال ـ مۈلۈككە تەڭ ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى

1 ) تەڭ ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئۇقۇمى ۋە تۈرلىرى

ئوخشاش بىر خىل مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پۇقرا ۋە ياكى قانۇنىي ئىگىگە تەئەللۇق بولۇشى تەڭ ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى دېيىلىدۇ .

ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ، تەڭ ئىگىدارلىقتا ئۈلۈشى بويىچە تەڭ ئىگىدارلىق قىلىش ۋە ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ . ① ئۈلۈشى بويىچە ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىش دېگىنىمىز ، ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق پۇقرا ياكى قانۇنىي ئىگىنىڭ ئوخشاش بىر تۈردىكى مال ـ مۈلۈككە قارىتا ئۆز ئۈلۈشى بويىچە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئورتاق ئىگىدارلىقنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ھەم پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ،

قانۇنىي ئىگىلەر ئوتتۇرىسىدا ، ھەم پۇقرالار بىلەن قانۇنىي ئىگىلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولىدۇ . ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ، بۇ خىل ئورتاق ئىگىدارلىقتىكى مال - مۈلۈكتە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ھەسسىسى ئالدىنئالا ئېنىق ئايرىلغان بولىدۇ . ئۇلۇشى بويىچە تەڭ ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار ئۆز ئۇلۇشىگە تەئەللۇق بولغان ئورتاق مال - مۈلۈككە قارىتا ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ . ② ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىش دېگىنىمىز ، ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق پۇقرا ۋە ياكى قانۇنىي ئىگىنىڭ مەلۇم ئورتاق قانۇنىي مۇناسىۋەتكە ئاساسەن ئوخشاش بىر مال - مۈلۈككە قارىتا تەڭ ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى ، يەنى ھەسسە ئايرىمايدىغان ئورتاق ئىگىدارلىقنى كۆرسىتىدۇ . ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىش مۇناسىۋىتىدە ئورتاق ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇتلا بولىدىكەن ، قايسى ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ قانچىلىك مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىشىنى ئايرىش تەس بولىدۇ . پەقەت ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتى ئاخىرلاشقاندىلا ، ئاندىن ھەرقايسى ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە تېگىشلىك مال - مۈلۈك ھەسسىسىنى ئايرىشقا بولىدۇ . ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار ئورتاق ئىگىدارلىقتىكى مال - مۈلۈككە قارىتا ئورتاق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ئورتاق مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ . ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىش مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە بىر قىسىم ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقتىكى مال - مۈلۈكنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىشى ئادەتتە ئىناۋەتسىز دەپ قارىلىدۇ . ئورتاقلىشىپ تەڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش مۇناسىۋىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ئاساسىي ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكلى مال - مۈلۈككە ئەر بىلەن

خوتۇن ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىش ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ .

2 ) ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىن سېتىۋېلىش هوقۇقى

ئۈلۈش بويىچە تەڭ ئىگىدارلىق قىلغۇچى ئۆز ئۈلۈشىنى ئايرىغان ياكى ئۆتۈنۈپ بەرگەندە باشقا ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالماسلىقى كېرەك . باشقا ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئوخشاش شارائىت ئاستىدا ، ئالدىن سېتىۋېلىش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . پەقەت ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار سېتىۋېلىشنى خالىمىغاندا ، ئاندىن باشقىلارغا سېتىپ بېرىشكە بولىدۇ . ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار ئۆز ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ئورتاق مال ـ مۈلكىنى سېتىۋەتمەكچى بولغاندا ، ئەگەر شۇ مۈلۈك باشقا ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارغا تەۋە بولغان مال ـ مۈلۈك بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولسا ، شۇنداقلا باشقا ئەسلى ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار ئالدىن سېتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلسا ، ئۇلارنى قوللاش كېرەك .

4 . مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق هوقۇقىغا دائىر مال ـ مۈلۈك هوقۇقى

1 ) ئىگىدارلىق هوقۇقىغا دائىر مال ـ مۈلۈك ئۇقۇمى

مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق هوقۇقىغا دائىر مال ـ مۈلۈك هوقۇقى دېگىنىمىز ، ئىگىدارلىق هوقۇقىغا ئىگە بولمىغان كىشىنىڭ ئىگىدارلىق هوقۇقىغا ئىگە بولغان كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىش هوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ خىل مال ـ مۈلۈك هوقۇقى مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق هوقۇقىغا ئاساسەن پەيدا بولغاچقا ، هوقۇق سۇبيېكتى ئىگىدارلىق هوقۇقىغا ئىگە بولمىغان كىشى بولىدۇ . شۇنداقلا ، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ

مال ـ مۈلكنى ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىش ئارقىلىق مۇئەييەن پايدىلىنىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ئىگە بولىدۇ، شۇڭا، ئۇ مال ـ مۈلۈكتىن پايدىلىنىش ھوقۇقى دېيىلىدۇ. بۇ خىل مال ـ مۈلۈكتىن پايدىلىنىش ھوقۇقى ئاساسلىقى: يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى، يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقى، تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ھوقۇقى، كان بايلىقلىرىنى ئېچىش ھوقۇقى، تەبىئىي بايلىقلارنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى، قوشنىدارچىلىق ھوقۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) بىرنەچچە خىل ئاساسلىق بولغان مال ـ مۈلۈكتىن پايدىلىنىش ھوقۇقلىرى

(1) يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقى. پۇقرالار ۋە كوللېكتىپنىڭ قانۇن بويىچە كوللېكتىپقا ياكى دۆلەتكە تەۋە بولغان، كوللېكتىپ پايدىلىنىۋاتقان يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ. ھۆددىگە ئالغان ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرى قانۇن بويىچە ھۆددىگەرلىك توختامىدا بەلگىلىنىدۇ؛ (2) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار دۆلەت ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەن مال ـ مۈلۈككە قارىتا تىجارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھوقۇقى دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ؛ (3) قوشنىدارچىلىق ھوقۇقى. كۆچمەس مۈلۈككە چېگرداش بولغان ھەرقايسى تەرەپلەر ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىلىق بولۇش، تۇرمۇشقا قولايلىق بولۇش، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئادىل، مۇۋاپىق بولۇش روھىغا ئاساسەن، سۇ باشلاش، زەي چىقىرىۋېتىش، يولدىن پايدىلىنىش، شامال ئۆتۈشتۈرۈش، نۇردىن پايدىلىنىش قاتارلىق

جەھەتلەردىكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك . قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى بىر تەرەپنىڭ يولسىزلىق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە بولمايدۇ .

## 2 . ھەقدارلىق

### 1 . ھەقدارلىق ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 84 ـ ماددىسىدا : «قەرز توختامدىكى پۈتۈمگە ياكى قانۇندىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن دەۋالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان مۇئەييەن ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىدۇر . ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشى ھەقدار ، مەجبۇرىيەتنى ئۆتەيدىغان كىشى قەرزداردۇر» دەپ بەلگىلەنگەن . ھەقدار قەرزداردىن قانۇندىكى بەلگىلىمە ياكى توختامدىكى پۈتۈم بويىچە مەجبۇرىيەت ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق ، قەرزداردا ھەقدارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ . بۇ خىل مۇناسىۋەت قەرز ياكى ھەقدارلىق مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ .

قەرز ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى بىر خىل قانۇنىي مۇناسىۋەت بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە :

1 ) قەرز مۇناسىۋىتىدىكى دەۋالاشقۇچى تەرەپلەر ئالاھىدە بەلگىلەنگەن بولىدۇ .

2 ) مۇناسىۋەتنىڭ ئوبيېكتى نەرسە ياكى ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى بولسىمۇ ياكى ھەرىكەت بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ .

3 ) قەرزگە دائىر ھوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوقۇم مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچىنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ھەرىكىتىگە تايىنىش كېرەك .

4 ) پەيدا بولۇش ئاساسىدىن قارىغاندا ، قەرز قانۇنلۇق



www.uyghurkitap.com

ھەرىكەتتىن پەيدا بولىدۇ . ئوخشاشلا ئۇ قانۇنسىز ھەرىكەت سەۋەبىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ .

2 . قەرزنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسى

ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر بىر خىل قانۇنىي مۇناسىۋەت بولغان قەرزنىڭ پەيدا بولۇشى چوقۇم مەلۇم بىر قانۇنىي پاكىتنى ئاساس قىلىش لازىم . ھەقدارلىق ـ قەرزدارلىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسلىق قانۇنىي ئاساس تۆۋەندىكىچە :

1 ) توختام سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قەرز

توختام — پۈتۈم دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ باراۋەر سۇبيېكت ، پۇقرا ، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى قەرز ھوقۇقى ۋە قەرز مەجبۇرىيىتى مۇناسىۋىتىنى پەيدا قىلىش ، ئۆزگەرتىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدىكى كېلىشىمدىن ئىبارەت . توختام قەرزنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئەڭ مۇھىم ھەم ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئاساستۇر .

2 ) ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قەرز

ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشى دېگىنىمىز ، ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرىنىڭ قانۇنسىز ھالدا پۇقرا ياكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ، جىسمانىي ھوقۇقى ياكى ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزگەن قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ . ئەگەر دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپنىڭ ھەرىكىتى قارشى تەرەپنىڭ مال ـ مۈلكى ياكى جىسمانىي ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزسە ، ئۇ ھالدا ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلغۇچى بىلەن زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت شەكىللىنىدۇ . بۇنىڭدا زىيانغا ئۇچرىغۇچى ھەقدار ، دەخلى يەتكۈزگۈچى قەرزدار بولىدۇ . ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشى سەۋەبىدىن

پەيدا بولغان قەرز ھېسابلىنىدۇ .

3 ) نامۇۋاپىق پايدا ئېلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قەرز

نامۇۋاپىق پايدا ئېلىش دېگىنىمىز ، قانۇنىي جەھەتتە ۋە توختام جەھەتتە ئاساسقا ئىگە بولمايلا ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولمىغان مەنپەئەتكە ئىگە بولۇپ ، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ خىل قانۇنىي پاكىت پەيدا بولغاندىن كېيىن نامۇۋاپىق پايدىغا ئېرىشكۈچى بىلەن مەنپەئەت ئىگىسى ئوتتۇرىسىدا قەرز مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ . مەنپەئەت ئىگىسى نامۇۋاپىق پايدا ئالغۇچىدىن نامۇۋاپىق پايدىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولىدۇ . نامۇۋاپىق پايدا ئالغۇچىدا ئۆزى ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولمىغان مەنپەئەتنى ئىگىدارلىق قىلغۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ . بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى قەرزگە دائىر قانۇنىي مۇناسىۋەتكە مەنسۇپ بولىدۇ .

4 ) سەۋەبسىز باشقۇرۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قەرز

سەۋەبسىز باشقۇرۇش دېگىنىمىز ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ياكى ئالدىن كېلىشكەن مەجبۇرىيىتى بولمىسىمۇ ، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق مەقسىتىدە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ياكى ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ خىل ھەرىكەت باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ ، قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە قوغدىلىشى كېرەك . سەۋەبسىز باشقۇرغۇچى مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولغۇچىدىن مال - مۈلۈكنى سەۋەبسىز باشقۇرۇش سەۋەبىدىن چىقىم قىلغان زۆرۈر راسخوتنى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق . سەۋەبسىز باشقۇرۇش پەيدا بولغاندىن كېيىن ، باشقۇرغۇچى بىلەن مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولغۇچى ئوتتۇرىسىدا قەرزگە دائىر قانۇنىي مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ .

باشقۇرغۇچى ھەقدار ، مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولغۇچى قەرزدار ھېسابلىنىدۇ . مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولغۇچىدا باشقۇرۇش راسخوتىنى تۆلەپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ .

5 ) يەككە تەرەپلىك ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكىتى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قەرز

يەككە تەرەپلىك ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكىتى دېگىنىمىز ، بىرلا تەرەپنىڭ مەقسەت ئىپادىلىشى ئارقىلىقلا ۋۇجۇتقا چىققان ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ خىل بىر تەرەپنىڭ قانۇنىي ھەرىكىتى شۇ ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان دەۋالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى پەيدا قىلىدۇ . مەسىلەن : مىراس ھەدىيە قىلىش ياكى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھەدىيە قىلىش ھەرىكىتى قاتارلىقلار .

3 . قەرزگە كېپىللىك قىلىش

قەرزگە كېپىللىك قىلىش قەرزدارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ، قەرزدار ھوقۇقىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان قانۇنىي ۋاستىدىن ئىبارەت .

قەرزگە كېپىللىك قىلىشنىڭ شەكىللىرى : كاپالەت ، گۆرۈ ، زاكالەت ، ئېلىپ قېلىش قاتارلىق شەكىللىرى بار .

1 ) كاپالەت . كاپالەتتە كاپالەت بەرگۈچى ۋە ھەقدار توختاملىشىپ ، قەرزدار قەرز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا ، كاپالەت بەرگۈچى توختام بويىچە قەرز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغان ياكى مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ھەرىكەت .

2 ) رەنىگە قويۇش . بۇ توختام تۈزۈشكەن بىر تەرەپ ياكى ئۈچىنچى كىشىنىڭ توختامدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەلۇم مال - مۈلكى بىلەن قارشى تەرەپكە كاپالەت بېرىدىغان بىر خىل كېپىللىك .

(3) زاكالەت. زاكالەت توختامىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپ قارشى تەرەپكە بېرىدىغان پۇل. زاكالەت بەرگۈچى تەرەپ توختامنى ئادا قىلمىسا، ئۇنىڭ زاكالىتىنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. زاكالەتنى ئالغۇچى تەرەپ توختامنى ئىجرا قىلمىسا، زاكالەتنى بىر باراۋەر ئاشۇرۇپ قايتۇرىدۇ.

(4) ئېلىپ قېلىش. ئېلىپ قېلىش ھوقۇقى توختام تۈزۈشكەن بىر تەرەپنىڭ قارشى تەرەپ توختامدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىغاندا، ئۆز ئىلكىدىكى قارشى تەرەپنىڭ مال - مۈلكىنى تۇتۇپ قېلىپ بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرىنى كۆرسىتىدۇ. تۇتۇپ قېلىش مۆھلىتى توشقاندىمۇ قارشى تەرەپ توختامدىكى مەجبۇرىيەتنى يەنىلا ئادا قىلمىسا، تۇتۇپ قالغۇچى ئۆزى تۇتۇپ قالغان مال - مۈلۈكنى قانۇن بويىچە ساتسا ھەمدە باھا پۇلىدىن ئۆز زىيىنىنى ئالدىن تۆلىتىۋالسا بولىدۇ.

(5) رەنىگە قويۇش. بۇ قەرزدار ياكى ئۈچىنچى كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئايلانما مۈلكىنى ھەقدارنىڭ ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئايلانما مۈلكىنى ھەقدارغا كاپالەتكە قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. قەرزدار قەرز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، ھەقدار قانۇن بويىچە ئايلانما مۈلۈكنى باھاغا سۇندۇرۇپ ساتسا ياكى كىم ئاشىدۇ قىلىپ، تۈۋەنلىتىپ ساتسا ھەمدە باھا پۇلىدىن ئۆز زىيىنىنى ئالدىن تۆلىتىۋالسا بولىدۇ.

4 . قەرزنىڭ يوقىلىشى

قەرز تۈۋەندىكى قانۇنىي پاكىتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن يوقىلىشى:

1) قەرز ئادا قىلىش ئارقىلىق يوقىلىدۇ.

2) قەرز ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىشى ئارقىلىق يوقىلىدۇ.

3) قەرز ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن يوقىلىدۇ.

4 ) قەرز بالانس بولۇش بىلەن يوقىلىدۇ .
5 ) ھەقدار قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىش ئارقىلىق يوقىلىدۇ .
6 ) قەرزدار قانۇن بويىچە نىشان قىلىنغان نەرسىنى ئامانەت قويۇش ئارقىلىق يوقىلىدۇ .
7 ) قانۇن بەلگىلىگەن ياكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ توختىمى ئاخىرلىشىش قاتارلىق باشقا ئەھۋاللار .

## 3 . جىسمانىي ھوقۇق

### 1 . جىسمانىي ھوقۇق ئۇقۇمى

جىسمانىي ھوقۇق قانۇن تەرىپىدىن ھەق تەلەپ سۇبيېكتىغە بېرىلگەن ھەمدە مەزكۇر سۇبيېكتىنىڭ ھاياتى ، سالاھىيىتىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان ، ئەمما بىۋاسىتە مال - مۈلۈك مەزمۇنى بولمىغان ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ . جىسمانىي ھوقۇق دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالىرى بىلەن قانۇنىي ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ قانۇندا ئەكس ئېتىشى ۋە گەۋدىلىنىشىدىن ئىبارەت . جىسمانىي ھوقۇق مال - مۈلۈك ھوقۇقى بىلەن بىر ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ، ھەق تەلەپ سۇبيېكتى بەھرىمەن بولىدىغان ھەق تەلەپ ھوقۇقىدىن ئىبارەت .

جىسمانىي ھوقۇق ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك قانۇنىي ئالاھىدىلىككە ئىگە :

1 ) جىسمانىي ھوقۇقنى سۇبيېكتىنىڭ جىسمانىيىتىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ .
2 ) جىسمانىي ھوقۇق مۇتلەق ھوقۇق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

### 2 . جىسمانىي ھوقۇقنىڭ تۈرلىرى

جىسمانىي ھوقۇقنى كىشىلىك قەدىر - قىممەت ھوقۇقى ۋە سالاھىيەت ھوقۇقى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

1 ) كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت ھوقۇقى

ئۇ قانۇنىي جەھەتتە ھەق تەلەپ سۇبيېكتىلىق سالاھىيىتىدىن بەھرىمەن بولۇشتا ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك ھوقۇق بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① ئىسىم ـ فامىلە ھوقۇقى؛ ② پەخرىي نام ھوقۇقى؛ ③ نام ـ شۆھرەت ھوقۇقى؛ ④ ياشاش ھوقۇقى؛ ⑤ تەن سالامەتلىك ھوقۇقى؛ ⑥ ئەركىنلىك ھوقۇقى؛ ⑦ سۈرەت ھوقۇقى.

2 ) سالاھىيەت ھوقۇقى

ئۇ ھەق تەلەپ سۇبيېكتىنىڭ ئالاھىدە سالاھىيىتىگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن ھوقۇقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ئىچىدىكى جىسمانىي ھوقۇق؛ ② ۋەسىيلىك ھوقۇقى؛ ③ پۇقرالارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى سالاھىيىتى ھوقۇقى.

## 4 . ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى

### 1 . ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ئۇقۇمى

ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى، ئەقلىي قابىلىيەت نەتىجىلەرنى ياراتقۇچى ۋە سودا ـ سانائەت، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت بەلگىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى بىر تۈرلۈك ھەق تەلەپ ھوقۇقى. ئۇ ھەق تەلەپ ھوقۇقىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە بىر قىسىم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

1 ) ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى بىر خىل شەكىلسىز مال ـ مۈلۈك بولۇپ، ئۇ ماددىمۇ ئەمەس، ھەرىكەتمۇ ئەمەس، بەلكى ئەقلىي قابىلىيەت نەتىجىسى ۋە سودا ـ سانائەت

ئىناۋەتتىدىن ئىبارەت .

2 ) ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى قوش مەزمۇنغا يەنى ھەم جىسمانىي ھوقۇققا ، ھەم مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە .

3 ) ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېتىراپ قىلىشى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ ، شۇڭلاشقا ئۇ تەبىئىي ھوقۇق ئەمەس .

4 ) ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى خاسلىققا ئىگە ، يەنى بۇ خىل ھوقۇقنىڭ پەقەت ئەقلىي نەتىجىنىڭ ئىجادىيەتچىسىگىلا بىرلىدىغانلىقى قانۇندا بەلگىلەنگەن بولۇپ ، بۇ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى .

5 ) ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى رايون خاراكتېرىگە ئىگە . ئۇ رايون چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بىر خىل ھوقۇق .

6 ) ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى رايون خاراكتېرىگە ئىگە . ئۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ .

ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى قوغدايدىغان ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى 6 تۈرلۈك بولۇپ ، بۇلار : ئەسەر ھوقۇقى ، پاتېنت ھوقۇقى ، تاۋار ماركىسى ھوقۇقى ، كەشپىيات ھوقۇقى ، ئىختىرا ھوقۇقى ، پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ھوقۇقىدىن ئىبارەت .

جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا ، قانۇن سودا مەخپىيەتلىكىگە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قوغدايدۇ .

دۆلىتىمىز ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ، 20 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق ، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان قانۇنىي سىستېمىسىنى ئورناتتى . ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا ئائىت قانۇنلارنى تۈزۈش ۋە قانۇنى

www.uyghurkitap.com

ئىجرا قىلىش جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئىچكى قانۇن جەھەتتە ، دۆلىتىمىز ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ، ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى ، تاۋار ماركىسى قانۇنى ، پاتېنت قانۇنى ، ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى ، تېخنىكا توختام قانۇنى ، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىنى قوغداش قانۇنى ، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى ، جىنايى ئىشلار قانۇنى قاتارلىق قانۇن ـ قائىدىلەرنى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى . خەلقئارا قانۇن جەھەتتە ، دۆلىتىمىز 1985 ـ يىلى «سانائەتكە دائىر مۇلۇك ھوقۇقىنى قوغداش پارىژ ئەھدىنامىسى» گە ، 1989 ـ يىلى «تاۋار ماركىسىنى خالقئارالىق تىزىمغا ئالدۇرۇش مادرىد كېلىشىمى» ، 1992 ـ يىلى «ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنى قوغداش بېرن ئەھدىنامىسى» ۋە «دۇنيا ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» گە قاتناشتى ، 1994 ـ يىلى «پاتېنت ھەمكارلىق شەرتنامىسى» قاتارلىق خەلقئارالىق شەرتنامىلەرگە قاتناشتى ھەم دۇنيا ئەقلىي مۇلۇك ھوقۇقى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزا دۆلىتىگە ئايلىنىپ ، ئەقلىي مۇلۇكنى قوغداش جەھەتتە ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى .

2 . ئەسەر ھوقۇقى

1 ) ئەسەر ھوقۇقى ئۇقۇمى

ئەسەر ھوقۇقى يەنە ئاپتورلۇق ھوقۇقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ پۇقرالار ، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى قانۇنىي ئىگە ھېسابلانمايدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرىگە قارىتا قانۇن بويىچە ئىسمىنى يېزىش ، ئېلان قىلىش ، نەشر قىلدۇرۇش ، ھەققە ئېرىشىش قاتارلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ جىسمانىي ھوقۇق ۋە مال ـ مۇلۇك ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» 1990 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

دائىمى كومىتېتىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا ماقۇللىنىپ، 1991 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، دۆلەت نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى.

2 ) ئەسەر ھوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى

ئەسەر ھوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى ئەسەرنىڭ ئاپتورى ۋە قانۇن بويىچە ئەسەر ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان باشقا كىشىدۇر. ئاپتور پۇقرا بولۇشىمۇ مۇمكىن، قانۇنىي ئىگە بولۇشىمۇ ياكى قانۇنىي ئىگە ھېسابلانمايدىغان ئورۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىرقانچە پۇقرا ياكى قانۇنىي ئىگە (بىرلىشىپ يازغان ئەسەر) بولۇشىمۇ مۇمكىن. دۆلەتمۇ ئالاھىدە ئەھۋالدا ئەسەر ھوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى بولىدۇ.

ئەسەر ھوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى يەنە دەسلەپكى ئەسەر ھوقۇقى سۇبيېكتى ۋە ئۆتكۈزۈۋالغۇچى (ۋارىسلىق قىلغۇچى) ئەسەر ھوقۇقى سۇبيېكتى دەپ ئايرىلىدۇ. دەسلەپكى ئەسەر ھوقۇقى سۇبيېكتىنىڭ ئۆزى ئەسەرنىڭ ئاپتورى بولۇپ، ئۇ جىسمانىي ھوقۇق ۋە مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەسەر ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۆتكۈزۈۋالغۇچى ئەسەر ھوقۇقى سۇبيېكتى توختام ياكى ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئەسەر ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ئادەم بولۇپ، ئۇ ئەسەر ھوقۇقىدىكى مال - مۈلۈك ھوقۇقى قىسمىدىنلا بەھرىمەن بولىدۇ.

3 ) ئەسەر ھوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى

ئەسەر ھوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى ئەسەر، ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان ھەم مەلۇم شەكىل بىلەن كۆپەيتىپ ياسىغىلى بولىدىغان ئەقلىي قابىلىيەت ئىجادىيىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار مەزمۇن جەھەتتە ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى، تەبىئىي پەن

www.uyghurkitap.com

ئەسەرلىرى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەمەتتىكى ھەرخىل ئىجادىيەتلەر ، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئەسەرلىرى ، كومپيۇتېر يۇمشاق دىتاللىرى ، ئەسلىدە بار بولغان ئەسەرلەرنى تەھرىرلەش ، ئۆزگەرتىپ تۈزۈش ، تەرجىمە قىلىش ، رەتلەش ، ئىزاھلاش بىلەن ھاسىل بولغان دېدوكسىيە ئەسەرلىرىگە بۆلۈنىدۇ . قانۇن ـ نىزاملار ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ، مەمۇرىيەت ، ئەدلىيە خاراكتېرىگە ئىگە ھۆججەتلىرى ، ھۆكۈمەت دائىرلىرىنىڭ رەسمىي تەرجىمە قىلغان ھۆججەتلىرى ، ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر خەۋەرلەر ، يىلنامە ، سانلىق جەدۋەللەر ، ھەممەباب جەدۋەللەر ۋە فورمۇلا قاتارلىقلار ئەسەر ھوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلانمايدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، نەشر قىلىنىشى ، تارقىتىلىشى قانۇن بويىچە چەكلەنگەن ئەسەرلەر ، مەسىلەن : شەھۋانىي ئەسەر قاتارلىقلار ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى تەرىپىدىن قوغدالمايدۇ .

4 ) ئەسەر ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنى

ئەسەر ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنى جىسمانىي ھوقۇق ۋە مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ① جىسمانىي ھوقۇق : ئىسمىنى يېزىش ھوقۇقى ، ئېلان قىلىش ھوقۇقى ، تۈزىتىش ھوقۇقى ، ئەسەرنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ھوقۇقى ، ئەسەرنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ② مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى : ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە ھەق ئېلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

5 ) ئەسەر ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىش مۇددىتى

ئەسەر ھوقۇقى ئەسەر ئىجاد قىلىنىپ بولغان كۈندىن باشلاپ پەيدا بولىدۇ ھەم ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ . ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمىنى يېزىش ، تۈزىتىش كىرگۈزۈش ، ئەسەرنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش ھوقۇقلىرىنىڭ قوغدىلىنىش مۇددىتى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . پۇقرالارنىڭ

ئەسەر ئېلان قىلىش ھوقۇقى ئۇنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە ئۇنىڭدىن ھەق ئېلىشقا ئېرىشىش ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىش مۇددىتى ئاپتورنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەم ئاپتور ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 50 يىلغىچە بولىدۇ. ھەمكارلىقتا ۋۇجۇتقا چىققان ئەسەرنىڭ قوغدىلىش مۇددىتى ئەڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغان ئاپتور ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 50 يىلغىچە بولىدۇ. قانۇنىي ئىگىنىڭ ياكى قانۇنىي ئىگە ھېسابلانمايدىغان ئورۇننىڭ ئەسەرلىرى، ئەسەر ھوقۇقى (ئىسمىنى يېزىش ھوقۇقى بۇنىڭ سىرتىدا) قانۇنىي ئىگە بولغان كىشى ياكى قانۇنىي ئىگە ھېسابلانمايدىغان ئورۇن بەھرىمەن بولىدىغان ۋەزىپە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئىشلىتىش ۋە ھەق ئېلىش ھوقۇقلىرىنىڭ قوغدىلىش مۇددىتى 50 يىل بولۇپ، ئەسەر تۇنجى ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

6) ئەسەر ھوقۇقىنى ئىشلىتىشكە ئىجازەت بېرىش توختامى

باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىشلەتكەندە ئەسەر ھوقۇقى ئىگىسى بىلەن ئەسەر ھوقۇقىنى ئىشلىتىشكە ئىجازەت بېرىش توختامى تۈزۈش ياكى ئۇنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش لازىم. توختام تۈۋەندىكى ئاساسلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك: ① ئەسەرنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا ئىجازەت بېرىش؛ ② ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىش ھوقۇقى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە ئىجازەت بېرىش؛ ③ ئىشلىتىش دائىرىسى ۋە مۇددىتىگە ئىجازەت بېرىش؛ ④ ھەق بېرىش ئۆلچىمى ۋە چارىسى؛ ⑤ توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى؛ ⑥ ئىككى تەرەپ كېلىشىش زۆرۈر دەپ قارالغان باشقا مەزمۇنلار. توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى 10 يىلدىن ئاشمايدۇ. مۇددەت توشقاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق توختام تۈزۈشكە بولىدۇ. توختامدا يازما شەكلنى قوللىنىش لازىم. بىراق ئەسەرنى گېزىتخانا، ژۇرناللارنىڭ ئىشلىتىشى بۇنىڭدىن

مۇستەسنا بولىدۇ .

باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش ، ئورۇنداش ، ئۇن - سىن ئېلىش ، ئاڭلىتىش ، كۆرسىتىش قاتارلىقلاردا ئەسەر ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ قوشۇلۇشىنى ئېلىش ھەمدە ئەسەر ھوقۇقى ئىگىسىگە ھەق تۆلەش لازىم . ئەسەر ھوقۇقى ئىگىسى ياكى ئۇنىڭ ئادرېسى ئېنىق بولمىغان ئەھۋالدا بېرىلىدىغان ھەق بىر ئاي ئىچىدە دۆلەت نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى تەيىن قىلىنغان ئورگانغا يوللىنىش كېرەك .

7 ) ئەسەر ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى

(1) ئەسەر ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئېلان قىلىش ، ئىشلىتىۋېلىش ، باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى ئوغرىلىۋېلىش ، كۆچۈرۈۋېلىش ، ئۆزى ئىجادىيەتكە قاتناشماي تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئەسىرىگە ئىسمىنى يېزىۋېلىش ، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىشلىتىپ ھەق بەرمەسلىك ، ھەمكارلاشقان ئاپتورلارنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپ ، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىجاد قىلغان ئەسەرنى ئۆزى ئىجاد قىلغان ئەسەر قاتارىدا ئېلان قىلىۋېلىش ، باشقىلارنىڭ مەخسۇس نەشر ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان كىتابلىرىنى نەشر قىلىۋېلىش ، ئىجازەت ئالماي تۇرۇپ ، باشقىلار ئىشلىگەن ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بۇرمىلىۋېتىش ، ئۆزگەرتىۋېتىش ، ئورۇندىغۇچىنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپ ، ئۇ ئورۇنداۋاتقان نومۇرنى بىۋاسىتە ئاڭلىتىش ياكى كۆرسىتىش ، باشقىلارنىڭ ئىسمىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ ، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىشلىتىش ، سېتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر باشقىلارنىڭ ئەسەر ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش ھەرىكىتى بولىدۇ . بۇ خىل ھەرىكەتنى سادىر قىلغۇچىلار

قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك .
(2) دۆلەتلىك ئەسەر ھوقۇقى ئىدارىسى ئەسەر ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىغا قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان مەھسۇلاتنى ئىشلەشنى ۋە تارقىتىشنى مەجبۇرىي توختىتىش ، قانۇنسىز تاپاۋەتنى مۇسادىرە قىلىش ، دەخلى - تەرۇز قىلىپ ئىشلىگەن مەھسۇلاتلارنى ھەم ئىشلەتكەن جاھازىلارنى مۇسادىرە قىلىش .
ئۇنىڭغا يۈز يۈەندىن يۈز مىڭ يۈەنگىچە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە جەرىمانە قويۇش قاتارلىق مەمۇرىي جازا بەرسە بولىدۇ .
دەۋالاشقۇچىلار بىۋاسىتە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ ، زىيان سالغۇچىدىن زىيان سېلىشنى توختىتىش ، تەسىرىنى تۈگىتىش ، ئاشكارە ناماقۇل بولۇش ، زىياننى تۆلەپ بېرىش قاتارلىق ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ . 1997 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يولغا قويۇلغان يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 217 - ، 218 - ماددىلىرىدا ، ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئىگىدارلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇنىڭ چىقارغان ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى كۆپەيتىپ تارقاتقانلار ؛ باشقىلارنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىشلەپ ساتقانلار ۋە ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىنىپ ئىشلەنگەن بۇيۇم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ساتقانلاردىن ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىغا ياكى قانۇنسىز تاپاۋەت سوممىسىنىڭ بىر قەدەر كۆپ ياكى ناھايىتى كۆپلۈكىگە قاراپ ئۈچ يىلدىن يۇقىرى يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدىغانلىقى ، قوشۇمچە ھالدا جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقى ھەم ئەھۋالىغا قاراپ زىياننى تۆلەشكە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن .
3 . پاتېنت ھوقۇقى

1 ) پاتېنت هوقۇقى ئۇقۇمى

پاتېنت هوقۇقى دېگىنىمىز ، دۆلەتنىڭ پاتېنت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئورۇنلىرىنىڭ پاتېنتنى ئىلتىماس قىلغۇچىغا ۋە ئۇنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچىغا قانۇن بويىچە مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ كەشپىيات ۋە ئىجادىيىتىدىن خاس پايدىلىنىش هوقۇقىنى بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ پاتېنت قانۇنى» 1984 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ، 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان . 1992 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 27 ـ يىغىنىدا ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ پاتېنت قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى . جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ پاتېنت قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى» 1992 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ ، دۆلەت پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى .

2 ) پاتېنت هوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى

پاتېنت هوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى پاتېنت ئىلتىماسىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ۋە پاتېنت هوقۇقىغا ئېرىشەلەيدىغان تەبىئىي شەخس ياكى قانۇنىي ئىگىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ :

(1) كەشپىياتچى ياكى لايىهىلىگۈچى .

(2) كەشپىياتنى قانۇنلۇق ئۆتكۈزۈۋالغۇچى ، يەنى هەرخىل قانۇنلۇق شەكىللەر ئارقىلىق كەشپىياتنىڭ ئىگىدارلىق هوقۇقىغا ئېرىشكۈچى .

غەيرىي ۋەزىپىدىكى كەشپ قىلىش ، ئىجاد قىلىشتا پاتېنت ئىلتىماس قىلىش هوقۇقى كەشپىياتچىغا ياكى لايىهىلىگۈچىگە

مەنسۇپ بولىدۇ . ۋەزىپىدىكى كەشىپ قىلىش ، ئىجاد قىلىشتا پاتېنت ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى شۇ ئورۇنغا مەنسۇپ بولىدۇ ، ئىلتىماس تەستىقلانغاندىن كېيىن ، پاتېنت ھوقۇقى شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە بولىدۇ . ئىككىدىن ئارتۇق پۇقرا ياكى ئورۇن ھەمكارلىشىپ ئورۇندىغان بولسا ، ھەمكارلاشقۇچى ئورۇن ياكى پۇقرا بىرلىكتە ئىلتىماس قىلىدۇ . ئىلتىماس تەستىقلانسا ، ئىلتىماس قىلغۇچىلار پاتېنت ھوقۇقىغا ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ .

3 ) پاتېنت ھوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى

پاتېنت ھوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشەلەيدىغان كەشپىيات ، ئىجادىيەتنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ مۇنداق ئۈچ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : ① كەشپىيات . ئۇ مەھسۇلات ، ئۇسۇل ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىش يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېخنىكا لايىھىسىنى كۆرسىتىدۇ ؛ ② ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان يېڭى تىپ ، ئۇ مەھسۇلاتنىڭ شەكلى ، تۈزۈلۈشى ياكى ئۇنىڭ بىرىكىشى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەلىي ئىشلىتىشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى تېخنىكا لايىھىسىنى كۆرسىتىدۇ ؛ ③ تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى . ئۇ مەھسۇلاتنىڭ شەكلى ، نەتىجىسى ، رەڭگى ياكى ئۇنىڭ بىرىكىشى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان گۈزەللىككە باي ھەم سانائەتتە ئىشلىتىشكە باب كېلىدىغان يېڭى لايىھىنى كۆرسىتىدۇ .

پاتېنت ھوقۇقى بېرىلىدىغان كەشپىيات ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر : يېڭىلىقتا ، ئىجادىيلىقتا ، ئەمەلىي ئىشلىتىشچانلىقتا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت . دۆلەت قانۇنىغا ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاققا خىلاپ بولغان ياكى جامائەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان كەشپىيات ــ ئىجادىيەتلەرگە پاتېنت ھوقۇقى بېرىلمەيدۇ .

تۆۋەندىكى تۈردىكىلەرگە پاتېنت ھوقۇقى بېرىلمەيدۇ : ①

ئىلمىي بايقاشلار ؛ ② ئەقلىي قابىلىيەت پائالىيەتلىرىگە دائىر قائىدە ۋە ئۇسۇللار ؛ ③ كېسەللەر ئۇستىدىكى دىئاگنوز ۋە داۋالاش ئۇسۇلى ؛ ④ هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك سورتلىرى ؛ ⑤ ئاتوم يادروسىنى ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن ئېرىشىلگەن ماددىلار ، لېكىن هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك سورتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۈچۈن پاتېنت هوقۇقى بېرىلسە بولىدۇ .

4 ) پاتېنت هوقۇقىنىڭ مەزمۇنى

پاتېنت هوقۇقىنىڭ مەزمۇنى پاتېنت ئىگىسىنىڭ هوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ .

پاتېنت ئىگىسى تۆۋەندىكى هوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ : ① پاتېنت ئىگىسى پاتېنت كۈچكە ئىگە مۇددەتتە ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى مەقسىتىدە پاتېنت مەھسۇلاتىنى مەخسۇس ياساش ، ئىشلىتىش ۋە سېتىش ياكى پاتېنت ئۇسۇلىنى مەخسۇس ئىشلىتىش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ؛ ② پاتېنت ئىگىسى ئۆزىنىڭ پاتېنت هوقۇقىنى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ئىجازەت بېرىش ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەم پاتېنت ئىشلىتىش ھەققى ئېلىش هوقۇقىغا ئىگە ؛ ③ پاتېنت ئىگىسى ئۆزىنىڭ پاتېنت مەھسۇلاتى ياكى شۇ مەھسۇلات قېپىنىڭ ئۈستىگە پاتېنت بەلگىسى ۋە پاتېنت نومۇرىنى قويۇشقا هوقۇقلۇق ؛ ④ پاتېنتنى مەجبۇرىي يولغا قويۇشنى ئىجازەت ئالغان ئورۇندىن پاتېنت ئىشلىتىش ھەققى ئېلىنىدۇ .

پاتېنت ئىگىسى تۆۋەندىكى ئاساسلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ : ① پاتېنت كەشپىياتىنى يولغا قويۇش ، كەشپىيات ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىدىغان يېڭى تىپ ، پاتېنت ئىگىسى پاتېنت هوقۇقى بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ ئۈچ يىل ئىچىدە يوللۇق سەۋەبى بولماي ، شۇ پاتېنتىنى ئۆزى يولغا قويمىسا ياكى باشقىلارنىڭ يولغا قويۇشىغا ئىجازەت بەرمىسە ، پاتېنت

ئىدارىسى يولغا قويۇش شەرتىنى ھازىرلىغان ئورۇننىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن شۇ پاتېنتنى يولغا قويۇشقا مەجبۇرىي ئىجازەت بېرىدۇ؛ ② بەلگىلىمە بويىچە يىللىق بەدەل پۇلى تاپشۇرۇش، مۇددەت توشۇپ يىللىق بەدەل پۇلى تاپشۇرمىغانلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالىدۇ. ③ ۋەزىپىسىدىكى كەشپىيات ئىجادىيىتىدە كەشپىياتچى ياكى لايىھىلىگۈچىگە مۇكاپات بېرىش. ھەر يىلى كەشپىيات ياكى ئەمەلىي ئىشلىتىدىغان يېڭى تىپنى يولغا قويۇپ ئېرىشكەن پايدىدىن باج تاپشۇرغاندىن كېيىن %0.5—2 نى ياكى پاتېنت ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققى، پاتېنت ئىشلىتىش ھەققىدىن باج تاپشۇرغاندىن كېيىن %5—10 نى ھەق قاتارىدا كەشپىياتچى ياكى لايىھىلىگۈچىگە بېرىش كېرەك.

5) پاتېنت ئىلتىماسى، پاتېنت ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش

دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسى پاتېنت ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، پاتېنت ئىلتىماس ھۆججىتىگە قارىتا دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭغا قارىتا باشقىچە پىكرى بولمىسا ياكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق باشقىچە پىكىر ۋۇجۇتقا چىقمىسا، پاتېنت ئىدارىسى پاتېنت ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدا قارار چىقىرىشى، پاتېنت گۇۋاھنامىسىنى بېرىشى ھەمدە ئۇنى تىزىمغا ئېلىشى ۋە ئېلان قىلىشى كېرەك. ئىككىدىن يۇقىرى ئىلتىماس قىلغۇچى ئوخشاش بىر كەشپىيات، ئىجادىيەت پاتېنت ئىلتىماسىنى سۇنغان بولسا، پاتېنت ھوقۇقى ئەڭ ئاۋۋال ئىلتىماس قىلغۇچىغا بېرىلىدۇ.

جۇڭگودىكى تارماقلار ۋە شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئورۇنلىغان كەشپىيات ۋە ئىجادىيىتىنى چەت ئەلدە پاتېنتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن پاتېنت ئىدارىسىغا ئىلتىماس قىلىشى ھەم گوۋۇيۈەننىڭ

ئالاقىدار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن ، گوۋۇيۈەن بەلگىلىگەن پاتېنت ۋەكالەت ئورگانلىرىنىڭ بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلىش كېرەك .

6 ) پاتېنتنىڭ يولغا قويۇلۇشى

پاتېنتنىڭ يولغا قويۇلۇشى دېگىنىمىز ، ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىنى مەقسەت قىلىپ پاتېنت تېخنىكىسىنى ئىشلىتىش، پاتېنت مەھسۇلاتىنى ياساش ، سېتىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ .

پاتېنتنى يولغا قويۇشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ : بىرى ، بىۋاستە يولغا قويۇش ، يەنى پاتېنت ئىگىسى ئۆزى يولغا قويۇشنى كۆرسىتىدۇ . يەنە بىرى ، ۋاستىلىك يولغا قويۇش ، يەنى پاتېنت ئىگىسى ئۆزى بىۋاستە يولغا قويماي ، مەلۇم شەكىل ئارقىلىق باشقىلارنىڭ يولغا قويۇشىنى كۆرسىتىدۇ .

7 ) پاتېنت ھوقۇقىنىڭ قانۇنلۇق قوغدىلىشى

(1) پاتېنت قانۇنىدا ، كەشپىيات پاتېنتىنىڭ قوغدىلىش مۇددىتى 20 يىل بولىدۇ . ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان يېڭى تىپ ۋە تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنت ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىش مۇددىتى 10 يىل بولىدۇ . بۇلار ئىلتىماس قىلغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ مۇددەتتىن ئۆتۈپ كەتسە ، پاتېنت ھوقۇقى يوقىلىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

(2) پاتېنت ئىگىسىنىڭ ئىجازىتىسىز ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىنى مەقسەت قىلغان پاتېنت مەھسۇلاتلىرىنى ياساش ، ئىشلىتىش ، سېتىش ۋە ئۇنىڭ پاتېنت ئۇسۇلىنى قوللىنىش قاتارلىق قىلمىشلار پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . پاتېنت ئىگىسىنىڭ ئىجازىتىسىز ئۆزىنىڭ غەيرىي پاتېنت مەھسۇلاتى ياكى مەھسۇلاتىنىڭ قېپىغا باشقىلارنىڭ پاتېنت نومۇرى ياكى پاتېنت بەلگىسىنى چۈشۈرگەن ، باشقىلارنىڭ پاتېنت مەھسۇلاتىنى

سۈيىئىستېمال قىلغانلار ، باشقىلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق قىلمىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ .

(3 ) پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلمىشىغا قارىتا پاتېنت ئىگىسى ياكى پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىدىكى ئادەم پاتېنت باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا بىر تەرەپ قىلىشقا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ ، شۇنداقلا بىۋاسىتە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسىمۇ بولىدۇ . پاتېنت باشقۇرۇش ئورگانلىرى دەخلى - تەرۇز قىلغۇچىنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىنى توختىتىشقا ھەمدە زىياننى تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇشقا ھوقۇقلۇق . باشقىلارنىڭ پاتېنتىنى سۈيىئىستېمال قىلىش دەخلى - تەرۇز قىلمىشىغا قارىتا ، پاتېنتنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى سۈيىئىستېمال قىلىش ھەرىكىتىنى توختىتىشقا ، ئاشكارە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇپ جەرىمانە قويسا بولىدۇ .

4 . تاۋار ماركىسى ھوقۇقى

1 ) تاۋار ماركىسى ھوقۇقى ئۇقۇمى

تاۋار ماركىسى ھوقۇقى — رويخەتكە ئالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئېرىشكەن ، تاۋار ماركىسىدىن مەخسۇس پايدىلىنىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ . تاۋار ماركىسى ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ رويخەتكە ئالغان تاۋار ماركىسىلا تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا ئېرىشىپ ، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ . رويخەتكە ئالدۇرۇلمىغان تاۋار ماركىسىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ ، لېكىن ماجىرا يۈز بەرگەندە قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمايدۇ . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاۋار ماركىسى قانۇنى» 1982 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 - يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ، 1983 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان . 1993 - يىلى 2 - ئايدا 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - يىغىنى مەزكۇر قانۇنغا

تۈزىتىش كىرگۈزگەن . 1993 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاۋار ماركىسى قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى» تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان .

2 ) تاۋار ماركىسى ھوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى ، ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنى

(1) تاۋار ماركىسى ھوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى

تاۋار ماركىسى ھوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى كارخانا ، كەسپىي ئورۇن ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ . چەت ئەل ياكى چەت ئەل كارخانىلىرى دۆلىتىمىزدە قانۇن بويىچە تاۋار ماركىسىغا ئېرىشسە ئۇلارمۇ تاۋار ماركىسىنىڭ سۇبيېكتى بولىدۇ .

(2) تاۋار ماركىسى ھوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى

تاۋار ماركىسى ھوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى رويخەتكە ئالدۇرۇلغان تاۋار ماركىسى ۋە سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىناۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ . ئۇ تاۋار ماركىسى ، مۇلازىمەت تاۋار ماركىسى ، كوللېكتىپ تاۋار ماركىسى ، ئىسپات تاۋار ماركىسى قاتارلىق بىرقانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ . تاۋار ماركىسىنى پەرق ئېتىشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن خەت ، سىخېما ياكى ئۇلارنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى لازىم . تاۋار ماركىسىنىڭ خېتى ۋە سىخېمىسى قانۇندا چەكلەنگەن بولماسلىقى كېرەك .

(3) تاۋار ماركىسى ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنى

تاۋار ماركىسى ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنى تاۋار ماركىسى ئىگىسىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ .

تاۋار ماركىسى ئىگىسى بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق : بىرىنچى ، تاۋار ماركىسىدىن مەخسۇس پايدىلىنىش ھوقۇقى . ئىككىنچى ، تاۋار ماركىسىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھوقۇقى .

ئۈچىنچى، تاۋار ماركىسىنى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ئىجازەت بېرىش ھەم ئىشلىتىش ھەققى ئېلىش ھوقۇقى.

تاۋار ماركىسى ئىگىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى: بىرىنچى، تاۋار ماركىسى ئىشلىتىلگەن تاۋارلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، رويخەتكە ئېلىنغان تاۋار ماركىسىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە توغرا كەلسە، قوبۇل قىلغۇچى رويخەتكە ئېلىنغان شۇ تاۋار ماركىسى ئىشلىتىلگەن تاۋارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. تاۋار ماركىسىنى ئىشلىتىشكە ئىجازەت قىلىش توختامى تۈزۈشكە توغرا كەلسە، ئىجازەت بەرگۈچى ئۆزى رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسىنى ئىشلىتىشكە ئىجازەت ئالغۇچىنىڭ تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتىگە نازارەت قىلىشى، ئىجازەت ئالغۇچى رويخەتكە ئېلىنغان شۇ تاۋار ماركىسى ئىشلىتىلگەن تاۋارلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى ھەم تاۋارنىڭ ئۈستىگە ئىجازەت ئالغۇچىنىڭ ئىسمىنى ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىلغان جاينى يېزىپ قويۇشى كېرەك. ئىككىنچى، بەلگىلەنگەن ھەر تۈرلۈك خىراجەتلەرنى تاپشۇرۇش.

3) تاۋار ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇرۇشنىڭ ئىلتىماس قىلىنىشى، تەكشۈرۈلۈشى، تەستىقلىنىشى ۋە كۈچكە ئىگە مۇددىتى

دۆلەت سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تاۋار ماركىسى ئىدارىسى تاۋار ماركىسىنى رويخەتكە ئالىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان مەسئۇل ئورۇن.

ئىشلەپچىقارغۇچىلار تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا ئېرىشىشتە، تاۋار ماركىسى ئىدارىسىغا ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. تاۋار ماركىسى ئىدارىسى ئۇنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ بېكىتىپ ئېلان قىلىدۇ. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىلتىماس قىلغۇچى ئوخشاش بىر خىل تاۋارغا ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان تاۋار ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش توغرىسىدا

ئىلتىماس سۇنغان بولسا ، تاۋار ماركىسى ئىدارىسى ئاۋۋال ئىلتىماس قىلغان تاۋار ماركىسىنى ئېلان قىلىدۇ . بىرلا كۈندە ئىلتىماس سۇنغان بولسا ، ئاۋۋال ئىشلەتكەن تاۋار ماركىسىنى ئېلان قىلىدۇ . ئېلان قىلىنىپ ئۈچ ئاي ئىچىدە باشقىچە پىكىر چىقمىسا ياكى باشقىچە پىكىر ئورۇنسىز بولۇپ چىقسا ، تاۋار ماركىسى ئىدارىسى رويخەتكە ئېلىشنى تەستىقلاپ ، تاۋار ماركىسىنى رويخەتكە ئېلىش گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىپ بېرىدۇ ھەم ئۇنى تارقىتىپ بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ .

رويخەتكە ئالدۇرۇلغان تاۋار ماركىسىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى 10 يىل بولىدۇ . مۇددىتى توشقاندىن كېيىن داۋاملىق ئىشلىتىش توغرا كەلسە داۋاملىق ئىشلىتىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنۇش كېرەك . ھەر قېتىم داۋاملىق ئىشلىتىشنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى 10 يىل بولىدۇ .

4 ) رويخەتكە ئېلىنغان تاۋار ماركىسىدىن مەخسۇس پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداش

(1 ) تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرى

تاۋار ماركىسى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئوخشايدىغان ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان تاۋار ماركىسىنى ئوخشاش تۈردىكى تاۋارغا ئىشلىتىش باشقىلار رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسىنىڭ شەرتلىك بەلگىسىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ياساش ياكى سېتىش ھەرىكەتلىرى رويخەتكە ئېلىنغان تاۋار ماركىسىدىن ياكى بەلگىسىدىن مەخسۇس پايدىلىنىش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، بۇ خىل قىلمىشنى سادىر قىلغۇچىلار ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى ۋە جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك .

(2 ) قانۇنىي جاۋابكارلىق

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىدىن بىرىنى سادىر قىلغۇچىلارنى ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىغۇچى كىشى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سودا ـ سانائەتنى مەمۇريي باشقۇرۇش تارماقلىرى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە ئەرز سۇنسىمۇ بولىدۇ.

## 5. ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى

ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى دېگىنىمىز، ۋارىسنىڭ مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ مىراسىغا قانۇن بويىچە ئېرىشىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش پۇقرالار ئۆلگەن ياكى ئۆلگەنلىكى جاكارلانغاندىن كېيىن، ئۆلگۈچىدىن قېپقالغان شەخسىي قانۇنلۇق مال ـ مۈلۈكنى قانۇني تەرتىپ بويىچە باشقىلارنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر خىل قانۇن ـ تۈزۈمدۇر. مال ـ مۈلۈك قالدۇرغان ئۆلگۈچى مىراس قالدۇرغۇچى دېيىلىدۇ. مىراس قوبۇل قىلغۇچى بولسا ۋارىس دېيىلىدۇ. ئۆلگۈچىدىن قېپقالغان شەخسىي قانۇنلۇق مال ـ مۈلۈك مىراس دېيىلىدۇ.

1. ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى

ۋارىسلىق قانۇنى مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر، 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋارىسلىق قانۇنى» ماقۇللانغان بولۇپ، دۆلىتىمىز ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي پرىنسىپلىرى بار:

1 ) ۋارىسلىق ھوقۇقىدا ئەر ـ ئاياللار باراۋەر بولۇش پرىنسىپى

ۋارىسلىق ھوقۇقىدا ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەر بولۇش پرىنسىپى ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ : مىراس قالدۇرغۇچى ئەر ، ئايال دەپ ئايرىلماي ، ھەممىنىڭلا ئۆزىنىڭ مىراسىنى ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ ؛ ئوخشاش بىر تۇغقانلىق دەرىجىسىدىكى ۋارىسلار ئەر ، ئايال دەپ ئايرىلماي ، باراۋەر ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ؛ ئەر بىلەن خوتۇننىڭ بىرى ـ بىرىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ .

2 ) ياشانغانلارنى بېقىش ، بالىلارنى تەربىيىلەشكە پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى

دۆلىتىمىزنىڭ ۋارىسلىق قانۇنىدا ياشانغانلارنىڭ ، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدا نۇرغۇن بەلگىلىمە چىقىرىلغان ، مەسىلەن : تۇرمۇشتا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بولغان ، ئەمگەك ئىقتىدارى بولمىغان ۋارىسلارغا مىراس بۆلگەندە ئېتىبار بېرىش ، ھامىلىگە تېگىشلىك مىراس ئۆلۈش قالدۇرۇش قاتارلىقلار .

3 ) ئىناق ، ئىتتىپاق ئۆتۈش ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا يول قويۇش پرىنسىپى

ۋارىسلار ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىنى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا يول قويۇش ، ئىناق ، ئىتتىپاق ئۆتۈش روھى بويىچە مەسلىھەتلىشىپ ، بىر تەرەپ قىلىش لازىم . ئومۇمىي ئەھۋالغا ئېتىبار بېرىش ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا يول قويۇش روھىنى تەشەببۇس قىلىش ، مىراس ئۆلۈشىنى دېموكراتىك ئاساستا كېڭىشىش ئارقىلىق بەلگىلەش ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ۋە تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولغان باشقا ۋارىسلارغا ئاۋۋال ئېتىبار بېرىش لازىم .

2 . مىراس ئۇقۇمى ۋە دائىرىسى

1 ) مىراس ئۇقۇمى

مىراس پۇقرالار ئۆلگەندە قېلىپ قالغان شەخسىي قانۇنلۇق مال - مۈلكىنى كۆرسىتىدۇ . ئەگەر هايات ۋاقتىدا قانۇنسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق ئېرىشكەنلىرى بولسا ، مۇسادىرە قىلىنىدۇ .

2 ) مىراس دائىرىسى

دۆلىتىمىزنىڭ ۋارىسلىق قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ، ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدىغان مىراسنىڭ دائىرىسى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : پۇقرالارنىڭ كىرىمى ، پۇقرالارنىڭ ئۆي - جايلىرى ، يىققان پۇل - بىساتلىرى ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ؛ پۇقرالارنىڭ دەل - دەرەخلىرى ، چارۋا ماللىرى ۋە ئۆي قۇشلىرى ؛ پۇقرالارنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ، كىتاب - ماتېرىياللىرى ؛ پۇقرالارنىڭ قانۇندا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ؛ پۇقرالارنىڭ ئەسەر هوقۇقى ۋە پاتېنت هوقۇقى دائىرىسىدىكى مال - مۈلۈك هوقۇقى ؛ پۇقرالارنىڭ باشقا قانۇنلۇق مال - مۈلۈكلىرى (مەسىلەن : تۆلىتىۋېلىش هوقۇقى ، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە ) ، ۋەهاكازالار .

دۆلىتىمىزدە مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش شەكلى تۆت خىل بولىدۇ يەنى قانۇنىي ۋارىسلىق ، ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىش ، ۋەسىيەت بويىچە هەدىيە قىلىش ۋە ۋەسىيەت بويىچە هەدىيە قىلىش - بېقىش كېلىشىمىدىن ئىبارەت .

3 . قانۇنىي ۋارىسلىق ئۇقۇمى

قانۇنىي ۋارىسلىق ۋارىسلارنىڭ دائىرىسى ، ۋارىسلىق قىلىش رېتى شۇنىڭدەك مىراس تەقسىم قىلىش پرىنسىپى بىردەك قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بىر خىل ۋارىسلىق قىلىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ يەنە ۋەسىيەتسىز ۋارىسلىق قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

www.uyghurkitap.com

قانۇنىي ۋارىسلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى: ① قانۇنىي ۋارىسلىق مۇئەييەن جىسمانىي مۇناسىۋەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ؛ ② قانۇنىي ۋارىسلارنىڭ دائىرىسى، ۋارىسلىق قىلىش رېتىمى ۋە مىراس تەخسىم قىلىش پرىنسىپى تۇغرىسىدا قانۇندا بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولۇپ، مىراس قالدۇرغۇچى ھايات ۋاقتىدا قانۇن بويىچە ۋەسىيەت قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئۆزگەرتكەندىن سىرت، باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى بولمايدۇ؛ ③ مىراس قالدۇرغۇچى ھايات ۋاقتىدا ۋەسىيەت قالدۇرمىغان بولسا ياكى ۋەسىيەت ئىناۋەتسىز بولسا.

2) قانۇنىي ۋارىسنىڭ رېتىمى ۋە دائىرىسى

قانۇنىي ۋارىس — ئۆلگۈچىنىڭ مىراسىغا قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ۋارىسلىق قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇنىي ۋارىسلىقنىڭ رېتى — قانۇنىي ۋارىسلارنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى ئىلگىر - كېيىنلىك رېتىنى كۆرسىتىدۇ. ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ 10 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، دۆلىتىمىزدە قانۇنىي ۋارىسلىق ئىككى رەتكە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى رەتتىكىلەر: جۆرىسى، بالىلىرى ۋە ئاتا - ئانىسىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى رەتتىكىلەر: ئاكا - ئۇكا ۋە ئاچا - سىڭىللىرى، بوۋا - مومىلىرى.

مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش باشلانغاندىن كېيىن، بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلار ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئىككىنچى رەتتىكى ۋارىسلار ۋارىسلىق قىلمايدۇ. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلار بولمىسا، ئىككىنچى رەتتىكى ۋارىسلار ۋارىسلىق قىلىدۇ.

ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ 12 - ماددىسىدا يەنە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە قېيناتا - قېينانىسىنى ئاساسلىق باققان كېلىنلەر، خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە قېيناتا - قېينانىسىنى ئاساسلىق باققان كۈيئوغۇللار بىرىنچى رەتتىكى ۋارىس بولىدۇ، دەپ

بەلگىلەنگەن .

3 ) ئورۇنباسار ۋارىسلىق

ئورۇنباسار ۋارىسلىق — مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ بالىلىرى مىراس قالدۇرغۇچىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ بالىلىرىنىڭ كېيىنكى بوغۇن بىۋاستە قانداش تۇققانلىرى مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنىدا ئۇلار ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك مىراسقا ۋارىسلىق قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

ئورۇنباسار ۋارىسلار پەقەت مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ بالىلىرىنىڭ كېيىنكى بوغۇن بىۋاستە قانداش تۇققانلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ . مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ شىرەم تۇغقانلىرى ياكى ئالدىنقى بۇغۇن قانداش تۇغقانلىرىدا ئورۇنباسار ۋارىسلىق ھوقۇقى بولمايدۇ . ئورۇنباسار ۋارىسلار پەقەت ئۆزى ئورۇن باسقانلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك مىراس ئۈلۈشىگىلا ۋارىسلىق قىلالايدۇ . نىكاھدىن تۇغۇلغان بالىلار ، نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلار ، بېقىۋېلىنغان بالىلار ۋە بېقىش مۇناسىۋىتى بولغان ئۆگەي بالىلار ئورۇنباسار ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ .

4 . ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلىش شۇنىڭدەك ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلىش - بېقىش كېلىشىمى

1 ) ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىش

2 . مىراس ئوبيېكتى ۋە دائىرىسى

1 ) مىراس ئوبيېكتى

مىراس پۇقرالار ئۆلگەندە قېپقالغان شەخسىي قانۇنلۇق مال - مۈلكىنى كۆرسىتىدۇ . ئەگەر ھايات ۋاقتىدا قانۇنسىز ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئېرىشكەنلىرى بولسا ، مۇسادىرە قىلىنىدۇ .

www.uyghurkitap.com

2) مىراس دائىرىسى

دۆلىتىمىزنىڭ ۋارىسلىق قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدىغان مىراسنىڭ دائىرىسى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: پۇقرالارنىڭ كىرىمى؛ پۇقرالارنىڭ ئۆي ـ جايلىرى، يىغقان پۇل ـ بىساتلىرى ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى؛ پۇقرالارنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى، چارۋا ماللىرى ۋە ئۆي قۇشلىرى؛ پۇقرالارنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى، كىتاب ـ ماتېرىياللىرى؛ پۇقرالارنىڭ قانۇندا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى؛ پۇقرالارنىڭ ئەسەر هوقۇقى ۋە پاتېنت هوقۇقى دائىرىسىدىكى مال ـ مۈلۈك هوقۇقى؛ پۇقرالارنىڭ باشقا قانۇنلۇق مال ـ مۈلۈكلىرى (مەسىلەن: تۆلىنىۋېلىش هوقۇقى، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە)، ۋەھاكازالار.

3) ۋارىسلىق قىلىش شەكىللىرى

دۆلىتىمىزدە مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش شەكلى تۆت خىل بولىدۇ. يەنى قانۇنىي ۋارىسلىق، ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىش، ۋەسىيەت بويىچە هەدىيە قىلىش ۋە ۋەسىيەت بويىچە هەدىيە قىلىش ـ بېقىش كېلىشىمىدىن ئىبارەت.

3. قانۇنىي ۋارىسلىق

1) قانۇنىي ۋارىسلىق ئۇقۇمى

قانۇنىي ۋارىسلىق ۋارىسلارنىڭ دائىرىسى، ۋارىسلىق قىلىش رېتى، شۇنىڭدەك مىراس تەخسىم قىلىش پرىنسىپى بىردەك قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بىر خىل ۋارىسلىق قىلىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە ۋەسىيەتسىز ۋارىسلىق قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قانۇنىي ۋارىسلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى: ① قانۇنىي ۋارىسلىق مۇئەييەن جىسمانىي مۇناسىۋەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ؛ ② قانۇنىي ۋارىسلارنىڭ دائىرىسى، ۋارىسلىق قىلىش رېتى ۋە

مىراس تەخسىم قىلىش پرىنسىپى توغرىسىدا قانۇندا بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولۇپ، مىراس قالدۇرغۇچى هايات ۋاقتىدا قانۇن بويىچە ۋەسىيەت قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئۆزگەرتكەندىن سىرت، باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىش هوقۇقى بولمايدۇ؛ ③ مىراس قالدۇرغۇچى هايات ۋاقتىدا ۋەسىيەت قالدۇرمىغان بولسا ياكى ۋەسىيەت ئىناۋەتسىز بولسا.

2) قانۇني ۋارىسنىڭ رېتى ۋە دائىرىسى

قانۇني ۋارىس — ئۆلگۈچىنىڭ مىراسىغا قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ۋارىسلىق قىلىش سالاهىيىتىگە ئىگە كىشىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇني ۋارىسلىقنىڭ رېتى — قانۇني ۋارىسلارنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى ئىلگىرى - كېيىنلىك رېتىنى كۆرسىتىدۇ. ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ 10 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، دۆلىتىمىزدە قانۇني ۋارىسلىق ئىككى رەتكە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى رەتتىكىلەر: جۆرىسى، بالىلىرى ۋە ئاتا - ئانىسىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى رەتتىكىلەر: ئاكا - ئۇكا ۋە ئاچا - سىڭىللىرى، بوۋا - مومىلىرى.

مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش باشلانغاندىن كېيىن، بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلار ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئىككىنچى رەتتىكى ۋارىسلار ۋارىسلىق قىلمايدۇ. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلار بولمىسا، ئىككىنچى رەتتىكى ۋارىسلار ۋارىسلىق قىلىدۇ.

ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ 12 - ماددىسىدا يەنە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىنى ئاساسلىق باققان كېلىنلەر، خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىنى ئاساسلىق باققان كۈيئوغۇللار بىرىنچى رەتتىكى ۋارىس بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

3) ئورۇنباسار ۋارىسلىق

ئورۇنباسار ۋارىسلىق — مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ

بالىلىرى مىراس قالدۇرغۇچىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ بالىلىرىنىڭ كېيىنكى بوغۇن بىۋاستە قانداش تۇغقانلىرى مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنىدا ئۇلار ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك مىراسقا ۋارىسلىق قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئورۇنباسار ۋارىسلار پەقەت مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ بالىلىرىنىڭ كېيىنكى بوغۇن بىۋاستە قانداش تۇغقانلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ شىرەم تۇغقانلىرى ياكى ئالدىنقى بوغۇن بىۋاستە قانداش تۇغقانلىرىدا ئورۇنباسار ۋارىسلىق هوقۇقى بولمايدۇ. ئورۇنباسار ۋارىسلار پەقەت ئۆزى ئورۇن باسقانلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك مىراس ئۈلۈشىگىلا ۋارىسلىق قىلالايدۇ. نىكاھدىن تۇغۇلغان بالىلار، نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلار، بېقىۋېلىنغان بالىلار ۋە بېقىش مۇناسىۋىتى بولغان ئۆگەي بالىلار ئورۇنباسار ۋارىسلىق هوقۇقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ.

4. ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلىش، شۇنىڭدەك ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلىش - بېقىش كېلىشىمى

1) ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىش

ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىش — مىراس قالدۇرغۇچى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مىراسىنى ئۇ ھايات ۋاقتىدا قىلغان ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە بەلگىلەنگەن قانۇنىي ۋارىسلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت بىر خىل ۋارىسلىق قىلىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ۋەسىيەت بويىچە مىراس قالدۇرغۇچى ۋەسىيەت قىلغۇچى دېيىلىدۇ. ۋەسىيەتنى قوبۇل قىلىشقا بەلگىلەنگەن ۋارىس ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلغۇچى دېيىلىدۇ.

ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىي ۋارىسلىقتا

قارىغاندا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ . مىراس قالدۇرغۇچى هايات ۋاقتىدا قانۇنلۇق ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئالدى بىلەن ۋەسىيەتتىكى بەلگىلىمە بويىچە ۋارىسلىق قىلىش كېرەك . ۋەسىيەت قىلىنمىغان ياكى ۋەسىيەت خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ هۆكۈمى ئارقىلىق ئىناۋەتسىز قىلىنغان بولسا، ئاندىن قانۇنىي ۋارىسلىق شەكلى بويىچە ئىش كۆرۈلىدۇ .

2 ) ۋەسىيەتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش شەرتلىرى ۋە شەكىللىرى

ۋەسىيەتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىدىكى ئەمەلىي شەرتلەر :

(1 ) ۋەسىيەت قىلغۇچى ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى شەرت .

(2 ) ۋەسىيەتتە ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ ھەقىقىي پىكرى ئىپادىلەنگەن بولۇشى كېرەك .

(3 ) ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنى قانۇنلۇق بولۇشى شەرت .

(4 ) ئەگەر قانۇنىي ۋارىسلار ئىچىدىكى بالاغەتكە يەتمىگەنلەرنىڭ، ئەمگەك ئىقتىدارى يوق ھەم تىرىكچىلىك يولى بولمىغان كىشىلەرنىڭ، شۇنىڭدەك تۇغۇلمىغان ھامىلىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك مىراس ئۈلۈشى ئېلىپ تاشلانغان ياكى ئازايتىۋېتىلگەن بولسا، ئۇمۇ ئىناۋەتسىز بولىدۇ .

ۋەسىيەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش شەكىللىرى :

(1 ) جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋەسىيەت . ۋەسىيەت قىلغۇچى دۆلەتنىڭ جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىغا بېرىپ گۇۋاھلىق رەسمىيىتىنى بېجىرگەن ۋەسىيەتتۇر .

(2 ) ئۆزى يازغان ۋەسىيەت . ۋەسىيەت يازغۇچى ئۆز قولى بىلەن يازغان ۋەسىيەتتۇر . بۇنىڭدا ۋەسىيەت يازغۇچى ئۆزى ئىمزا قويۇپ، يىل، ئاي، كۈنلەرنى ئېنىق ئەسكەرتىدۇ .

(3 ) ۋەكالەتەن يازغان ۋەسىيەت . ۋەسىيەت قىلغۇچى باشقىلارغا هاۋالە قىلىپ يازدۇرغان ۋەسىيەتتۇر . بۇنىڭدا

ئىككىدىن ئارتۇق كىشى تۆپىدە گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇشى ، ئۇلارنىڭ بىرى يېزىشى ، ئۇنىڭغا يىل ، ئاي ، كۈنلىرىنى ئېنىق ئەسكەرتىشى ھەمدە ۋەسىيەتنامىنى يېزىپ بەرگۈچىنى ، باشقا گۇۋاھچىلار ۋە ۋەسىيەت قىلغۇچى ئىمزا قويۇشى كېرەك .

(4) ئۇنئالغۇغا ئېلىنغان ۋەسىيەت . بۇنىڭدا ئىككىدىن ئارتۇق پايدا ــ زىيان مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشى تۆپىدە گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇشى كېرەك .

(5) ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغان بولسا ، ئاغزاكى ۋەسىيەت قالدۇرسا بولىدۇ . ئاغزاكى ۋەسىيەتتە ئىككىدىن ئارتۇق پايدا ــ زىيان مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشى تۆپىدە گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇشى كېرەك ، ۋەسىيەت قىلغۇچى خەۋپلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ ، يازما ياكى ئۇنئالغۇغا ئېلىش شەكلى بىلەن ۋەسىيەت قالدۇرالايدىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئاغزاكى قىلغان ۋەسىيىتى ئىناۋەتسىز بولىدۇ .

(6) ۋەسىيەت قىلغۇچى ۋەسىيەت قىلغاندىن كېيىن ، قىلغان ۋەسىيەتنى نامۇۋاپىق دەپ قارىسا ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق . ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن قىلغان ۋەسىيىتى بىرقانچە نۇسخا بولۇپ ، مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە زىت كەلسە ، ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيەت ئاساس قىلىنىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ ۋارىسلىق قانۇنىدا جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋەسىيەتنى ئۆزى يازغان ، باشقىلارغا يازدۇرغان ، ئۇنئالغۇغا ئالدۇرغان ۋە ئاغزاكى قالدۇرغان ۋەسىيەت بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىشكە ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

3 ) ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلىش ۋە ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلىش ـ بېقىش كېلىشىمى

ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلىش — پۇقرالارنىڭ ۋەسىيەت قىلىش شەكلى بىلەن ئۆز مىراسىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى

ھەممىسىنى دۆلەتكە ، كوللېكتىپ تەشكىلاتلارغا ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ياكى قانۇنىي ۋارىسلاردىن باشقا كىشىلەرگە ھەدىيە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ . مال - مۈلۈكنى ۋەسىيەت ئارقىلىق ھەدىيە قىلغۇچىلار ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلغۇچى دېيىلىدۇ . ۋەسىيەت ئارقىلىق ھەدىيە قىلىنغان مال - مۈلۈككە ئىگە بولغۇچىلار ۋەسىيەت بويىچە مال - مۈلۈكنى قوبۇل قىلغۇچى دېيىلىدۇ .

دۆلىتىمىزنىڭ ۋارىسلىق قانۇنىدا يەنە پۇقرالار قانۇنىي ۋارىستىن باشقا ، پۇقرا ياكى تەشكىلاتلار بىلەن ھەدىيە قىلىش - بېقىش كېلىشىمى تۈزسە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن . بۇ ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنىي ھەرىكىتىدۇر . ھەدىيە قىلىش - بېقىش كېلىشىمى — باققۇچى ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلغۇچىنى ھايات ۋاقتىدا بېقىش ، ئۆلگەندە دەپنە قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغاندا ، ئاندىن ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغان كېلىشىمنى كۆرسىتىدۇ . ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلىش - بېقىش كېلىشىمىنىڭ كۈچى ۋەسىيەتنىڭ كۈچىدىن يۇقىرى بولىدۇ .

5 . مىراسنى بىر تەرەپ قىلىش

1 ) ۋارىسلىق قىلىنىدىغان ياكى ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلىنىدىغان مىراسلارنى بىر تەرەپ قىلىش .

ۋارىسلىق قىلىش مىراس قالدۇرغۇچى ئۆلگەن ياكى قانۇن بويىچە ئۆلگەنلىكى جاكارلانغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ . مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش باشلىنىدىغان ئورۇن ئادەتتە ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدىكى تۇرار جايىنى ياكى ئاساسىي مىراسى بار جايىنى كۆرسىتىدۇ .

مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش باشلانغاندىن كېيىن ، ۋارىسلىق قىلغۇچى ۋارىسلىق قىلىشتىن ۋاز كەچمەكچى بولسا ، مىراسنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىلگىرى ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈرۈش

كېرەك . ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈرمىسە ، مىراسنى قوبۇل قىلغانلىق دەپ ئاتىلىدۇ .

ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا : «مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش باشلانغاندىن كېيىن ، قانۇنىي ۋارىسلىق بويىچە ئىش كۆرۈلىدۇ ؛ ۋەسىيەت قالدۇرغان بولسا ، مىراس قالدۇرۇش ۋەسىيىتى ياكى ھەدىيە قىلىش ۋەسىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈلىدۇ ؛ ۋەسىيەت بىلەن ھەدىيە قىلىش ـ بېقىش كېلىشىمى بولسا ، كېلىشىم بويىچە ئىش كۆرۈلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن .

تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغان ۋارىسلار ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدۇ : مىراس قالدۇرغۇچىغا قەستەن قاتىللىق قىلغانلار ؛ مىراس تالىشىش يۈزىسىدىن باشقا ۋارىسلارغا قاتىللىق قىلغانلار ؛ مىراس قالدۇرغۇچىنى خورلاش ۋە تاشلىۋېتىش قىلمىشى ئېغىر بولغانلار ؛ ۋەسىيەتنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ، ئۆزگەرتىۋېتىش ياكى يوق قىلىۋېتىش قىلمىشى ئېغىر بولغانلار .

ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مۈلكىنى كېلىشىم بولغانلىرىدىن سىرت مىراس بۆلگەندە ئورتاق مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى جۆرىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئايرىغاندىن سىرت ، قالغان قىسمى مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ مىراسى بولىدۇ . بۇنىڭدا يەنە ھامىلىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك مىراس ئۈلۈشىنى ساقلاپ قويۇش كېرەك .

2 ) ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەمى بولمىغان ، شۇنداقلا ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە قىلىدىغان ئادەمى يوق مىراسلارنى بىر تەرەپ قىلىش .

بۇ خىل مىراسلارغا قارىتا ، ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولسا ، ئۇنىڭ مىراسى كوللېكتىپقا تەۋە بولىدۇ . ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا

كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولمىسا، ئۇنىڭ مىراسى بىردەك دۆلەتكە تەۋە بولىدۇ.

3) قېپقالغان قەرزلەرنى تۆلەش

مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچى ئالدى بىلەن مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ قانۇن بويىچە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بېجى ۋە قەرزلىرىنى تۆلەش كېرەك. ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ 33 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ هايات ۋاقتىدىكى قانۇنلۇق قەرزىنى ۋارىسلار ئالدى بىلەن مىراستىن تۆلىشى، ئاندىن مىراسنى بۆلۈشى كېرەك. قەرزنى تۆلەش پرىنسىپى مىراسنىڭ ئەسلى قىممىتىنى چەك قىلىشتىن ئىبارەت. قەرزنىڭ مىراسنىڭ ئەسلى قىممىتىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى قايتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ۋارىسلار ئۈستىگە ئالمىسا بولىدۇ. مىراس دۆلەتكە ياكى كوللېكتىپ تەشكىلاتقا تەۋە بولسا، مىراسنى قوبۇل قىلغان ئورۇن ئىگە بولغان مىراسنىڭ ئەسلى قىممىتى دائىرىسىدە قەرزنى تۆلەشكە مەسئۇل بولىدۇ. ۋارىسلىق قىلغۇچى ۋارىسلىق قىلىشتىن ۋاز كەچسە، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ قانۇن بويىچە تۆلەيدىغان باج ۋە قەرزىگە قارىتا تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمىسىمۇ بولىدۇ.

4) ۋارىسلىقنىڭ دەۋالىرىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى

ۋارىسلىق قىلىش هوقۇق ماجىرالىرىنىڭ دەۋا سۈرۈكى ئىككى يىل بولىدۇ. بۇ ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆز هوقۇقى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلگەن ياكى بىلىشكە تېگىشلىك بولغان كۈندىن باشلاپ هېسابلىنىدۇ. لېكىن، ۋارىسلىق باشلانغان كۈندىن 20 يىل ئۆتۈپ كەتسە، قايتا دەۋا قىلىشقا بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 3§ . توختام قانۇنى

## 1 . توختام قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى ، ئالاھىدىلىكى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى

### 1 . توختام قانۇنى ئۇقۇمى

توختام باراۋەر سۇبيېكتلار يەنى تەبىئىي ئادەم ، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەق تەلەپ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشى ، ئۆزگەرتىلىشى ۋە ئاخىرلاشتۇرۇلۇشىغا دائىر كېلىشىمدۇر .

توختام قانۇنى باراۋەر سۇبيېكتلار تەبىئىي شەخس ، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرى مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشى ، ئۆزگەرتىلىشى ۋە ئاخىرلاشتۇرۇلۇشىغا دائىر ئىشلارنى تەڭشەيدىغان قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى .

ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرى مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشى دېگىنىمىز ، سۇبيېكتنىڭ مەلۇم ھوقۇققا ئېرىشىش ۋە مەلۇم مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ئۆزگەرتىلىشى دېگىنىمىز ، سۇبيېكت ، ئوبيېكت ياكى مەزمۇنىدىن ئىبارەت خالىغان بىر ئامىلنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى دېگىنىمىز ، ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى توختام قانۇنى» ماقۇللاندى ، بۇ قانۇننى چىقىرىشنىڭ مەقسىتى توختاملاشقۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق

ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى قوغداش ۋە ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداش ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت . بۇ قانۇن 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ .

2 . توختامنىڭ ئالاھىدىلىكى

1 ) توختام بىر خىل ھەق تەلەپ قانۇن ھەرىكىتى

توختام تۈزۈشنىڭ مەقسىتى ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ، ئۆزگەرتىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت . توختام تۈزۈشكەن ھەر ئىككى تەرەپكە قارىتا قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە . ھەرقانداق بىر تەرەپ قانۇنسىز ياكى كېلىشىمسىز توختام كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلسا ، قانۇن بويىچە توختامغا خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ .

2 ) توختام ئىككى تەرەپنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكىتى

توختام ئىككى تەرەپنىڭ قاتنىشىشى ئارقىلىق تۈزۈلۈشى كېرەك . پەقەت بىر تەرەپلا قاتناشقان توختام مەۋجۇت بولمايدۇ . ھەرقانداق ئادەم ئۆزى بىلەن توختام تۈزەلمەيدۇ . چۈنكى بۇ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى ماسلاشتۇرىدۇ . بىر تەرەپنىڭ ھوقۇقى يەنە بىر تەرەپنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ .

3 ) توختام توختاملاشقۇچىلارنىڭ مەقسەت ئىپادىسى بىردەك بولىدىغان ھەق تەلەپ قانۇن ھەرىكىتى

مەقسەت ئىپادىسى دېگىنىمىز ، توختاملاشقۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى مەلۇم شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن كېلىپ چىققان ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ . مەقسەت ئىپادىلەشنىڭ بىردەكلىكى كۆڭۈلگە يېقىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ . يەنى توختام تۈزگۈچى تەرەپلەرنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتىنىڭ بىردەكلىكى ھەمدە ئۆز ئىقتىدارى بىلەن كېڭىشىش ، ئىككى

تەرەپنىڭ پىكىر ، ئىختىلاپلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى تەرەپنىڭ مەقسەت ئىپادىلەش مەزمۇنىنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ .

4 ) توختام تۈزگۈچى ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەر ئورۇنغا ئىگە بولۇشى ئاساسىدا كېلىپ چىققان ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكىتى

توختام تۈزگۈچى ئىككى تەرەپنىڭ توختامدىكى قانۇنىي ئورنى باراۋەر بولىدۇ . توختام مۇناسىۋىتىدە بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە رەھبەرلىك قىلىدىغان ، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە بويسۇنىدىغان مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولمايدۇ . شۇنداقلا ، چوڭى كىچىكىنى بوزەك قىلىشقا ، كۈچلۈك ئاجىزنى بېسىشقا ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى قارشى تەرەپكە مەجبۇرىي تېڭىشقا بولمايدۇ .

5 ) توختام قانۇنلۇق ھەق تەلەپ قانۇن ھەرىكىتى

توختامدىكى تەرەپلەرنىڭ مەقسەت ئىپادىلىشى چوقۇم دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك . ئۇنداق بولمايدىكەن ، دۆلەت ئېتىراپ قىلمايدۇ ۋە قوغدىمايدۇ . توختامنىڭمۇ قانۇنىي چەكلەش كۈچى بولماي ئىناۋەتسىز توختام بولۇپ قالىدۇ .

3 . توختام قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

1 ) توختامدىكى تەرەپلەرنىڭ قانۇنىي ئورنى باراۋەر بولۇش پرىنسىپى

توختامدىكى تەرەپلەرنىڭ قانۇنىي ئورنى باراۋەر بولىدۇ . بىر تەرەپ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى يەنە بىر تەرەپكە مەجبۇرىي تېڭىشقا بولمايدۇ .

2 ) توختامدىكى تەرەپلەرنىڭ ئىختىيار قىلىش پرىنسىپى

تەرەپلەر قانۇن بويىچە ئىختىيارلىقى بىلەن توختام تۈزۈش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ

قانۇنسىزلىق بىلەن ئارىلىشىۋېلىشىغا بولمايدۇ .

3 ) ئادىل بولۇش پرىنسىپى

تەرەپلەر ئادىل بولۇش پرىنسىپىدا بېكىتىلگەن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك .

4 ) سەمىمىي بولۇش ، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپى

تەرەپلەر ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە ، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغاندا سەمىمىي بولۇش ، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك .

5 ) قانۇنغا ئۇيغۇن كېلىش پرىنسىپى

تەرەپلەر توختام تۈزگەندە ، توختامنى ئادا قىلغاندا قانۇن ، مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش ، ئىجتىمائىي ئەخلاقتا ھۆرمەت قىلىشى ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرماسلىقى ، جەمئىيەتنىڭ ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالماسلىقى كېرەك .

6 ) توختامنى چوقۇم ئادا قىلىش پرىنسىپى

قانۇن بويىچە تۈزۈلگەن توختام ، تەرەپلەرگە قارىتا قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان بولىدۇ . تەرەپلەر كېلىشىم بويىچە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك ، ئۆز مەيلىچە توختامنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ۋە بىكار قىلىشقا بولمايدۇ .

## 2 . توختامنىڭ تۈزۈلۈشى

### 1 . تۈزۈلۈش ئۇسۇلى

تەرەپلەر توختام تۈزگەندە كېلىشىم قىلىش ، ۋەدە بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلنى قوللىنىدۇ .

1 ) كېلىشىم قىلىش — باشقىلار بىلەن توختام تۈزۈش ئىستىكىدە ئۆز مەقسىتىنى ئىپادىلەش بولۇپ ، بۇ مەقسەتنى ئىپادىلەش — مەزمۇنى كونكرېت بېكىتىلگەن بولۇشقا ئۇيغۇن كېلىشى ، كېلىشىم قىلغۇچىنىڭ ۋەدە بېرىشىدىن ئۆتكۈزۈشى ،

كېلىشىم قىلغۇچى يەنى مەقسەت ئىپادىلىنىش چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك . كېلىشىم كېلىشىمنى قوبۇل قىلغۇچىغا تەگكەندە كۈچكە ئىگە بولىدۇ . كېلىشىمنى قانۇن بويىچە قايتۇرۇۋېلىشقا ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدۇ .

2 ) ۋەدە بېرىش — كېلىشىمنى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ كېلىشىمدىكى مۇددىئا ئىپادىسىگە قوشۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ . ۋەدە بېرىش ئۇقتۇرۇش قىلىش شەكلىدە بولۇش كېرەك . لېكىن ، سودا ئۆرپ - ئادىتى ياكى كېلىشىمدە ھەرىكەتتىن ئارقىلىق ۋەدە بېرىش ئىپادىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا . ۋەدە بېرىش ، كېلىشىمدە بېكىتىلگەن مۇددەتتە كېلىشىم قىلغۇچىغا تېگىش كېرەك .

2 . تۈزۈش شەكلى

تەرەپلەر تۈزىدىغان توختام — يېزىقچە ، ئاغزاكى ۋە باشقا شەكىللەردە بولىدۇ . مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلەردە يېزىقچە شەكلىنى قوللىنىش بەلگىلەنگەنلىرىدە چوقۇم يېزىقچە شەكلىنى قوللىنىش كېرەك . تەرەپلەر يېزىقچە شەكلىنى قوللىنىشنى پۈتۈشكەن توختاملاردا چوقۇم يېزىقچە شەكلىنى قوللىنىش كېرەك .

يېزىقچە شەكلى ، توختامنامە ، خەت - چەك ، ھۆججەت ، تېلېگرام تېكستى قاتارلىق مەزمۇنلارنى شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان شەكلىنى كۆرسىتىدۇ .

3 . توختام مەزمۇنى

توختام مەزمۇنىنى تەرەپلەر پۈتۈشىدۇ . ئۇ ئادەتتە تۆۋەندىكى ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

1 ) تەرەپلەرنىڭ نامى ياكى ئىسىم فامىلىسى ۋە تۇرۇشلۇق ئورنى .

2 ) نىشان قىلىنغان نەرسە (توختام نىشانى) .

3 ) سانى (مىقدارى) .

4 ) سۈپىتى .
5 ) باھاسى ياكى ھەققى .
6 ) ئىجرا قىلىش مۇددىتى .
7 ) ئىجرا قىلىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى .
8 ) خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى .
9 ) تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى .

### 3 . توختامنىڭ تەسىر كۈچى

1 . توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى

1 ) قانۇن بويىچە تۈزۈلگەن توختام تۈزۈلگەن ۋاقىتىدىن باشلاپلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ . مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىدە تىزىملىتىش ، تەستىقلىتىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەش زۆرۈر دەپ بېكىتىلگەن توختاملار رەسمىيەت ئۆتۈلۈپ بولغاندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ .

2 ) قوشۇمچە شەرتى بولغان توختام شەرت پىشىپ يېتىلگەندىن تارتىپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ . قوشۇمچە شەرتى بىكار قىلىنغان توختام شەرتى پىشىپ يېتىلگەندىن باشلاپ كۈچتىن قالىدۇ .

3 ) قوشۇمچە مۇددىتى بولغان توختام مۇددىتى توشقاندا كۈچكە ئىگە بولىدۇ ، ئاخىرلىشىش مۇددىتى قوشۇمچە قىلىنغان توختام ، مۇددىتى توشقاندىن تارتىپ كۈچتىن قالىدۇ .

4 ) توختامنامە شەكلىنى قوللىنىپ تۈزۈلگەن توختام ئىمزا قويۇش ياكى تامغا بېسىلىشتىن ئىلگىرى توختاملاشقۇچى بىر تەرەپ ئاساسلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلغان ، قارشى تەرەپ قوبۇل قىلغان بولسا ، بۇ توختام كۈچكە ئىگە بولىدۇ .

2 . ئىناۋەتسىز توختام

ئىناۋەتسىز توختام دېگىنىمىز ، توختام تەرەپلىرىنىڭ كېڭىشىشى ئارقىلىق تۈزۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن قانۇندىكى

بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، تۈزۈلگەن ۋاقىتتىن تارتىپلا قانۇنىي كۈچى بولمىغان توختامنى كۆرسىتىدۇ.

1) تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، توختام ئىناۋەتسىز بولىدۇ: ① بىر تەرەپنىڭ ئالدامچىلىق قىلىپ ۋە مەجبۇرلاش ۋاستىسىنى قوللىنىپ تۈزۈلگەن، دۆلەت مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقان توختاملار؛ ② يامان غەرەزدە تىل بىرىكتۈرۈپ دۆلەت، كوللېكتىپ ياكى ئۈچىنچى شەخسنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەن توختاملار؛ ③ قانۇنسىز مەقسەتنى قانۇنلۇق شەكىل ئارقىلىق يوشۇرغان توختاملار؛ ④ جەمئىيەتنىڭ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقان توختاملار؛ ⑤ قانۇنغا، مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىنغان مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى بەلگىلىمىلەر.

2) توختامدىكى تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتلەر خالاس قىلىنغان ماددىلار ئىناۋەتسىز: ① قارشى تەرەپنىڭ جىسمانىي زەخىملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ماددىلار؛ ② قەستەنلىك ياكى زور سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن قارشى تەرەپنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان كەلتۈرىدىغان ماددىلار؛

3) تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈزۈلگەن توختاملارنى توختاملاشقۇچى تەرەپلەر خەلق سوت مەھكىمىسى ياكى كېسىم ئورگانلىرىدىن ئۆزگەرتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشقا هوقۇقلۇق: ① زور ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن تۈزۈلگەن بولسا؛ ② توختام تۈزگەندە توختامنىڭ ئادىللىقى يوقالغان بولسا. دەۋاگەر توختام تۈزۈلۈپ بىر يىل ئىچىدە توختامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش هوقۇقىنى يۈرگۈزسە بولىدۇ.

3. ئىناۋەتسىز توختام ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان توختاملارنى بىر تەرەپ قىلىش

(1) ئىناۋەتسىز توختام ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان توختاملارنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقىتتىن تارتىپلا قانۇنىي چەكلەش

كۆچى بولمايدۇ؛ (2) توختامنىڭ بىر قىسمى ئىناۋەتسىز بولۇپ، باشقا قىسمىنىڭ ئۈنۈم كۆچىگە تەسىر يەتكۈزمىسە، باشقا قىسمى يەنىلا كۆچكە ئىگە بولىدۇ؛ (3) توختام ئىناۋەتسىز قىلىنغان ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ توختام ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مال ـ مۈلۈك قايتۇرۇلۇشى كېرەك؛ قايتۇرۇشقا بولمايدىغان ياكى قايتۇرۇش زۆرۈر بولمىغانلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ تۆلەپ بېرىش لازىم؛ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ شۇ ئىش سەۋەبىدىن تارتقان زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش كېرەك؛ ھەر ئىككى تەرەپتە سەۋەنلىك بولسا ھەر قايسىسى ئۆزىگە تېگىشلىك جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك؛ (4) توختاملاشقۇچى تەرەپلەر يامان غەرەزدە تىل بىرىكتۈرۈپ دۆلەت، كوللېكتىپ ياكى ئۈچىنچى كىشىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالغان بولسا، شۇ سەۋەبتىن ئېرىشىلگەن مال ـ مۈلۈك دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ياكى كوللېكتىپقا، ئۈچىنچى كىشىگە قايتۇرۇلىدۇ؛ (5) توختامنىڭ ئىناۋەتسىز بولۇشى ياكى ئەمەلدىن قېلىشىنى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ياكى كېسىم ئورگانلىرى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

## 4 . توختامنىڭ ئىجرا قىلىنىشى

### 1 . توختامنى ئەسلى بويىچە ئىجرا قىلىش پرىنسىپى

تەرەپلەر توختامدىكى كېلىشىم بويىچە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئادا قىلىشى كېرەك. تەرەپلەر سەمىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش، توختامنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتىنى سودا ئادىتىگە ئاساسەن ئۇقتۇرۇپ قويۇش، ياردەملىشىش ۋە مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش لازىم.

### 2 . كېلىشىم تولۇقلاش پرىنسىپى

توختام كۆچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، تەرەپلەر توختامنىڭ سۈپىتى، باھا - پۇلى ياكى ھەققى، ئىجرا قىلىش ئورنى قاتارلىق مەزمۇنلار توغرىسىدا كېلىشتۈرەلمىگەن ياكى ئېنىق كېلىشمىگەن بولسا، كېلىشىم تولۇقلاشقا بولىدۇ. تولۇقلىما كېلىشىم تۈزۈشەلمىگەنلەر توختامنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرى ياكى سودا ئادىتى بويىچە مۇئەييەنلەشتۈرسە بولىدۇ.

3 . توختامنى ئادا قىلىشنى توختىتىشقا بولىدىغان قانۇني شەكىللەر

قارشى تەرەپتە تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بولسا، توختامنى ئادا قىلىشنى توختىتىپ قەرز مەجبۇرىيىتى بار تەرەپنى ئالدىن ئىجرا قىلدۇرۇش كېرەك: ① تىجارەت ئەھۋالى ئېغىر دەرىجىدە يامانلاشقان بولسا؛ ② قەرزدىن قېچىش ئۈچۈن مال - مۈلكىنى يۆتكىۋەتكەن ۋە مەبلىغىنى ئېلىپ قاچقان بولسا؛ ③ سودا ئابرويىدىن مەھرۇم بولغان بولسا؛ ④ قەرزنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ياكى يوقىتىش ئېھتىماللىقى بولغان باشقا ئەھۋاللار كۆرۈلسە.

توختامنى ئادا قىلىش توختىتىلغان تەرەپ قارشى تەرەپكە ئۆز ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك. قارشى تەرەپ مۇۋاپىق كاپالەت بەرگەندە ئادا قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم. توختام ئادا قىلىش توختىتىلغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپ مۇۋاپىق مۇددەتتە توختامنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرسە ھەمدە مۇۋاپىق كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتمىسە، توختامنى ئادا قىلىشنى توختاتقان تەرەپ توختامنى بىكار قىلسا بولىدۇ.

4 . قەرز بەرگۈچى كىشىنىڭ ۋەكالىتەن تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى.

قەرزدار ئۆزىنىڭ ۋاقتى توشقان تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقىنى

يۈرگۈزۈشكە سۇسلۇق قىلسا قەرز بەرگۈچى كىشى ئۆز نامىدا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆز نامىدا قەرزدارنىڭ تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزسە بولىدۇ. ئەمما، تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقى مەخسۇس قەرزدارغا تەۋە بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. ۋەكالەتلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش دائىرىسى قەرز بەرگۈچى كىشىنىڭ تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقىغىچە چەكلىنىدۇ. قەرز بەرگۈچى كىشىنىڭ ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى زۆرۈر راسخوتلارنى قەرزدار ئۈستىگە ئالىدۇ.

## 5. توختامنى ئۆزگەرتىش، ئۈزۈپ بېرىش ۋە توختىتىش

1. توختامنى ئۆزگەرتىش

تەرەپلەر بىردەك كېلىشسە توختامنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. قانۇن، مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلەردە، توختامنى ئۆزگەرتىشتە تەستىقلىتىش، تىزىملىتىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەنلىرىنى رەسمىيەتنى تولۇقلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆزگەرتىش كېرەك.

تەرەپلەرنىڭ توختامنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدىكى كېلىشىمى ئېنىق بولمىسا، ئۆزگەرتىلمىگەن دەپ قارىلىدۇ.

2. توختامنى ئۈزۈپ بېرىش

ھەقدار توختام ھوقۇقىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئۈچىنچى كىشىگە ئۈزۈپ بەرسە بولىدۇ. لېكىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بۇنىڭ سىرتىدا: ① توختامنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئۈزۈپ بېرىشكە بولمايدۇ؛ ② تەرەپلەرنىڭ كېلىشىمىگە ئاساسەن ئۈزۈپ بېرىشكە بولمايدۇ؛ ③ قانۇنىي بەلگىلىمە بويىچە ئۈزۈپ بېرىشكە بولمايدۇ. ھەقدار ھوقۇقىنى ئۈزۈپ بەرگەندە قەرزدارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك، ئۇقتۇرمىغان بولسا، بۇ ئۈزۈش قەرزدارغا نىسبەتەن ئۈنۈمى بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

قەرزدار توختامدىكى بارلىق مەجبۇرىيىتىنى ياكى بىر قىسىم مەجبۇرىيىتىنى ئۈچىنچى كىشىگە ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولسا، ھەقدارنىڭ قوشۇلۇشىنى ئېلىش كېرەك.

3. توختامنىڭ ئاخىرلىشىشى

توختامنىڭ ئاخىرلىشىشى توختامدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. توختامدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەر تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەن ھامان ئاخىرلىشىدۇ. ① قەرز كېلىشىم بويىچە ئادا قىلىنىپ بولغان بولسا؛ ② توختام بىكار قىلىنسا؛ ③ قەرز ئۆزئارا بالانس بولسا؛ ④ قەرزدار قانۇن بويىچە نىشان قىلىنغان نەرسىنى دېپوزىت قىلغان بولسا؛ ⑤ ھەقدار قەرزنى كۆتۈرۈۋەتسە؛ ⑥ ھەقدارلىق بىلەن قەرزدارلىق ئوخشاشلا بىر ئادەمگە تەۋە بولسا؛ ⑦ قانۇندا بەلگىلىنىپ ياكى تەرەپلەر كېلىشىپ توختاتقانلىق توغرىسىدىكى باشقا ئەھۋاللار كۆرۈلسە.

توختامدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەرەپلەر سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى، سودا ئادىتىگە ئاساسەن ئۇقتۇرۇپ قويۇشى، ياردەملىشىش ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش كېرەك. توختام ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنىڭ ئاخىرلىشىشى، توختامدىكى ھېسابلاش ۋە ئېنىقلاش ماددىلىرىنىڭ ئۈنۈمى ۋە كۈچىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

## 6. توختام ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش

توختامدا ماجىرا يۈز بەرسە، توختام تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ ئۆزى كېڭىشىش ياكى مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلسا بولىدۇ. توختام تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ، مۇرەسسە قىلىپ ھەل قىلىشنى خالىمىسا ياكى كېڭىشىپ، مۇرەسسە قىلىپ ھەل قىلالمىسا، توختامدىكى كېسىم قىلىش

كېلىشىمگە ئاساسەن كېسىم قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ كېسىم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. توختام تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ توختامدا كېسىم قىلىش كېلىشىمى تۈزمىگەن ياكى كېسىم ئىناۋەتسىز بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ. چەت ئەللەرگە چېتىشلىق توختاملاردىكى توختام تۈزۈشكۈچى تەرەپلەر كېسىم كېلىشىمىگە ئاساسەن جۇڭگونىڭ كېسىم قىلىش ئاپپاراتلىرىغا ياكى باشقا كېسىم قىلىش ئاپپاراتلىرىغا كېسىم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. توختاملاشقۇچى تەرەپلەر قانۇنىي ئۈنۈمى بولغان ھۆكۈم، كېسىم ۋە مۇرەسسەنامىلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك. ئادا قىلىشنى رەت قىلسا، تەرەپلەر خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

خەلقئارالىق مال سېتىش - سېتىۋېلىش توختامى ۋە تېخنىكا ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش توختام ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن ئەرز قىلىش ياكى كېسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش مۇددىتى 4 يىل بولىدۇ. باشقا توختام ماجىرالىرى سەۋەبىدىن ئەرز قىلىش ياكى كېسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش مۇددىتى ئادەتتە 2 يىل بولىدۇ.

## 7. توختامنىڭ تۈرلىرى

توختام قانۇنىنىڭ تارماق، پرىنسىپىدا 15 تۈرلۈك توختام بەلگىلەنگەن.

1. سېتىش - سېتىۋېلىش توختامى

سېتىش - سېتىۋېلىش توختامى — ساتقۇچى نىشان قىلىنغان نەرسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى سېتىۋالغۇچىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان، سېتىۋالغۇچى ھەق تۆلەيدىغان توختامنى كۆرسىتىدۇ. سېتىش - سېتىۋېلىش توختىمىدا توختام تۈزگۈچى تەرەپلەرنىڭ نامى ياكى ئىسىم - فامىلىسى،

تۇرۇشلۇق ئورنى ، نىشان قىلىنغان نەرسە ، سانى ، سۈپىتى ، باھاسى ياكى ھەققى ، ئادا قىلىش مۆھلىتى ، ئورنى ، ئۇسۇلى ، خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتى ۋە ماجىرالارنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىدىن باشقا ، يەنە ئوراش ـ قاچىلاش شەكلى ، تەكشۈرۈش ئۆلچىمى ۋە ئۇسۇلى ، ھېسابلاش شەكلى ، توختامدا قوللىنىدىغان يېزىق ۋە ئۇنىڭ ئۇنۇمى قاتارلىق ماددىلار بولىدۇ.

2 . توك ، سۇ ، گاز ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش توختاملىرى

توك بىلەن تەمىنلەش توختامى — توك بىلەن تەمىنلىگۈچى توك ئىشلەتكۈچىنى توك بىلەن تەمىنلەيدىغان ، توك ئىشلەتكۈچى توك ھەققىنى تۆلەيدىغان توختامنى كۆرسىتىدۇ . توك بىلەن تەمىنلەش توختامىنىڭ مەزمۇنى : توك بىلەن تەمىنلەش شەكلى ، توكنىڭ سۈپىتى ، ۋاقتى ، توك ئىشلىتىش سىغىمچانلىقى ، ئادرېسى ، خاراكتېرى ، مىقدار ھېسابلاش شەكلى ، باھاسى ، توك ھەققىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى ۋە توك بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش مەسئۇلىيىتى قاتارلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . سۇ ، گاز ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش توختاملىرىنىڭ مەزمۇنمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ .

3 . ھەدىيە توختامى

ھەدىيە توختامى — ھەدىيە قىلغۇچى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھەدىيە قىلىنغۇچىغا ھەقسىز بېرىدىغان ، ھەدىيە قىلىنغۇچى ئۆزىنىڭ قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان توختامدۇر . ھەدىيە قىلغۇچى ھەدىيە قىلىنغان مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىلگىرى ھەدىيە قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدۇ . ئەمما ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ، نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ، ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت خاراكتېرىنى ئالغان ھەدىيە توختاملىرى ياكى

جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ھەدىيە توختاملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

4. قەرز توختامى

قەرز توختامى — قەرز ئالغۇچى پۇل قەرز بەرگۈچىدىن قەرز ئالىدىغان، قەرەلى توشقاندىن كېيىن قەرزنى قايتۇرىدىغان ھەمدە ئۆسۈم تۆلەيدىغان توختامدۇر. قەرز توختامىنىڭ مەزمۇنى قەرز تۈرى، پۇل تۈرى، ئىشلىتىش ئورنى، سانى، پايدىسى، مۇددىتى ۋە پۇلنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. ئىجارە توختامى

ئىجارە توختامى — ئىجارە بەرگۈچى ئىجارىگە بېرىدىغان نەرسىنى ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ ئىشلىتىش، پايدىلىنىشىغا بېرىدىغان، ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە ھەققى تۆلەيدىغان توختامنى كۆرسىتىدۇ. ئىجارە توختامىنىڭ مەزمۇنى ئىجارىگە بېرىدىغان نەرسىنىڭ نامى، سانى، ئىشلىتىش ئورنى، ئىجارە مۇددىتى، ئىجارە ھەققى، شۇنىڭدەك ھەق تۆلەش مۆھلىتى ۋە ئۇسۇلى، ئىجارىگە بېرىلىدىغان نەرسىنىڭ رېمونتى قاتارلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

6. ئايلانما مەبلەغنى ئىجارىگە بېرىش توختامى

ئايلانما مەبلەغنى ئىجارىگە بېرىش توختامى — ئىجارە بەرگۈچى ئىجارە ئالغۇچىنىڭ ساتقۇچى ۋە ئىجارىگە ئالىدىغان نەرسىنى تاللىشىغا ئاساسەن، ساتقۇچىدىن ئىجارە بېرىدىغان نەرسىنى سېتىۋېلىپ، ئىجارە ئالغۇچىنىڭ ئىشلىتىشىگە تەمىنلەپ بېرىدىغان، ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە ھەققى تۆلەيدىغان توختامنى كۆرسىتىدۇ. مەبلەغنى ئايلاندۇرۇپ ئىجارە بېرىش توختامىنىڭ مەزمۇنى ئىجارىگە ئالىدىغان نەرسىنىڭ نامى، سانى- مىقدارى، ئۆلچىمى، تېخنىكا ئىقتىدارى، تەكشۈرۈش ئۇسۇلى، ئىجارە مۇددىتى، ئىجارە پۇلىنىڭ تەركىبى ۋە ئۇنى تۆلەش

مۇددىتى ۋە ئۇسۇلى ، پۇل تۆرى ، ئىجارە ۋاقتى توشقاندىن كېيىنكى ئىجارە بۇيۇمىنىڭ تەۋە بولۇشى قاتارلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

7 . ھۆددە ئېلىش توختامى

ھۆددە ئېلىش توختامى — ھۆددە ئالغۇچى بۇيرۇتقۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە خىزمەتنى تاماملاپ ، خىزمەت نەتىجىسىنى تاپشۇرىدىغان ، بۇيرۇتقۇچى ھەق تۆلەيدىغان توختام . ھۆددە ئېلىش توختامىنىڭ مەزمۇنى ھۆددە نىشانى ، سان ، مىقدارى ، سۈپىتى ، ھەققى ، ھۆددە ئېلىش ئۇسۇلى ، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ، ئىجرا قىلىش مۇددىتى ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

8 . قۇرۇلۇش توختامى

قۇرۇلۇش توختامى — ھۆددە ئالغۇچى قۇرۇلۇش قىلىدىغان ، ھۆددە بەرگۈچى ھەق تۆلەيدىغان توختام . قۇرۇلۇش توختامى قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش ، لايىھىلەش ۋە ئىش باشلاش قاتارلىق توختاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تەكشۈرۈش ، لايىھىلەش توختامىنىڭ مەزمۇنى مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي ماتېرىيال ۋە ھۆججەت (تەخمىنىي خام چوتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى تاپشۇرۇش مۇددىتى ، سۈپەت تەلىپى ، خىراجەت شۇنىڭدەك باشقا ھەمكارلىشىش شەرتلىرى قاتارلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئىش باشلاش توختامىنىڭ مەزمۇنى قۇرۇلۇش دائىرىسى ، قۇرۇلۇش مۇددىتى ، قۇرۇلۇش سۈپىتى ، قۇرۇلۇشنىڭ باھاسى ، قۇرۇلۇش پۈتكەندىكى تەكشۈرۈپ - ئۆتكۈزۈۋېلىش ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ، رېمونت قىلىش دائىرىسى ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش مۇددىتى قاتارلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

9 . توشۇش توختامى

توشۇش توختامى — توشۇشنى ھۆددە ئالغۇچى بولۇشى ياكى مالنى توشۇلىدىغان ئورۇندىن كېلىشكەن ئورۇنغا توشۇيدىغان، يولۇچى، توشۇشنى ھاۋالە قىلغۇچى ياكى مال تاپشۇرۇۋالغۇچى بىلەن پۇلى ياكى توشۇش ھەققىنى تۆلەيدىغان توختام. توشۇش توختامى، يولۇچى توشۇش توختامى، يۈك توشۇش توختامى ۋە كۆپ شەكىلدىكى بىرلەشمە توشۇش توختامىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

10. تېخنىكا توختامى

تېخنىكا توختامى — توختام تۈزگۈچى تەرەپلەرنىڭ تېخنىكا ئېچىش، تېخنىكىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، تېخنىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش توغرىسىدا تۈزگەن، ئۆزئارا ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەر بېكىتىلىدىغان توختامدۇر. تېخنىكا توختامى — تېخنىكا ئېچىش توختامى، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى، تېخنىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش توختامى ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى توختامىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

11. ساقلاش توختامى

ساقلاش توختامى — ساقلىغۇچى ساقلاتقۇچى ساقلاش ئۈچۈن بەرگەن نەرسىنى ساقلاش ھەمدە شۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى توغرىسىدىكى توختامدۇر. ساقلاتقۇچى كېلىشىم بويىچە ساقلىغۇچىغا ساقلاش ھەققى بېرىشى كېرەك.

12. ئامباردا ساقلاش توختامى

ئامباردا ساقلاش توختامى — ئامبارچى مال ساقلاتقۇچى تاپشۇرغان مالنى ساقلاش ھەم مال ساقلاتقۇچى ئامباردا ساقلاش ھەققى تۆلەش توغرىسىدىكى توختام. مال ساقلاتقۇچى ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئوڭاي پارتلايدىغان، زەھەرلىك، چىرىتىش خاراكتېرىگە، رادىئاكتىپلىق خاراكتېرىگە ئىگە خەتەرلىك بۇيۇملارنى ياكى سۈپىتى ئوڭاي ئۆزگىرىپ كېتىدىغان

بۇيۇملارنى ساقلاتماقچى بولسا ، شۇ بۇيۇملارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈش ، ئالاقىدار ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش كېرەك .

13 . ھاۋالە توختامى

ھاۋالە توختامى — ھاۋالە قىلغۇچى بىلەن ھاۋالە قىلىنغۇچى كېلىشىپ ، ھاۋالە قىلىنغۇچى ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان توختامدۇر . ھاۋالە قىلغۇچى ھاۋالە قىلىنغۇچىغا بىر تۈرلۈك ياكى بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئالاھىدە ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ . شۇنداقلا ، بارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى بىر تۇتاش ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ .

14 . ۋاستىچىلىق توختامى

ۋاستىچىلىق توختامى — ۋاستىچى ئۆز نامىدا ھاۋالە قىلغۇچى ئۈچۈن سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھاۋالە قىلغۇچى ھەق بېرىدىغان توختام . ۋاستىچى ھاۋالە ئىشلىرىدا چىقىم قىلغان راسخوتنى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ . ئەگەر باشقىچە كېلىشكەن بولسا ، ئۇ بۇنىڭ سىرتىدا .

15 . ئارىغا چۈشۈش توختامى

ئارىغا چۈشۈش توختامى — ئارىغا چۈشكۈچى ھاۋالە قىلغۇچىغا توختام تۈزۈش پۇرسىتىنى دوكلات قىلىدىغان ياكى توختام تۈزۈش ئۈچۈن ۋاستىچىلىق مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان ، ھاۋالە قىلغۇچى ھەق تۆلەيدىغان توختام . ئارىغا چۈشكۈچى توختام توغرىسىدىكى ئىشلارنى ھاۋالە قىلغۇچىغا ئەينەن دوكلات قىلىپ ، توختامنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ، ھاۋالە قىلغۇچى كېلىشىم بويىچە ھەق تۆلۈشى لازىم .

## 4 § . ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى ۋە دەۋا سۈرۈكى

ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى دېگىنىمىز ، پۈقرا ياكى قانۇنىي ئىگە ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغاندا ، ھەق تەلەپ قانۇنى بويىچە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەق تەلەپ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

### 1 . توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى

1 . توختامغا خىلاپلىق قىلىش ئۇقۇمى

توختامغا خىلاپلىق قىلىش دېگىنىمىز ، توختام تۈزۈشكەن دەۋالاشقۇچى تەرەپلەرنىڭ توختام بويىچە ئۆزى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان توختام مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىقى ياكى مۇۋاپىق يوسۇندا ئادا قىلماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

توختامغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئاساسلىق شەكلى : تولۇق ئادا قىلماسلىق ، مۇۋاپىق ئادا قىلماسلىق ۋە كېچىكتۈرۈپ ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ .

2 . توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش شەرتلىرى

1 ) ھەرىكەت قىلغۇچىدا توختامنى ئادا قىلماسلىق ياكى مۇۋاپىق يوسۇندا ئادا قىلماسلىق ھەرىكىتى بولۇشى كېرەك .

www.uyghurkitap.com

2 ) زىيان سېلىش ھەرىكىتى بولۇش ھەمدە بۇنداق زىيانلىق ئاقىۋەت ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن ياكى ئالدىنى ئېلىنمىغان قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكىتى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى كېرەك .

3 ) توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ خاتالىق بولۇشى كېرەك .

3 . توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى

ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە : «دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ توختام مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان ياكى ئادا قىلىش ئالدىن پۈتۈشكەن شەرتكە ئۇيغۇن كەلمىگەندە ، قارشى تەرەپ ئادا قىلىشنى ياكى تولۇقلاش تەدبىرىنى قوللىنىپ ، زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن . توختامغا خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان قانۇنىي ئاقىۋەت ئاساسلىقى ، داۋاملىق تولۇق ئادا قىلىش ، خىلاپلىق ھەققىنى تۆلەش ۋە زىياننى تۆلەش قاتارلىق ئۈچ خىل بولىدۇ .

## 2 . ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى

ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى ئۇقۇمى

ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى دېگىنىمىز ، ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ خاتالىقى تۈپەيلىدىن ، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ياكى جىسمانىي ھوقۇقى ۋە ئەقلىي ھوقۇقىغا قارىتا قانۇنسىز دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈپ ، باشقىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىگە زىيان سالغاندا ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ

زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشكە دائىر ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتى ئاساسلىقى مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتى ؛ پۇقرالارنىڭ ساغلام ياشاش ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتى ؛ پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتى ؛ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

2 . ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەق ـ تەلەپ جاۋابكارلىقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم شەرت

1 ) زىيان يەتكۈزۈش پاكىتى پەيدا بولغاندا شەكىللىنىدۇ ، بۇ يەردە ئېيتىلغان زىيان مال ـ مۈلۈك جەھەتتىكى زىيان بىلەن پسىخىكا جەھەتتىكى زىياننى كۆرسىتىدۇ .

2 ) زىيان يەتكۈزۈش ھەرىكىتى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت بولغاندا شەكىللىنىدۇ .

ھەرىكەتنىڭ قانۇنغا خىلاپ بولۇشىدا ، ئۇنى كەڭ دائىرىدىن چۈشىنىش كېرەك ، يەنى ھەرىكەتنىڭ قانۇنغا خىلاپ بولغان ـ بولمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا ھەم دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ، ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر قانۇن ـ قائىدىلىرىنى ۋە باشقا قانۇن ـ قائىدىلەرنى ئاساس قىلىش ھەم ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەت بىلەن ئاممىۋى تۇرمۇش مىزانىنى ئاساس قىلىش كېرەك .

3 ) قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت بىلەن زىيان پەيدا قىلغۇچى پاكىت ئوتتۇرىسىدا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغاندا شەكىللىنىدۇ . يەنى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت بىلەن زىيان پەيدا قىلغان پاكىت ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولغاندا شەكىللىنىدۇ .

4 ) زىيان سالغۇچىنىڭ خاتالىقىنى تۈپەيلىدىن شەكىللىنىدۇ. خاتالىق ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى بىر خىل پسىخىك ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ قەستەنلىك ۋە سەۋەنلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 . ھوقۇقىا دەخلى - تەرۇز قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەش پرىنسىپى

زىيان سالغۇچىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشى زىيان سالغۇچىنىڭ ھوقۇقىا دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا دائىر ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشىدىكى مۇھىم شەكىل بولغاچقا، ھوقۇقىا دەخلى - تەرۇز قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تۆلەم ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ھەق - ناھەقنى، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق ئايرىپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك:

1 ) تولۇق تۆلەپ بېرىش پرىنسىپى.

2 ) ئادىل، مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى.

3 ) روھىي جەھەتتىكى زىياننى مۇۋاپىق تۆلەپ بېرىش پرىنسىپى.

## 3 . ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ شەكلى

ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ ئاساسلىق شەكلى مۇنداق بولىدۇ: ① دەخلى - تەرۇزنى توختىتىش؛ ② توسالغۇنى تۈگىتىش؛ ③ خەۋپنى تۈگىتىش؛ ④ مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇش؛ ⑤ ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ ⑥ رېمونت قىلىپ بېرىش، يېڭىدىن ياساپ بېرىش؛ ⑦ زىياننى تۆلەش؛ ⑧ خىلاپلىق ھەققى تۆلەش؛ ⑨ تەسىرنى تۈگىتىش، نام -

www.uyghurkitap.com

ئابروينى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ؛ ⑩ ناماقۇل بولۇش .

يۇقىرىدىكى ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش شەكىللىرىنى ئايرىم قوللىنىشقىمۇ، بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ . شۇنداقلا ، بىرلا ۋاقىتتا باشقا قانۇنىي جازالارنىمۇ تەتبىق قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ .

## 4 . دەۋا سۈرۈكى

### 1 . دەۋا سۈرۈكى ئۇقۇمى

دەۋا سۈرۈكى دېگىنىمىز ، ھوقۇقلۇق كىشى قانۇندا بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ، ئۇنىڭ دەۋادا ئۇتۇپ چىقىش ھوقۇقى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە يوقىلىدىغان سۈرۈك تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ .

### 2 . دەۋا سۈرۈكىنىڭ تۈرلىرى

دەۋا سۈرۈكى ئادەتتىكى دەۋا سۈرۈكى ۋە ئالاھىدە دەۋا سۈرۈكى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . ئادەتتىكى دەۋا سۈرۈكى ھەق تەلەپ قانۇنىدا بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن دەۋا سۈرۈك مۆھلىتىنى كۆرسىتىدۇ . ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە بەلگىلەنگەن ئادەتتىكى دەۋانىڭ سۈرۈكى ئىككى يىل بولىدۇ .

ئالاھىدە دەۋا سۈرۈكى دېگىنىمىز ، ھەق تەلەپ قانۇنىدا ئالاھىدە بەلگىلەنگەن قىسقا مۇددەتلىك دەۋا سۈرۈكى بىلەن ئايرىم يولغا قويۇلىدىغان تۈرلۈك قانۇن - قائىدىلەردە بەلگىلەنگەن دەۋا سۈرۈكىنى كۆرسىتىدۇ . ئالاھىدە دەۋا سۈرۈكى ئادەتتىكى دەۋا سۈرۈكىدىن ئەۋزەل بولىدۇ . ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە تۆۋەندىكى تۆت خىل دېلونىڭ دەۋا سۈرۈكى بىر يىل قىلىپ بەلگىلەنگەن ، ئۇلار : ① تېنى زەخىملەنگەنلىكى ئۈچۈن تۆلەم تەلەپ قىلىش دەۋاسى ؛ ② سۈپىتى ئۆلچەمگە توشمايدىغان تاۋارلارنى بىلىندۇرمەي ساتقانلار

ئۈستىدىكى دەۋا ؛ ③ ئىجارە پۇلىنى كېچىكتۈرگەن ياكى رەت قىلغانلار ئۈستىدىكى دەۋا ؛ ④ ئامانەت قويۇلغان نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويغان ياكى بۇزۇپ قويغانلار ئۈستىدىكى دەۋا . بۇلاردىن باشقا ، توختام قانۇنىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنىڭ دەۋا سۈرۈكى بىر يىل قىلىپ بەلگىلەنگەن .

3 . دەۋا سۈرۈكىنىڭ باشلىنىشى ، توختاپ قېلىشى ، ئۈزۈلۈپ قېلىشى ۋە ئۇزارتىلىشى .

دەۋا سۈرۈكى دەۋاگەرنىڭ ئۆز ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلگەن ياكى بىلىشكە تېگىشلىك بولغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ . قەرز ھوقۇقىنى ئادا قىلىش مۆھلىتى بەلگىلەنگەنلىرىنىڭ سۈرۈك ۋاقتى مۆھلەت توشقاندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ . ئادا قىلىش مۆھلىتى بېكىتىلمىگەنلىرىنىڭ سۈرۈك ۋاقتى قەرز يۈز بەرگەن ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ . باشلىنىش ۋاقتى قوشۇمچە قىلىنغان قەرز ھوقۇقىغا قارىتا ، باشلىنىش ۋاقتىدىن ھازىرغىچە بولغان ۋاقىت دەۋا سۈرۈكى قىلىپ ھېسابلىنىدۇ . ئەمما ھوقۇق دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىغان ۋاقىتتىن تارتىپ ھېسابلىغاندا 20 يىلدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا ، دەۋاگەرلەر ئەرز قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدۇ . خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئەرزىنى قايتا قوبۇل قىلمايدۇ .

دەۋا سۈرۈكىنىڭ توختاپ قېلىشى دېگىنىمىز ، دەۋا سۈرۈكىنىڭ ئاخىرقى ئالتە ئېيى ئىچىدە يەڭگىلى بولمايدىغان سەۋەب ياكى باشقا توسالغۇلار تۈپەيلىدىن تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مۇمكىن بولماي قالغاندا ، دەۋا سۈرۈكى توختىلىپ تۇرۇلىدىغان ، دەۋا سۈرۈكى ئۇنى توختىتىپ تۇرۇشتىكى سەۋەبلەر تۈگىتىلگەن كۈندىن ئېتىبارەن ئۇلىنىپ ھېسابلىنىدىغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ .

دەۋا سۈرۈكىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى دېگىنىمىز ، دەۋا سۈرۈكى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە ، قانۇندا بەلگىلەنگەن

سەۋەبلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئىلگىرىكى ئۆتۈپ كەتكەن سورۇك بىردەك ئىناۋەتسىز قىلىنىپ، دەۋا سورۇكى ئۇزۇلۇپ قالغان ۋاقىتتىن باشلاپ يېڭىۋاشتىن ھېسابلىنىدىغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. دەۋا سورۇكىنىڭ ئۇزۇلۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قانۇنىي سەۋەب دەۋا قىلىش، دەۋادىكى بىر تەرەپنىڭ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىش ۋە مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچىنىڭ مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە ماقۇل بولۇشى قاتارلىق ئۈچ خىل ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دەۋا سورۇكىنىڭ ئۇزارتىلىشى دېگىنىمىز، ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن، ھوقۇقلۇق كىشى دەۋا سورۇكى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمىگەندە، ئۇنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋا سورۇك مۆھلىتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىپ بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

## 5§ . نىكاھ قانۇنى

### 1 . نىكاھ قانۇنى ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى

1 . نىكاھ قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى

نىكاھ قانۇنى نىكاھ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئاخىرلىشىشى، شۇنىڭدەك مۇشۇ مۇناسىۋەتلەرگە ئاساسەن پەيدا بولغان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر بەلگىلەنگەن قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر.

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نىكاھ قانۇنى 1980 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 5 ـ نۆۋەتلىك

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان. 1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى «نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش نىزامى» نى ئېلان قىلدى.

2 . نىكاھ قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى

1 ) نىكاھ ئەركىن بولۇش. نىكاھدا ئەركىن بولۇش دېگىنىمىز، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ نىكاھ مەسىلىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن ئۆز ئالدىغا قانۇن بويىچە قارار قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق كىشىنىڭ مەجبۇرلاشقا ۋە ئارىلىشىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. نىكاھلىنىشتا ئەركىن بولۇش بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىشتا ئەركىن بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بىرلىكتە نىكاھدا ئەركىن بولۇشنىڭ مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

2 ) بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق بولۇش. بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق بولۇش دېگىنىمىز، ھەرقانداق كىشىنىڭ پەقەت بىرلا جۈرىسى بولۇشنى، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ياكى ئېخىمۇ كۆپ جۈرىسى بولۇشقا يول قويۇلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

3 ) ئەر ـ ئايال باراۋەر بولۇش. ئەر ـ ئايال باراۋەر بولۇش — ئەر ـ ئايال ئىككى جىنس نىكاھ مۇناسىۋىتى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش ۋە باراۋەر مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

4 ) ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ ۋە ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتىنى قوغداش.

5 ) پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش. پىلانلىق تۇغۇت دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى بولۇپ، ئۇ نوپۇسنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى پىلانلىق ھالدا تەڭشەشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي تەلىپى ئاز تۇغۇش، كېچىكىپ تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇش ۋە سۈپەتلىك تەربىيىلەشتىن

ئىبارەت .

## 2 . نىكاھلىنىش

نىكاھلىنىش — ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپ قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرت ۋە رەسمىيەتلەر بويىچە ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ھەرىكەت .

1 . نىكاھلىنىشنىڭ قانۇني شەرتلىرى

1 ) نىكاھلىنىشتا ھازىرلاش زۆرۈر بولغان شەرتلەر

(1 ) ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپنىڭ تولۇق رازىلىقى بولۇشى شەرت .

(2 ) قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشىغا توشقان بولۇشى شەرت . دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللارنىڭ 22 دىن ، قىزلارنىڭ 20 دىن بالدۇر بولماسلىقى شەرت . كېچىكىپ نىكاھلىنىش ، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ .

(3 ) بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت .

2 ) نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدىغان شەرتلەر

بىرىنچى ، نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدىغان قانداش تۇغقانلىق مۇناسىۋەت . نىكاھ قانۇنىنىڭ 6 ـ ماددىسىدا : «بىۋاسىتە قانداش تۇغقان بولسا ۋە ئۈچ ئەۋلاد دائىرىسىگە كىرىدىغان شىرەم قانداش تۇغقان بولسا ، نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدۇ .» دەپ بەلگىلەنگەن . بىۋاسىتە قانداش تۇغقان — ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە قانداش مۇناسىۋىتى بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى يەنى ئۆزىنى تۇغقان ۋە ئۆزى تۇغقان يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرقايسى ئەۋلاد تۇغقانلارنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن : ئۆزىنى تۇغقان ئاتا ـ ئانىسى ، بوۋا ـ مومىسى ، پەرزەنتلىرى ، نەۋرىلىرى ، شۇنىڭدەك بۇنىڭ تۆۋىنىدىكى بىۋاسىتە كېيىنكى

بوغۇن تۇغقانلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىرەم قانداش تۇغقان — ۋاستىلىك قانداشلىق باغلىنىشقا ئىگە بولغان ئورۇق - تۇغقانلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بىۋاسىتە قانداش تۇغقانلاردىن باشقا، قانداشلىق جەھەتتە ئۆزى بىلەن بىر مەنبەدىن بولغان ئورۇق - تۇغقانلار، مەسىلەن: ئۆزىنىڭ بىر قورساق ئاكا - ئۇكا ۋە ئاچا - سىڭىللىرى، بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكا ۋە ئاچا - سىڭىللىرى ئۈچ ئەۋلاد دائىرىسىگە كىرىدىغان شىرەم تۇغقانلار ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنغان كېسەللىكلەر. نىكاھ قانۇنىنىڭ 6 - ماددىسىدا: «ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ساقايمىغان بولسا ياكى تېبابەتچىلىكتە نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ دەپ قارالغان باشقا كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان بولسا، نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

2. نىكاھلىنىشنىڭ قانۇني رەسمىيەتلىرى

نىكاھلىنىشنىڭ قانۇني رەسمىيىتى — ئەر - ئايال ئىككى تەرەپ نىكاھ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتا ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان قانۇندا بەلگىلەنگەن رەسمىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. نىكاھ قانۇنىنىڭ 7 - ماددىسىدا: «نىكاھلانماقچى بولغان ئوغۇل - قىز، ئەر - ئايال نىكاھلانغۇچىلار تىزىملاش ئورنىغا ئۆزى بېرىپ تىزىملىتىشى شەرت. بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرى تىزىمغا ئېلىنىپ ئۇلارغا نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ، نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى ئالغاندىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى1994 - يىلى2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش نىزامى» نى ئېلان قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى.

نىكاھلىنىشنى تىزىملاش ئورگىنى يېزىلاردا يېزىلىق،

مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە بولىدۇ. شەھەرلەردە كوچا ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدا ياكى شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق، رايون تەسىس قىلىنمىغان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خەلق ئىشلار تارمىقىدا بولىدۇ.

نىكاھلىنىشنى تىزىملاش رەسمىيىتى ئىلتىماس قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە تىزىملاشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلىنىدۇ.

## 3. ئائىلە مۇناسىۋىتى

ئائىلە مۇناسىۋىتى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئائىلىسىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت

ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت — قانۇنلۇق نىكاھتىن پەيدا بولغان ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك جەھەتتىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئائىلىنىڭ ئاساسى ۋە يادروسى. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ خاراكتېرى بويىچە جىسمانىي مۇناسىۋەت ۋە مال ـ مۈلۈك مۇناسىۋىتى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

1) ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي مۇناسىۋەت

نىكاھ قانۇنىنىڭ 10 ـ ماددىسىدا: «ئەرمۇ، خوتۇنمۇ ئۆز ئىسىم ـ فامىلىسىنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. ئىككى تەرەپ نىكاھلانغانلىق تۈپەيلىدىن ئۆز ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئىككى تەرەپتىن بولغان بالىلار ئاتىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللانسىمۇ، ئانىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ. بۇنى ئاتا ـ ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىدۇ.

ئەرمۇ، خوتۇنمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا، خىزمەتكە، ئۆگىنىشكە ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

بىر تەرەپنىڭ ئىككىنچى بىر تەرەپنى چەكلىشىگە ياكى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا بولمايدۇ .

نىكاھ قانۇنىنىڭ 12 ـ ماددىسىدا : «ئەرنىڭمۇ ، خوتۇننىڭمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بەلگىلەنگەن . پىلانلىق تۇغۇت سوتسىيالىستىك ئائىلىلەرنىڭ فۇنكسىيىسىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنى ، شۇنداقلا ، ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى . ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپ باراۋەر ئاساستا مەسلىھەتلىشىپ ، ئۆزئارا ماسلىشىپ ، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش ، ئاز تۇغۇش ۋە سۈپەتلىك تۇغۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم .

نىكاھ قانۇنىنىڭ 15 ـ ۋە 17 ـ ماددىلىرىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز بالىلىرىنى بېقىش ، تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار» ، «ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلىرىنى باشقۇرۇش ، تەربىيىلەش ۋە قوغداش ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . ئۆز بالىلىرىنى بېقىش ، تەربىيىلەش ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ھوقۇقى ، شۇنداقلا ، ئەر بىلەن خوتۇننىڭ مەجبۇرىيىتى . ئۆز بالىلىرىنى بېقىش ، تەربىيىلەش مەسىلىسىنى ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپ بالىلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ بىرلىكتە ھەل قىلىدۇ .

2 ) ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مال ـ مۈلۈك مۇناسىۋىتى

(1) نىكاھ قانۇنىنىڭ 13 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدا : «ئەر ـ خوتۇننىڭ بىللە ئۆي تۇتقان مەزگىلىدە ئىككى تەرەپنىڭ تاپقان مال ـ مۈلكى ئۇلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى بولىدۇ . باشقىچە كېلىشىمى بولسا ، بۇنىڭغا كىرمەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . ئەر ـ خوتۇننىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى — ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكتە ئۆي تۇتقان مەزگىلدە تاپقان مال ـ مۈلكىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئاساسەن ئىككى تەرەپ ياكى بىر تەرەپنىڭ

ئەگەك كىرىمى بولۇپ، يەنە بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ ۋارىسلىق قىلغان، ۋەسىيەت بويىچە ھەدىيە ئالغان ۋە ھەدىيە ئالغان مال - مۈلۈكلەرنى ۋە ئۆلارنىڭ باشقا قانۇنلۇق كىرىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەر - خوتۇن ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق مال - مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىشتا باراۋەر ھوقۇققا ئىگە. ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى يوق. باشقا كېلىشىم بولسا بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

(2) نىكاھ قانۇنىنىڭ 14 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدا: «ئەر بىلەن خوتۇننىڭ بىر - بىرىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. ئەر بىلەن خوتۇن ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇشى، ئۆزئارا ياردەملىشىشى كېرەك. بىر تەرەپ كېسەل بولۇش، ياشىنىپ قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۇرمۇشتا قىينالسا، ئىككىنچى تەرەپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى، تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشى لازىم. ئەگەر بىر تەرەپ بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا، بېقىشقا مۇھتاج بولغان ئىككىنچى تەرەپنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، ئۇنىڭدىن بېقىش خىراجىتىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

(3) ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ مىراسقا ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

2. ئاتا - ئانا بىلەن بالىلارنىڭ مۇناسىۋىتى

ئاتا - ئانا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەبىئىي قان، قېرىنداشلىق ۋە تەقلىدىي قان، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئىي قان قېرىنداشلىق — بالا تۇغۇلۇشتىن ئىبارەت تەبىئىي پاكىتقا ئاساسەن پەيدا بولىدىغان مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ نىكاھلىق تۇغۇلغان بالىلارنى ۋە نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەقلىدىي قان، قېرىنداشلىق — ئەسلىدە قانداشلىق مۇناسىۋىتى

بولمىغان ، لېكىن ئۇلاردا تەبىئىي قان ، قېرىنداشلىق بىلەن ئوخشاش ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت بولىدىغانلىقى قانۇندا ئېتىراپ قىلىنغان تۇغقانلارنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن : قانۇن بويىچە بېقىۋېلىشتىن پەيدا بولغان بېقىۋالغۇچى ئاتا - ئانا بىلەن بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئاتا - ئانىسىدىن بىر تەرەپ ئۆلۈپ كېتىپ ياكى ئۇلار نىكاھدىن ئاجرىشىپ كېتىپ قايتا نىكاھلىنىشتىن پەيدا بولغان ئۆگەي ئاتا - ئانا بىلەن ئۆگەي بالىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار .

1 ) ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆز بالىلىرىنى بېقىش ، تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار .

(1 ) نىكاھ قانۇنىنىڭ 15 - ماددىسىدا : «ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى بېقىش ، تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار » دەپ بەلگىلەنگەن . ئاتا - ئانىلار ئۆز بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشىنى مەلۇم ماددىي شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ . زۆرۈر بولغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ . ئاتا - ئانىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلىرىنى بېقىش مەسئۇلىيىتى شەرتسىز بولىدۇ . قۇرامىغا يەتكەن بالىلىرىنى بېقىش مەسئۇلىيىتى شەرتلىك بولىدۇ ، يەنى قۇرامىغا يەتكەن بالىلىرى ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن ياكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۇرمۇشىنى قامدىيالمىسا ، ئاتا - ئانىسى مۇھتاج ۋە مۇمكىنچىلىكىگە ئاساسەن ، بالىسىنىڭ تۇرمۇش راسخوتىنى ئۈستىگە ئېلىشى ياكى ئۇنىڭغا مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرىشى لازىم . نىكاھ قانۇنىنىڭ 15 - ماددىسىدا يەنە ئاتا - ئانا ئۆز بالىلىرىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا ، قۇرامىغا يەتمىگەن ياكى مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن بېقىش خىراجىتى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

(2 ) نىكاھ قانۇنىنىڭ 17 - ماددىسىدا ، ئاتا - ئانا قۇرامىغا



www.uyghurkitap.com

يەتمىگەن بالىلىرىنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى ئىكەنلىكى، قوراممىغا يەتمىگەن بالىلار دۆلەتكە، كوللېكتىپقا ياكى باشقا كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزگەندە، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەش مەجبۇرىيىتى بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

2. بالىنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىنى بېقىش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 15 - ماددىسىدا: «بالىنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىنى بېقىش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. بالىنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىنى بېقىش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى شەرتسىز بولىدۇ، بۇ بالىنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى. بالىنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاتا - ئانىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ تۇرمۇش جەھەتتە ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ؛ روھىي جەھەتتە ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تەسەللى تاپقۇزىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك يارىتىپ بېرىدۇ.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 15 - ماددىسىنىڭ 3 - تارمىقىدا: «بالىلار ئاتا - ئانىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ياكى تۇرمۇشى قىيىن بولغان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىدىن بېقىش خىراجىتى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا يەنە بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتقانلاردىن قىلمىشى قەبىھ بولغانلارغا قانۇنىي جازا بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

3. ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بار.

4 . نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىنىڭ ۋە ئۆگەي ئاتا ـ ئانا بىلەن ئۆگەي بالىنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرى

1 ) نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا — ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى بولماي تۇرۇپ تۇغۇلغان بالىنى كۆرسىتىدۇ . دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 19 ـ ماددىسىدا «نىكاھسىز توغۇلغان بالىلار نىكاھلىق تۇغۇلغان بالىلارغا ئوخشاش ھوقۇقتا ئىگە ، ھەر قانداق كىشىنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىگە ۋە كەمسىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . نىكاھ قانۇنىنىڭ 19 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا يەنە : «نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىنىڭ ئۆز دادىسى شۇ بالىنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش خىراجىتى ۋە تەلىم ـ تەربىيە خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى تاكى شۇ بالا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلىگەنگە قەدەر ئۈستىگە ئېلىشى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن .

2 ) ئۆگەي ئاتا ـ ئانا بىلەن ئۆگەي بالا ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق مەجبۇرىيەتلەر ، ئۆگەي ئاتا ـ ئانا بىلەن ئۆگەي بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن ، يەنە بىر تەرەپنىڭ باشقىلار بىلەن قايتا نىكاھلىنىشىدىن ياكى ئاتا ـ ئانىسى نىكاھدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكتىن ، بالىنى بېقىۋاتقان بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ باشقىلار بىلەن قايتا نىكاھلىنىشىدىن پەيدا بولغان بىر خىل قانۇني مۇناسىۋەتتۇر .دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 21ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدا : «ئۆگەي ئاتا ـ ئانا بىلەن ئۆگەي بالا ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنى خورلاشقا ياكى كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . 2 ـ تارمىقىدا يەنە : «ئۆگەي ئاتا ياكى ئۆگەي ئانا بىلەن ئۇلار باققان ، تەربىيىلىگەن ئۆگەي بالىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى مۇشۇ قانۇننىڭ ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئالاقىدار

بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

5. بېقىۋالغۇچى ئاتا - ئانا بىلەن بېقىۋېلىنغان بالا ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى

1998 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى» ماقۇللىنىپ، بېقىۋېلىش قانۇنىنىڭ پرىنسىپلىرى، بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنىڭ رەسمىيەتلىرى ۋە شەرتلىرى، بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش، شۇنىڭدەك قانۇنىي جاۋابكارلىق ئېنىق بەلگىلەنگەن.

بېقىۋېلىش — باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئۆز بالىسى قىلىپ بېقىۋېلىپ، بېقىۋالغۇچى بىلەن بېقىۋېلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدا قانۇندا تەقلىد قىلىنغان ئاتا - ئانا ۋە بالىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

بېقىۋېلىش مەلۇم شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى شەرت. يەنى بېقىۋالغۇچى تولۇق ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە قۇرامىغا يەتكەن كىشى بولۇشى كېرەك؛ بېقىۋېلىنغۇچى ئومۇمەن قۇرامىغا يەتمىگەنلەر بولۇشى كېرەك؛ ئالاقىدار تەرەپلەر بېقىۋېلىش كېلىشىمى ھاسىل قىلغان بولۇشى كېرەك. بېقىۋېلىشتا قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىش شەرت. بىرى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى رەسمىيىتى، يەنە بىرى مەمۇرىي رەسمىيەت. رەسمىيەت جەھەتتە، ئىلتىماس قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاشتىن ئىبارەت ئۈچ ھالقىنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 20 - ماددىسىدا: «بېقىۋالغۇچى ئاتا - ئانا بىلەن بېقىۋېلىنغۇچى بالىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى مۇشۇ قانۇننىڭ ئاتا - ئانا بىلەن بالىلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولىدۇ.

بېقىۋېلىنغان بالا بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ئوتتۇرىسىدىكى هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر بېقىۋېلىش ـ بېقىۋېلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن .

بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتى بېقىۋالغۇچى ياكى بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن تەبىئىي ئاخىرلاشقاندىن باشقا ، ئۇنى يەنە قانۇن بويىچە بىكار قىلىش ئارقىلىقمۇ ئاخىرلاشتۇرۇشقا بولىدۇ . بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىشتا مەلۇم شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىش ۋە مەلۇم رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىش شەرت . ئۆز ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ بىكار قىلىنىشى بىلەن ئەسلىگە كېلىدۇ .

3 . ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

1 ) بوۋا ـ موما بىلەن نەۋرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېقىش ، هالىدىن خەۋەر ئېلىش مۇناسىۋىتى

بوۋا ـ موما بىلەن نەۋرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېقىش ، هالىدىن خەۋەر ئېلىش شەرتلىك بولىدۇ . دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 22 ـ ماددىسىدا : نەۋرىسىنى بېقىپ كەتكۈچىلىكى بار بوۋا ـ مومىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ، تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن نەۋرىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بولىدىغانلىقى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بوۋا ـ مومىسىنى بېقىپ كەتكۈچىلىكى بار نەۋرىسىنىڭ بالىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن بوۋا ـ مومىسىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن .

2 ) ئاكا ـ ئۇكا ۋە ئاچا ـ سىڭىللار ئوتتۇرىسىدىكى بېقىش مەجبۇرىيىتى

ئاكا ـ ئۇكا ۋە ئاچا ـ سىڭىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت شەرتلىك بولىدۇ . دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ

23 ـ ماددىسىدا، ئىنىسىنى، سىڭلىسىنى بېقىپ كەتكۈچىلىكى بار ئاكا ـ ئاچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېقىپ كەتكۈچىلىكى بولمىغان، قۇرامىغا يەتمىگەن ئىنىسى، سىڭلىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەگەر ئۆزىنى باققان ئاكا ـ ئاچىسىنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق تۇغۇلغان بولسا، ئىنى ـ سىڭىللىرىمۇ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇلارغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

## 4. نىكاھدىن ئاجرىشىش

نىكاھدىن ئاجرىشىش — ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپ قانۇني رەسمىيەت، كېلىشىم ياكى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىدىغان قانۇني رەسمىيەت.

### 1. نىكاھدىن ئاجرىشىش پرىنسىپى

1) نىكاھدىن ئاجرىشىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش.

نىكاھ ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپنىڭ مۇھەببىتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي كۆڭلى يوق بولۇپ قالغان بولسا ھەم ياخشىلىشىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىسا، بۇ خىل ئىسمى بار، جىسمى يوق نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىككى تەرەپ ئۈچۈن، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ئوخشاشلا پايدىسىز، ھەتتا ئىككى تەرەپكە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ ياكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، نىكاھدىن ئاجرىشىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

2) يەڭگىللىك بىلەن نىكاھدىن ئاجرىشىشقا قارشى تۇرۇش.

نىكاھدىن ئاجرىشىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش

ھەرگىزمۇ يەڭگىللىك بىلەن ياكى خاتا قاراشقا ئاساسەن نىكاھدىن ئاجرىشىشقا يول قويۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

## 2 . نىكاھدىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرى

نىكاھدىن ئاجرىشىشتا ئىككى خىل ئەھۋال بولىدۇ. بىرى ئەر - ئايال ئىككى تەرەپ ئۆز رازىلىقى بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش؛ يەنە بىرى، جۈرىلەردىن بىر تەرەپ نىكاھدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئىككىنچى تەرەپ ئاجرىشىشقا قوشۇلماسلىق. شۇڭا، نىكاھدىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

### 1 ) نىكاھدىن ئاجرىشىشنى تىزىملاش

ئەر - ئايال ئىككى تەرەپ ھەقىقەتەن ئۆز رازىلىقى بىلەن نىكاھدىن ئاجراشماقچى بولسا، بىر تەرەپنىڭ نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايدىكى نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورگىنىغا ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى بېرىپ نىكاھدىن ئاجرىشىشنى ئىلتىماس قىلىشى شەرت. ئىلتىماس قىلغاندا، نوپۇس ئىسپاتى، كىملىكى، خىزمەت ئورنى ياكى مەھەللە كومىتېتى (ئاھالە كومىتېتى) يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇش، نىكاھدىن ئاجرىشىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى، نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش كېرەك. ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغان كۈندىن باشلاپ بىر ئاي ئىچىدە، نىكاھدىن ئاجرىشىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى تىزىمغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى بېرىش، نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى ھېسابتىن چىقىرىۋېتىش كېرەك. ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسىنى ئالغان كۈندىن باشلاپ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئەمەلدىن قالىدۇ.

### 2 ) نىكاھدىن ئاجرىشىش دەۋاسى

ئەر ياكى خوتۇن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، ئالاقىدار تارماقلار ياراشتۇرۇپ قويسا بولىدۇ ياكى ئاجرىشىشنى تەلەپ

قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئاجرىشىش توغرىسىدا بىۋاستە ئەرز قىلسا بولىدۇ . خەلق سوت مەھكىمىسى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا ، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ياراشتۇرۇش ، ياراشتۇرۇش ئىشقا ئاشمىغاندا ئاندىن ھۆكۈم قىلىش كېرەك . نىكاھدىن ئاجرىشىشنى رۇخسەت قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ، ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ھەقىقەتەن بىر - بىرىگە كۆڭلى يوق بولۇپ قالغان - قالمىغانلىقىنى پەرقلەندۇرۇش چىكى قىلىش لازىم .

3 ) يارىشىۋېلىش

نىكاھدىن ئاجراشقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىختىيار قىلسا ، بىر تەرەپنىڭ نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايدىكى نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورگىنىغا ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى بېرىپ يارىشىۋېلىشنى تىزىملىتىشنى ئىلتىماس قىلىشى شەرت .

4 ) نىكاھدىن ئاجرىشىشقا دائىر ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدە بەلگىلىمە

(1 ) خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ جۆرىسى ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا ، شۇ ھەربىينىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش شەرت . ھەقىقەتەن ئاجرىشىشقا تېگىشلىك بولسا ، قىسىم ئورگىنى ئارقىلىق خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ھەمدە ئۇنى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك .

(2 ) ئايال ھامىلدار مەزگىلدە ۋە بوشىنىپ بىر يىل توشمىغىچە ، ئەر نىكاھدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا بولمايدۇ ، ئەمما خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرنىڭ نىكاھدىن ئاجرىشىش تەلىپىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر دەپ قارىسا ، ئۇ بۇ چەكلىمىگە كىرمەيدۇ .

3 . نىكاھدىن ئاجراشقاندىن كېيىنكى بالىلار ۋە مال - مۈلۈك مەسىلىسى

www.uyghurkitap.com

1 ) نىكاھدىن ئاجراشقاندىن كېيىنكى بالىنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش

نىكاھدىن ئاجرىشىش پەقەت ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ . ئۇلار بىلەن بالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قانداش تۇغقانلىق مۇناسىۋەت نىكاھدىن ئاجرىشىپ كېتىش بىلەن تۈگەپ كەتمەيدۇ . ئۇلار يەنىلا شۇ بالىلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ . نىكاھ قانۇنىنىڭ 29 ـ ماددىسىدا : «ئاتا ـ ئانىدا نىكاھدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بالىسىنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . شۇڭا ، دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىنىڭ ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى نىكاھدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتىگە پۈتۈنلەي تەتبىقلىنىدۇ . نىكاھدىن ئاجراشقاندىن كېيىن ، ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ ھەر قانداق باھانە بىلەن بۇ خىل مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماسلىققا يول قويۇلمايدۇ .

2 ) ئاجراشقاندىن كېيىنكى مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى

نىكاھ قانۇنىنىڭ 31 ـ ماددىسىدا : «نىكاھدىن ئاجراشقاندا ، ئەر ـ خوتۇننىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكىنى ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ ؛ كېلىشەلمىسە ، خەلق سوت مەھكىمىسى مال ـ مۈلۈكنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ ، ئاياللارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . نىكاھدىن ئاجراشقاندا بۆلۈنىدىغان مال ـ مۈلۈك ، پەقەت ئەر ـ خوتۇننىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى بىلانلا چەكلىنىدۇ ؛ نىكاھلىنىشتىن بۇرۇنقى مال ـ مۈلۈك پرىنسىپ جەھەتتىن شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ . ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت

داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە بولۇنغان قەرزلەر ئورتاق مال - مۈلۈكتىن تۆلىنىدۇ.

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

1 . ھەق تەلەپ قانۇنى دېگەن نېمە؟ دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى قايسىلار؟

2 . پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھوقۇق ئىقتىدارى ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارى دېگەن نېمە؟

3 . قانۇنىي ئىگە دېگەن نېمە؟ قانۇنىي ئىگە بولۇشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

4 . مال - مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قانداق تۈرلىرى بار؟

5 . ھەقدارلىق دېگەن نېمە؟ قەرزنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساس قايسىلار؟

6 . ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىچۇ؟

7 . جىسمانىي ھوقۇق دېگەن نېمە؟ جىسمانىي ھوقۇقنىڭ قايسى تۈرلىرى بار؟

8 . توختام قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى نېمە؟

9 . دۆلىتىمىزدە مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ قانداق شەكىللىرى بار؟ ئۇلارنىڭ پەرقى نېمە؟

10 . دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى قايسىلار؟

11 . ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى دېگەن نېمە؟ ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ شەكلى قايسىلار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# ئالتىنچى باب ئىقتىسادىي قانۇن ـ تۈزۈم

## §1 . ئىقتىسادىي قانۇن ـ تۈزۈم ھەققىدە قىسقىچە بايان

### 1 . ئىقتىسادىي قانۇن ئۇقۇمى

ئىقتىسادىي قانۇن دۆلەتنىڭ بازار سۇبيېكتىنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە قارىتا زۆرۈر بولغان تەڭشەش، باشقۇرۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن قانۇنىي مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي قانۇن ئىككى جەھەتتىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدۇ. بىرى، دۆلەتنىڭ بازار سۇبيېكتىغا قارىتا ئېلىپ بارغان زۆرۈر بولغان تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردىن ئىبارەت. ئۇ ھەم دۆلەتنىڭ بازارنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەم بازارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەشكىللەش، باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىرى، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد پائالىيەتلىرىگە قارىتا ئېلىپ بارغان زۆرۈر بولغان تەڭشەش، كونترول قىلىش ۋە باشقۇرۇش جەريانىدا ۋۇجۇتقا چىققان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردىن ئىبارەت. ئۇ ماكرولۇق تەڭشەش، كونترول

قىلىش ، كەسپىي ئىقتىساد باشقۇرۇش ، بازار تەرتىپىنى باشقۇرۇش ، ئىجتىمائىي كاپالەت ، ئىقتىسادنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ، شۇنىڭدەك قوشۇمچە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى قاتارلىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

## 2 . دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن - تۈزۈمى

دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن - تۈزۈمى سوتسىيالىزم پرىنسىپىنى يېتەكچى قىلىدىغان ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە قارىتا ئىلگىرى سۈرۈش ، چەكلەش ، تەڭشەش ۋە يېتەكلەش رولىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم قانۇن - تۈزۈمدۇر . دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن - تۈزۈمى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىكتىكى ئاساسىي ئورنى ۋە ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشتەك ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى يېتەكچى ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىپ ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە دۆلەت مەنپەئەتىنى تولۇق قوغدايدۇ .

دۆلىتىمىز 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە قوغدايدىغان بىر قاتار قانۇن - قائىدىلەرنى ئېلان قىلدى ۋە يولغا قويدى . دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئىقتىسادىي قانۇن تۈرغۈزۈش ۋە ئىقتىسادىي قانۇنلارنىڭ ئىشلىتىش سالمىقى تېخىمۇ زورىيىپ ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قانۇن - تۈزۈم شەكىللەندى .

## 1 . بازار سۇبيېكتلىرىنى تەشكىللەش ، باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈمى

بازار سۇبيېكتى ئاساسلىقى تۆرلۈك تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بازار سۇبيېكتلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈمىنىڭ ۋەزىپىسى — قانۇني جەھەتتىن بازار سۇبيېكتىلىرىنىڭ ئورنىنى بېكىتىش ھەمدە قېلىپلاشقان ئىچكى تەشكىلي ئاپپارات ، فۇنكسىيە ۋە ئىچكى - تاشقى مۇناسىۋەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت . بۇنىڭ ئىچىدە ئالدى بىلەن كارخانا قانۇني ئىگە تۈزۈمىنى ئورنىتىش مۇھىم نۇقتا بولۇپ ، كارخانىلارنى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدا باشقۇرۇش ، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش ، ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئۆز - ئۆزىنى چەكلەشتەك تىجارەت گەۋدىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ، شۇنداقلا مۇشۇ ئاساستا ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىشنى يولغا قويۇپ ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىدىكى ماسلاشتۇرۇش ، مۇلازىمەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئورنى ۋە فۇنكسىيىسىنى ئورنىتىپ چىقىشتىن ئىبارەت .

بازار سۇبيېكتىلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈمى ئاساسلىقى كارخانا قانۇنىدىن تەركىب تاپىدۇ . كارخانا قانۇنى — دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا قانۇنى ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا قانۇنى ، شەخسلەر باشقۇرىدىغان كارخانا قانۇنى ، چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانا قانۇنى ۋە شىركەت قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

## 2 . ماكرولۇق تەڭشەش ،تىزگىنلەش قانۇن - تۈزۈملىرى

ماكرولۇق تەڭشەش ، تىزگىنلەش دېگىنىمىز ، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتى ۋە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش . ئىقتىسادنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ، بازار تەرەققىياتى تولۇق بولماسلىق ۋە بازار ئىقتىدارى كەمچىل

بولۇش قاتارلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان زۆرۈر بولغان تەڭشەش تىزگىنلىشىنى كۆرسىتىدۇ . ماكرولۇق تەڭشەش ۋە تىزگىنلەش قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك . ماكرولۇق تەڭشەش ، تىزگىنلەش قانۇن - تۈزۈمىنىڭ ۋەزىپىسى — ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەكشى بولۇشىنى ساقلاش ، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى توسۇش ، ماكرولۇق تەڭشەش ، تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋاسىتىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، ماكرولۇق تەڭشەش ، تىزگىنلەش مېخانىزمىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت .

ماكرولۇق تەڭشەش ، تىزگىنلەش قانۇن - تۈزۈملىرى ئاساسلىقى پىلان قانۇنى ، خام چوت قانۇنى ، كەلگۈسى پىلان قانۇنى ، مالىيە قانۇنى ، پۇل - مۇئامىلە قانۇنى ، باج قانۇنى ۋە باھا قانۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

3 . كەسپىي ئىقتىساد باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈملىرى

كەسپىي ئىقتىساد باشقۇرۇش — ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىغا ئاساسەن ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان زۆرۈر بولغان باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت . كەسپىي ئىقتىساد باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى . كەسپىي ئىقتىساد باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ ۋەزىپىسى — ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە بولغان نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، كەسپىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ؛ ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىشنى يولغا قويۇپ ، دۆلەت كاپىتالىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ؛ ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنى تەكشۈرۈش

ۋە نازارەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ دۆلەت ۋە تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەت سۇبيېكتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

كەسپىي ئىقتىساد باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈملىرى — كەسپلەرنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈمى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنى باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈمىدىن تەركىب تاپىدۇ. كەسپلەرنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈمى ئاساسلىقى دۆلەت ئىچكى سودا، ئېنېرگىيە، ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائىتى، ئورمانچىلىق، يېزا ئىگىلىك، قاتناش، قۇرۇلۇش، سۇچىلىق، تاشقى سودا ۋە ھەمكارلىق، ئۇچۇر كەسپلىرى قاتارلىق كەسپلەرنىڭ باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنى باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈمى ئاساسلىقى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنى باھالاش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، شۇنىڭدەك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنىڭ مۈلۈك ھوقۇق دائىرىسىنى بېكىتىش ۋە ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇن - تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. بازار تەرتىپىنى باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈملىرى

ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بازاردىن ئايرىلالمايدۇ، شۇڭا بازاردا ياخشى بولغان سودا ۋە رىقابەت تەرتىپى بولۇشى زۆرۈر. شۇڭا، قېلىپلاشقان بازار قۇرۇپ چىقىش ھەمدە بازار تەرتىپىنى باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈملىرى ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىش داۋامىدىكى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كونترول قىلىش زۆرۈر. بازار تەرتىپىنى باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ ۋەزىپىسى — بازار رىقابەت سۇبيېكتلىرىنىڭ

مەنپەئەتنى تەڭشەش ۋە تەكشۈرۈپ-كۆزىتىش، سودىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئادىل، ئەركىن رىقابەتنى قوغداشتىن ئىبارەت.

بازار تەرتىپىنى باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈملىرى ئاساسلىقى توختام باشقۇرۇش، ئېلان باشقۇرۇش، مەھسۇلات سۈپىتىنى باشقۇرۇش، يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش، ئاكسىيە سودىسىنى باشقۇرۇش، تالون ئىسپات باشقۇرۇش، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش، تۆكمە قىلىپ سېتىشقا قارشى تۇرۇش، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قاتارلىق تەرەپلەردىكى قانۇن - تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش قانۇن - تۈزۈملىرى

ئىجتىمائىي كاپالەت — ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ھوقۇق مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك تۈزۈمىدۇر. ئىجتىمائىي كاپالەت تەدبىرىنى بىر لىككە كەلتۈرۈش، باشقۇرۇشنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم. ئىجتىمائىي كاپالەت قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ ۋەزىپىسى — جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشىنى قوغداش، جەمئىيەتنىڭ ئادىل بولۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈش، جەمئىيەت ئىگىلىكىنىڭ ساغلام ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي كاپالەت قانۇن - تۈزۈملىرى ئاساسلىقى ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش كاپالىتى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى تازىلىقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش قاتارلىق قانۇن - تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۆلەت خەلق ئىگىلىكىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قانۇن تۈرغۇزۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق

تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە مۇھىت ئاسراشنى كۈچەيتىدۇ. داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ ۋەزىپىسى — تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ياخشىلاش، بۇلغىنىش ۋە باشقا زىيانداشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىنسانىيەتنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش قانۇن ـ تۈزۈملىرى تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش قانۇن ـ تۈزۈمى ۋە مۇھىت قوغداش قانۇن ـ تۈزۈمىدىن تەركىب تاپىدۇ.

6. ماكرولۇق تەڭشەش، كونترول قىلىش ۋە ئىقتىساد باشقۇرۇش قوشۇمچە قانۇن ـ تۈزۈملىرى

دۆلەت بازار سۇبيېكتى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىساد پائالىيەتلىرىگە قارىتا ماكرولۇق تەڭشەش، كونترول قىلىش ۋە ئىقتىساد باشقۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن تەكشۈرۈش، ستاتىستىكا قىلىش، ئۆلچەم قاتارلىق قوشۇمچە ۋاستىلەرنى قوللىنىشى زۆرۈر، قوشۇمچە ۋاستە ۋە تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىلىشى قانۇن بويىچە بولۇشى زۆرۈر. ماكرولۇق تەڭشەش، كونترول قىلىش ۋە ئىقتىساد باشقۇرۇش قوشۇمچە قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ ۋەزىپىسى — ئۆلچەم، مۇپەتتىش ۋە ستاتىستىكا قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش، كونترول قىلىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى ۋە نوپۇزىغا كاپالەتلىك قىلىش، ماكرولۇق تەڭشەش، كونترول قىلىش ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتىن ئىبارەت. ماكرولۇق تەڭشەش، كونترول قىلىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش قوشۇمچە قانۇن ـ

تۈزۈملىرى ئاساسلىقى ئۆلچەملەشتۈرۈش قانۇنى، ئۆلچەم قانۇنى، بوغالتىرلىق قانۇنى، ستاتىستىكا قانۇنى ۋە مۇپەتتىش قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 3. ئىقتىسادىي قانۇن ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى

بازار ئىگىلىكى — بازارنى بايلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىدىغان ۋە بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئاساسىي ۋاستە قىلىدىغان ئىقتىسادنىڭ ھەرىكەتلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سوتسىيالىزم ئاساسىي (تۈپ) تۈزۈمى بىلەن بىرلىكتە، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش كونترول قىلىشى ئاستىدا بازارنىڭ بايلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈمدىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنى ئورنىتىش دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈپ نىشانى.

ئىقتىسادىي قانۇن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇن سىستېمىسىدىكى ئەڭ مۇھىم قانۇن تارمىقىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن. بۇ تۆۋەندىكى جەھەتلەردە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

1. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈمى ئىقتىسادىي قانۇننىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى.

ئىقتىسادىي قانۇن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇقەررەركى رېئال تۇرمۇشتا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولىدۇ. ئىقتىسادىي قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. مەسىلەن: قىممەت قانۇنىيىتى، تەمىنلەش ـ ئېھتىياج قانۇنىيىتى، بايلىقنى ئورۇنلاشتۇرۇش قانۇنىيىتى، رىقابەت قانۇنىيىتى قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي قانۇن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلغان، كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش، تىرىشچانلىق بىلەن بېيىش ۋە ئورتاق بېيىش، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىش ۋە چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆرنەك قىلىش، توختام تۈزۈشتە ئەركىن بولۇش، سەمىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش، ھۆكۈمەت ماكرولۇق تەڭشەش ۋە كونترول قىلىش قاتارلىق ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىقتىسادىي قانۇن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ بىزنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن تۈزۈش (تۇرغۇزۇش) خىزمىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىزنى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام ھەرىكەتلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان قانۇن، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنداقلا، ئىقتىسادىي قانۇننى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش جەريانىدا، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قانۇن، قانۇن ـ قائىدىلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

2. ئىقتىسادىي قانۇن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم

كاپالىتى .

ئىقتىسادىي قانۇن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ، ھەرقايسى ھالقىلىرىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ۋە تەڭشەپ كونترول قىلىدۇ . ئۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ «قوغداش ئىلاھى» .

1 ) ئىقتىسادىي قانۇن بازار ئىگىلىكى سۇبيېكتىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ .

2 ) ئىقتىسادىي قانۇن بازار سۇبيېكتىنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ .

3 ) ئىقتىسادىي قانۇن بازار ئىگىلىكىنى ماكرولۇق تەڭشەپ تىزگىنلەيدىغان مۇھىم ۋاستە ۋە قوغداش تەدبىرىدۇر .

4 ) ئىقتىسادىي قانۇن جەمئىيەتنىڭ ئادىل بولۇشىنى قوغدايدۇ ، بازار سودىسى ۋە رىقابەت تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

## 2§ . كارخانا قانۇنى

### 1 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار قانۇنى

#### 1 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا قانۇنى ئۇقۇمى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا يەنى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا — مال - مۈلكى دۆلەت ئىگىلىكىگە تەۋە بولغان ، قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان ، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەشكىلاتنى كۆرسىتىدۇ .

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار قانۇنى — دۆلەتنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تەشكىلى، باشقۇرۇشى، شۇنىڭدەك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىچكى تەشكىللەش، باشقۇرۇش پائالىيىتىدە بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر.

دۆلىتىمىزدە هازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن - قائىدىلەردىن ئاساسلىقى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى»، (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ)، «كارخانا قانۇنىي ئىگىلىرىنى تىزىملاش، باشقۇرۇش نىزامى»، «ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى» قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە 1988 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى» دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بەردى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ئورنى، ھوقۇق مەجبۇرىيىتى، كارخانا رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى، دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى، كارخانا پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئورنى قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى تۈپ قانۇندۇر.

2 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تىجارەت ھوقۇقى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تىجارەت ھوقۇقى دېگىنىمىز، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرى ۋە دۆلەت بەرگەن ھوقۇقىغا ئاساسەن

ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت جەھەتتىكى بەھرىمەن بولىدىغان قىلىش ياكى قىلماسلىقتەك مەلۇم بىر ھەرىكەت سالاھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى كارخانا دۆلەت تىجارەت قىلىش باشقۇرۇش ئۇچۇن ئۆزىگە بەرگەن مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇش، ئىشلىتىش، مەنپەئەتلىنىش ۋە قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كارخانىلارنىڭ تىجارەت ھوقۇقى: ① ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئىشلىرىدا تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقى؛ ② ماددىي ئەشيالارنى تاللاپ سېتىۋېلىش ھوقۇقى؛ ③ مەھسۇلاتلارنى سېتىش ھوقۇقى؛ ④ مەھسۇلات، ئەمگەك ئىشلىرىغا باھا قويۇش ھوقۇقى؛ ⑤ كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى؛ ⑥ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان مەبلەغلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى؛ ⑦ مال ـ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى؛ ⑧ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، باشقىلارنى قوشۇۋېلىش ھوقۇقى؛ ⑨ مائاش، مۇكاپاتنى تەقسىم قىلىش ھوقۇقى؛ ⑩ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقى؛ ⑪ سېلىقلارنى رەت قىلىش ھوقۇقى؛ ⑫ مەبلەغ سېلىش ئىشلىرىدا تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقى؛ ⑬ ئەمگەكچىلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى؛ ⑭ ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش ھوقۇقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى

1) زاۋۇت (دىرېكتور) باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى. «سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى» نىڭ 7 ـ ماددىسىدا: «كارخانىلاردا زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. زاۋۇت باشلىقىنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىجتىمائىيلاشقان چوڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش،

شۇنداقلا كارخانىلارنىڭ قانۇنى ئىگە تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئېھتىياجىغا ماسلىشىشتىن ئىبارەت.

2) ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى كارخانىدا دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويىدىغان ئاساسىي شەكىل. شۇنداقلا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئاپپارات. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق فوندىنى ئىشلىتىش لايىھىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۆي تەقسىم قىلىش لايىھىسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقىغا ئالاقىدار باشقا چوڭ ئىشلارغا قارار چىقىرىش ھوقۇقى بار. بۇنىڭدىن باشقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى يەنە قاراپ چىقىپ تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى، تەكشۈرۈپ قوشۇلۇش ھوقۇقى، باھالاش، نازارەت قىلىش ھوقۇقى ۋە دېموكراتىك سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە.

3) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ پارتىيە تەشكىلاتى. كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلى كارخانىنىڭ سىياسىي يادروسى. كارخانىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت ۋە قانۇنلىرىنىڭ ئۆز كارخانىسىدا ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

4. ھۆكۈمەت بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىنىڭ مۇناسىۋىتى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت دۆلەت مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى بولۇشتەك قوش سالاھىيەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

ھۆكۈمەت كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتىگە بىۋاسىتە ئارىلىشىشقا بولمايدۇ. ھۆكۈمەت پەقەت ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە كارخانىلارغا قارىتا ماسلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ. كارخانا ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلىدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا بولغان ھوقۇقى ئاساسلىقى: ① كەسىپلەر سىياسىتىنى بېكىتىش ۋە تەڭشەش ئارقىلىق، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش؛ ② باھا، باج ۋە پايدىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي پىشاڭ ئارقىلىق كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىنى تەڭشەش، تىزگىنلەش؛ ③ زاۋۇت باشلىقىنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ھەمدە زاۋۇت باشلىقىنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە مۇئاۋىن زاۋۇت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش؛ ④ كارخانىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلكىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش؛ ⑤ مالىيە، مۇپەتتىش، مال - باھا، ئەمگەك، مائاش قاتارلىق تارماقلار ئارقىلىق، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتىگە ئالاقىدار ھەرىكەتلىرىگە قارىتا نازارەتنى يولغا قويۇش.

5. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلكىنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش تۈزۈمى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلكى دۆلەت مال - مۈلكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. 1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گوۋۇيۈەن «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش نىزامى»نى ئېلان

قىلدى . ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى مۈلۈك ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ، دۆلەتنىڭ كارخانىنىڭ مۈلكىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ، كارخانىنىڭ تىجارەت ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت .

## 2 . شەھەر ـ بازار كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار قانۇنى ۋە يېزا ـ بازار كارخانىلىرى قانۇنى

1 . شەھەر ـ بازار مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار قانۇنى

1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شەھەر ـ بازار كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار نىزامى» نى ئېلان قىلدى .

شەھەر ـ بازار كوللېكتىپ كارخانىلىرى دېگىنىمىز ، شەھەر ـ بازارلاردا تەسىس قىلىنغان ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلاتنى كۆرسىتىدۇ . ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكى شەھەر ـ بازارلاردىكى كوللېكتىپ كارخانىلىرىدىكى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى ، شۇنداقلا كوللېكتىپ كارخانىلىرىدىكى بىرلەشمە ئىقتىسادىي تەشكىلات دائىرىسىدىكى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مەبلەغ سالغۇچىسى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق بولغان كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مۈلكى كارخانا ئومۇمىي مۈلكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئادەتتە 51% دىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك .

شەھەر ـ بازار كوللېكتىپ كارخانىلىرى رىئايە قىلىدىغان پرىنسىپلار : ئىختىيارىي بىرلىشىش ، ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاش ،



www.uyghurkitap.com

مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، كوللېكتىپ يىغىش، ئۆز ئالدىغا چىقىم قىلىش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ۋە پېيىغا ئاساسەن پايدا ئايرىش قاتارلىقلار.

شەھەر ـ بازارلاردىكى كوللېكتىپ كارخانىلار قانۇن بويىچە كارخانىنىڭ قانۇنىي ئىگىسىنى تىزىملاتقاندىن كېيىن، قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. بارلىق مۈلۈكنىڭ ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى مۇستەقىل ئۈستىگە ئالىدۇ. قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتى يوقلار، قانۇن بويىچە تىزىملاتقاندىن كېيىن، تىزىملاش يول قويغان دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. كوللېكتىپ كارخانىلار دۆلەت قانۇنى، قانۇن ـ قائىدىلىرى بەلگىلىگەن دائىرىدە، ئۆزىنىڭ بارلىق مۈلكىگە قارىتا ئىگە بولۇش، ئىشلىتىش، پايدىلىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. قانۇنسىز ئارىلىشىش، سىلىق سېلىش ۋە كارخانىنىڭ مۈلكىنى ھەقسىز ئىشلىتىشنى رەت قىلىدۇ.

كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى كارخانىنىڭ خوجايىنلىرى بولۇپ، قانۇن ۋە كارخانا نىزامنامىسىغا ئاساسەن كارخانا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر (ۋەكىللەر) قۇرۇلتىيى كوللېكتىپ كارخانىنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى. ئۇ كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا دائىر چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى قارار قىلىدۇ، كارخانىنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرىنى سايلايدۇ ۋە قالدۇرىدۇ. كارخانىنىڭ زاۋۇت باشلىقىنى (دېرىكتورىنى) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر (ۋەكىللەر) قۇرۇلتىيى سايلاش ياكى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. كارخانىدا زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. زاۋۇت

باشلىقى (دىرېكتور) قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر (ۋەكىللەر) قۇرۇلتىيىغا مەسئۇل بولىدۇ.

### 2. يېزا - بازار كارخانىلىرى قانۇنى

1996 - يىلى 10 - ئايدا دۆلىتىمىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا - بازار كارخانا قانۇنى» نى تۈزۈپ چىقتى.

يېزا - بازار كارخانىسى دېگىنىمىز، يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ ياكى دېھقانلارنىڭ مەبلىغىنى ئاساس قىلغان يېزا - بازار (تەۋەلىكىدىكى كەنتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قۇرغان يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان تۈرلۈك كارخانىلارنى كۆرسىتىدۇ. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قانۇني ئىگە شەرتكە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرى قانۇن بويىچە كارخانا قانۇني ئىگە سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى يېتەكچى قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. دۆلەت يېزا - بازار كارخانىلىرىغا قارىتا ئاكتىپ يۆلەش، مۇۋاپىق پىلانلاش، تۈرگە بۆلۈپ يېتەكلەش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويىدۇ.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتى ماس ھالدىكى مۈلۈك ھوقۇقىنى ھازىرلاش كېرەك. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ تەۋەلىك پرىنسىپى: ① يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى، شۇ كارخانىنى قۇرغان بارلىق دېھقانلارنىڭ كوللېكپ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ؛ ② يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى بىلەن باشقا كارخانىلار، تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەر ئورتاق

مەبلەغ سېلىپ قۇرغان يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى، مەبلەغ چىقىرىش نورمىسى بويىچە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ؛ ③ دېھقانلار بىرلىشىپ ياكى يالغۇز مەبلەغ سېلىپ قۇرغان يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ.

دۆلەت يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسلەرنىڭ قانۇن، قائىدىلەرگە خىلاپ ھالدا يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىگە ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مۈلكىنى قانۇنسىز ئىگەللىۋېلىشقا ياكى ھەقسىز ئىشلىتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

## 3. خۇسۇسىي كارخانىلار قانۇنى

### 1. خۇسۇسىي كارخانىلار قانۇنى ئۇقۇمى

خۇسۇسىي كارخانا — كارخانا مۈلكى خۇسۇسىيلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئىشچى ياللاش سانىغا يەتكەن، پايدا ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلات. دۆلىتىمىزدىكى خۇسۇسىي كارخانىلار شېرىكسىز (مۇستەقىل مەبلەغ سالغان) كارخانا، شېرىكلەشكەن كارخانا ۋە خۇسۇسىي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خۇسۇسىي كارخانا قانۇنى — دۆلەتنىڭ خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي ۋە باشقۇرۇشىنى، شۇنىڭدەك خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەشكىللەش، باشقۇرۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. گوۋۇيۈەن1988 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «جۇڭخۇا خەلق

جۇمھۇرىيىتى خۇسۇسىي كارخانىلار ۋاقىتلىق نىزامى » نى ئېلان قىلدى .

2 . خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئېچىلىشى

يېزىلاردىكى دېھقانلار ، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر خىزمەتتىن ئىستىپا بەرگەن ياكى خىزمىتىدىن چېكىنىپ چىققانلار ، دۆلەت قانۇنى، قانۇن ـ قائىدىلەر ۋە سىياسەتلەر يول قويغان دەم ئېلىشقا ، پېنسىيىگە چىققان خادىملار ۋە باشقا خادىملار خۇسۇسىي كارخانا ئېچىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ . خۇسۇسىي كارخانىلارنى ئېچىشنى ئىلتىماس قىلىشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى هازىرلاش كېرەك : ① ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى ۋە مۇلازىمەت كۆلىمى بىلەن ماس كېلىدىغان مەبلىغى ۋە خادىملىرى بولۇش ؛ ② مۇقىم تىجارەت ئورنى ۋە زۆرۈر ئەسلىھەلىرى بولۇش ؛ ③ تىجارەت دائىرىسى دۆلەت قانۇنى ، قانۇن ـ قائىدىلىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىش . خۇسۇسىي كارخانىلار سانائەت ، بىناكارلىق ، قاتناش ـ ترانسپورت ، سودا ، يېمەك ـ ئىچمەك ، مۇلازىمەت ، رېمونتچىلىق ۋە پەن ـ تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت قىلسا بولىدۇ . خۇسۇسىي كارخانىلار ھەربىي سانائەت ، پۇل مۇئامىلە كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت قىلسا بولمايدۇ . دۆلەت چەكلىگەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە سېتىشقا بولمايدۇ .

خۇسۇسىي كارخانا ئېچىشنى ئىلتىماس قىلىشتا ، مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھنامىلارنى ئېلىپ كارخانا تۇرۇشلۇق جايدىكى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇش ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ ، تىجارەت كىنىشكىسى بەرگەندىن كېيىن ، تىجارەت باشلىسا بولىدۇ .

3 . خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى

خۇسۇسىي كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش ، تىجارەت پائالىيىتىدە تۆۋەندىكى هوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ ؛ ① تىزىمغا ئالدۇرۇپ تەستىقلاتقان نامىنى بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە مەخسۇس ئىشلىتىش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش ؛ ② تىزىملاتقان تەستىقلاتقان دائىرىدە ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش ؛ ③ كارخانىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىش ياكى چېكىندۇرۇشنى قارار قىلىش ؛ ④ كارخانىنىڭ مائاش تۈزۈمى ۋە پايدىنى تەقسىم قىلىش شەكلىنى قارار قىلىش ؛ ⑤ دۆلەتنىڭ باھا باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى بويىچە كارخانىنىڭ تاۋار باھاسى ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى بېكىتىش ؛ ⑥ توختام تۈزۈش ؛ ⑦ پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىش ، تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش .

خۇسۇسىي كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش ، تىجارەت پائالىيىتىدە تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك : ① دۆلەتنىڭ قانۇن ، قانۇن - قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش ؛ ② قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇش ؛ ③ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ نازارەت قىلىش ، باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇش .

4 . شېرىكلەشكەن كارخانىلار قانۇنى

1997 - يىلى 2 - ئايدا ، دۆلىتىمىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شېرىكلەشكەن كارخانا قانۇنى» نى تۈزۈپ چىقتى .

شېرىكلەشكەن كارخانا دېگىنىمىز ، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق شېرىكلەشكۈچىنىڭ شېرىكلىشىش كېلىشىمى تۈزۈپ ، ئورتاق مەبلەغ چىقىرىدىغان ، شېرىكلىشىپ باشقۇرىدىغان ، پايدىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ، خېيىمخەتەرنى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغان ھەمدە شېرىكلەشكەن كارخانىنىڭ قەرزگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسئۇلىيەت (جاۋابكارلىق) نى ئۈستىگە ئالىدىغان پايدا ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلات .

شېرىكلەشكەن كارخانا قۇرۇشتا تۆۋەندىكى قانۇندا

بەلگىلەنگەن شەرتلەرنى هازىرلاش كېرەك : ① ئىككىدىن ئارتۇق هەق تەلەپ هەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە شېرىكلەشكۈچى بولۇشى هەمدە قانۇن بويىچە چەكسىز مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغانلار بولۇش ؛ ② يازمىچە شېرىكلىشىش كېلىشىمى بولۇش ؛ ③ شېرىكلەشكۈچىلەرنىڭ ئەمەلىي چىقارغان مەبلىغى بولۇش ، شېرىكلەشكۈچىلەر پۇل ، ئەمەلىي نەرسە ، يەر ئىشلىتىش هوقۇقى ، ئەقلىي مۈلۈك هوقۇقى ياكى باشقا مۈلۈك هوقۇقىنى مەبلەغ قاتارىدا چىقارسا بولىدۇ ؛ ④ شېرىكلەشكەن كارخانىنىڭ نامى بولۇش ؛ ⑤ تىجارەت سورۇنى ۋە شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان زۆرۈر شەرتلەرنى هازىرلاش ، شېرىكلەشكەن كارخانىلار سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تىزىملىتىپ تىجارەت كېنىشكىسى ئالىدۇ .

هەرقايسى شېرىكلەشكۈچىلەر شېرىكلەشكەن كارخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئوخشاش هوقۇقتىن بەهرىمەن بولىدۇ . شېرىكلەشكەن كارخانىنىڭ ئىشلىرىنى بارلىق شېرىكلەشكۈچىلەر ئورتاق ئىجرا قىلسا بولىدۇ . شېرىكلىشىش كېلىشىمىدە كېلىشكەندەك ياكى بارلىق شېرىكلەشكۈچىلەر بىر نەپەر ياكى بىرقانچە نەپەر شېرىكلەشكۈچىگە هاۋالە قىلىپ ئىجرا قىلسىمۇ بولىدۇ . شېرىكلەشكەن كارخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان شېرىكلەشكۈچى سىرتقا قارىتا شېرىكلەشكەن كارخانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . شېرىكلەشكەن كارخانا ئىشلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان شېرىكلەشكۈچى شېرىكلەشكەن كارخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئىجرا قىلغاندا ، ياراتقان پايدا بارلىق شېرىكلەرگە تەۋە بولىدۇ . پەيدا قىلغان زىيان ياكى هەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى بارلىق شېرىكلەر ئۈستىگە ئالىدۇ . شېرىكلەشكۈچى كارخانا ئۆزىنىڭ قەرزىگە قارىتا ئالدى بىلەن بارلىق مال ـ مۈلكىنى تۆلەپ بېرىش ، شېرىكلەشكەن كارخانىنىڭ مال ـ مۈلكى قەرەلى توشقان قەرزنى تۆلەشكە



www.uyghurkitap.com

يەتمىسە، ھەرقايسى شېرىكلەشكۈچىلەر مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

## 4. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار قانۇنى

### 1. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار قانۇنى ئۇقۇمى

چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار دېگىنىمىز، چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەر دۆلىتىمىز قانۇنى بويىچە، دۆلىتىمىز تەۋەسىدە بىۋاستە مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قاتناشقان ياكى مۇستەقىل قۇرغان تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئۇلار ئاساسلىقى جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكلەشكەن كارخانا، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل ھەمكارلاشقان كارخانا ۋە چەت ئەل مەبلىغى كارخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار قانۇنى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي باشقۇرۇشى، شۇنىڭدەك چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەشكىللەش، باشقۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ.

1979 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكلەشكەن كارخانىلار قانۇنى» ماقۇللاندى ھەمدە 1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىدا ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. 1988 - يىلى 4 - ئاينىڭ

13 ـ كۆنى 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگو بىلەن چەت ئەل ھەمكارلاشقان كارخانىلار قانۇنى» ماقۇللاندى . 1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرى قانۇنى» ماقۇللاندى .

2 . جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكلەشكەن كارخانىلار قانۇنى

جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكلەشكەن كارخانىلار (قىسقارتىپ «شېرىكلەشكەن كارخانا» دېيىلىدۇ ) دېگىنىمىز ، جۇڭگونىڭ كارخانىلىرى ياكى باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ چەت ئەل كارخانىلىرى ، باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى ياكى چەت ئەللىك شەخسلەر بىلەن جۇڭگونىڭ قانۇنى بويىچە ، جۇڭگو ھوكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە قۇرغان ، ئىككى تەرەپ ئورتاق مەبلەغ سېلىپ ، ئورتاق باشقۇرىدىغان ، خېيىمخەتەرنى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغان ، پايدا ـ زىيانغا ئورتاق مەسئۇل بولىدىغان كارخانىلارنى كۆرسىتىدۇ .

شېرىكچىلىك كارخانىلىرىنى قۇرۇشنى دۆلەتنىڭ تاشقى سودا ۋە ھەمكارلىق ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقىغا ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان ئاپپاراتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىشى كېرەك . شېرىكچىلىك كارخانىلىرى تەستىقلانغاندىن كېيىن ، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ تىجارەت كىنىشكىسىنى ئالغاندىن كېيىن تىجارىتىنى باشلايدۇ . شېرىكچىلىك كارخانىلىرىنىڭ جاۋابكارلىقى چەكلىك شىركەت شەكلىدە بولىدۇ ، شېرىكچىلىك كارخانىسى جۇڭگودا قانۇنىي ئىگە بولىدۇ .

شېرىكچىلىك كارخانىلىرىنىڭ تىزىمغا ئېلىنغان كاپىتالى ئىچىدە چەت ئەللىك شېرىكلەشكۈچىلەرنىڭ سالىدىغان

مەبلىغىنىڭ نىسبىتى ئومۇمەن 25% دىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك . شېرىكلەشكۈچى تەرەپلەر تىزىمغا ئېلىنغان كاپىتالىنىڭ نىسبىتى بويىچە پايدىنى تەقسىم قىلىدۇ . خېيىمخەتەر ۋە زىياننى ئۈستىگە ئالىدۇ . شېرىكلەشكۈچى تەرەپلەر نەق پۇل ، ماددىي نەرسە ، سانائەت مۈلۈك ھوقۇقى قاتارلىقلارنى مەبلەغ ھېسابىدا سالسا بولىدۇ . چەت ئەللىك شېرىكلەشكۈچىنىڭ مەبلەغ ھېسابىدا سالغان تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلىرى ھەقىقەتەن ئېلىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە بولۇشى شەرت . جۇڭگولۇق شېرىكلەشكۈچىلەر سالغان مەبلەغ شېرىكچىلىك كارخانىسىغا تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بەرگەن يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

مەمۇرىيەت — شېرىكچىلىك كارخانىلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئاپپاراتى . ئۇ شېرىكچىلىك كارخانىسىنىڭ نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ، شېرىكچىلىك كارخانىلىرىنىڭ بارلىق چوڭ مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىدۇ . باش دىرېكتور مۇدىرىيەت يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ . شېرىكچىلىك شىركەتلىرىنىڭ كۈندىلىك تىجارەت باشقۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ .

3 . جۇڭگو ـ چەت ئەل ھەمكارلىقىدىكى كارخانىلار قانۇنى

جۇڭگو ـ چەت ئەل ھەمكارلىقىدىكى كارخانىلار (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ھەمكارلىق كارخانا» دېيىلىدۇ ) دېگىنىمىز ، جۇڭگو كارخانىلىرى ياكى باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى ياكى چەت ئەللىك شەخسلەر بىلەن بىرلىكتە قانۇن بويىچە جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە قۇرغان ، ھەمكارلىق كارخانا توختىمىدىكى كېلىشىم بويىچە ، پايدا ياكى مەھسۇلات بۆلۈشىدىغان ، خېيىمخەتەر ۋە

www.uyghurkitap.com

زىياننى ئۈستىگە ئالىدىغان كارخانىلارنى كۆرسىتىدۇ .

ھەمكارلىق كارخانىلىرىنى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشتا ، جۇڭگولۇق ھەم چەت ئەللىك ھەمكارلاشقۇچىلار دۆلەتنىڭ تاشقى سودا ۋە ھەمكارلىق ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقلىرىغا ياكى گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن تارماق ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىشى كېرەك . جۇڭگولۇق ھەم چەت ئەللىك ھەمكارلاشقۇچىلار نەق پۇل ، ماددىي نەرسە ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ، سانائەت مۈلۈك ھوقۇقى ، پاتېنت بېرىلمەيدىغان تېخنىكا ۋە باشقا مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى مەبلەغ ھېسابىدا سالسا ياكى ھەمكارلىق شەرتى قاتارىدا بەرسە بولىدۇ . بۇنىڭدىن يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى پەقەت جۇڭگو تەرەپ تەمىنلەيدۇ .

ھەمكارلىق كارخانىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى جەھەتتە ، قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئىگە ھەمكارلىق كارخانىلىرى ئادەتتە مۇدىرىيەت يىغىنى تۈزۈمىنى قوللىنىدۇ . قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتى بولمىغان ھەمكارلىق كارخانىلىرى ، ئادەتتە بىرلەشمە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ . ھەمكارلىق كارخانا مۇدىرىيىتى ياكى بىرلەشمە باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىردەك قوشۇلغاندىن كېيىن ، ئۈچىنچى تەرەپنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشنى ھاۋالە قىلىشقا بولىدۇ .

## 4 . چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرى قانۇنى

چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرى قانۇنى دېگىنىمىز ، جۇڭگونىڭ ئالاقىدار قانۇنلىرى بويىچە جۇڭگو تەۋەسىدە قۇرۇلغان ، بارلىق كاپىتالى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار تەرىپىدىن سېلىنغان كارخانىنى كۆرسىتىدۇ . چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرى چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ ۋە باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدىكى شۆبە ئاپپاراتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ . چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرى تەشكىلىي

جەھەتتىن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولىدۇ . تەستىقلىتىش ئارقىلىق باشقا مەسئۇلىيەت شەكلىدە بولۇشىمۇ بولىدۇ .

چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار جۇڭگونىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزىدىغان ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغان ھەمدە ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىلغار ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىتىدىغان بولۇشى ياكى مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىنى ياكى كۆپ قىسمىنى ئېكسپورت قىلىشى شەرت .

چەت ئەل مەبلىغى بىلەن كارخانا قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسقا تاشقى سودا ۋە ھەمكارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل تارماق ياكى گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن يەرلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ ، تەستىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىدۇ . تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە تەستىقلانمايدۇ : ① دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ياكى جامائەت مەنپەئەتىگە زىيان بولسا ؛ ② جۇڭگونىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت كەلتۈرسە ؛ ③ جۇڭگونىڭ قانۇن ، قانۇن ـ قائىدىلىرىگە خىلاپ كەلسە ؛ ④ جۇڭگونىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمىسە ؛ ⑤ مۇھىت بۇلغاش ئېھتىماللىقى بولسا ، بۇنىڭدىن باشقا قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەت چەت ئەل مەبلىغى بىلەن كارخانا قۇرۇشنى توسقان ياكى چەكلىگەن كەسىپلەر .

## 5 . شىركەت قانۇنى

### 1 . شىركەت قانۇنى ئۇقۇمى

شىركەت ئىككىدىن ئارتۇق پايچىكنىڭ پايدا ئېلىش مەقسىتىدە ، ئورتاق مەبلەغ چىقارغان قانۇنىي شەرت ۋە رەسمىيەت بويىچە قۇرۇلغان كارخانا قانۇنىي ئىگىلىكىدىن ئىبارەت . دۆلىتىمىزدە شىركەتلەر چەكلىك مەسئۇلىيەت

www.uyghurkitap.com

شىركەتلىرى ۋە چەكلىك پاي ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىركەت قانۇنى دۆلەتنىڭ شىركەتلەرنى باشقۇرۇش جەريانى ۋە شىركەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، تەشكىلاتى، پائالىيىتى، تارقىلىشى ۋە باشقا ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ. 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىركەت قانۇنى» ماقۇللاندى. 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «شىركەتلەرنى تىزىمغا ئېلىش، باشقۇرۇش نىزامى» نى ئېلان قىلدى.

2. چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى دېگىنىمىز، مەلۇم ساندىكى پايچىكلاردىن تەركىب تاپقان، پايچىكلار ئۆزلىرى چىقارغان مەبلىغىنى چەك قىلىپ شىركەت ئالدىدا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، شىركەت ئۆزىنىڭ بارلىق مەبلىغى بىلەن شىركەتنىڭ قەرز ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغان كارخانا قانۇنىي ئىگىسىنى كۆرسىتىدۇ.

چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش زۆرۈر: ① پايچىكلار قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك. يەنى ئىككىدىن ئارتۇق 50 دىن تۆۋەن پايچىك بىرلىكتە مەبلەغ چىقىرىپ قۇرۇش زۆرۈر؛ ② پايچىكلار سالغان مەبلەغ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەبلەغنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىگە يەتكەن بولۇش زۆرۈر. ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى ياكى تاۋار توپ تارقىتىشنى ئاساس قىلغان شىركەتلەرنىڭ 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىدىن يۇقىرى

بولۇشى ، تاۋارلارنى پارچە سېتىشنى ئاساس قىلغان شىركەتلەرنىڭ 300 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىدىن يۇقىرى بولۇشى ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ، مەسلىھەت بېرىش ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى شىركەتلەرنىڭ 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك ؛ ③ پايچىكلار شىركەت نىزامنامىسىنى بىرلىكتە تۈزۈشى لازىم ؛ ④ شىركەت نامى ، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن تەشكىلىي ئاپپاراتى قۇرۇلۇشى لازىم ؛ ⑤ مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت سورۇنى ۋە زۆرۈر بولغان ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت شارائىتى بولۇشى كېرەك .

چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى پايچىكلار يىغىنى ، مۇدىرىيەت ، دىرېكتور ۋە نازارەتچىلەر كومىتېتىدىن تەركىب تاپىدۇ . پايچىكلار يىغىنى بارلىق پايچىكلاردىن تەشكىللىنىدۇ . پايچىكلار يىغىنى شىركەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئاپپاراتى . مۇدىرىيەت پايچىكلار يىغىنىغا مەسئۇل بولىدۇ ، مۇدىرىيەت باشلىقى شىركەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى بولىدۇ . دىرېكتور كۈندىلىك تىجارەت باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ . ئۇنى مۇدىرىيەت تەكلىپ قىلىدۇ ياكى تەكلىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ . ئۇ يەنە مۇدىرىيەتكە مەسئۇل بولىدۇ . چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ پايچىكلار سانى بىر قەدەر ئاز ، كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك بولسا مۇدىرىيەت تەسىس قىلىنماي ، پەقەت بىر نەپەر ئىجرائىيە مۇدىر تەسىس قىلىنسا بولىدۇ . ئىجرائىيە مۇدىرى شىركەتنىڭ دىرېكتورلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولىدۇ . كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە نازارەت ھەيئىتى (كومىتېتى) تەسىس قىلىنىدۇ . پايچىكلار سانى ئاز ، كۆلىمى كىچىك بولغانلىرىدا بىردىن ئىككىگىچە نازارەتچى قويۇلىدۇ .

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئالاھىدە ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئۇ دۆلەت مەبلەغ سېلىشقا ھوقۇق بەرگەن ئاپپاراتلار ياكى دۆلەت ھوقۇق بەرگەن تارماقلار يالغۇز مەبلەغ سېلىپ قۇرغان چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. گوۋۇيۈەن بەلگىلىگەن ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەت ياكى ئالاھىدە ساھەلەرگە تەۋە شىركەتلەر بۇ خىل ئالاھىدە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شەكلىنى قوللانسا بولىدۇ.

3. چەكلىك پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى

چەكلىك پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى دېگىنىمىز، شىركەتنىڭ بارلىق كاپىتالى تەڭ سوممىلىق پايغا بۆلۈنىدىغان، پايچىكلار ئۆزىنىڭ چىقارغان پايلىرىنى چەك قىلىپ شىركەت ئالدىدا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، شىركەت ئۆزىنىڭ بارلىق مال - مۈلكى بىلەن شىركەتنىڭ قەرز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان شىركەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

چەكلىك پاي ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىنى قۇرۇشتا، تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك: ① تەشەببۇس قىلغۇچىلار قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن بولۇش. تەشەببۇس قىلغۇچىلار بەشتىن يۇقىرى پايچىك بولۇشى، بۇنىڭ ئىچىدىكى يېرىمىدىن كۆپرەكى جۇڭگو تەۋەلىكىدە بولۇشى كېرەك؛ ② تەشەببۇس قىلغۇچىلار تاپشۇرغان ۋە جەمئىيەتتىن ئاشكارە توپلىغان پېيى قانۇندا بەلگىلەنگەن كاپىتالنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىگە يەتكەن بولۇش، يەنى 10 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتكەن بولۇشى؛ ③ پاي تارقىتىش، توپلاش ئىشلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى؛ ④ تەشەببۇس قىلغۇچىلار شىركەتنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزۈش ۋە شىركەت

قوروش يىغىنىنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈشى؛ ⑤ شىركەتنىڭ نامىغا ۋە چەكلىك پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن تەشكىلىي ئاپپارات قۇرۇشى؛ ⑥ مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئورنى ۋە زۆرۈر ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت شارائىتىغا ئىگە بولۇشى لازىم.

چەكلىك پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇشتا، تەشەببۇس قىلىپ قۇرۇش بىلەن مەبلەغ توپلاپ قۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. تەشەببۇس قىلىپ قۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق چەكلىك پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنى قۇرۇشتا تەشەببۇس قىلغۇچىلار مەبلىغىنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ بولۇپ، مۇدىرىيەت ۋە نازارەتچىلەرنى سايلاپ بولغاندىن كېيىن، مۇدىرىيەت شىركەتلەرنى تىزىمغا ئېلىش ئورگىنىغا شىركەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ھۆججەت، شىركەتنىڭ نىزامنامىسى، مەبلەغنى تەكشۈرۈش ئىسپاتى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى يوللاپ، شىركەت قۇرۇشنى تىزىمغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. مەبلەغ توپلاپ قۇرۇش شەكلى ئارقىلىق چەكلىك پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنى قۇرۇشتا، تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ سېتىۋالغان پېيى شىركەت ئومۇمىي پېيىنىڭ 35% دىن ئاز بولماسلىقى، قالغان مەبلەغنى جەمئىيەتتىن ئاشكارە توپلاش كېرەك. تەشەببۇس قىلغۇچى جەمئىيەتكە ئاشكارە پاينى تولۇق تارقىتىپ بولغاندىن كېيىن، قانۇن بەلگىلىگەن مەبلەغ تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەبلەغ تەكشۈرۈش ئىسپاتىنى ئېلىپ، شىركەت قۇرۇلۇش يىغىنىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن، مۇدىرىيەت ئارقىلىق تىزىملاش ئورنىغا شىركەت قۇرۇشنى تىزىمغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

چەكلىك پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى پايچىكلار يىغىنى، مۇدىرىيەت، دىرېكتور ۋە نازارەت

ھەيئىتىدىن تەشكىللىنىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## § 3 . ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى

### 1 . ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى

1993 - يىلى 9 - ئايدا دۆلىتىمىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى» نى چىقاردى .

1 . ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى

ناتوغرا رىقابەت دېگىنىمىز ، تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ ، باشقا تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈپ ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ .

ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى — ناتوغرا رىقابەتنى توسۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر . 1993 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىدا : «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى» ماقۇللاندى .

2 . ناتوغرا رىقابەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى

1) باشقىلارنىڭ تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز

قىلىش ۋە باشقا ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلمىشلىرى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: ① ئالدامچىلىق قىلىپ باشقىلار تىزىمغا ئالدۇرغان تاۋار ماركىسىدىن پايدىلىنىش؛ ② داڭلىق تاۋارلارنىڭ خاس نامى، ئورنىقى، بېزىكىنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىپ ياكى داڭلىق تاۋارلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نام، ئوراق، بېزەكلەرنى ئىشلىتىپ، باشقىلارنىڭ داڭلىق تاۋارلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، سېتىۋالغۇچىلارنى شۇ داڭلىق تاۋار ئوخشايدۇ دېگەن خاتا قاراشقا كەلتۈرۈپ قويۇش؛ ③ باشقىلارنىڭ كارخانا نامى ۋە ئىسىم فامىلىسىدىن ئۆز ئالدىغا پايدىلىنىپ، كىشىلەرنى شۇ تاۋار دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويۇش؛ ④ تاۋىرىغا گۇۋاھلىق بەلگىسى، داڭلىق مەھسۇلات بەلگىسى قاتارلىق سۈپەت بەلگىلىرىنى ئويدۇرۇپ ئىشلىتىش ياكى ساختىلىق قىلىپ ئىشلىتىش، ئىشلەنگەن ئورنىنى يالغاندىن كۆرسىتىش، تاۋارنىڭ سۈپىتىگە كىشىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدىغان ساختا ئالامەتلەرنى قويۇش.

2) جامائەت كارخانىلىرىنىڭ رىقابەتكە چەك قويۇش قىلمىشى. جامائەت كارخانىسى ياكى ئۆزگىچە ئورۇندا تۇرىدىغان باشقا تىجارەتچىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن تىجارەتچىلەردىن تاۋار سېتىۋېلىشنى بەلگىلەپ بېرىپ، باشقا تىجارەتچىلەرنىڭ ئادىل رىقابىتىنى چەتكە قېقىش.

3) مەمۇرىي ھوقۇقتىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىش قىلمىشى. ھۆكۈمەت، ئۇنىڭغا قاراشلىق تارماقلار مەمۇرىي ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن تىجارەتچىلەردىن تاۋار سېتىۋېلىشىغا چەك قويۇپ، باشقا تىجارەتچىلەرنىڭ نورمال تىجارەت پائالىيىتىنى چەكلەش، باشقا جايلارنىڭ تاۋارلىرىنىڭ ئۆز جايلىرىدىكى بازارلارغا كىرىشىنى چەكلەش ياكى ئۆز جايىنىڭ تاۋارلىرىنى

باشقا جايلارنىڭ بازارلىرىغا چىقىرىشنى چەكلەش .

4 ) سودىدا پارا بېرىش قىلمىشى . تىجارەتچىلەر پۇل - پۈچەك بېرىش ياكى باشقا ۋاستىلەر بىلەن پارا بېرىپ ئۆز تاۋارىنى ساتسا ياكى تاۋار سېتىۋېلىش ، ھېساب سىرتىدا قارشى تەرەپ ئورۇن ياكى شەخسلەرگە يوشۇرۇن شېرىنكانە بېرىش ، قارشى تەرەپ ئورۇن ياكى شەخسلەردىن ھېساب سىرتىدا يوشۇرۇن شېرىنكانە قوبۇل قىلىش .

5 ) يالغان ، ساختا تەشۋىقات قىلمىشى . تىجارەتچىلەر ئېلان ياكى باشقا ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ تاۋارنىڭ سۈپىتى ، تەركىبى ، ئىقتىدارى ، ئىشلىتىلىش ئورنى ، ئىشلەپچىقارغۇچى ، ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى ، ئىشلەنگەن جاي قاتارلىقلار توغرىسىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدىغان ساختا تەشۋىقاتلار ، ئېلان تىجارەتچىلىرى ئېنىق بىلگەن ، بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ئەھۋالدا ، ساختا ئېلاننى ۋەكالىتەن بېجىرىپ ، لايىھەلەپ ، ياساپ ئېلان قىلىش قاتارلىقلار .

6 ) سودا مەخپىيىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشى . بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى : ① ھوقۇقتا ئىگە كىشىنىڭ سودا مەخپىيىتىنى ئوغرىلاش ، پايدىغا قىزىقتۇرۇش ، تەھدىت سېلىش ياكى باشقا ناتوغرا ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قولغا چۈشۈرۈۋېلىش ؛ ② يۇقىرىقى ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قولغا كىرگۈزىۋالغان ھوقۇقتا ئىگە كىشىنىڭ سودا مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش ، ئىشلىتىش ياكى باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىش ؛ ③ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ياكى ھوقۇقتا ئىگە كىشىنىڭ سودا مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش توغرىسىدىكى تەلىپىگە خىلاپلىق قىلىپ ، ئۆزى ئىگىلىگەن سودا مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش ، پايدىلىنىش ياكى باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىش ؛ ④ ئۈچىنچى شەخسنىڭ ئېنىق بىلگەن ياكى بىلىشكە تېگىشلىك ئەھۋالدا ئالدىنقى تارماقتا

كۆرسىتىلگەن قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار ئارقىلىق باشقىلارنىڭ سودا مەخپىيەتلىكىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشى، پايدىلىنىشى ياكى ئاشكارىلىشى قاتارلىقلار.

7) تاۋارنى تەننەرقىدىن تۆۋەن باھادا سېتىش قىلمىشى. تىجارەتچىلەر رىقابەت رەقىبىنى چەتكە قېقىشنى مەقسەت قىلىپ، تاۋارنى تەننەرقىدىن تۆۋەن باھادا سېتىش. ئەمما، تۆۋەندىكى ئەھۋاللار ناتوغرا رىقابەت قىلمىشىغا ياتمايدۇ: ① ھۆل، تىرىك تاۋارلارنى سېتىش؛ ② ئۇنۇملۇك ۋاقتى پات ـ ئارىدا توشىدىغان تاۋارلار ياكى بېسىلىپ قالغان باشقا تاۋارلارنى بىر تەرەپ قىلىش؛ ③ پەسىل خاراكتېرلىك باھا چۈشۈرۈش؛ ④ قەرز قايتۇرۇش، كەسىپ ئۆزگەرتىش، ئىش توختىتىش سەۋەبلىك تاۋارنى باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىش.

8) تاۋار قوشۇپ سېتىش ياكى باشقا نامۇۋاپىق شەرت قويۇش قىلمىشى.

9) نامۇۋاپىق مۇكاپاتلىق سېتىش قىلمىشى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى: ① يالغاندىن مۇكاپاتى بار دەپ ياكى مۇكاپاتنى قەستەن ئىچكى قىسمىدىكى بەلگىلەنگەن خادىملارغا چىقىرىپ بېرىدىغان ئالدامچىلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مۇكاپاتلىق سېتىش؛ ② مۇكاپاتلىق سېتىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ سۈپىتى ناچار تاۋارلارنى قىممەت سېتىش؛ ③ چەك تارتىش شەكلىدىكى مۇكاپاتلىق سېتىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپات سوممىسى بەش مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىش.

10) رىقابەت رەقىبىنىڭ سودا ئىناۋىتى، سودا ئابرويىغا زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشى.

11) خېرىدار بولغۇچى بىلەن خېرىدار چاقىرغۇچى تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش قىلمىشى.

3. ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىشنىڭ قانۇن جاۋابكارلىقى

تىجارەتچىلەر قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىنى يۈرگۈزۈپ، تىجارەتچىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ زىيان كەلتۈرگەنلەر زىيىنىنى تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈلگۈچى تىجارەتچىنىڭ زىيىنىنى ھېسابلاش قىيىن بولغاندا، دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگۈچىنىڭ دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن مەزگىلدە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ ئالغان پايدىسى تۆلەم سوممىسى قىلىنىدۇ ھەمدە تىجارەتچى دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈلگۈچى تىجارەتچى قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتكە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن ناتوغرا رىقابەت قىلمىشىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن تۆلىگەن مۇۋاپىق راسخوتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، ناتوغرا رىقابەتنى يولغا قويغان تىجارەتچى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغۇچى تىجارەتچىگە قارىتا يەنە تەسىرىنى تۈگىتىش، نام - ئابرۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ھەرخىل ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ خاراكتېرى ۋە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ دەرىجىسىگە ئاساسەن، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنىدا كۆپ خىل مەمۇرىي جازا تەدبىرلىرى بېكىتىلگەن. ئۇلار ئاساسلىقى: بۇيرۇق بىلەن قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىش، قانۇنسىز تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش، جەرىمانە قويۇش ۋە تىجارەت كېنىشكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت. ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تارماقلارنىڭ رىقابەتنى چەكلەش قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا قارىتا، تەڭ دەرىجىلىك ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار بىۋاستە مەسئۇل كىشىگە مەمۇرىي جازا بېرىدۇ.

تىجارەتچىلەر ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىنى يولغا قويۇپ ساختا، ناچار تاۋارلارنى سېتىش قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرسە، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ

مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە، تىجارەتچى ۋە جاۋابكارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

## 2. ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى

1993 - يىلى 10 - ئايدا دۆلىتىمىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» نى تۈزۈپ چىقتى.

1. ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى

ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى — ئىستېمالچىلارنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش، ئىشلىتىش ياكى مۇلازىمەتنى قوبۇل قىلىش جەريانىدىكى تىجارەتچىلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ۋە دۆلەتنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش جەريانىدىكى يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. 1993 - يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» نى ماقۇللىدى ۋە ئېلان قىلدى.

2. ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقلىرى

1) جىسمانىي بىخەتەرلىك ھوقۇقى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىك ھوقۇقى.

2) تاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىش ھوقۇقى.

3) تاۋار ۋە مۇلازىمەتنى ئۆز ئالدىغا تاللاش ھوقۇقى.

4) ئادىل سودىلىشىش ھوقۇقى.

www.uyghurkitap.com

5 ) تۆلەم تەلەپ قىلىش ھوقۇقى .
6 ) تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ھوقۇقى .
7 ) مۇناسىۋەتلىك ساۋاتلارغا ئېرىشىش ھوقۇقى .
8 ) كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش ھوقۇقى .
9 ) نازارەت قىلىش ھوقۇقى .

### 3 . ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى

تىجارەتچىلەرنىڭ تەمىنلىگەن تاۋارى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى ياكى ئىستېمالچىلارنىڭ ۋەدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەي ، ئىستېمالچىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى زىيانغا ئۇچراتقان ياكى زەخىملەندۈرۈش ۋە ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، ياكى ئىستېمالچىلارنىڭ كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ، جىسمانىي ئەركىنلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغان بولسا ، زىياننى تۆلىشى ، دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى توختىتىشى ، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ، تەسىرىنى تۈگىتىشى ، ناماقۇل بولۇشى كېرەك . تىجارەتچىلەر تەمىنلىگەن تاۋار ياكى مۇلازىمەتتە ئالدامچىلىق قىلمىشى بولسا ئىستېمالچىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭ تارتقان زىيىنىنى كۆپەيتىپ تۆلەپ بېرىش كېرەك . كۆپەيتىپ تۆلىگەن پۇل سوممىسى ئىستېمالچىلار سېتىۋالغان تاۋار باھاسى ياكى مۇلازىمەت ھەققىنىڭ بىر ھەسسىسىگە تەڭ بولىدۇ . ئىستېمالچىلار تاۋار سېتىۋالغاندا ياكى ئىشلەتكەندە ، ئۇنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىسا ، ساتقۇچىدىن تۆلەم تەلەپ قىلىشى لازىم . ساتقۇچىنىڭ تۆلەپ بەرگەندىن كېيىن ، بۇ ئىشتا مەسئۇلىيىتى بار ئىشلەپچىقارغۇچى ياكى باشقا ساتقۇچىدىن تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقى بولىدۇ . ئىستېمالچىلار ياكى باشقا زىيانغا ئۇچرىغۇچىلار تاۋاردا نۇقسان بولغانلىقى سەۋەبىدىن جىسمانىي جەھەتتىن ۋە مال ـ مۈلۈكى زىيان ـ زەخمەتكە

ئۇچرىسا ، ساتقۇچى بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچى بارلىق تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ . ئىستېمالچىلار مۇلازىمەت قىلدۇرغاندا ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى زىيانغا ئۇچرىسا ، مۇلازىمەت قىلغۇچىدىن تۆلەم تەلەپ قىلسا بولىدۇ .

تىجارەتچىلەر تەمىنلىگەن تاۋار ياكى مۇلازىمەت ئىستېمالچىلارنىڭ ياكى باشقا زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارنى زەخىملەندۇرسە ، مېيىپ قىلىپ قويسا ياكى ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ جىنايەت شەكىللەندۇرسە ، قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ .

4 . تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىش يوللىرى

ئىستېمالچىلار بىلەن تىجارەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار تۆۋەندىكى يوللار ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ : ① تىجارەتچى بىلەن كېڭىشىپ يارىشىش ؛ ② ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇرەسسە قىلىشىنى تەلەپ قىلىش ؛ ③ مۇناسىۋەتلىك مەمۇريي تارماقلارغا ئەرز قىلىش ؛ ④ تىجارەتچىلەر بىلەن ھاسىل قىلغان كېسىم كېلىشىمگە ئاساسەن كېسىم ئورگىنىنىڭ كېسىم قىلىشىغا سۇنۇش ؛ ⑤ خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز بېرىش .

## § 4 . باج قانۇنى

### 1 . باج قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە بايان

1992 - يىلى 9 - ئايدا دۆلىتىمىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى باج ئېلىش - باشقۇرۇش قانۇنى» نى تۈزۈپ ، 1995 - يىلى 2 - ئايدا ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى . 1993 - يىلى 10 - ئايدا دۆلىتىمىز «جۇڭخۇا خەلق

جۇمھۇرىيىتى شەخسلەر تاپاۋەت بېجى قانۇنى» نى تۈزدى .

1 . باج ئۇقۇمى ۋە تۈرى

باج — دۆلەت ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم ۋە تەرتىپ بويىچە ئىقتىسادىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ پۇلى ياكى نەرسىلىرىنى ھەقسىز يىغىۋالىدىغان مەمۇرىي ھەرىكەت . باج مەمۇرىيى، ھەقسىز ۋە تۇراقلىق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە .

دۆلىتىمىزدە باج باج ئېلىش ئوبيېكتلىرىنىڭ پەرقىغە ئاساسەن تۆۋەندىكى بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ : ① ئوبوروت سوممىسىدىن ئېلىنىدىغان باج . يەنى تاۋار ياكى مۇلازىمەت سوممىسىنىڭ ئوبوروت سوممىسىدىن ئېلىنىدىغان ھەرقايسى باج خىللىرىنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ قوشۇلما قىممەت بېجى ، ئىستېمال بېجى ، تىجارەت بېجى ۋە تاموژنا بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؛ ② تاپاۋەت سوممىسىدىن ئېلىنىدىغان باج . يەنى باج تاپشۇرغۇچىنىڭ مەلۇم مەزگىلدىكى تاپاۋىتىنى باج ئېلىش ئوبيېكتى قىلغان ھەرقايسى باج خىللىرىنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ كارخانىلار تاپاۋەت بېجى ، شەخسلەر تاپاۋەت بېجى ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە چەت ئەل كارخانىلىرى تاپاۋەت بېجى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؛ ③ مال - مۈلۈكتىن ئېلىنىدىغان باج . مال - مۈلۈكنىڭ قىممىتى ياكى سانىنى باج ئېلىش ئوبيېكتى قىلغان ھەرخىل باجلارنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئۆي - مۈلۈك بېجى ، قاتناش ۋاسىتىلىرى بېجى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؛ ④ تەبىئىي بايلىقتىن ئېلىنىدىغان باج . يەنى دۆلىتىمىز تەۋەلىكىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى ئاچقان ، ئىشلەتكەن ئورۇن ۋە شەخسلەردىن تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش داۋامىدا شەكىللەنگەن دەرىجە پەرقى كىرىمىگە قاراپ ئېلىنىدىغان ھەرقايسى باج تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىنى



www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىدۇ . تەبىئىي بايلىقلاردىن ئېلىنىدىغان باج ئاساسلىقى تەبىئىي بايلىق بېجى ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىش بېجى ۋە يەرلەرنى ئىشلىتىش بېجى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؛ ⑤ ئالاھىدە ئىش ـ ھەرىكەتتىن ئېلىنىدىغان باج . ئۇ ئالاھىدە ئىش ـ ھەرىكەتنى باج ئېلىش ئوبيېكتى قىلىدىغان ھەرقايسى باج خىللىرىنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ . ئالاھىدە ئىش ـ ھەرىكەتتىن ئېلىنىدىغان باج ئاساسلىقى تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىنى تەڭشەش بېجى ، قان بېجى ، مىراس ۋە ھەدىيە بېجى ، ماركا بېجى ، ئاكسىيە سودا بېجى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مالىيەنى تەقسىملەش مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ ، دۆلەت مالىيىسىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ، مەركەزنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ، دۆلىتىمىز 1994 ـ يىلىدىن باشلاپ باجنى ئايرىش تۈزۈمىدىن ئىبارەت مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى ، باجنى ئايرىش تۈزۈمى باجنى مەركەز بېجى ، يەرلىك باج ۋە مەركەز بىلەن يەرلىك ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان باج دەپ ئايرىپ ، ماس ھالدىكى مەركىزىي باج ۋە يەرلىك باج سىستېمىسىنى ئورناتتى .

2 ) باج قانۇنى ئۇقۇمى

باج قانۇنى — دۆلەت بىلەن باج تاپشۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى باج ئېلىش ـ تاپشۇرۇش جەريانىدا ، شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ مالىيەنى باشقۇرۇش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى . باج قانۇنى تەڭشەيدىغان كونكرېت ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن باجنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ : بىرى ، باج يىغىش قانۇنى . بۇ

ئاساسلىقى 1993 - يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن : «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شەخسلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى قانۇنى» ، 1991 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا ۋە چەت ئەل كارخانىلىرىدىن تاپاۋەت بېجى ئېلىش قانۇنى» ، 1992 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان : «ئىمپورت - ئېكسپورت تاموژنا بېجى قانۇنى» ، 1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان : «قوشۇلما قىممەت بېجى ۋاقىتلىق نىزامى» ، «ئىستېمال بېجى ۋاقىتلىق نىزامى» ، «تىجارەت بېجى ۋاقىتلىق نىزامى» ، «كارخانا تاپاۋەت بېجى ۋاقىتلىق نىزامى» ، «يەر قوشۇلما قىممەت بېجى ۋاقىتلىق نىزامى» ، «تەبىئىي بايلىق بېجى ۋاقىتلىق نىزامى» ، 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «توختام بېجى ۋاقىتلىق نىزامى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يەنە بىرى ، باج ئېلىش - باشقۇرۇش قانۇنى . ئۇ ئاساسلىقى 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ باج ئېلىش - باشقۇرۇش قانۇنى»ۋە1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «باج ئېلىش - باشقۇرۇش قانۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» دىن ئىبارەت .

### 2 . ئوبوروت سوممىسىدىن ئېلىنىدىغان باج قانۇنى

#### 1 . قوشۇلما قىممەت باج قانۇنى

قوشۇلما قىممەت بېجى — تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەمگەك

ئىشلىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىكى قوشۇلما قىممەت ئاملىنى ئوبيېكتىپ قىلىدىغان بىرخىل ئوبوروت بېجىدىن ئىبارەت. قوشۇلما قىممەت نورمىسى دېگىنىمىز، باج تاپشۇرغۇچىنىڭ مەلۇم مۇددەت ئىچىدە مەھسۇلات سېتىپ ياكى ئەمگەك ئىشلىرى بىلەن تەمىنلەپ ئېرىشكەن كىرىمىنىڭ ئۇنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش ياكى ئەمگەك ئىشلىرىنى قىلغاندىكى چىقىمىدىن ئېشىپ كەتكەن پەرقلىق نورما قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. قوشۇلما قىممەت بېجى تەكرار باج ئېلىشتىن ئۇنۇملۇك ساقلاپ قالدى. قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ ئاساسىي باج نورمىسى 17% بولۇپ، سېتىلىدىغان ياكى ئىمپورت قىلىنىدىغان گوۋۇيۇەن بەلگىلىگەن ئالاھىدە ماللارغا قارىتا 13% لىك تۆۋەن باج نورمىسى يولغا قويۇلىدۇ. ئېكسپورت تاۋارلىرىغا قارىتا نۆللۈك باج نورمىسى يولغا قويۇلىدۇ.

قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ باج تاپشۇرۇش سۇبيېكتلىرى دۆلىتىمىز تەۋەسىدە مال ساتىدىغان ياكى پىششىقلاپ ئىشلەش، رېمونت قىلىش ئەمگەك ئىشلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ياكى مال ئىمپورت قىلىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى كۆرسىتىدۇ. قوشۇلما قىممەت بېجى تاپشۇرىدىغانلار ئادەتتىكى باج تاپشۇرغۇچى ۋە كىچىك كۆلەملىك باج تاپشۇرغۇچى دەپ ئايرىلىدۇ. كىچىك كۆلەملىك باج تاپشۇرغۇچى دېگىنىمىز، يىللىق باج تاپشۇرۇش سودا نورمىسى بەلگىلەنگەن دەرىجىدىن كىچىك بولغان ھەمدە بوغالتىرلىق ھېساباتى مۇكەممەل بولمىغان باج تاپشۇرغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەتتىكى باج تاپشۇرغۇچىلارغا قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالوندا يېزىلغان باج پۇلىنى تۆۋەنلىتىپ ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. يەنى تاۋارنىڭ سېتىلىش نورمىسىنى باج ھېسابلاش ئاساسى قىلىش بىلەن بىرگە باج نورمىسىدىن ئالدىنقى ھالقىدىكى تاپشۇرۇپ بولغان باج پۇلىنى ئېلىۋېتىشقا

يول قويۇلىدۇ . شۇڭا باج تاپشۇرغۇچىنىڭ باج تاپشۇرۇش مەزگىلىدىكى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج نورمىسى شۇ ۋاقىتتىكى ساتقان تۇرىدىكى باج نورمىسىدىن شۇ ۋاقىتتىكى كىرگۈزگەن مېلىنىڭ باج سوممىسىنى چىقىرىۋېتكەندىن كېيىنكى ئېشىپ قالغان نورمىدىن ئىبارەت . كىچىك كۆلەمدىكى باج تاپشۇرغۇچىلارغا تۆلەشكە تېگىشلىك باجنى ئاددىي ئۇسۇل ئارقىلىق ھېسابلاش يولغا قويۇلىدۇ . يەنى ئۇنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىغا تۆلەشكە تېگىشلىك باج پۇلى سېتىش نورمىسىنىڭ 6% ى بويىچە بولىدۇ (باج يىغىش نورمىسى) .

2 . ئىستېمال بېجى قانۇنى

ئىستېمال بېجى دېگىنىمىز ، ئالاھىدە ئىستېمال بۇيۇملىرى ياكى ئىستېمال ھەرىكىتىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل ئوبوروت بېجىنى كۆرسىتىدۇ . ئىستېمال بېجى بىر قىسىم ئىستېمال بۇيۇمى ۋە ئىستېمال ھەرىكىتىدىنلا ئېلىنىدۇ . بۇ خىل باج ئېلىش دائىرىسىنىڭ بېكىتىلىشى دۆلەتنىڭ كەسىپلەر سىياسىتى ۋە ئىستېمالغا يېتەكچىلىك قىلىشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . بۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق . شۇنداقلا ، ئىستېمال بېجىنىڭ ئىستېمال بۇيۇمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، ئوبوروت قىلىنىش ياكى ئىستېمالنىڭ مەلۇم ھالقىسىدىلا ئېلىنىشى باج ئېلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداشقا پايدىلىق .

ئىستېمال بېجى ئېلىنىدىغان ئىستېمال بۇيۇملىرى ئاساسلىقى تاماكا ، ھاراق ۋە ئىسپىرت ، پەرداز بۇيۇملىرى ، تېرە ـ چاچ ئاسراش بۇيۇملىرى ، قىممەتلىك زىبۇ ـ زىننەت ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ، پوجاڭزا ، ساليوت ، بېنزىن ، دىزېلىن ، ئاپتوموبىل چاقى ، موتوسىكلىت ۋە كىچىك ماشىنا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . «ئىستېمال بېجى ۋاقىتلىق نىزامى» دا

يۇقىرىقى ئوخشاش بولمىغان ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى، دەرىجىسى، قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان باج نورمىسى ۋە باج چارىسىنى بېكىتكەن بولۇپ، ھەم باھا ئارقىلىق باج نورمىسى بېكىتىلگەن، ھەم مىقدارى ئارقىلىق باج نورمىسى بېكىتىلگەن.

3. تىجارەت بېجى قانۇنى

تىجارەت بېجى دېگىنىمىز، تىجارەتكە «تىجارەت بېجى ۋاقىتلىق نىزامى» دا بەلگىلەنگەن باج تۆلەش زۆرۈر بولغان ئەمگەك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، شەكىلسىز مەبلەغنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن ياكى كۆچمەس مۈلۈكنى ساتقاندىكى تىجارەت نورمىسىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل ئوبوروت بېجىنى كۆرسىتىدۇ. تىجارەت بېجىنىڭ ئېلىنىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، باج نورمىسى، باج تۈرى ئاساسلىق كەسىپلەر بويىچە تەسىس قىلىنىدۇ. بېجى بىر قەدەر تۆۋەن ھەمدە بىر قەدەر تەكشى بولىدۇ. تىجارەت بېجىنى كۆڭۈل ئېچىش كەسىپلىرىگە قارىتا 5% دىن 20% كىچە بولغان نىسبەت دائىرىسىدە باج نىسبىتىنى يولغا قويغاندىن باشقا، 3% دىن 5% گىچە بولغان ئىككى دەرىجىلىك باج نىسبىتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، باج ھېسابلاشتا تىجارەت نورمىسى ئاساس قىلىنىدۇ.

تىجارەت بېجىنىڭ باج تاپشۇرۇش سۇبيېكتلىرى دۆلىتىمىز دائىرىسىدىكى باج تۆلەش زۆرۈر بولغان ئەمگەك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، شەكىلسىز مۈلۈكنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن ياكى كۆچمەس مۈلۈكنى ساتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىجارەت بېجى ئېلىنىدىغان كەسىپلەر ئاساسلىقى قاتناش ـ ترانسپورت كەسپى، بىناكارلىق كەسپى، پۇل مۇئامىلە سۇغۇرتا كەسپى، پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقە ئۇچۇر كەسپى، مەدەنىيەت تەنتەربىيە كەسپى، كۆڭۈل ئېچىش كەسپى، مۇلازىمەت كەسپى، شۇنىڭدەك شەكىلسىز مۈلۈكنى

ئۆتۈنۈپ بېرىش ، كۆچمەس مۈلۈكنى سېتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

4 . تاموژنا بېجى قانۇنى

تاموژنا بېجى — تاموژنىنىڭ تاموژنا باج بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن تاموژنىدىن كىرگەن ۋە چىققان ماللاردىن ۋە بۇيۇملاردىن ئېلىنىدىغان بىر خىل ئوبوروت بېجىدىن ئىبارەت ئومۇمەن ، دۆلىتىمىز ئىمپورت - ئېكسپورت قىلغان مال ، بۇيۇملارنى تاموژنىدىن كىرگۈزگەن ۋە چىقارغاندا دۆلەتنىڭ باشقىچە بەلگىلىمىلىرى بارلىرىدىن باشقا ، ھەممىسىدىن دۆلىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - قائىدە ۋە بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىمپورت تاموژنا بېجى ۋە ئېكسپورت تاموژنا بېجى ئېلىنىدۇ .

### 3 . تاپاۋەت بېجى قانۇنى

1 . كارخانىلاردىن تاپاۋەت بېجى ئېلىش قانۇنى

كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى دېگىنىمىز ، جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ (چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە چەت ئەل كارخانىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا ) دۆلەت ئىچكى ۋە سىرتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىدىكى تاپاۋىتى ۋە باشقا تاپاۋىتىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل باجنى كۆرسىتىدۇ .

باج تاپشۇرغۇچىنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج نورمىسى باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان تاپاۋەت سوممىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ . باج نىسبىتى 33% بولىدۇ .

2 . چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە چەت ئەل كارخانىلىرىدىن تاپاۋەت بېجى ئېلىش قانۇنى

چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە چەت ئەل كارخانىلىرىدىن تاپاۋەت بېجى ئېلىش دېگىنىمىز ، جۇڭگو

تەۋەسىدىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ جۇڭگو تەۋەسى ئىچى - سىرتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تاپاۋتى ۋە باشقا تاپاۋەتلىرىدىن، شۇنداقلا جۇڭگو تەۋەسىدىكى چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تاپاۋتى ۋە باشقا تاپاۋتىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل باجنى كۆرسىتىدۇ.

چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ كارخانا تاپاۋەت بېجى ۋە چەت ئەل كارخانىلىرى جۇڭگو تەۋەسىدە قۇرغان ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورگان، مەيدانلارنىڭ تاپاۋتىدىن تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك كارخانا تاپاۋەت بېجى، باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاپاۋەت سوممىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. باج نىسبىتى 30% بولىدۇ؛ يەرلىك تاپاۋەت بېجى باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاپاۋەت سوممىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. باج نىسبىتى 3% بولىدۇ.

3. شەخسلەر تاپاۋەت بېجى قانۇنى

شەخسلەر تاپاۋەت بېجى — شەخسلەرنىڭ تاپاۋتىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل باج. شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنىڭ باج تاپشۇرغۇچىسى جۇڭگو تەۋەسىدە تۇرار جايى بولغان ياكى تۇرار جايى بولمىسىمۇ، جۇڭگو تەۋەسىدە تۇرغىنىغا بىر يىل توشقان شەخسلەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جۇڭگو تەۋەسى ئىچى ۋە سىرتىدىن ئېرىشكەن تاپاۋتى شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنىڭ باج تاپشۇرغۇچىسى بولىدۇ. جۇڭگو تەۋەسىدە تۇرار جايى بولمىغان ھەم جۇڭگودىمۇ تۇرمىغان شەخسلەر ياكى جۇڭگودا تۇرار جايى بولمىغان ھەم تۇرغىنىغا بىر يىل توشمىغان شەخسلەرنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدە ئېرىشكەن تاپاۋتىدىن شەخسلەر تاپاۋەت بېجى تاپشۇرىدۇ.

شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنىڭ ئېلىنىش دائىرىسى: ① ئىش

ھەققى ، مائاش تاپاۋتى ؛ ② يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، تىجارەت تاپاۋتى ؛ ③ كارخانا ، كەسپىي ئورۇنلارنى ھۆددە ئېلىش ، ئىجارىگە ئېلىش تاپاۋتى ؛ ④ ئەمگەك ھەققى تاپاۋتى ؛ ⑤ قەلەم ھەققى تاپاۋتى ؛ ⑥ ئالاھىدە رۇخسەت قىلىنغان ھوقۇقتىن پايدىلىنىش تاپاۋتى ؛ ⑦ پۇل ئۆسۈمى ، پاي چېكى ئۆسۈمى ، پايدا تاپاۋتى ؛ ⑧ مال ـ مۈلۈكنى ئىجارىگە بېرىش ـ ئېلىش تاپاۋتى ؛ ⑨ مال ـ مۈلۈكنى ئۆتۈنۈپ بېرىش تاپاۋتى ؛ ⑩ تاسادىپىي تاپاۋەت ؛ ⑪ گوۋۇيۈەننىڭ مالىيە تارمىقى باج ئېلىشنى بەلگىلىگەن باشقا تاپاۋەتلەر .

شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنى تاپاۋەتنى بېرىدىغان ئورۇن ياكى شەخس ۋەكالىتەن تاپشۇرغۇچى بولىدۇ . ئىككىدىن ئارتۇق جايدا ئىش ھەققى ، مائاش تاپاۋتى بولغان ھەمدە ۋەكالىتەن تاپشۇرغۇچىسى بولمىغان باج تاپشۇرغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن باج تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش كېرەك . ئىش ھەققى ، مائاش تاپاۋتىگە تۆلەشكە تېگىشلىك باج ئاي بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ . يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت تاپاۋتىگە تۆلەيدىغان باج ۋە كارخانا ، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھۆددىگەرلىك ، ئىجارىگە بېرىش ـ ئېلىش تىجارەت تاپاۋتىگە تۆلەيدىغان باج يىل بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ .

## 4 . باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش قانۇنى

باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش دېگىنىمىز ، باج ئورگانلىرىنىڭ باج قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئېلىپ بارغان باج تىزىملاش ، ھېسابات دەپتىرى ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلارنى باشقۇرۇش ، باج پۇلىنى يىغىش ، باج تەكشۈرۈشكە دائىر پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ . باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش قانۇنى دېگىنىمىز ، دۆلەتنىڭ باج ئېلىش پائالىيىتىگە بولغان

تەشكىللەش ، نازارەتچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ .

1 . باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

ئىشلەپچىقىرىش ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باج تاپشۇرغۇچىلار ، باج قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ، باج ئورگانلىرىغا باجنى تىزىملاش ، ئۆزگەرتىش ياكى ھېسابتىن چىقىرىۋېتىش ، تىزىملىتىشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك . ئىشلەپچىقىرىش ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باج تاپشۇرغۇچىلار ، باجنى ۋەكالىتەن تاپشۇرغۇچىلار گوۋۋىيۇەننىڭ مالىيە ـ باج مەسئۇل تارمىقىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھېسابات دەپتىرى تۇتۇپ ھەمدە ھېسابات دەپتىرى ، ھېسابقا خاتىرىلەش ھۆججىتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىنى بەلگىلەنگەن ساقلاش مۇددىتى بويىچە ساقلىشى شەرت . ئىشلەپچىقىرىش ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ مالىيە ، بوغالتىرلىق تۈزۈمى ياكى مالىيە بوغالتىرلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى باج ئورۇنلىرىنىڭ ئەنگە ئېلىشىغا يوللاپ بېرىشى شەرت . قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى گوۋۋىيۇەننىڭ باج مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن كارخانا باسىدۇ .

باج تاپشۇرغۇچىلار قانۇن ، قانۇن ـ قائىدىلەر ياكى باج ئورگانلىرى قانۇن بويىچە بەلگىلەپ بەرگەن ئىلتىماس مۆھلىتى ئىچىدە باج تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشى ، باج تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلى ، مالىيە ـ بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلىنى ۋە باج ئورگىنى ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ باج تاپشۇرۇشتا مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغان باشقا ماتېرىياللارنى مەلۇم قىلىشى شەرت .

2 . باج پۇلىنى ئېلىش

باج ئورگانلىرى قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن باج ئالىدۇ. قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باج ئېلىشنى باشلاش، توختىتىشقا، باجنى كۆپ ياكى ئاز ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. باج تاپشۇرغۇچىلار، باجنى ۋەكالىتەن تاپشۇرغۇچىلار قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەردە بېكىتىلگەن ياكى باج ئورگىنى قانۇن بويىچە بېكىتكەن مۆھلەت بويىچە باجنى تاپشۇرىدۇ ياكى خەزىنىلەشتۈرىدۇ. باج تاپشۇرغۇچىلار ياكى باجنى ۋەكالىتەن تاپشۇرغۇچىلار مۆھلەت بويىچە باجنى تاپشۇرمىغان ياكى خەزىنىلەشتۈرمىگەن بولسا، باج ئورگىنى بەلگىلىگەن مۆھلەتتە تاپشۇرۇشنى بۇيرىغاندىن سىرت، باج تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرگەن كۈندىن باشلاپ تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرگەن باجنىڭ 20% ى بويىچە كۈنگە كېچىكتۈرگەنلىك پۇلى قوشۇپ ئالىدۇ.

3. باج تەكشۈرۈش

باج ئورگىنى باج تاپشۇرغۇچىنىڭ ھېسابات دەپتىرى، ھېساباتقا خاتىرىلەش ھۆججىتى، مەلۇمات جەدۋىلى ۋە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق. شۇنداقلا، باج تاپشۇرغۇچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئورنىغا ۋە مال قويغان جايىغا بېرىپ، ئۇنىڭ باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاۋىرى، مېلى ياكى باشقا مال - مۈلكىنى تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق. باج تاپشۇرغۇچىلار، باجنى ۋەكالىتەن تاپشۇرغۇچىلار باج ئورگىنىنىڭ باجنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىپ، ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىشى، ئالاقىدار ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىشى شەرت، رەت قىلىشقا، يوشۇرۇشقا يول قويۇلمايدۇ.

4. باج تاپشۇرغۇچىلار، باجنى ۋەكالىتەن تاپشۇرغۇچىلار-

نىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى

1 ) باج باشقۇرۇش تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ جاۋابكارلىقى باج ئېلىش - باشقۇرۇش قانۇن - قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ باج تىزىملاش، تىزىمنى ئۆزگەرتىش ياكى تىزىمدىن ئۆچۈرۈشنى بەلگىلەنگەن مۆھلەت بويىچە ئىلتىماس قىلمىغانلار، بەلگىلىمە بويىچە ھېساب دەپتىرى تۇتمىغان، ساقلىمىغان ياكى ھېساباتقا خاتىرلەش ھۆججىتى ۋە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ساقلىمىغانلار، بەلگىلىمە بويىچە مالىيە بوغالتىرلىق تۈزۈمى ياكى مالىيە بوغالتىرلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى باج ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللىمىغان ياكى مۆھلەت بويىچە باج تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلمىغانلارنى باج ئورگىنى بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە تۈزىتىشكە بۇيرىغاندىن سىرت، 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ. قىلمىشى ئېغىرلىرىغا 2000 يۈەندىن يۇقىرى 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

2 ) باج ئېلىش تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى. باج ئېلىش تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ئاساسلىقى باجنى تولۇق تۆلىمەسلىك، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرۇشقا قارشى چىقىش ۋە ئېكسپورت باج قايتۇرمىسىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

باجنى تولۇق تۆلىمەسلىك، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرۇشقا قارشى چىقىش ۋە ئېكسپورت باج قايتۇرمىسىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارىتا، باج ئورگانلىرى ئوخشىمىغان ئەھۋالغا قاراپ تاپشۇرمىغان باجنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپشۇرغۇزغاندىن باشقا، كۈن بويىچە جەرىمانە ئېلىنىدۇ ھەمدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باجنىڭ بەش ھەسسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. جىنايەت

شەكىللەندۈرگەنلەرنى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## § 5 . ئەمگەك قانۇنى

### 1 . ئەمگەك قانۇنى ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى

1 . ئەمگەك قانۇنى ئۇقۇمى

ئەمگەك قانۇنى — ئەمگەك مۇناسىۋىتى، شۇنىڭدەك ئەمگەك مۇناسىۋىتىگە زىچ باغلىنىشلىق بولغان باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. ئەمگەك مۇناسىۋىتى دېگىنىمىز، ئەمگەكچىلەر بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەمگەكنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئەمگەك مۇناسىۋىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان باشقا مۇناسىۋەتلەر ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ياكى ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ نەتىجىسى ياكى ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە قوغداشتا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. ئەمگەك قانۇنى، قانۇن - قائىدىلىرى ئاساسلىقى 1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەمگەك قانۇنى»، 1993 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش

كۈتۈش سۈغۇرتىسى بەلگىلىمىسى » ۋە 1993 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئېلان قىلغان «كارخانىلارنىڭ ئەمگەك ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش نىزامى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 . ئەمگەك قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

1 ) پۇقرالار ئەمگەك قىلىش هوقۇقىدىن بەهرىمەن بولۇش، ئەمگەك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش پرىنسىپى.

2 ) ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى.

3 ) ئەر ـ ئاياللار باراۋەر بولۇش پرىنسىپى.

4 ) ئەمگەكچىلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش پرىنسىپى.

## 2 . ئەمگەكچىلەرنىڭ هوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى

1 . ئەمگەكچىلەرنىڭ هوقۇقى

ئەمگەك بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەمگەكچىلەر باراۋەر ئاساستا ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كەسىپ تاللاش هوقۇقى، ئەمگەك ھەققى ئېلىش هوقۇقى، دەم ئېلىش هوقۇقى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە ساقلىقنى ساقلاش مۇهاپىزىتىگە ئېرىشىش هوقۇقى، كەسپىي ماهارەت تەربىيىسى ئېلىش هوقۇقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە پاراۋانلىقتىن بەهرىمەن بولۇش هوقۇقى، ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش هوقۇقى قاتارلىق هوقۇقلارغا ئىگە.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەمگەكچىلەر يەنە قانۇندا بەلگىلەنگەن ياكى توختاملاردا كېلىشكەن باشقا هوقۇقلاردىن بەهرىمەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىش ۋە تەشكىللەش، دېموكراتىك باشقۇرۇشقا قاتنىشىش قاتارلىقلار.

2 . ئەمگەكچىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى

ئەمگەكچىلەر ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشى، كەسپىي ماهارىتىنى ئۆستۈرۈشى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىنى ئىجرا قىلىشى، ئەمگەك ئىنتىزامى ۋە

كەسىپ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشى كېرەك .

## 3 . ئەمگەك توختامى

### 1 . ئەمگەك توختامىنىڭ تۈزۈلۈشى

ئەمگەك توختامى — ئەمگەكچىلەر بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان، ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان كېلىشىم .

1 ) ئەمگەك توختامىدا ھازىرلاش زۆرۈر بولغان ماددىلار . ئەمگەك توختامى يازما تۈزۈلۈشى ھەمدە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ماددىلىرى بولۇشى كېرەك : ① ئەمگەك توختامىنىڭ مۇددىتى ؛ ② خىزمەت مەزمۇنى ؛ ③ ئەمگەك ۋە ئەمگەك شارائىتى ؛ ④ ئەمگەك ھەققى ؛ ⑤ ئەمگەك ئىنتىزامى ؛ ⑥ ئەمگەك توختامىنى توختىتىش شەرتى ؛ ⑦ ئەمگەك توختامىغا خىلاپلىق قىلغانلىق جاۋابكارلىقى . ئەمگەك توختامىنىڭ يۇقىرىدىكى تارماقتا بەلگىلەنگەن زۆرۈر مەزمۇنلىرىدىن باشقىلىرىنى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بېكىتسە بولىدۇ .

2 ) ئەمگەك توختامىنىڭ مۇددىتى . ئەمگەك توختامىنىڭ مۇددىتى تۇراقلىق مۇددەت ، تۇراقسىز مۇددەت ۋە مۇئەييەن خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش مۇددىتى دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ . ئەمگەك توختامىدا سىناپ ئىشلىتىش مۇددىتىنى كېڭىشىپ بېكىتسە بولىدۇ . ئەمما سىناپ ئىشلىتىش مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 6 ئايدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك .

3 ) ئىناۋەتسىز ئەمگەك توختاملىرى . تۆۋەندىكى ئەمگەك توختاملىرى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ : ① قانۇن ، مەمۇرىي نىزاملارغا خىلاپ ئەمگەك توختاملىرى ؛ ② ئالداش ۋە تەھدىت سېلىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق تۈزۈلگەن ئەمگەك توختاملىرى . ئەمگەك توختامىنىڭ كۈچكە ئىگە بولمايدىغانلىقىنى ئەمگەك تالاش - تارتىشلىرى كېسىم ھەيئىتى ياكى خەلق سوت



www.uyghurkitap.com

مەھكىمىسى مۆئەييەنلەشتۈرىدۇ .

2 . ئەمگەك توختامىنىڭ بىكار قىلىنىشى

ئەمگەكچىدە تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەندە ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلسا بولىدۇ . ① سىناپ ئىشلىتىش مەزگىلىدە قوبۇل قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسا ؛ ② ئەمگەك ئىنتىزامىغا ياكى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلغان بولسا ؛ ③ ئېغىر دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن بولسا ؛ ④ قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلغان بولسا .

تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋال ئاستىدا ، ئەمگەكچىدە خاتالىق بولمىسىمۇ ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلسا بولىدۇ . بىراق بۇنى ئەمگەكچىگە 30 كۈن بۇرۇن يازمىچە ئۇقتۇرۇش كېرەك ھەمدە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە ئىقتىسادىي تۆلەم بېرىلىدۇ . ① ئەمگەكچى كېسەل بولۇپ ياكى ئىش ئۈستىدە بولمىغان سەۋەبلەر بىلەن زەخىملىنىپ ، داۋالىنىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئەسلىدە ئىشلەۋاتقان خىزمىتىنى قىلالمىغان ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنىمۇ قىلالمىغان بولسا ؛ ② ئەمگەكچى ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا ، تەربىيىلەنگەن ياكى ئىش ئورنى تەڭشەلگەندىن كېيىنمۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا ؛ ③ ئەمگەك توختامىنى تۈزگەندە ئاساس قىلىنغان ئوبيېكتىپ ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ شۇ توختامنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولماي ، توختام تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ توختامنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلالمىغان بولسا .

ئەگەر ئەمگەكچى كەسىپ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ياكى

ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىپ ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقى ياكى قىسمەن يوقاتقانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە؛ كېسەل بولۇپ ياكى زەخىملىنىپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە داۋالىنىۋاتقان بولسا؛ ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھامىلىدارلىق، تۇغۇتلۇق، بالا ئېمىتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولسا، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلىشقا بولمايدۇ.

تۆۋەندىكى ئەھۋالدا، ئەمگەكچى توختامىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ قويسا بولىدۇ: ① سىناپ ئىشلىتىش مەزگىلىدە؛ ② ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەكچىلەرنى زورلۇق بىلەن ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ياكى جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قانۇنسىز چەكلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەمگەك قىلىشقا زورلىغان بولسا؛ ③ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەك توختامىدا پۈتۈشكىنى بويىچە ئەمگەك ھەققى بەرمىگەن ياكى ئەمگەك شارائىتى يارىتىپ بەرمىگەن بولسا، ئەمگەكچى ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلماقچى بولسا، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا 30 كۈن بۇرۇن يازمىچە ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك.

3. كوللېكتىپ توختام

كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى كارخانا بىلەن ئەمگەك ھەققى، ئىش ۋاقتى، دەم ئېلىش ۋاقتى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە ساقلىقىنى ساقلاش، سۇغۇرتا، پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈستىدە كوللېكتىپ توختام تۈزسە بولىدۇ. كوللېكتىپ توختام لايىھىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك. كوللېكتىپ توختامنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ۋەكالىتەن كارخانا بىلەن ئىمزالايدۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلمىغان كارخانىلاردا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كۆرسەتكەن ۋەكىل كارخانا بىلەن ئىمزالايدۇ. قانۇن بويىچە

ئىمزالانغان كولللېكتىپ توختام كارخانا بىلەن كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

## 4. ئەمگەك مۇھاپىزىتى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا

### 1. ئەمگەك مۇھاپىزىتى

ئەمگەك مۇھاپىزىتى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت داۋامىدىكى بىخەتەرلىكى ۋە ساغلاملىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن يولغا قويغان قانۇن - تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ.

1) ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە ساقلىقىنى ساقلاش تۈزۈمى. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەربىيىسى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈرۈش، ئەمگەك بىخەتەرلىكىنى مۇپەتتىش قىلىش، زەخىملىنىش - ئۆلۈش ۋەقەلىرىنى دوكلات قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە ساقلىقىنى ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئەمگەك بىخەتەرلىكى، ساقلىقىنى ساقلاش قائىدىسى ۋە ئۆلچىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئەمگەكچىلەرگە ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە ساقلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئەمگەك جەريانىدا ھادىسە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كەسپىي زىيان - زەخمەتنى ئازايتىش كېرەك.

2) ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە قۇرامىغا يەتمىگەن ئىشچىلارنى ئالاھىدە مۇھاپىزەت قىلىش. ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كان قۇدۇقى ئاستىغا، دۆلەت بېكىتكەن 4 - دەرىجىلىك سىجىلللىقتا ئىگە جىسمانىي ئەمگەككە ۋە ئۇلارنىڭ شۇغۇللىنىشى چەكلەنگەن باشقا ئەمگەكلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش مەنئىي قىلىنىدۇ. ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەيز

مەزگىلدە، هامىلدار مەزگىلدە ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلدە، دۆلەت بېكىتكەن 3 ـ دەرىجىلىك سىجىللىقتا ئېگە جىسمانىي ئەمگەككە ۋە ئۇلارنىڭ شۇغۇللىنىشى چەكلەنگەن باشقا ئەمگەكلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەن ئىشچىلارنى (16 ياشقا توشۇپ، 18 ياشقا توشمىغان ئەمگەكچىلەرنى كۆرسىتىدۇ) كان قۇدۇقى ئاستىغا، زەھەرلەيدىغان ۋە زىيان ـ زەخمەت يېتىدىغان ئەمگەككە، دۆلەت بېكىتكەن 4 ـ دەرىجىلىك سىجىللىقتا ئېگە جىسمانىي ئەمگەككە ۋە شۇغۇللىنىش چەكلەنگەن باشقا ئەمگەكلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا يول قويۇلمايدۇ. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار قۇرامىغا يەتمىگەن ئىشچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك.

2. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا

ئىجتىمائىي سۇغۇرتا — دۆلەت ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ قانۇن بەلگىلىمە ياكى توختامدىكى كېلىشىم بويىچە، ئەمگەكچىلەرنىڭ ۋاقىتلىق ياكى مەڭگۈلۈك ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقان ۋە ئىشسىز قالغاندا، ئۇنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ماددىي ياردەم بېرىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىدۇر. دۆلەت ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سەۋىيىسى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ماس كېلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى تەسىس قىلىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنىڭ مەبلەغ مەنبەسى سۇغۇرتىنىڭ تۈرىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەش تەدرىجىي يولغا قويۇلىدۇ. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىلەن ئەمگەكچى قانۇن بويىچە ئىجتىمائىي



www.uyghurkitap.com

سۇغۇرتىغا قاتنىشىشى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى تاپشۇرۇشى شەرت . دۆلەت ئادەم ئىشلەتكۇچى ئورۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ، ئەمگەكچىلەر ئۇچۇن قوشۇمچە سۇغۇرتىنى يولغا قويۇشىغا ئىلھام بېرىدۇ . دۆلەت ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي ئامانەت خاراكتېرىدىكى سۇغۇرتىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ .

ئەمگەكچىلەر تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تەمىناتىدىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدۇ : ① پېنسىيىگە چىققاندا ؛ ② كېسەل بولغاندا ياكى زەخىملەنگەندە ؛ ③ ئىش ئۇستىدە زەخىملەنگەن ، مېيىپ بولغان ياكى كەسىپ كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندا ؛ ④ ئىشسىز قالغاندا ؛ ⑤ تۇغۇتلۇق مەزگىلىدە ، ئەمگەكچى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىدىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدۇ . ئەمگەكچىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تەمىناتىنىڭ شەرتى ۋە ئۆلچىمى قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلىنىدۇ . ئەمگەكچىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى ۋاقتىدا تولۇق بېرىلىشى شەرت .

## 5 . ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش

### 1 . ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرى ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ تۇرلىرى

ئەمگەك تالاش ـ تارتىشى دېگىنىمىز ، ئادەم ئىشلەتكۇچى ئورۇن بىلەن ئەمگەكچىنىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە ، ئەمگەك هوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىدە ئىختىلاپ تۇغۇلغانلىقتىن كېلىپ چىققان تالاش ـ تارتىشلارنى كۆرسىتىدۇ .

ئەمگەك تالاش ـ تارتىشى سۇبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا

ئاساسەن ، ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرى ئومۇمەن شەخسىي ئەمگەك تالاش ـ تارتىشى ۋە كوللېكتىپ ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ . ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىنىڭ سەۋەبىگە ئاساسەن ، ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ : ① كارخانىلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن چىقىرىۋېتىشى ، رويخەتتىن ئۆچۈرۈشى ۋە چېكىندۈرۈشى ، شۇنداقلا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەتتىن ئىستىپا سورىشى ۋە خىزمەتتىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىشى سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن تالاش ـ تارتىشلار ؛ ② دۆلەتنىڭ مائاش ، سۇغۇرتا ، پاراۋانلىق ، تەربىيىلەش ۋە ئەمگەك مۇھاپىزىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن تالاش ـ تارتىشلار ؛ ③ ئەمگەك توختامىنى ئادا قىلىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن تالاش ـ تارتىشلار ؛ ④ قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان باشقا ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرى .

2 . ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى ۋە تەرتىپى

ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىنى ھەل قىلىشتا قانۇنلۇق ، ئادىل ۋە ۋاقتىدا بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ، ئەمگەك ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش كېرەك .

ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرى يۈز بەرگەندە ، دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئۆز ئورنىدىكى ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرى مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ مۇرەسسە قىلىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ ؛ مۇرەسسە ئۈنۈم بەرمىگەندە ، كېسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچى تەرەپ ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىنى كېسىم ھەيئىتىنىڭ كېسىم قىلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ ؛

بىر تەرەپ ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرى كېسىم ھەيئىتىنىڭ كېسىم قىلىشىنى بىۋاسىتە ئىلتىماس قىلىسىمۇ بولىدۇ؛ كېسىمگە قايىل بولمىغانلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

3. كوللېكتىپ توختام تالاش ـ تارتىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش

كوللېكتىپ توختام ئىمزالاشتا تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ ھەل قىلالمىسا، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك مەمۇرىيىتى تارمىقى ئالاقىدار تەرەپلەرنى تەشكىللەپ ھەل قىلىپ قويسا بولىدۇ.

كوللېكتىپ توختامنى ئىجرا قىلىشتا تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ ھەل قىلالمىسا، ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرى كېسىم ھەيئىتىنىڭ كېسىم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ كېسىمگە قايىل بولمىغانلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. ئىقتىسادىي قانۇن بىلەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

2. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلكىنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قايسىلار؟

3. چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇشتا قايسى شەرتلەرنى ھازىرلاش زۆرۈر؟

4. ناتوغرا رىقابەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى قايسىلار؟

5. باج ئېلىش تۈزۈمىگە خىلاپ قىلمىشلار قايسىلار؟ ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

6. ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى نېمە؟

www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب جىنايى ئىشلار قانۇن - تۈزۈمى

## §1 . جىنايى ئىشلار قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە بايان

### 1 . جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ۋەزىپىسى

#### 1 . جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى

جىنايى ئىشلار قانۇنى — ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ تۇرغۇچى ھۆكۈمران سىنىپ ئۆزىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتىنى ۋە ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆز سىنىپىنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش تەرتىپى ئارقىلىق ئېلان قىلغان، قانداق ھەرىكەتنىڭ جىنايەت بولىدىغانلىقى ھەمدە جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە قايسى خىل جازا بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى جىنايى جازالاش، خەلقنى قوغداش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇنغا بىنائەن، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايەتكە قارشى كۈرەشتىكى كونكرېت تەجرىبىسىگە ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇن 1979 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان. 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» دىن ئىبارەت.

2. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى

دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 2 ـ ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى — جىنايى جازا بېرىش ئارقىلىق بارلىق جىنايى قىلمىشلارغا قارشى كۆرەش قىلىپ، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغداش، دۆلەت مال ـ مۈلكىنى قوغداش، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قوغداش، جەمئىيەت تەرتىپىنى، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلاش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش» دەپ بەلگىلەنگەن.

1) دۆلەت ئامانلىقىنى قوغداش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغداش، جىنايى جازانى قوللىنىپ دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەتكە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە، شۇنىڭدەك دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىش، بۇ دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ باش ۋەزىپىسى.

2) سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسنى قوغداش، جىنايى

جازا بېرىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق جىنايەتلەر ۋە مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۆز قىلىدىغان بارلىق جىنايەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسىنى قوغداش، بۇ دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ توپ ۋەزىپىسى.

3) پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قوغداش، جىنايى جازا بېرىش ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا، دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ۋە باشقا ھوقۇقلىرىغا دەخلى - تەرۆز يەتكۈزىدىغان بارلىق جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ دەخلى - تەرۆزگە ئۇچرىماسلىقىنى قوغداش، بۇ دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى.

4) جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداش. جىنايى جازا بېرىش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرتىپى، ئىقتىسادىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىپ، مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بۇ دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى.

## 2. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى دېگىنىمىز، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە قانۇن تۇرغۇزۇلۇشى ۋە جىنايى ئىشلار بويىچە ئەدلىيە قىلىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا باشتىن - ئاخىرى سىڭدۈرۈلگەن توپ خاراكتېرلىك مىزان. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پرىنسىپلار:

1 . جىنايى جازانى قانۇن بويىچە بېكىتىش پرىنسىپى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 3 ـ ماددىسىدا : «قانۇندا جىنايى قىلمىش دەپ بەلگىلەنگەن قىلمىشلارغا قانۇن بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ . قانۇندا جىنايى قىلمىش دەپ بەلگىلەنمىگەن قىلمىشلارنى جىنايەت بېكىتىپ جازالاشقا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . جىنايى جازانى قانۇن بويىچە بېكىتىش دېگىنىمىز ، قانداق ھەرىكەتنىڭ جىنايەت شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ، قانداق جىنايەتنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ۋە قانداق جىنايى جازا بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە بولۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ بىر پرىنسىپ تەدرىجىي ھالدا ئومۇم ئېتىراپ قىلغان قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پرىنسىپىغا ئايلىنىپ ، مۇتلەق كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنى تۇرغۇزۇشىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى .

2 . قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 4 ـ ماددىسىدا : «جىنايەت ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق ئادەمگە قانۇن بىردەك باراۋەر تەتبىقلىنىدۇ . ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ ئاساسىي قانۇندا بېكىتىلگەن : «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش» پرىنسىپىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى كونكرېت ئىپادىلىنىشى . بۇ بىر پرىنسىپ بارلىق جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە قارىتا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى ، مىللىتى ، ئىرقى ، جىنسى ، كەسپى ، دىنىي ئېتىقادى ۋە مال ـ مۈلۈك ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، جىنايى ئىشلار قانۇنىنى تەتبىقلاش ، جىنايەت بېكىتىش ، شۇنىڭدەك جازا يۈرگۈزۈش ئۆلچىمى جەھەتتە باراۋەر ھالدا جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە بىر

تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . قانۇندىن ھالقىغان ھەرقانداق ئالاھىدە ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ . بۇ بىر پرىنسىپنى يولغا قويۇش جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئابرويىنى ۋە نوپۇزىنى قوغداش ، ئالاھىدە ئىمتىياز ئىدىيىلىرىگە قارشى تۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

3 . جىنايەت بىلەن جازانىڭ ماس كېلىش پرىنسىپى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا : «جىنايى جازانىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايىتىگە ۋە جىنايى جاۋابكارلىقىغا ماس كېلىشى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن . جىنايەت بىلەن جازانىڭ ماس كېلىش پرىنسىپى دېگىنىمىز ، جىنايەتنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن بېرىدىغان جازانىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىنى بەلگىلەشنى ، جىنايەت يېنىك بولسا جازامۇ يېنىك بولۇش ، جىنايەت ئېغىر بولسا ، جازامۇ ئېغىر بولۇش ، جىنايى جازا مۇۋاپىق بولۇش ، جازا جىنايەتكە ماس كېلىشنى كۆرسىتىدۇ . جىنايەت بىلەن جازانىڭ ماس كېلىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش — ھەم جىنايەت پاكىتى ، خاراكتېرى ، قىلمىشىغا ئاساسلىنىش ، ھەم جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى ئويلىشىپ ، دېلونىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنىغا ئۇنۇۋېرسال ھۆكۈم قىلىش ، جىنايى جازانى توغرا تەتبىقلاشنى كۆرسىتىدۇ .

## 3 . جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ قانداق جايدا ، قانداق ئادەملەرگە ، قانداق ۋاقىت ئىچىدە كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

1 . جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ جايغا بولغان تەسىر كۈچى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 6 ـ ماددىسىدا : «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە سادىر بولغان جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىگە مەزكۇر قانۇن تەتبىقلىنىدۇ، قانۇندا ئالاھىدە بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا » دەپ بەلگىلەنگەن . جۇڭگو تەۋەسى دېگىنىمىز ، دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى بارلىق رايونلارنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ قۇرۇقلۇق تەۋەسى ، سۇ تەۋەسى ۋە ھاۋا بوشلۇقى تەۋەلىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كېمە ـ پاراخوتلىرىدا ياكى ئاۋىئاتسىيىلىرىدە سادىر بولغان جىنايەتلەرگىمۇ مەزكۇر قانۇن تەتبىقلىنىدۇ .

جىنايى قىلمىش ياكى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ بىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەسىدە سادىر بولغان بولسا ، ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە سادىر بولغان جىنايەت دەپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بىرى ، جىنايى قىلمىش بىلەن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى دۆلىتىمىز تەۋەسىدە سادىر بولغان بولسا ؛ يەنە بىرى ، جىنايى قىلمىش دۆلىتىمىز تەۋەسىدە سادىر بولغان ، ئەمما جىنايەت ئاقىۋىتى دۆلىتىمىز تەۋەسى سىرتىدا سادىر بولغان بولۇش ؛ ئۈچىنچىسى ، جىنايى قىلمىش دۆلىتىمىز سىرتىدا سادىر بولغان ، ئەمما جىنايەت ئاقىۋىتى دۆلىتىمىز تەۋەسى ئىچىدە سادىر بولغان بولۇش . يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى تەتبىقلىنىدۇ .

2 . جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئادەمگە بولغان تەسىر كۈچى

1 ) جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ دۆلىتىمىز پۇقرالىرىغا بولغان تەسىر كۈچى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ دۆلىتىمىز پۇقرالىرىغا بولغان تەسىر كۈچى مەسىلىسىدە ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت : بىرى ، دۆلىتىمىز پۇقرالىرى دۆلىتىمىز تەۋەسى ئىچىدە جىنايەت سادىر قىلغان بولسا ، بىردەك دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى

تەتبىقلىنىدۇ . يەنە بىرى ، دۆلەتىمىز پۇقرالىرى دۆلەتىمىز تەۋەسى سىرتىدا جىنايەت سادىر قىلسا ، يەنىلا دۆلەتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى تەتبىقلىنىدۇ . ئەمما ، بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىرى سۈرۈشتۈرۈلمىسىمۇ بولىدۇ . ئەگەر ، دۆلەتىمىزنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ياكى ھەربىيلەردىن دۆلەتىمىز تەۋەسى سىرتىدا جىنايەت سادىر قىلغانلىرىغا ئۇلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ .

2 ) جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ چەت ئەللىكلەرگە بولغان تەسىر كۈچى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ چەت ئەللىكلەرگە بولغان تەسىر كۈچى مەسىلىسىدىمۇ ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت . بىرى ، چەت ئەللىكلەر (چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ياكى دۆلەت تەۋەلىكى يوق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ ) دۆلەتىمىز تەۋەسىدە جىنايەت سادىر قىلغان بولسا ، دىپلوماتىيە ئالاھىدە ئىمتىيازى ۋە كەچۈرۈم ھوقۇقىغا ئىگە چەت ئەللىكلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغانلىرى بۇنىڭدىن سىرت بولغاندىن باشقا ، باشقا چەت ئەللىكلەرگە بىردەك دۆلەتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى تەتبىقلىنىدۇ . يەنە بىرى ، چەت ئەللىكلەردىن دۆلەتىمىز تەۋەسى سىرتىدا دۆلەتىمىزگە ياكى دۆلەتىمىز پۇقراسىغا قارىتا جىنايەت ئۆتكۈزگەن ، شۇنداقلا ، جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىرىغا دۆلەتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى تەتبىقلانسا بولىدۇ ، لېكىن ، جىنايەت سادىر بولغان جاينىڭ قانۇنى بويىچە جازا بېرىلمەيدىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا .

دۆلەتىمىز تۈزۈشكەن ياكى قاتناشقان خەلقئارالىق شەرتنامىلاردا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرگە قارىتا ، دۆلەتىمىز

شەرتناملاردا ئۇستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتلەر دائىرىسى ئىچىدە جىنايى ئىشلار بويىچە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىمۇ، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى تەتبىقلىنىدۇ.

3. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى تەسىر كۈچى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى تەسىر كۈچى دېگىنىمىز، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش، كۈچىدىن قېلىش ھەمدە كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارىتا سۈرۈشتۈرۈش ئۈنۈم كۈچىنىڭ بار - يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

1) جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش ۋە كۈچتىن قېلىش ۋاقتى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىدا: بىرى، جىنايى ئىشلار قانۇنى ئېلان قىلىنىشىدىنلا كۈچكە ئىگە بولۇش، يەنە بىرى، جىنايى ئىشلار قانۇنى ئېلان قىلىنىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولۇش.

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ كۈچىدىن قېلىشىدا: بىرى، دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى بەزى قانۇنلارنىڭ كۈچتىن قالغانلىقىنى ئېنىق جاكارلاش، يەنە بىرى، ئۆزلۈكىدىن (تەبىئىي) كۈچتىن قېلىش.

2) جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ سۈرۈشتۈرۈش تەسىر كۈچى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ سۈرۈشتۈرۈش تەسىر كۈچى دېگىنىمىز، يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشتىن بۇرۇنقى تېخى سوت قىلىنمىغان ياكى ھۆكۈم تېخى بېكىتىلمىگەن ھەرىكەتلەرگە قارىتا تەتبىقلىنىش - تەتبىقلانماسلىق مەسىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر تەتبىقلانسا سۈرۈشتۈرۈش ئۈنۈمى بولغان بولىدۇ، تەتبىقلانمىسا سۈرۈشتۈرۈش ئۈنۈمى بولمىغان بولىدۇ.

دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ سۇرۇشتۇرۇش تەسىر كۆچى مەسىلىسىدە ، كونىسىنى ئاساس ، يېڭىسىنى جازانى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپى قوللىنىلىدۇ . بۇ يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى قىلمىشلارغا قارىتىلغان بولۇپ ، پرىنسىپ جەھەتتە قىلمىش يۈز بەرگەندىكى كونا قانۇن تەتبىقلىنىدۇ . ئەمما ، ئەگەر يېڭى قانۇندا بۇ قىلمىشقا بېرىلىدىغان جازا تېخىمۇ يېنىك بولسا يېڭى قانۇننى تەتبىقلاش لازىم . جىنايى ئىشلار قانۇنىنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ، جىنايى ئىشلار قانۇنى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ، تېخى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنمىغان ياكى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقان قىلمىشلارغا قارىتا تۆۋەندىكى چارە قوللىنىلىدۇ :

بىرىنچى ، ھەرىكەت يۈز بەرگەن ۋاقىتتىكى قانۇن جىنايەت دەپ قارىمىغان بولسا ، ئەمما ، جىنايى ئىشلار قانۇنىدا جىنايەت دەپ قارىغان بولسا ، پەقەت ئەينى ۋاقىتتىكى قانۇنلا تەتبىقلىنىدۇ . يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ سۇرۇشتۇرۇش ئۈنۈمى بولمايدۇ .

ئىككىنچى ، ھەرىكەت يۈز بەرگەن ۋاقىتتىكى قانۇن جىنايەت دەپ قارىغان ، ئەمما جىنايى ئىشلار قانۇنى جىنايەت دەپ قارىمىغان بولسا ، پەقەت مەزكۇر قىلمىش سوتلانمىغان ياكى ھۆكۈم قىلىنمىغان بولسىلا ، جىنايى ئىشلار قانۇنى تەتبىقلىنىشى كېرەك . يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ سۇرۇشتۇرۇش ئۈنۈمى بولىدۇ .

ئۈچىنچى ، ھەرىكەت يۈز بەرگەن ۋاقىتتىكى قانۇن بىلەن جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ھەممىسى جىنايەت دەپ قارىغان بولسا ھەمدە جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىدە قايتا دەۋا قىلىش زۆرۈر بولسا پرىنسىپ جەھەتتە ، ئەينى ۋاقىتتىكى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ . يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ سۇرۇشتۇرۇش تەسىر كۆچى بولمايدۇ . ئەمما ،

ئەينى ۋاقىتتىكى قانۇندا بېرىلىدىغان جازا جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكىدىن ئېغىر بولسا، جىنايى ئىشلار قانۇنى تەتبىقلىنىدۇ. يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ سۈرۈشتۈرۈش كۈچى بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەر جىنايى ئىشلار قانۇنى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن تېخى ھۆكۈم قىلىنمىغان دېلولارغىلا تەتبىقلىنىدۇ. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتىكى قانۇندا كۈچكە ئىگە ھۆكۈم قىلىنغانلىرى، جىنايى ئىشلار قانۇنىدا قانداق بەلگىلىنىشتىن قەتئىينەزەر بىردەك كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش كېرەك.

## § 2 . جىنايەت

### 1 . جىنايەت ئۇقۇمى ۋە ئالاھىدىلىكى

1 . جىنايەت ئۇقۇمى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 13 ـ ماددىسىدا: «دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ۋە خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتنى پارچىلايدىغان، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرىدىغان، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپنى بۇزىدىغان، دۆلەت مال ـ مۈلكىگە ياكى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى مال ـ مۈلكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان بارلىق قىلمىشلار، شۇنىڭدەك جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىشلاردىن قانۇن بويىچە جىنايى جازا

www.uyghurkitap.com

بېرىشكە تېگىشلىك بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى جىنايەت ھېسابلىنىدۇ ، لېكىن ، ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك يېنىك بولۇپ ، خەۋپى چوڭ بولمىغانلىرى جىنايەت ھېسابلانمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن . ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ، جىنايەت جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ، قانۇن بويىچە جىنايى جازا بېرىشكە تېگىشلىك جازالاش قىلمىشىدۇر .

2 . جىنايەتنىڭ ئالاھىدىلىكى

1 ) جىنايەت جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىش

قىلمىشنىڭ ئىجتىمائىي خەۋپى جىنايەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى . ئىجتىمائىي خەۋپ دېگىنىمىز ، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىنى كۆرسىتىدۇ . قىلمىشنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي خەۋپكە ئىگە بولۇشى — مەلۇم قىلمىشنى جىنايەت ھېسابلاشنىڭ ھالقىسى . جىنايەت جەمئىيەتكە بەلگىلىك دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىش بولۇپ ، بۇ جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى جىنايەت بولۇۋېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . قىلمىشنىڭ جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزۈشى مەلۇم ئېغىر دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىنلا ، ئۇنى جىنايەت دەپ قاراشقا بولىدۇ . ئەگەر جەمئىيەتكە مەلۇم خەۋپى بولۇپ ، لېكىن ، جىنايەت دەرىجىسى تەلىپىگە يەتمىگەن بولسا ، ئادەتتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ھېسابلىنىدۇ . خۇددى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 13 ـ ماددىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك : «ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك يېنىك بولۇپ ، خەۋپى چوڭ بولمىغانلىرى جىنايەت ھېسابلانمايدۇ» ، شۇڭا ، قىلمىشنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن خەۋپىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشى ، جىنايەت ۋە جىنايەت ھېسابلىماسلىقنىڭ مۇھىم چەك ـ چېگرىسى ھېسابلىنىدۇ .

2 ) جىنايەت جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپ قىلمىش

جىنايەت جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزۈپلا قالماستىن ، بەلكى

جىنايى ئىشلار بويىچە قانۇنغا خىلاپلىق خاراكتېرىنى ھازىرلىغان بولىدۇ ھەم جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ، ھەم جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلارلا جىنايەت شەكىللەندۈرەلەيدۇ . جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىشلار جىنايى ئىشلار بويىچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىشنىڭ ئاساسى بولۇپ ، جىنايى ئىشلار بويىچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزۈشنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى ئىپادىلىنىشى . جىنايى قىلمىش دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ئېنىق چەكلەنگەن قىلمىش بولۇشى كېرەك ، بۇ جىنايى جازانى قانۇن بويىچە بېكىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ، شۇڭا ، جىنايەت بىر خىل جىنايى ئىشلار بويىچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىدۇر .

3 ) جىنايەت جىنايى جازا بېرىشكە تېگىشلىك قىلمىش

جىنايەتنىڭ جىنايى جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولۇش ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى ئالاھىدىلىكى پەيدا قىلغان . جىنايەت جىنايى جازانى تەتبىقلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ، جىنايى جازا جىنايەتنىڭ قانۇنىي ئاقىۋىتى . قىلمىش ئەگەر ھەم جەمئىيەتكە خەۋپ كەلتۈرسە ، ھەم جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپ بولسا ، ئۇ جىنايى جازا بېرىشكە تېگىشلىك قىلمىش بولۇشى كېرەك .

ئومۇمەن ، جىنايەتنىڭ يۇقىرىدىكى 3 ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ ، ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ . بۇ 3 ئالاھىدىلىكنى بىرلەشتۈرگەندە دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى مۇكەممەل جىنايەت ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرىدۇ . شۇڭا ، جىنايەتنى جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ، جىنايى ئىشلار قانۇنغا خىلاپ بولغان ، جىنايى جازا بېرىشكە تېگىشلىك قىلمىش دەيمىز .

## 2 . جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشى

جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشى دېگىنىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن، مەلۇم كونكرېت ھەرىكەتنىڭ جىنايەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە زۆرۈر بولغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرتلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت . بۇ دېگەنلىك ، جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشى بىر قاتار ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرتلەردىن تەركىب تاپىدۇ . ئۇ مەلۇم بىر ھەرىكەتنىڭ ئىجتىمائىي خەۋپى ھەمدە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، شۇ ھەرىكەتنىڭ جىنايەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە زۆرۈر بولغان بىر قاتار ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرتلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت . ئۇنىڭ شەرتلىرى دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن . جىنايى ئىشلار قانۇنىدا جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشىنى بەلگىلەشنىڭ ئەھمىيىتى : بىرىنچى ، جىنايەت ۋە جىنايەت ھېسابلانماسلىقنى شۇنىڭدەك بۇ جىنايەت بىلەن ئۇ جىنايەتنى ئايرىش ئۈچۈن ئۆلچەم بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ؛ ئىككىنچى ، جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ؛ ئۈچىنچى ، گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە سۈرۈشتۈرۈلمەسلىكى ئۈچۈن قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ . جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشىدە جىنايەتنىڭ ئوبيېكتى ، جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى . جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى ، جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپىدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك شەرت بولۇشى كېرەك .

1 . جىنايەتنىڭ ئوبيېكتى

جىنايەتنىڭ ئوبيېكتى دېگىنىمىز ، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ، جىنايى قىلمىشنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا ئۇچرىغان سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ . سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي

مۇناسىۋەت ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلا جىنايەت ئوبيېكتى بولالايدۇ . دۆلىتىمىزدىن ، دۆلەت هاكىمىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىن تارتىپ ، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىق هوقۇقى ۋە شەخسلەرنىڭ مال - مۈلۈك هوقۇقىغىچە ھەممىسى جىنايى ئىشلار قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردۇر .

جىنايەت ئوبيېكتى بىلەن جىنايەتنىڭ نىشانى ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ . جىنايەتنىڭ نىشانى دېگىنىمىز ، جىنايەت سۇبيېكتىنىڭ جىنايەت قىلمىشى بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن كونكرېت ئادەم ۋە نەرسىنى كۆرسىتىدۇ . كونكرېت ئادەم بىلەن كونكرېت نەرسە جىنايەت ئوبيېكتى بولالمايدۇ . جىنايەت ئوبيېكتى جىنايەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ھەمدە جىنايەتنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئاساسىدۇر . جىنايەتنىڭ نىشانى جىنايەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ .

جىنايەتنىڭ ئوبيېكتى ئادەتتىكى ئوبيېكتى ، ئوخشاش تۈردىكى ئوبيېكتى ۋە بىۋاسىتە ئوبيېكتى دەپ ئايرىلىدۇ . جىنايەتنىڭ ئوبيېكتى دېگىنىمىز ، جىنايەت ئورتاق دەخلى - تەرۇز قىلغان ئوبيېكتىنى ، يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ . جىنايەتنىڭ ئوخشاش تۈردىكى ئوبيېكتى دېگىنىمىز ، مەلۇم تۈردىكى جىنايەتنىڭ ئورتاق دەخلى - تەرۇز قىلغان ئوبيېكتىنى ، يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ياكى مەلۇم بىر تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ . جىنايەتنىڭ بىۋاسىتە ئوبيېكتى دېگىنىمىز ، مەلۇم بىر جىنايى قىلمىشنىڭ مەلۇم ئالاھىدە ئوبيېكتىغا بىۋاسىتە دەخلى - تەرۇز قىلىشىنى ، يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان سوتسىيالىستىك

مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەلۇم كونكرېت ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ .

2 . جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى

جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى دېگىنىمىز ، جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ، جىنايەتنى شەكىللەندۈرۈشتە مازىرلاش زۆرۈر بولغان ھەر خىل ئوبيېكتىپ پاكىتلارنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئاساسلىقى جىنايى ھەرىكەت ، زىيانلىق ئاقىۋەت ، زىيانلىق ھەرىكەت بىلەن زىيانلىق ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى ، شۇنىڭدەك جىنايەتنىڭ ۋاقتى ، ئورنى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى جىنايى ھەرىكەت ھەرقانداق جىنايەتنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى ، زىيانلىق ئاقىۋەت مۇتلەق كۆپ قىسىم جىنايەتنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى . جىنايەتنىڭ ۋاقتى ، ئورنى ۋە ئۇسۇلى بەزى جىنايەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى زۆرۈر شەرتتىنلا ئىبارەت . جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى زۆرۈر شەرتلەر ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايەت شەكىللەندۈرۈش ھەمدە جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى .

1 ) زىيانلىق ھەرىكەت . زىيانلىق ھەرىكەت — جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپىدىكى يادرولۇق شەرت بولۇپ ، ئۇ جىنايەت سۇبيېكتىنىڭ ئېڭى ۋە ئىرادىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سادىر قىلغان جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەمدە جىنايى ئىشلار قانۇنىدا چەكلەنگەن قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ . جىنايى ھەرىكەتنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى ھەرخىل بولىدۇ ، ئەمما ، ئۇنى ئىككى خىل ئاساسىي شەكىلگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ : بىرى ، قىلىش ھەرىكىتى ، بۇ قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا مەنئى قىلىنغان ، جەمئىيەتكە زىيانلىق

قىلمىشنى ئۆزىنىڭ ئاكتىپ ھەرىكىتى بىلەن سادىر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، قىلماسلىق ھەرىكىتى، بۇ ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەلۇم مەجبۇرىيەتنى پاسسىپ ھەرىكىتى بىلەن ئادا قىلماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قىلماسلىق ھەرىكىتى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئۈچ شەرتنى ھازىرلاش لازىم: بىرىنچى، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي پائالىيەتنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتى بولۇش؛ ئىككىنچى، قىلمىش سادىر قىلغۇچى بۇ ئالاھىدە بېكىتىلگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالايدىغان، لېكىن ئادا قىلمىغان بولۇش؛ ئۈچىنچى، قىلماسلىق ھەرىكىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى قوغدايدىغان ئوبيېكتىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ، زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈش ياكى كەلتۈرۈش ئېھتىماللىقى بولۇش. دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدىن قارىغاندا، قىلىش جىنايىتى بىلەن قىلماسلىق جىنايىتى چوڭ جەھەتتىن ئۈچ خىل ئەھۋالغا ئايرىلىدۇ. يەنى، بەزى جىنايەتلەر قىلىش شەكلى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. بەزى جىنايەتلەر قىلماسلىق شەكلى ئارقىلىقلا شەكىللىنىدۇ. بەزى جىنايەتلەر ھەم قىلىش ئارقىلىق، ھەم قىلماسلىق ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى «ئىدىيىۋى جىنايەت» نى ئېتىراپ قىلمايدۇ، «سۇبيېكتىپ جىنايەت بېكىتىشكە» قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

2) زىيانلىق ئاقىۋەت. زىيانلىق ئاقىۋەت دېگىنىمىز، زىيانلىق ھەرىكەتنىڭ جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىكى زىيانلىق ئاقىۋەت دېگىنىمىز، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ زىيانلىق قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن بارلىق زىيانلارنى كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدىكى زىيانلىق ئاقىۋەت دېگىنىمىز، قىلمىش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان شەرتلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاقىۋەتتىدىن ئىبارەت . دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا جىنايەت ئەمەلىيىتى بولغان زىيانلىق ئاقىۋەتنى تەلەپ قىلىدۇ . جىنايەتنىڭ زىيانلىق ئاقىۋىتى ھەرقانداق جىنايەت ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم شەرت بولسىمۇ ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان جىنايەتلەردە جىنايەتنىڭ زىيانلىق ئاقىۋىتى ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرگە ئىگە .

3 ) زىيانلىق ھەرىكەت بىلەن زىيانلىق ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى . جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ، بىر ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ زىيانلىق ھەرىكىتى ھەمدە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلىق ئاقىۋەتكە نىسبەتەن جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ . زىيانلىق ئاقىۋەت يۈز بەرگەندە ، زىيانلىق ھەرىكەت بىلەن زىيانلىق ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاش ، ئىككىسىدە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولسىلا ، قىلمىش سادىر قىلغۇچى بۇ خىل زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ . شۇڭا ، جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى . شۇنداق دېيىش كېرەككى ، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بىلەن جىنايى جاۋابكارلىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ . ئەگەر قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتە قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىكى بولمىسا ، گەرچە ئۇنىڭ قىلمىشى بىلەن زىيانلىق ئاقىۋىتى ئوتتۇرىسىدا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بولسىمۇ ، ئۇنى جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشقا بۇيرۇشقا بولمايدۇ .

4 ) جىنايەتنىڭ ۋاقتى ، ئورنى ، ئۇسۇلى . جىنايەتنىڭ ۋاقتى ، ئورنى ، ئۇسۇلى قاتارلىقلارمۇ جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ

تەرىپىنىڭ مەزمۇنى . مۇتلەق كۆپ ساندىكى جىنايەتلەرگە نىسبەتەن جىنايەت مەيلى قايسى ۋاقىتتا ، قەيەردە ۋە قانداق ئۇسۇلدا يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ . ئەمما ، ئۇلار ھەمىشە جىنايى قىلمىشنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيانلىق دەرىجىسىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى چوڭ - كىچىكلىكىگە تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇلار جازانى توغرا ئۆلچەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . لېكىن بەزى جىنايەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، قانۇندا ئالاھىدە ۋاقىت ، ئورۇن ۋە ئۇسۇلنى جىنايەت شەكىللىنىشىنىڭ ئوبيېكتىپ شەرتى قىلىپ بەلگىلىگەن .

3 . جىنايەت سۇبيېكتى

جىنايەت سۇبيېكتى دېگىنىمىز ، جىنايى قىلمىشنى سادىر قىلغان ھەمدە قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدىغان تەبىئىي شەخس ۋە ئورۇنلارنى كۆرسىتىدۇ . تەبىئىي شەخس جىنايەت سۇبيېكتى دېگىنىمىز ، قانۇندا بەلگىلەنگەن جىنايى جاۋابكارلىق يېشىغا توشقان ، جىنايى جاۋابكارلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ، جەمئىيەتكە زىيانلىق قىلمىشنى سادىر قىلغان ، قانۇن بويىچە جىنايى جازاغا تارتىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ . دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىدە ، 16 ياشقا توشقانلار جىنايەت ئۆتكۈزسە ، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ . 14 ياشقا توشۇپ 16 ياشقا تېشمىغانلار قەستەن قاتىللىق قىلىش ، قەستەن يارىلاندۇرۇپ ئېغىر زەخىملەندۈرۈش ياكى ئۆلتۈرۈپ قويۇش ، باسقۇنچىلىق قىلىش ، بۇلاڭچىلىق قىلىش ، زەھەر ئېلىپ سېتىش ، ئوت قويۇش ، پارتلىتىش ، زەھەر سېلىش جىنايەتلىرىنى ئۆتكۈزسە ، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ . 14 ياشقا توشۇپ ، 18 ياشقا توشمىغانلار جىنايەت ئۆتكۈزسە ، يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ . 16 ياشقا توشمىغانلىقى ئۈچۈن جىنايى جازا

www.uyghurkitap.com

بېرىلمىگەنلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى ۋەسىيلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا بۇيرۇلىدۇ؛ زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇلارنى ھۆكۈمەت يىغىۋېلىپ تەربىيىلىسىمۇ بولىدۇ. 14 ياشقا توشمىغانلار بىردەك جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، دېيىلگەن.

جىنايى جاۋابكارلىق ئىقتىدارى دېگىنىمىز، ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ مەنىسىدىن ئالغاندىكى ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان، ئۆز ھەرىكىتىنى تونۇش ۋە پەرق ئېتىش، كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچى جىنايى جاۋابكارلىق ئىقتىدارىنى ھازىرلىغاندىلا، جىنايەت سۇبيېكتى بولالايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىدە، روھىي كېسەللەر ئۆز ھەرىكىتىنى پەرق ئېتەلمىگەن ياكى كونترول قىلالمىغاندا، جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياكى ۋەسىيلىرىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا ۋە داۋالىتىشىغا بۇيرۇلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، ھۆكۈمەت مەجبۇرىي داۋالىتىدۇ. ئارىلاپ تۇتۇپ قالىدىغان روھىي ھەرىكىتىنى ئاڭقىرىش ياكى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى تولۇق يوقاتمىغان روھىي كېسەللىكلەردىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. لېكىن ئۇلارغا يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بولىدۇ. ھەم گاس، ھەم گاچىلار ياكى ئەمالاردىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە يېنىك ۋە يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ. مەستلەر جىنايەت ئۆتكۈزسە، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

ئورۇن ئۆتكۈزگەن جىنايەت دېگىنىمىز، شىركەت، كارخانا، كەسپىي ئورۇن، ئورگان ۋە تەشكىلاتلاردىن قانۇنسىز پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئورۇننىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئاپپاراتى

ياكى مەسئۇلىنىڭ قارار چىقىرىشى ئارقىلىق سادىر قىلغان جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەمدە جىنايەت شەكىللەندۇرگەن قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئورۇنلاردىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا جىنايەتنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە ئاساسەن ماس ھالدىكى جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

4. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپى

جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپى دېگىنىمىز، جىنايەت سۇبيېكتىنىڭ سادىر قىلغان جىنايى قىلمىشى ھەمدە ئۇنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتىگە تۇتقان پسىخىك پوزىتسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى جىنايەت خاتالىقى، جىنايەت مەقسىتى ۋە مۇددىئاسى قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جىنايەت خاتالىقى ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى جىنايەتنىڭ قەستەنلىكى ۋە جىنايەت سەۋەنلىكىدىن ئىبارەت.

جىنايەتنىڭ قەستەنلىكى دېگىنىمىز، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، بۇ خىل ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىش ياكى ئۇنىڭغا يول قويۇشتىن ئىبارەت بىر خىل پسىخىك پوزىتسىيىنى كۆرسىتىدۇ. قىلمىش سادىر قىلغۇچىلارنىڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ زىيانلىق ئاقىۋىتىنى تونۇش دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە پەرق بولغاچقا، جىنايەتنىڭ قەستەنلىكى بىۋاسىتە قەستەنلىك ۋە ۋاسىتىلىك قەستەنلىك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بىۋاسىتە قەستەنلىك دېگىنىمىز، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ خىل ئاقىۋەتنىڭ

يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلىشتەك پسىخىك پورتسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاستىلىك قەستەنلىك دېگىنىمىز، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ خىل ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول قويۇشتەك پسىخىك پوزىتسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.

جىنايەت سەۋەنلىكى دېگىنىمىز، ئۆز قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىش مۇمكىنلىكىنى بايقاشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، بىپەرۋالىق قىلىپ ئالدىن بايقىماي ياكى ئالدىن بايقىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ ئىشىنىپ كېتىشتەك پسىخىك پوزىتسىيىنى كۆرسىتىدۇ. جىنايەت سەۋەنلىكى ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىپ كېتىش سەۋەنلىكى ۋە بىپەرۋالىق قىلىش سەۋەنلىكى دەپ ئايرىلىدۇ. ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىپ كېتىش سەۋەنلىكى دېگىنىمىز، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئالدىن بايقىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ ئىشىنىپ كېتىش بۇ خىل زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتەك پسىخىك پوزىتسىيىنى كۆرسىتىدۇ. بىپەرۋالىق قىلىش سەۋەنلىكى دېگىنىمىز، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئالدىن بايقاشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، بىپەرۋالىق قىلغانلىقتىن، ئالدىن بايقىيالماي بۇ خىل ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتەك پسىخىك پوزىتسىيىنى كۆرسىتىدۇ. سەۋەنلىك بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەردىن قانۇندىكى بەلگىلىمە چۈشىدىغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

تاسادىپىي ۋەقەلەر. جىنايى ئىشلار قانۇنىدا: «قىلمىش



www.uyghurkitap.com

ئوبيېكتىپ جەھەتتە زىيانلىق ئاقىۋەت پەيدا قىلغان بولسىمۇ، بۇنداق ئاقىۋەت قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى توسۇۋالغىلى ياكى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان بولسا، جىنايەت ھېسابلانمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنى جىنايى ئىشلار قانۇنى نەزەرىيىسىدە تاسادىپىي ۋەقە دەپ ئاتايدۇ. تاسادىپىي ۋەقە جىنايەت شەكىللەندۇرمەيدۇ.

## 3. يوللۇق قوغدىنىش ۋە جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىش

### 1. يوللۇق قوغدىنىش

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 20 ـ ماددىسىدا: «دۆلەت، جامائەت مەنپەئەتى، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قىلىنىۋاتقان قانۇنسىز زىيانكەشلىكتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قانۇنسىز زىيانكەشلىكنى توسۇش يولىدا تەدبىر قوللىنىپ، قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلغۇچىغا زىيان يەتكۈزگەنلەر يوللۇق قوغدالغانلار ھېسابلىنىپ، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، يوللۇق قوغدىنىشنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ئۈچۈن، تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلىنىشى لازىم:

1) دۆلەت، جامائەت مەنپەئەتىنى، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قوغدىنىشنى يولغا قويغان بولۇشى كېرەك. قوغدىنىش مەقسىتىنىڭ ھەققانىيلىقى يوللۇق قوغدىنىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنىڭ مۇھىم شەرتى. شۇنداقلا، جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن يوللۇق قوغدىنىشنىڭ جىنايى جاۋابكارلىققا

تارتىلماسلىقىنىڭ مۇھىم ئاساسى .

2 ) يوللۇق قوغدىنىش قانۇنسىز زىيانكەشلىككە قارىتا بولۇش لازىم .

قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلمىشى دېگىنىمىز، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان دۆلەت ، جامائەت مەنپەئەتى ، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇقلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كۆرسىتىدۇ . قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلمىشىنى سادىر قىلغۇچىلارغا قارىتا يوللۇق قوغدىنىشنى يولغا قويۇشتا جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغان قانۇنسىز زىيانكەشلىك يۈز بەرگەندىلا ، يوللۇق قوغدىنىشنى يۈرگۈزسە بولىدۇ .

3 ) يوللۇق قوغدىنىش قانۇنسىز زىيانكەشلىك يۈز بېرىۋاتقاندا بولۇشى لازىم . قانۇنسىز زىيانكەشلىك يۈز بېرىۋاتقان بولۇش دېگىنىمىز ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان ، سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇر ياكى پەرەز بولماستىن ، بەلكى يۈز بېرىۋاتقان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ . مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ، يوللۇق قوغدىنىشنى يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ .

4 ) قوغدىنىش ھەرىكىتى چوقۇم قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىشى كېرەك . يوللۇق قوغدىنىش ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان پەقەت قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىلىشى ، قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلمىغان 3 ـ شەخسكە قارىتىلماسلىقى لازىم .

5 ) يوللۇق قوغدىنىش ھەرىكىتى زۆرۈر چەكتىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپ ، زور زىيان پەيدا قىلماسلىق لازىم . زۆرۈر چەكتىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپ زور زىيان پەيدا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى يوللۇق قوغدىنىش بىلەن يوللۇق قوغدىنىشنى ئاشۇرۇۋېتىشنى



www.uyghurkitap.com

ئايرىشنىڭ بەلگىسى. يوللۇق قوغدىنىش ھەرىكىتى زوررور چەكتىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپ زور زىيان پەيدا قىلغان بولسا، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىشى كېرەك. ئەمما يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىشى ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىشى كېرەك. زوراۋان جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 20 ـ ماددىسىدا: «ۋەھشىيلىك، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، تۇتۇپ كېتىش ۋە جىسمانىي بىخەتەرلىككە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا زورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا قوغدىنىش تەدبىرى قوللىنىپ، قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلغۇچىنى زەخىملەندۈرۈپ ۋە ئۆلتۈرۈپ قويغانلار چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرگە كىرمەيدۇ. جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

2. جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىش

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 21 ـ ماددىسىدا: «دۆلەت، جامائەت مەنپەئەتىنى، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى يۈز بېرىۋاتقان خەۋپتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نائىلاج جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىش تەدبىرى قوللىنىپ زىيان پەيدا قىلغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك:

1) جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىشنىڭ مەقسىتى دۆلەت، جامائەت مەنپەئەتى، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى يۈز بېرىۋاتقان خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىش كېرەك. جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىشنىڭ مەقسىتى تېخىمۇ چوڭ بولغان قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان يەنە بىر كىچىكرەك بولغان ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا

www.uyghurkitap.com

بولمايدىغان ھەرىكەتتۇر . جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئۆزىنى خەۋپتىن ساقلاپ قېلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ۋەزىپە ۋە كەسىپ جەھەتتە ئالاھىدە مەسئۇلىيىتى بارلارغا تەتبىقلانمايدۇ .

2 ) جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىشنى يۈز بېرىۋاتقان خەتەرگە قارىتا قوللىنىش لازىم . جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىشنى خەتەر يۈز بەرگەن ھەمدە تېخى تۈگىمىگەن ۋاقىتتىكى شارائىتتا ئېلىپ بېرىش لازىم .

3 ) جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىشنىڭ باشقا ئامالى تېپىلمىغاندا قوللىنىش كېرەك . قىلمىش سادىر قىلغۇچى خەتەرنى تۈگىتىشكە باشقا ئامال تاپالمىغاندا ، ئامالسىزلىقتىن قوللانغان جىددىي خەتەردىن ساقلىنىش ھەرىكىتى 3 ـ شەخسنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزسە ، جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ .

4 ) جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىشنى زۆرۈر بولغان چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئورۇنسىز زىيان پەيدا قىلماسلىق لازىم . جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىشتا ، كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان زىيان ساقلىنىپ قالغان زىياندىن كىچىك بولۇشى كېرەك . جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىش تەدبىرىنى زۆرۈر چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ ، ئورۇنسىز زىيان پەيدا قىلغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ . لېكىن ئۇلارغا يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ .

## 4 . جىنايەتنىڭ تەييارلىنىشى ، ئەمەلگە ئاشماي قېلىشى ۋە جىنايەتنى توختىتىش

### 1 . جىنايەتنىڭ تەييارلىنىشى

جىنايەتنىڭ تەييارلىنىشى دېگىنىمىز ، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە قورال ـ سايمان تەييارلاش ، شارائىت يارىتىشتەك جىنايى قىلمىشنى

كۆرسىتىدۇ . جىنايەتنىڭ تەييارلىنىش شارائىتى — قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايەتنى سادىر قىلىش ئۈچۈن باشلىغان تەييارلىق قىلمىشى بولۇپ ، جىنايەت قورال - سايمانلىرىنى تەييارلاش ، جىنايەتكە قولايلىق شارائىت هازىرلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . قىلمىش سادىر قىلغۇچى جىنايەتنى تېخى سادىر قىلماسلىقى دېگىنىمىز ، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايەتنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا توختاپ قېلىش زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىدۇ . قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايەتنىڭ تەييارلىنىش باسقۇچىدا توختاپ قېلىشىنى قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئىرادىسىدىن تاشقى ئامىل كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا : «تەييارلىقتىكى جىنايەتكە ، ئەمەلگە ئاشقان جىنايەتكە قارىغاندا يېنىك ۋە يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن .

2 . جىنايەتنىڭ ئەمەلگە ئاشماي قېلىشى

جىنايەتنىڭ ئەمەلگە ئاشماي قېلىشى دېگىنىمىز ، جىنايەتچى جىنايەتكە كىرىشكەندىن كېيىن ، ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن جىنايى قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ . جىنايەتنىڭ ئەمەلگە ئاشماي قېلىشىنىڭ شەرتى : قىلمىش سادىر قىلغۇچى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كىرىشكەن بولۇش ، جىنايەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولۇش ، جىنايەتنىڭ ئەمەلگە ئاشماي قېلىشى جىنايەتچىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان باشقا سەۋەبلەردىن بولغان بولۇش .

دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا : «ئەمەلگە ئاشمىغان جىنايەتكە ئەمەلگە ئاشقان جىنايەتكە قارىغاندا يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن .

3 . جىنايەتنىڭ توختىتىلىشى

www.uyghurkitap.com

جىنايەتنىڭ توختىتىلىشى دېگىنىمىز، جىنايەت ئۆتكۈزۈۋېتىپ، جىنايەتتىن قول ئۈزۈش ياكى جىنايەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىشتەك جىنايى قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ. جىنايەتنىڭ توختىتىلىشىدا ئىككى خىل ئەھۋال بولىدۇ: ① جىنايەتچى جىنايىتىنى ئۆزلۈكىدىن توختاتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: قىلمىش سادىر قىلغۇچى جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا جىنايەتتىن قول ئۈزگەن بولۇش؛ قىلمىش سادىر قىلغۇچى جىنايەتتىن ئۆزلۈكىدىن قول ئۈزگەن بولۇش؛ قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئۆتكۈزۈۋاتقان جىنايىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزگەن بولۇش؛ ② جىنايەتچى جىنايەتنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىپ جىنايەتنى توختاتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: جىنايەتچى جىنايىتىنى ئۆزلۈكىدىن توختىتىشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى هازىرلىغاندىن باشقا، يەنە قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئاكتىپ ھەرىكەت قوللىنىپ جىنايەت ئاقىۋىتىنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇش ۋە ئۈنۈمدىن ساقلىنىش.

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا: «جىنايەتنى توختىتىپ قويغۇچىلاردىن زىيان پەيدا قىلمىغانلىرىغا جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، زىيان پەيدا قىلغانلىرىغا يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

## 5. بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت

### 1. بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت ئۇقۇمى

بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت دېگىنىمىز، ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بىرلىشىپ، قەستەن ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن، تۆۋەندىكى شەرتلەر هازىرلىنىشى لازىم: بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر ئىككىدىن ئارتۇق، جىنايى جاۋابكارلىق

يېشىغا يەتكەن، جىنايى جاۋابكارلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان كىشىلەر بولۇشى لازىم. ئىككىدىن ئارتۇق، بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەردە ئورتاق بولغان بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش قىلمىشى بولۇشى لازىم. ئىككىدىن ئارتۇق جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەردە بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش قەستەنلىكى بولۇشى لازىم.

2. بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ شەكىللىرى

بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ شەكىللىرى دېگىنىمىز، ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ قۇرۇلمىسى ياكى بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش شەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ شەكىللىرى ئادەتتە ئىختىيارىي بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت ۋە زۆرۈر بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت، ئالدىنئالا پىلانلاپ بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت، ئاددىي بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت ۋە مۇرەككەپ بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت، ئادەتتىكى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت ۋە (تەشكىللىك بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت)، جىنايەتچىلەر گۇرۇھى دەپ ئايرىلىدۇ.

جىنايەتچىلەر گۇرۇھى — بىر خىل ئالاھىدە بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت شەكلى بولۇپ، ئۇ ئۈچتىن ئارتۇق ئادەم بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە تەشكىللەنگەن، بىر قەدەر تۇراقلىق بولغان جىنايەتچىلەر تەشكىلاتىنى كۆرسىتىدۇ. جىنايەتچىلەر گۇرۇھى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە: جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنىڭ سوبيېكتى ئۈچتىن ئارتۇق ئادەمدىن تەشكىللەنگەن بولۇشى، بەلگىلىك تەشكىلاتچانلىققا ئىگە بولۇشى، مەلۇم جىنايەتنى بىرلىشىپ ئۆتكۈزۈش مەقسىتى بولۇشى، نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولۇشى ۋە ئېغىر بولغان ئىجتىمائىي خەۋپى بولۇشى كېرەك. جىنايەتچىلەر گۇرۇھى

تارىختىن بۇيان جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ زەربە بېرىدىغان مۇھىم نۇقتىسىدۇر .

### 3 . بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ تۈرلىرى

بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان رولىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، شۇنداقلا، جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنى ئاساسلىق جىنايەتچى، ئەگەشكۈچى جىنايەتچى، تەھدىت ئاستىدا قاتناشقان جىنايەتچى ۋە كۈشكۈرتكۈچى جىنايەتچى دېگەن تۈرلەرگە ئايرىغان .

ئاساسلىق جىنايەتچى دېگىنىمىز، جىنايەتچىلەر گۇرۇھى ئۇيۇشتۇرۇپ ھەم ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، جىنايى قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغان ياكى بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ئاساسلىق رول ئوينىغان جىنايەتچىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئاساسلىق جىنايەتچىنىڭ باشقا بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە قارىغاندا ئىجتىمائىي خەۋپى تېخىمۇ چوڭ بولغاچقا، ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، جىنايەتچىلەر گۇرۇھى ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان باش ئۇنسۇرلارغا گۇرۇھىنىڭ بارلىق جىنايىتى بويىچە جازا بېرىلىدۇ . جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان باش ئۇنسۇرلاردىن باشقا ئاساسلىق جىنايەتچىلەرگە، قاتناشقان ياكى ئۇيۇشتۇرغان، قوماندانلىق قىلغان بارلىق جىنايىتى بويىچە جازا بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن .

ئەگەشكۈچى جىنايەتچى دېگىنىمىز، بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ئاساسلىق رول ئوينىمىغان، بەلكى ياردەمچى رول ئوينىغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى كۆرسىتىدۇ . ئەگەشكۈچى

جىنايەتچى بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ئاساسلىق رول ئوينىمىغان بولغاچقا ، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ئەگەشكۈچى جىنايەتچىلەرگە يېنىك ، يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

تەھدىت ئاستىدا قاتناشقۇچى جىنايەتچى دېگىنىمىز ، باشقىلارنىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قاتناشقان جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى كۆرسىتىدۇ . تەھدىت ئاستىدا قاتناشقۇچى جىنايەتچىلەر بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە پاسسىپ ئورۇندا تۇرغاچقا ، جىنايىتىمۇ بىر قەدەر يېنىك بولىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ، باشقىلارنىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قاتناشقانلارغا جىنايى قىلمىشىغا قاراپ ، يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

كۇشكۇرتكۇچى جىنايەتچى دېگىنىمىز ، باشقىلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قەستەن كۇشكۇرتكەن جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى كۆرسىتىدۇ . كۇشكۇرتكۇچى جىنايەتچىلەردە باشقىلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۇشكۇرتۇش قەستەنلىكى بولۇشى لازىم . دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ، باشقىلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۇشكۇرتكەنلەرگە بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ئوينىغان رولىغا قاراپ جازا بېرىلىدۇ . 18 ياشقا توشمىغانلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۇشكۇرتكەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ . جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۇشكۇرتكۇچى شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزمىگەن بولسا ، كۇشكۇرتكۇچى جىنايەتچىگە يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بولىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

## 6 . جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى جىنايەتنىڭ تۈرلىرى

دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 2 ـ قىسمىدىكى خاس پرىنسىپىدا ، جىنايى قىلمىش دەخلى ـ تەرۇز قىلغان ئوخشاش

www.uyghurkitap.com

تۈردىكى ئوبيېكت ۋە ئىجتىمائىي خەۋپنىڭ دەرىجىسىگە ئاساسەن ، جىنايەتنى ئون چوڭ تۈرگە ئايرىغان بولۇپ ، ئۇلارنى قىسقارتىپ ئايرىم ـ ئايرىم تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز .

1 . دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى

دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە قەستەن خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايى قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ . دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ شەرتلىرى : جىنايەت ئوبيېكتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم . جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىش بولۇش كېرەك . جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى ھەم ئادەتتىكى سۇبيېكتىلار بولىدۇ ، ھەم ئالاھىدە سۇبيېكتىلار بولىدۇ . جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپى قەستەنلىك بولىدۇ . كۆپ قىسمى بىۋاستە قەستەنلىكتىن بولىدۇ .

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى 14 خىل جىنايەت بولۇپ ، ئۇلار ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ، دۆلەتنى پارچىلاشنى قەستلەش جىنايىتى ، دۆلەتنى پارچىلاشقا قۇترىتىش جىنايىتى ، توپىلاڭ كۆتۈرۈش جىنايىتى ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش جىنايىتى ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايى پائالىيەتلىرىگە ماددىي ياردەم بېرىش جىنايىتى ، دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ، ئاسىيلىق قىلىپ چېگرا سىرتىغا قېچىپ كېتىش جىنايىتى ، جاسۇسلۇق جىنايىتى ، دۆلەت مەخپىيىتىنى ياكى ئاخباراتىنى چېگرا سىرتىغا ئوغۇرلاپ بېرىش ، تىڭ ـ تىڭلاپ بېرىش ۋە سېتىۋېلىپ بېرىش جىنايىتى ، دۈشمەنگە ماددىي ياردەم بېرىش جىنايىتى قاتارلىقلار .

2 . جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى

جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى دېگىنىمىز ، قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بىلەن ، ئالاھىدە ئېنىق بولمىغان كۆپچىلىك ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە تەن سالامەتلىكىگە ياكى ئومۇمنىڭ ، خۇسۇسىيلارنىڭ كۆپ مىقداردىكى مال ـ مۈلكىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ . جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ شەرتلىرى : جىنايەتنىڭ ئوبيېكتى جامائەت خەۋپسىزلىكىدىن ئىبارەت . يەنى ئالاھىدە ئېنىق بولمىغان كۆپچىلىك ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە تەن سالامەتلىكىگە ياكى ئومۇمنىڭ ، خۇسۇسىيلارنىڭ كۆپ مىقداردىكى مال ـ مۈلكىنىڭ خەۋپسىزلىكىدىن ئىبارەت . جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى ، جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش قىلمىشىنى سادىر قىلىش ، جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى ھەم ئادەتتىكى سۇبيېكت ، ھەم ئالاھىدە سۇبيېكت بولىدۇ . جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپى ھەم قەستەنلىكتىن ، ھەم سەۋەنلىكتىن بولىدۇ .

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان جىنايەت 34 خىل بولىدۇ . مەسىلەن : ئوت قويۇش جىنايىتى ، يار قويۇۋېتىش جىنايىتى ، پارتلىتىش جىنايىتى ، زەھەر سېلىش جىنايىتى ، سەۋەنلىك بىلەن ئوت قويۇش جىنايىتى ، سەۋەنلىك بىلەن يار قويۇۋېتىش جىنايىتى ، سەۋەنلىك بىلەن پارتلىتىش جىنايىتى ، سەۋەنلىك بىلەن زەھەر سېلىش جىنايىتى ، قاتناش قوراللىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ، قاتناش ئەسلىھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ، ئاسان پارتلايدىغان ئۈسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ، سەۋەنلىك بىلەن قاتناش قوراللىرىنى بۇزۇپ قويۇش جىنايىتى ، سەۋەنلىك بىلەن

قاتناش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ قويۇش جىنايىتى، سەۋەنلىك بىلەن ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى بۇزۇپ قويۇش جىنايىتى، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللەش، قوماندانلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش جىنايىتى، ئاۋىئاتسىيە ۋاستىلىرىنى بۇلاش جىنايىتى، قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا، پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى ئوغرىلاش، تارتىۋېلىش جىنايىتى، قورال ـ ياراغ، ئوت ـ دورىلارنى قانۇنسىز ئىگىلەش، ئۆز ئالدىغا يوشۇرۇپ ساقلاش جىنايىتى، زور ئۇچۇش ھادىسىسى پەيدا قىلىش جىنايىتى، قاتناش ھادىسىسى پەيدا قىلىش جىنايىتى ۋە زور تالاپەت پەيدا قىلىش جىنايىتى قاتارلىقلار.

3 . سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش پائالىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلىپ ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدىغان جىنايى قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ شەرتلىرى: جىنايەتنىڭ ئوبيېكتى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىدىن ئىبارەت. جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى دۆلەتنىڭ بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىش، دۆلەتنىڭ بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش پائالىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىدىن ئىبارەت. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى كۆپ ھاللاردا ئادەتتىكى سۇبيېكت بولىدۇ. ئاز ساندىكى

جىنايەتلەرنىڭ سۇبيېكتى ئالاھىدە سۇبيېكت بولۇشى كېرەك . جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپى ئادەتتە قەستەنلىكتىن بولىدۇ ، ئايرىم ئەھۋاللاردا سەۋەنلىكتىن بولىدۇ .

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى 89 خىل بولۇپ ، ئۇلار :

1 ) ساختا ـ ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپ چىقىرىش ، سېتىش جىنايىتى . بۇ ئاساسلىقى ساختا ـ ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ، سېتىش جىنايىتى ، يالغان دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ، سېتىش جىنايىتى ، ناچار دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ، سېتىش جىنايىتى ۋە تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ، سېتىش جىنايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

2 ) ئەتكەسچىلىك جىنايىتى . بۇ كونكرېت قورال ـ ياراغ ، ئوق ـ دورا ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ، يادرو ماتېرىياللىرى ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ، يالغان پۇل ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ، قىممەتلىك مېتاللار ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ۋە ئەتىۋارلىق هايۋانلار ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ئەتكەسچىلىك جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

3 ) شىركەت ۋە كارخانا باشقۇرۇش تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى . ئۇ كونكرېت تىزىمغا ئالدۇرغان كاپىتالنى يالغان مەلۇم قىلىش جىنايىتى ، كۆز بوياپ مەبلەغ چىقىرىش ، چىقارغان مەبلەغنى ئېلىۋېلىش جىنايىتى ، ئالدامچىلىق قىلىپ پاي چېكى ۋە كارخانا زايومى تارقىتىش جىنايىتى ، ساختا مالىيە بوغالتىرلىق دوكلاتى بىلەن تەمىنلەش جىنايىتى ۋە مۇلۇكنى ئېنىقلاشقا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

4 ) پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى .

ئۇ كونكرېت يالغان پۇل ياساش جىنايىتى. يالغان پۇلنى سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە توشۇش جىنايىتى، يالغان پۇلنى ئىلكىدە تۇتۇش ۋە ئىشلىتىش جىنايىتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قۇرۇش جىنايىتى، كرېدىت مەبلىغىنى يۇقىرى ئۆسۈمدە قەرز بېرىش جىنايىتى، ئاكسىيە سودىسىنى كونترول قىلىۋېلىش جىنايىتى ۋە پۇل يۇيۇش جىنايىتى قاتارلىق جىنايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5) پۇل مۇئامىلە ئالدامچىلىق جىنايىتى. ئۇ كونكرېت مەبلەغ توپلاش ئالدامچىلىقى جىنايىتى، قەرز پۇلى ئالدامچىلىقى جىنايىتى، چەك - ھۆججەت ئالدامچىلىقى جىنايىتى، پۇل - مۇئامىلە چەك - ھۆججىتى ئالدامچىلىق جىنايىتى، كرېدىت گۇۋاھنامىسى ئالدامچىلىق جىنايىتى، كرېدىت كارتوچكىسى ئالدامچىلىق جىنايىتى، ئاكسىيە ئالدامچىلىق جىنايىتى ۋە سۇغۇرتا ئالدامچىلىق جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

6) باج ئېلىش - باشقۇرۇش ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى. ئۇ كونكرېت باج ئوغرىلاش جىنايىتى، باجنى رەت قىلىش جىنايىتى، قەرز قالغان باج پۇلىنى يوشۇرۇش جىنايىتى، ئېكسپورت باج قايتۇرمىسىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش جىنايىتى، قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى ياساش، سېتىش جىنايىتى ۋە تالوننى قانۇنسىز سېتىش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

7) بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۈز قىلىش جىنايىتى. بۇ كونكرېت رويخەتكە ئېلىنغان تاۋار ماركىسىنى يالغاندىن ياساش جىنايىتى، يالغان رويخەتكە ئېلىنغان تاۋار ماركىسى بار تاۋارنى سېتىش جىنايىتى، قانۇنسىز ياسىغان رويخەتكە ئېلىنغان تاۋار ماركىسى بەلگىسىنى قانۇنسىز ياساش، سېتىش جىنايىتى، ساختا پاتېنت جىنايىتى، ئاپتورلۇق

هوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى . ئاپتورلۇق هوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغان كۆپەيتمىلەرنى سېتىش جىنايىتى ۋە سودا مەخپىيەتلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

8 ) بازار تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى . ئۇ كونكرېت سودا ئىناۋىتى ، تاۋار داڭقىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى . ساختا ئېلان جىنايىتى ، تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ خېرىدار بولۇش جىنايىتى ، توختام ئالدامچىلىقى جىنايىتى ، قانۇنسىز تىجارەت قىلىش جىنايىتى ، زورلۇق بىلەن سودا قىلىش جىنايىتى ۋە تاۋار تەكشۈرۈشتىن قېچىش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

4 . پۇقرالارنىڭ جىسمانىي هوقۇقى ، دېموكراتىيە هوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى دېگىنىمىز ، پۇقرالارنىڭ تېنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا هوقۇقلىرىغا ، شۇنىڭدەك دېموكراتىيە هوقۇقىغا قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بىلەن دەخلى ـ تەرۇز قىلغان ، قانۇن بويىچە جىنايى جازا بېرىلىدىغان جىنايى قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ . پۇقرالارنىڭ جىسمانىي هوقۇقى ، دېموكراتىيە هوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ شەرتلىرى : جىنايەت دەخلى ـ تەرۇز قىلغان ئوبيېكت پۇقرالارنىڭ جىسمانىي هوقۇقى ۋە دېموكراتىيە هوقۇقى بولىدۇ . جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى پۇقرالارنىڭ جىسمانىي هوقۇقى ، دېموكراتىيە هوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشى بولىدۇ . جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى كۆپ هاللاردا ئادەتتىكى سۇبيېكتلار بولىدۇ . ئاز ساندا ئالاهىدە سۇبيېكتلار بولىدۇ . جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپى ئادەتتە قەستەن بولىدۇ . ئايرىم ئەهۋاللاردا سەۋەنلىكتىن بولىدۇ .

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ جىسمانىي

ھوقۇقى ، دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى 36 خىل بولىدۇ . مەسىلەن : قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ، سەۋەنلىك بىلەن ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش جىنايىتى ، قەستەن زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ، سەۋەنلىك بىلەن ئېغىر زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ، نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىش جىنايىتى ، ئاياللارغا پەسكەشلىك قىلىپ ھاقارەتلەش جىنايىتى ، قانۇنسىز قاماش جىنايىتى ، تۇتقۇن قىلىپ قاقتى - سوقتى قىلىش جىنايىتى ، ئاياللارنى ۋە بالىلارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتى ، ئالداپ سېتىلغان ئاياللار ۋە بالىلارنى سېتىۋېلىش جىنايىتى ، قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتى ، قانۇنسىز ئاقتۇرۇش جىنايىتى ، باشقىلارنىڭ تۇرار جايىغا قانۇنسىز كىرىش جىنايىتى ، ھاقارەتلەش جىنايىتى ، تۆھمەت قىلىش جىنايىتى ، قىيناپ سوراق قىلىپ ، ئىقرار قىلدۇرۇش جىنايىتى ، خەت - ئالاقە ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى ، ئۆچ ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتى ، نىكاھ ئەركىنلىكىگە زورلۇق بىلەن ئارىلىشىش جىنايىتى ، قوش نىكاھلىنىش جىنايىتى ، خورلاش جىنايىتى ، ھەربىيلەرنىڭ نىكاھىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ۋە تاشلىۋېتىش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

5 . مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى

مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى دېگىنىمىز ، ئومۇمنىڭ ، شەخسلەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى قانۇنسىز ئىگىلەش ، يۆتكەپ ئىشلىتىش ياكى ئۇنىڭغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايى قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ . مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتىنى

شەكىللەندۈرۈشنىڭ شەرتلىرى : جىنايەتنىڭ ئوبيېكتى ئومۇمنىڭ ، شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە بولغان ئىگىدارلىق هوقۇقىدىن ئىبارەت . جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى ئومۇمنىڭ ، شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى قانۇنسىز ئىگىلەش ياكى قەستەن بۇزۇۋېتىش قىلمىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى هەم ئادەتتىكى سۇبيېكت بولىدۇ ، هەم ئالاهىدە سۇبيېكت بولىدۇ . جىنايەتنىڭ سۇبيېكت تەرىپى قەستەن بولۇشى كېرەك . سەۋەنلىك بۇ خىل جىنايەتنى شەكىللەندۈرمەيدۇ .

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مال ـ مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتىدىن 12 خىلى بار . مەسىلەن : بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ، ئوغرىلىق جىنايىتى ، ئالدامچىلىق جىنايىتى ، تارتىۋېلىش جىنايىتى ، ئومۇمنىڭ ، شەخسنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ئادەم توپلاپ بۇلاپ كېتىش جىنايىتى ، قانۇنسىز ئىگىلەش جىنايىتى ، هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىگەللەش جىنايىتى ، مەبلەغنى يۆتكەپ ئىشلىتىش جىنايىتى ، ئالاهىدە پۇل ۋە نەرسىلەرنى يۆتكەپ ئىشلىتىش جىنايىتى ، قاقتى ـ سوقتى قىلىش جىنايىتى ، مال ـ مۈلۈكنى قەستەن بۇزۇۋېتىش جىنايىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ، تىجارەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

6 . جەمئىيەت باشقۇرۇش تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

جەمئىيەت باشقۇرۇش تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى دېگىنىمىز ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ جەمئىيەتنى باشقۇرۇش پائالىيىتىگە دەخلى يەتكۈزۈپ جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ، ئەهۋالى ئېغىر بولغان جىنايى قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ . بۇ جىنايەتنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ شەرتلىرى : جىنايەت دەخلى ـ تەرۇز قىلغان ئوبيېكت دۆلەت

www.uyghurkitap.com

ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە جەمئىيەتنى باشقۇرۇشتا شەكىللەنگەن نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپتىن ئىبارەت. جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ جەمئىيەتنى باشقۇرۇش پائالىيىتىگە دەخلى يەتكۈزۈپ، جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئەھۋالى ئېغىر بولغان قىلمىش بولۇشتىن ئىبارەت. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ئادەتتىكى سۇبيېكت بولىدۇ. ئايرىملىرىنىڭ ئالاھىدە سۇبيېكت بولىدۇ. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپى كۆپ قىسىملىرىدا قەستەنلىكتىن بولىدۇ، بەزىلىرىدە سەۋەنلىكتىن بولىدۇ.

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن جەمئىيەت تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزۈشنىڭ 116 خىلى بار.

1) جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى. بۇ كونكرېت ۋەزىپە ئۆتەشكە توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى، ئاممىنى قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا زورلۇق بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى، ئالدامچىلىق جىنايىتى. ئاھالىلارنىڭ كىملىكىنى يالغاندىن ياساش، ئۆزگەرتىپ ياساش جىنايىتى. ساقچى ئەسلىھەلىرىنى قانۇنسىز ئىشلەش، ئېلىپ سېتىش جىنايىتى. ئادەم توپلاپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى. قانۇنسىز يىغىلىش قىلىش، نامايىش قىلىش، كۈچ كۆرسىتىش جىنايىتى. يىغىلىش قىلىش، نامايىش قىلىش، كۈچ كۆرسىتىشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ۋە دۆلەت بايرىقى، دۆلەت گېربىگە ھاقارەت قىلىش جىنايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ئەدلىيە ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى. بۇ كونكرېت ساختا گۇۋاھلىق بېرىش جىنايىتى، گۇۋاھلىق بېرىشكە توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى، دەلىل - ئىسپاتنى يوقىتىۋېتىش، ئويدۇرۇپ چىقىشقا ياردەم بېرىش جىنايىتى،

گۇۋاھچىلارغا زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىش جىنايىتى ، سوتخانا تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى ، يوشۇرۇش ، قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى ، ھۆكۈم ۋە كېسىمنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىش جىنايىتى ، قېچىپ كېتىش جىنايىتى ، يالاپ ماڭغانلارنى بۇلاش جىنايىتى ، تۈرمىدىن قېچىشنى ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى ۋە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ تۈرمىدىن قېچىش جىنايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

3 ) دۆلەت چېگرىسىنى (چېگرا ) باشقۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى ، ئۇ باشقىلارنى دۆلەت چېگرىسى (چېگرا ) دىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى ، چېگرىدىن چىقىش گۇۋاھنامىلىرىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش جىنايىتى ، ياسىغان ، ئۆزگەرتكەن چېگرىدىن چىقىش - كىرىش گۇۋاھنامىلىرىنى بېرىش جىنايىتى ، چېگرىدىن چىقىش - كىرىش گۇۋاھنامىلىرىنى سېتىش جىنايىتى ، دۆلەت چېگرىسى (چېگرا ) دىن ئوغرىلىقچە چىقىدىغانلارنى توشۇش جىنايىتى ۋە دۆلەت چېگرىسى (چېگرا ) دىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

4 ) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى . مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قەستەن بۇزۇش جىنايىتى ، داڭلىق ئاسارئەتىقىلەرنى قەستەن بۇزۇش جىنايىتى ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سەۋەنلىك بىلەن بۇزۇش جىنايىتى ، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چەت ئەللىكلەرگە قانۇنسىز سېتىش ياكى قانۇنسىز تەقدىم قىلىش جىنايىتى ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ھايىنىغا سېتىش جىنايىتى ، ساقلانما يادىكارلىقلىرىنى قانۇنسىز سېتىش ، ئاستىرتتىن تەقدىم قىلىش جىنايىتى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئارخىپلارنى تارتىۋېلىش ۋە ئوغرىلاش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

5) جامائەت تازىلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى، يۇقۇملۇق كېسەللەر باكتېرىيىسى ۋە ۋىرۇسىنى تارقىتىش جىنايىتى، دۆلەت چېگرىسىنىڭ تازىلىق كارانتىن توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى، قانۇنسىز قان سېتىشنى ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى، مەجبۇرىي قان ساتقۇزۇش جىنايىتى، داۋالاش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش جىنايىتى، قانۇنسىز دوختۇرلۇق قىلىش جىنايىتى، قانۇنسىز ھامىلىدارلىقنى توختىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىش جىنايىتى ۋە ھايۋانات ئۆسۈملۈك كارانتىنىدىن قېچىش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

6) مۇھىت ۋە بايلىقنى قوغداشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى. مۇھىتنى قاتتىق بۇلغاش ۋەقەسىنى پەيدا قىلىش جىنايىتى، قاتتىق تاشلاندۇقلارنى خالىغانچە چېگرىدىن كىرگۈزۈش جىنايىتى، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى، قانۇنسىز ئوۋ ئوۋلاش جىنايىتى، تېرىلغۇ يەرلەرنى قانۇنسىز ئىگىلەش جىنايىتى، قانۇنسىز كان ئېچىش جىنايىتى، ئورمانلارنى ئوغرىلىقچە كېسىش جىنايىتى، ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىش جىنايىتى ۋە ئوغرىلىقچە كەسكەن، قالايمىقان كەسكەن ئورمانلارنى قانۇنسىز سېتىۋېلىش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

7) زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، ئېلىپ سېتىش، توشۇش ۋە ياساش جىنايىتى، ئىلكىدە قانۇنسىز زەھەر تۇتۇپ تۇرۇش جىنايىتى، زەھەر جىنايەتچىلىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى، زەھەر ياسايدىغان بۇيۇملار ئەتكەسچىلىكى قىلىش جىنايىتى، زەھەر ياسايدىغان بۇيۇملارنى قانۇنسىز ئېلىپ ـ سېتىش جىنايىتى، زەھەر چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى

قانۇنسىز تېرىش جىنايىتى، باشقىلارنى زەھەر چېكىشكە قىزىقتۇرۇش، كۇشكۇرتۇش جىنايىتى، باشقىلارنى مەجبۇرىي زەھەر چەكتۈرۈش جىنايىتى، باشقىلارنى قوندۇرۇپ زەھەر چەكتۈرۈش جىنايىتى ۋە ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرىنى قانۇنسىز تەمىنلەش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

8) ئىپپەت - نومۇسنى سېتىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، مەجبۇرلاش، ئازدۇرۇش، سولاپ بېرىش ۋە تونۇشتۇرۇش جىنايىتى. ئىپپەت - نومۇسنى سېتىشقا تەشكىللەش جىنايىتى، ئىپپەت - نومۇسنى سېتىشقا مەجبۇرلاش جىنايىتى، ئىپپەت - نومۇسنى سېتىشقا تەشكىللەشكە ياردەملىشىش جىنايىتى، ئىپپەت - نومۇسنى سېتىشقا ئازدۇرۇش، سولاپ بېرىش ۋە تونۇشتۇرۇش جىنايىتى، نارەسىدە قىزلارنى ئىپپەت - نومۇسنى سېتىشقا ئازدۇرۇش جىنايىتى، جىنسىي كېسەللىكلەرنى تارقىتىش جىنايىتى ۋە نارەسىدە قىزلارنى قوندۇرۇپ پاھىشە قىلىش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

9) شەھۋانىي بۇيۇملارنى ئىشلەش، ئېلىپ - سېتىش ۋە تارقىتىش جىنايىتى. پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلغان شەھۋانىي بۇيۇملارنى ئىشلەش، كۆپەيتىپ ئىشلەش، نەشر قىلىش، ئېلىپ سېتىش ۋە تارقىتىش جىنايىتى، باشقىلارنىڭ شەھۋانىي كىتاب - ژۇرناللارنى نەشر قىلىشى ئۈچۈن كىتاب نومۇرى بىلەن تەمىنلەش جىنايىتى، شەھۋانىي بۇيۇملارنى تارقىتىش جىنايىتى، شەھۋانىي ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى قويۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى ۋە شەھۋانىي ئويۇن قويۇشنى ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

7. دۆلەت مۇداپىئەسى مەنپەئەتىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى

دۆلەت مۇداپىئەسى مەنپەئەتىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى دېگىنىمىز، ئۇرۇش قىلىش ۋە ھەربىي ئىشلار ھەرىكىتىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى باشقۇرۇش تەرتىپىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان، شۇنداقلا دۆلەت مۇداپىئەسى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن قېچىش ياكى رەت قىلىشتەك جىنايى قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت مۇداپىئەسى مەنپەئەتىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ شەرتلىرى: جىنايەتنىڭ ئوبيېكتى دۆلەت مۇداپىئەسى مەنپەئەتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى ئۇرۇش قىلىش ۋە ھەربىي ئىشلار ھەرىكىتىگە خەۋپ يەتكۈزۈش، دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىغا خەۋپ يەتكۈزۈش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش تەرتىپىگە خەۋپ يەتكۈزۈش، دۆلەت مۇداپىئەسى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن قېچىش ۋە رەت قىلىشتەك قىلمىشلار بولىدۇ. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىدە ئادەتتىكى سۇبيېكت، ئايرىملىرىدا ئالاھىدە سۇبيېكت بولىدۇ. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپى مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى قەستەنلىك بىلەن شەكىللىنىدۇ، ئايرىملىرىدا بولسا سەۋەنلىك بولىدۇ.

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دۆلەت مۇداپىئەسى مەنپەئەتىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتىدە 19 خىل جىنايەت مەۋجۇت. مەسىلەن: ھەربىيلەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى، ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى، ھەربىي قورال - ياراغ، ھەربىي ئەسلىھەلەرگە ۋە ھەربىي خەۋەرلىشىشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى، ئامانلىقنى توپلاپ ھەربىيلەرنىڭ چەكلەنگەن رايونلىرىغا بېسىپ كىرىش جىنايىتى، يالغان ھەربىي بولۇۋېلىپ ئالدامچىلىق قىلىش جىنايىتى، لاياقەتسىز ئەسكەرلەرنى يوللاپ

بېرىش جىنايىتى، ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى رەت قىلىش، ئۆزىنى قاچۇرۇش جىنايىتى، ئۇرۇش مەزگىلىدە دۈشمەن ئەھۋالىنى يالغان مەلۇم قىلىش جىنايىتى ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەربىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئېلىپ ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنى بېرىشنى رەت قىلىش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

8. خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى

جىنايەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ خىيانەتچىلىك، پارىخورلىق قىلىش ياكى قانۇنلۇق كىرىمى بىلەن زور مال ـ مۈلۈكنىڭ پەرقىنى ياكى چىقىمنىڭ قانۇنلۇق مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەسلىك، ياكى دۆلەت مۈلكىنى ياكى مۇسادىرە قىلغان مۈلۈكنى شەخسىي بۆلۈشىۋېلىش، شۇنىڭدەك باشقا خادىملارنىڭ پارا بېرىشى، پارا تونۇشتۇرۇش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ. خىيانەتچىلىك پارىخورلۇق جىنايىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ شەرتلىرى: جىنايەت ئوبيېكتى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ پاكلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىش، شۇنىڭدەك باشقا خادىملار پارا بېرىش، پارا تونۇشتۇرۇش قىلمىشىدىن ئىبارەت. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى كۆپ ساندىكىلەردە ئالاھىدە سۇبيېكت، ئايرىملىرىدا ئادەتتىكى سۇبيېكت بولىدۇ. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپى قەستەنلىكتىن بولىدۇ. سەۋەنلىك بۇ خىل جىنايەتنى شەكىللەندۈرمەيدۇ.

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق

www.uyghurkitap.com

جىنايىتتىگە 9 خىل جىنايەت بەلگىلەنگەن. مەسىلەن : خىيانەتچىلىك جىنايىتى ، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش جىنايىتى ، پارا ئېلىش جىنايىتى ، ئورۇننىڭ پارا ئېلىش جىنايىتى ، پارا بېرىش جىنايىتى ، ئورۇنغا پارا بېرىش جىنايىتى ، پارا تونۇشتۇرۇش جىنايىتى ، ئورۇننىڭ پارا بېرىش جىنايىتى ، زور مال - مۈلۈكنىڭ كېلىش مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەسلىك جىنايىتى ، چېگرا سىرتىدا ئامانەت قويغان پۇلنى يوشۇرۇپ مەلۇم قىلماسلىق جىنايىتى ، دۆلەت مال - مۈلۈكىنى بۆلۈشۈۋېلىش جىنايىتى ۋە مۇسادىرە قىلىغان مال - مۈلۈكنى بۆلۈشۈۋېلىش جىنايىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

9 . مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى

مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى دېگىنىمىز ، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىپ ، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ ياكى يۇزخاتىرە قىلىپ ، قانۇنسىزلىق قىلىپ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ نورمال پائالىيىتىگە دەخلى يەتكۈزۈپ ، جامائەت مۈلكى ياكى دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى غايەت زور زىيانغا ئۇچرىتىشتەك جىنايى قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ . مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى شەكىللەندۈرۈشنىڭ شەرتلىرى : جىنايەتنىڭ ئوبيېكتى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ نورمال پائالىيىتىدىن ئىبارەت . جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى خىزمەت ھوقۇقىنى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىش ياكى خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە كارخانا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ نورمال پائالىيىتىگە خەۋپ يەتكۈزۈپ ، دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش قىلمىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى ئالاھىدە سۇبيېكت بولۇپ ، پەقەت دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار

جىنايەت سۇبيېكتى بولالايدۇ . جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپى ھەم قەستەنلىكتىن ، ھەم سەۋەنلىكتىن بولىدۇ .

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتىدىن 32 خىل جىنايەت بەلگىلەنگەن . مەسىلەن : خىزمەت ھوقۇقىنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىش جىنايىتى ، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش جىنايىتى ، دۆلەت مەخپىيىتىنى قەستەن ئاشكارىلاش جىنايىتى ، سەۋەنلىك بىلەن دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش جىنايىتى ، شەخسىي غەرەز بىلەن قانۇننى بۇزۇش جىنايىتى ، شىركەت ، ئاكسىيە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىش جىنايىتى ، دۆلەت خادىملىرىنىڭ توختام تۈزۈش ، ئىجرا قىلىش داۋامىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى ، مۇھىت ئاسراش خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى ، تاموژنا خادىملىرىنىڭ ئەتكەسچىلەرگە يول قويۇش جىنايىتى ، تاۋار تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى ، جىنايەتچىلەرنىڭ جازادىن قېچىشىغا ياردەملىشىش جىنايىتى ۋە خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ياكى يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولۇش جىنايىتى قاتارلىقلار .

10 . ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيەتكە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى

ھەربىيلەرنىڭ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى دېگىنىمىز ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ ، ھەربىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان زاپاس ھەربىيلەرنىڭ ، شۇنىڭدەك ھەربىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان باشقا خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ ، دۆلەتنىڭ ھەربىي مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەن ، قانۇن بويىچە جىنايى جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان جىنايى قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ . ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيەتكە

www.uyghurkitap.com

خىلاپلىق قىلىش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ شەرتلىرى : جىنايەتنىڭ ئوبيېكتى دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلار مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۈز قىلىش يەنى دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى، ئۇرۇش قىلىش ھەرىكىتى، قىسمىغا ماددىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش، ھەربىي ئىشلار مەخپىيەتلىكى ۋە ھەربىي ئىشلار پەن ـ تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەنپەئەتىنىڭ دەخلى ـ تەرۈزگە ئۇچرىغان بولۇش، جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ ھەربىي مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى، ئالاھىدە سۇبيېكت بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئوفىتسېرلار، مەمۇرىي ۋەزىپىدىكى كادىرلار، ئەسكەرلەر ۋە ھەربىي تەۋەلىكىگە ئىگە كۇرسانتلار، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ساقچى ئەمەلدارلار، مەمۇرىي ۋەزىپىدىكى كادىرلار، ئەسكەرلەر ۋە ھەربىي تەۋەلىكى بار كۇرسانتلار، شۇنىڭدەك ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان زاپاس ئەسكەرلەر ۋە باشقا خادىملارنى كۆرسىتىدۇ. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپى كۆپ قىسمى قەستەنلىكتىن بولىدۇ. ئاز قىسمى سەۋەنلىكتىن بولىدۇ.

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيەتكە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتىدىن 14 خىلى بار. مەسىلەن : ئۇرۇش بۇيرۇقىغا قارشى چىقىش جىنايىتى، ھەربىي ئەھۋالنى يوشۇرۇش، يالغان مەلۇم قىلىش جىنايىتى، ھەربىي بۇيرۇق يەتكۈزۈشنى رەت قىلىش، يالغان ھەربىي بۇيرۇق يەتكۈزۈش جىنايىتى، تەسلىم بولۇش جىنايىتى، جەڭدىن بۇرۇن قېچىپ كېتىش جىنايىتى، خىزمەت ئورنىدىن خالىغانچە ئايرىلىپ، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش جىنايىتى، ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشكە توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى، بۇيرۇققا خىلاپلىق

قىلىپ ، ئۇرۇشتا پاسسىپلىق قىلىش جىنايىتى ، ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كېتىش جىنايىتى ، ھەربىي مەخپىيەتلىكنى قەستەن ئاشكارىلاش جىنايىتى ، ھەربىي مەخپىيەتلىكنى سەۋەنلىك بىلەن ئاشكارىلاش جىنايىتى ، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆز ـ ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ، قورال ـ جابدۇق ھادىسىسى پەيدا قىلىش جىنايىتى ، قورال ـ جابدۇقلارنى تاشلىۋېتىش جىنايىتى ، قول ئاستىدىكىلەرنى خورلاش جىنايىتى ، يارىدارلارنى تاشلىۋېتىش جىنايىتى ، ئەسكەرلەرنى ئۆز ئالدىغا قويۇپ بېرىش جىنايىتى ۋە ئەسكەرلەرنى خورلاش جىنايىتىدىن ئىبارەت .

## 3 § . جىنايى جازا

### 1 . جىنايى جازانىڭ ئۇقۇمى

جىنايى جازا جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دۆلەتنىڭ سوت ئورگانلىرى قانۇن بويىچە جىنايەتچىلەرگە تەتبىقلايدىغان مەلۇم ھوقۇقنى چەكلەيدىغان ياكى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىدىغان ، ئەڭ قاتتىق بولغان مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى قانۇنىي جازا ئۇسۇلىدىن ئىبارەت . جىنايى جازانىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى : جىنايى جازا جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغىلا تەتبىقلىنىدۇ . جىنايى جازا جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇشى كېرەك . جىنايى جازانى دۆلەتنىڭ سوت ئورگانلىرىلا قانۇنىي تەرتىپ بويىچە تەتبىقلايدۇ . جىنايى ئىشلار قانۇنى بىر خىل ئەڭ قاتتىق مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان قانۇنىي جازا ئۇسۇلى بولۇپ ، ئۇ جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى مال ـ مۈلۈكىدىن ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ۋە جىسمانىي

ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ھاياتىدىنمۇ مەھرۇم قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 2. جىنايى جازانىڭ تۈرلىرى

جىنايى جازا ئاساسىي جازا ۋە قوشۇمچە جازا دەپ ئايرىلىدۇ. ئاساسىي جازا رېجىم، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش، مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قوشۇمچە جازالار جەرىمانە، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، مال - مۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلىش.

جىنايەت ئۆتكۈزگەن چەت ئەللىكلەرگە قارىتا چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى مۇستەقىل تەتبىقلاشقىمۇ ياكى قوشۇمچە تەتبىقلاشقىمۇ بولىدۇ.

1. ئاساسىي جازا

ئاساسىي جازا دېگىنىمىز، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا تەتبىقلىنىدىغان ئاساسلىق جىنايى جازانى كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي جازانى پەقەت مۇستەقىل تەتبىقلاشقا بولىدۇ، قوشۇمچە تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. ئاساسىي جازانىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) رېجىم

رېجىم دېگىنىمىز، خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى قامىمايدىغان، لېكىن ئۇنىڭ بەلگىلىك ئەركىنلىكىنى چەكلەپ، ج خ ئورگىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بىر خىل جىنايى جازا ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇنىدا رېجىمنىڭ مۇددىتى 3 ئايدىن يۇقىرى 2 يىلدىن تۆۋەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالىغاندا 3 يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

2) تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش

تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش دېگىنىمىز ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قىسقا مۇددەت مەھرۇم قىلىپ ، يېقىن ئەتراپتا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىدىغان بىر خىل جىنايى جازا ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ جازا ئاساسلىقى جىنايىتى بىر قەدەر يېنىك بولغان ، قىسقا مۇددەت سولاپ قويۇشقا تېگىشلىك جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا تەتبىقلىنىدۇ . ئۇنىڭ مۇددىتى 1 ئايدىن يۇقىرى 6 ئايدىن تۆۋەن بولىدۇ . بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالىغاندا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ .

3 ) مۇددەتلىك قاماق جازاسى

مۇددەتلىك قاماق جازاسى دېگىنىمىز ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى مەلۇم مەزگىل مەھرۇم قىلىپ ، ئۇلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ ئۆزگەرتىدىغان بىر خىل جىنايى جازا ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ . مۇددەتلىك قاماق جازاسى دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى جازالىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ تەتبىقلىنىدىغان جازا بولۇپ ، ئۇنىڭ مۇددىتى 6 ئايدىن يۇقىرى 15 يىلدىن تۆۋەن بولىدۇ ، بىرنەچچە جازانى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 20 يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ .

4 ) مۇددەتسىز قاماق جازاسى

مۇددەتسىز قاماق جازاسى دېگىنىمىز ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىپ ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ ئۆزگەرتىدىغان بىر خىل جىنايى جازا ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ . مۇددەتسىز قاماق جازاسى ئاساسلىقى جىنايىتى ئەڭ ئېغىر بولغان ، ئەمما ئۆلۈم جازاسى بېرىشنىڭ ھاجىتى بولمىغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا تەتبىقلىنىدۇ .

5 ) ئۆلۈم جازاسى

ئۆلۈم جازاسى دېگىنىمىز ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى

ھاياتىدىن قانۇن بويىچە مەھرۇم قىلىدىغان بىر خىل جازا ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلۈم جازاسى، جىنايىتى ئىنتايىن ئېغىر بولغان جىنايەتچىلەرگە تەتبىقلىنىدۇ. ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا ئۆلۈم جازاسىنى دەرھال ئىجرا قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا جازانى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى جاكارلاش لازىم.

2. قوشۇمچە جازالار

قوشۇمچە جازالار دېگىنىمىز، ئاساسىي جازاغا قوشۇمچە تەتبىقلىنىدىغان جىنايى جازا بولۇپ، ئۇنى ھەم ئاساسىي جازاغا قوشۇمچە قىلىشقىمۇ بولىدۇ، مۇستەقىل تەتبىقلاشقىمۇ بولىدۇ. قوشۇمچە جازانىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) جەرىمانە قويۇش جازاسى

جەرىمانە قويۇش جازاسى دېگىنىمىز، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى ۋە جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئورۇنلارنى دۆلەتكە بەلگىلىك ساندا پۇل تاپشۇرۇشقا ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىل جىنايى جازا ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى جەرىمانە ھۆكۈم قىلغاندا، جەرىمانە سوممىسىنى جىنايى قىلمىشقا قاراپ بېكىتىش كېرەك.

2) سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى

سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى دېگىنىمىز، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ياكى سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدىغان بىر خىل جىنايى جازا ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش؛ سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نامايىش قىلىش، كۆچ

كۆرسىتىش قاتارلىق ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ؛ دۆلەت ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەش ھوقۇقى ، شۇنىڭدەك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەت كارخانىلاردا ، كەسپىي ئورۇنلاردا ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ . دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشنى قوشۇمچە قىلىش كېرەك . قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن ، باسقۇنچىلىق قىلغان ، ئوت قويغان ، پارتلاتقان ، زەھەر سالغان ۋە بۇلاڭچىلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي تەرتىپكە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسىنى قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇ .

سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسىنىڭ مۇددىتى ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ۋە مۇددەتلىك مەھرۇم قىلىش دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ .

3 ) مال - مۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلىش جازاسى

مال - مۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلىش جازاسى دېگىنىمىز ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى مال - مۈلۈكىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى ھەقسىز ھالدا مەجبۇرىي دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالىدىغان بىر خىل جىنايى جازانى كۆرسىتىدۇ . مال - مۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلىش جىنايىتى ئاساسلىقى جىنايى قىلمىشى ئېغىر بولغان دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ۋە ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە تەتبىقلىنىدۇ .

## 3 . جىنايى جازانىڭ كونكرېت قوللىنىلىشى

1 . جازا ئۆلچەش

جازا ئۆلچەش دېگىنىمىز ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ

جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئاساسىدا ، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايى پاكىتى ۋە قانۇنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنىڭ ئېغىر ياكى يېنىكلىكىنى ئۆلچەپ ، قانۇن بويىچە جىنايەتچىگە جىنايى جازا بېرىش ـ بەرمەسلىكىنى ، قانداق جىنايى جازا بېرىشنى ۋە قانچىلىك ئېغىرلىقتا جىنايى جازا بېرىشنى بەلگىلەيدىغان ھەمدە جىنايەتچىگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى جازانى دەرھال ئىجرا قىلىش ـ قىلماسلىقىنى بېكىتىدىغان ئەدلىيە ھۆكۈم قىلىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ .

2 . تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر

تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر دېگىنىمىز ، مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جازا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جازاسى ئىجرا قىلىنىپ بولغان ياكى كەچۈرۈم قىلىنغاندىن كېيىن ، 5 يىل ئىچىدە يەنە مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جازا بېرىلىدىغان جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىنى كۆرسىتىدۇ . تەكرار جىنايەت ئادەتتىكى تەكرار جىنايەت ۋە ئالاھىدە تەكرار جىنايەت دەپ ئايرىلىدۇ .

ئادەتتىكى تەكرار جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ شەرتى : ئالدىنقى جىنايىتى بىلەن كېيىنكى جىنايىتى چوقۇم قەستەنلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن جىنايەت بولۇشى كېرەك . ئالدىنقى جىنايىتى بىلەن كېيىنكى جىنايىتىنىڭ ھەممىسى مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جازا ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك بولغان جىنايەت بولۇشى لازىم . كېيىنكى جىنايەتنى ئالدىنقى جىنايەتنىڭ جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىنكى ياكى شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى 5 يىل ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بولۇشى لازىم .

ئالاھىدە تەكرار جىنايەت دېگىنىمىز ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ

جىنايى جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ياكى شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆتكۈزگەن دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتىنى تەكرار جىنايەت دەپ ھۆكۈم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ۋە خىزمەت كۆرسىتىش

1) ئۆزىنى مەلۇم قىلىش

ئۆزىنى مەلۇم قىلىش دېگىنىمىز، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن دېلونى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم قىلىپ، جىنايىتىنى ئەينەن ئىقرار قىلىش ياكى مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىلغان جىنايەت گۇماندارلىرى، جاۋابكارلار ۋە جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەردىن ئەدلىيە ئورگىنى تېخى ئىگىلىمىگەن باشقا جىنايەتلەرنى ئەينەن ئىقرار قىلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنى مەلۇم قىلىش، ئادەتتىكى مەلۇم قىلىش ۋە ئالاھىدە مەلۇم قىلىش دەپ ئايرىلىدۇ.

ئادەتتىكى مەلۇم قىلىشتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر: جىنايەتچى ئۇنسۇرلار ئۆزلۈكىدىن دېلو مەلۇم قىلغان بولۇشى لازىم. ئۆزلۈكىدىن دېلو مەلۇم قىلىش دېگىنىمىز، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن دېلو پاش بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ياكى شەخسلەرگە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىش ھەمدە ئۆزلۈكىدىن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن شەخسلەرنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ جىنايەت پاكىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاپشۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرۇشى ھەمدە ئاخىرىدا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ. جىنايەتچى ئۇنسۇرلار ئۆزىنىڭ جىنايەت ئەھۋالىنى راستچىللىق بىلەن ئەينەن تاپشۇرغان بولۇشى لازىم. يەنى ئۆزى سادىر قىلغان ھەمدە ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك جىنايى جاۋابكارلىققا ئائىت بارلىق

جىنايەتلىرىنى تاپشۇرۇشى لازىم .

ئالاھىدە ئۆزىنى مەلۇم قىلىش دېگىنىمىز ، مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىلغان جىنايەت گۇماندارلىرى ، جاۋابكارلىرى ۋە جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەردىن ئەدلىيە ئورگىنى تېخى ئىگىلىمىگەن باشقا جىنايەتلەرنى ئەينەن ئىقرار قىلغانلىرى ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ، ئۆزىنى مەلۇم قىلغان جىنايەتچىلەرگە يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ ، جىنايىتى يېنىكرەك بولغانلىرىغا جازا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

2 ) خىزمەت كۆرسىتىش

خىزمەت كۆرسىتىش دېگىنىمىز ، جىنايەتچىلەردىن باشقىلارنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىپ ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە راس بولۇپ چىققانلىرى ياكى مۇھىم ىىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ ، باشقا دېلونىڭ پاش قىلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش قاتارلىق ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە ياردەم بېرىدىغان ياكى دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ . خىزمەت كۆرسىتىش ئادەتتىكىچە خىزمەت كۆرسىتىش ۋە چوڭ خىزمەت كۆرسىتىش دەپ ئايرىلىدۇ .

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئادەتتىكىچە خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولسا يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بولىدۇ ، چوڭ خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغانلىرىغا يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

4 . بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش

بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش دېگىنىمىز ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر كىشىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاقىت چېكى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بىرنەچچە جىنايىتىگە ئايرىم - ئايرىم

جىنايەت بېكىتىپ ، جازا بەرگەندىن كېيىن قانۇندا بەلگىلەنگەن قوشۇپ جازالاش پرىنسىپىغا ۋە جازا مۇددىتىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ، ئۇنىڭغا ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك جازانى بېكىتىدىغان بىر خىل جازا تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ . جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ، بىر كىشى ھۆكۈم ئىجرا قىلىنغانغا قەدەر بىرنەچچە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا ، ئۆلۈم جازاسى ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بۇنىڭ ئىجرا قىلىنىدىغان جازا مۇددىتى ئەھۋالىغا قاراپ يىغىندى جازا مۇددىتىدىن قىسقا ، بىرنەچچە جازا ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى جازا مۇددىتىدىن ئۇزۇن قىلىپ بەلگىلىنىدۇ . لېكىن ، رېجىم مۇددىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 3 يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ . تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش مۇددىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ . مۇددەتلىك قاماق جازاسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 20 يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ . بىرنەچچە جىنايەت ئىچىدە قوشۇمچە جازا ھۆكۈم قىلىنغان بولسا ، قوشۇمچە جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

5 . جازانى كېچىكتۈرۈش

جازانى كېچىكتۈرۈش دېگىنىمىز ، خەلق سوت مەھكىمىسى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ، ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جىنايەت ئەھۋالىغا ۋە توۋا قىلىش ئىپادىسىگە قاراپ ، جازاسى كېچىكتۈرۈلسە ، جەمئىيەتكە ھەقىقەتەن قايتا خەۋپ يەتكۈزمەيدىغانلىرىغا ، مەلۇم سىناق مۇددىتى بەلگىلەپ ، ئۇنىڭغا قارىتا جىنايى جازانى كېچىكتۈرۈپ ، سىناق مۇددىتىدە قايتا يېڭى جىنايەت سادىر قىلمىسا ياكى قانۇن ، قانۇن ـ قائىدە ياكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلمىسا ، ئۇنىڭ ئەسلى ھۆكۈمىدىكى جازاسىنى قايتا ئىجرا قىلمايدىغان تۈزۈمنى

كۆرسىتىدۇ .

جازانى كېچىكتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك : تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ، ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلار بولۇش لازىم ؛ جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايىتى بىر قەدەر يېنىك بولغان ، ئۆزگىرىش ئىپادىسى بىر قەدەر ياخشى بولغان ، جازانى كېچىكتۈرۈشنى تەتبىقلىغاندا جەمئىيەتكە قايتا زىيان يەتكۈزمەيدىغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلار بولۇشى لازىم ؛ جىنايەتچى ئۇنسۇرلار تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچى بولماسلىقى لازىم .

6 . جازا كېمەيتىش

جازا كېمەيتىش دېگىنىمىز ، رېجىم جازاسى ، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ، مۇددەتلىك قاماق جازاسى ، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە تۈرمە قائىدىسىگە ئەستايىدىل رىئايە قىلىپ ، تەربىيە ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىپ ، ھەقىقەتەن توۋا قىلىش ياكى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى كۆرۈلگەنلەرنىڭ ئەسلىدىكى جىنايى جازاسىنى مۇۋاپىق كېمەيتىشتەك بىر خىل جىنايى جازا تۈزۈمىدۇر .

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ، جازا كېمەيتىلگەندىن كېيىن ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىدىغان جازا مۇددىتى رېجىم جازاسى ، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ، مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ئەسلى ھۆكۈمىدىكى جازا مۇددىتىنىڭ يېرىمىدىن قىسقا بولمايدۇ ، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ 10 يىلدىن قىسقا بولمايدۇ .

7 . شەرتلىك قويۇپ بېرىش

شەرتلىك قويۇپ بېرىش دېگىنىمىز ، مۇددەتلىك قاماق جازاسى ، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان



www.uyghurkitap.com

جىنايەتچىلەردىن مەلۇم جازا مۇددىتى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ تۈرمە قائىدىسىگە ئەستايىدىل رىئايە قىلىپ ، تەربىيە ۋە ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىپ ، ھەقىقەتەن توۋا قىلىش ئىپادىسى بولۇپ ، شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن جەمئىيەتكە قايتا خەۋپ بولمىغانلارغا قارىتا شەرت قويۇپ ئالدىن قويۇۋېتىلىدىغان بىر خىل جىنايى جازا تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ .

شەرتلىك قويۇۋېتىشنىڭ شەرتلىرى : شەرتلىك قويۇپ بېرىش پەقەت مۇددەتلىك قاماق جازاسى ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا تەتبىقلىنىدۇ . شەرتلىك قويۇپ بېرىش ، مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچى ئۇنسۇرلاردىن ئەسلىدىكى جازا مۇددىتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىجرا قىلىپ بولغانلارغا ، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن ئۇنسۇرلاردىن ئەمەلىي ئىجرا قىلىنغان ۋاقتى 10 يىلدىن ئاشقانلارغا تەتبىقلىنىدۇ ؛ تۈرمە قائىدىسىگە ئەستايىدىل رىئايە قىلىپ ، تەربىيە ۋە ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىپ ھەقىقەتەن توۋا قىلىش ئىپادىسى بولۇپ ، شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن جەمئىيەتكە قايتا خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان بولسا ، شەرتلىك قويۇپ بېرىشكە بولىدۇ ؛ تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەن ، شۇنىڭدەك قاتىللىق قىلىش ، پارتلىتىش ، بۇلاڭچىلىق قىلىش ، باسقۇنچىلىق قىلىش ، تۇتۇپ كېتىش قاتارلىق زورلۇق خاراكتېرلىك جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەردىن ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەنلەرنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ .

### 8 . ۋاقىت چېكى

ۋاقىت چېكى دېگىنىمىز ، قانۇن بويىچە جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك مۇددەتنى كۆرسىتىدۇ .

www.uyghurkitap.com

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، تۆۋەندىكى مۇددەتتىن ئېشىپ كەتكەن جىنايەت سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ: قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى جازا بەش يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا توشمايدىغان بولۇپ، ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسا؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى جازا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بولۇپ، ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسا؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى جازا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بولۇپ، ئارىدىن ئون بەش يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسا؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى جازا مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى بولۇپ، ئارىدىن 20 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسا سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. 20 يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك دەپ قارالسا، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە تەستىقلىتىش شەرت.

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. جىنايى ئىشلار قانۇنى دېگەن نېمە؟ جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟
2. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى قايسىلار؟
3. جىنايەت دېگەن نېمە؟ جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشى دېگەن نېمە؟
4. يوللۇق قوغدىنىش دېگەن نېمە؟ يوللۇق قوغدىنىش قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟
5. جىنايى جازا دېگەن نېمە؟ جىنايى جازانىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟
6. دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىدا نەچچە تۈرلۈك جىنايەت بەلگىلەنگەن؟

# سەككىزىنچى باب دەۋا قانۇن - تۈزۈملىرى

## 1§ . دەۋا قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان

### 1 . دەۋا قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى ۋە تۈرى

#### 1 . دەۋا قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى

دەۋا دېگىنىمىز ، دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى دەۋالاشقۇچىلار ۋە باشقا دەۋا قاتناشچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ماجىرانى هەل قىلىپ ، دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مەخسۇس پائالىيەتتۇر .

دەۋا جىنايى ئىشلار دەۋاسى ، هەق تەلەپ دەۋاسى ۋە مەمۇرىي دەۋادىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ . هەرقايسى دەۋالار هەل قىلىدىغان ماجىرانىڭ خاراكتېرى ئوخشىمىغاچقا ، بۇنىڭغا تەتبىقلىنىدىغان گەۋدە قانۇنىمۇ ، تەتبىقلىنىدىغان قانۇنىي جازانىڭ ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، دەۋا تەرتىپى جەهەتتىن بۇلار قاتتىق پەرقلىنىدۇ .

دەۋا قانۇنى دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە دەۋالاشقۇچىلار ، شۇنىڭدەك باشقا دەۋا قاتناشچىلىرى دەۋا پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندا رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان قانۇن ئۆلچەملىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ، دەۋا تەرتىپى بەلگىلەنگەن قانۇن بولغاچقا ، تەرتىپ قانۇنى دەپمۇ

www.uyghurkitap.com

ئاتىلىدۇ .

2 . دەۋا قانۇنىنىڭ تۈرلىرى

دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان دەۋا قانۇنىنى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى ، مەمۇري دەۋا قانۇنى ، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

ئېلىمىزدە ئۈچ دەۋا قانۇنى بار ،يەنى ،1991 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» ، 1989 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەمۇري دەۋا قانۇنى» ، 1979 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۈزۈلگەن (1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۈزۈتۈش كىرگۈزۈلگەن ) «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دىن ئىبارەت .

## 2 . دەۋا قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى

1 . ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى

1 ) دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى قوغداش .

2 ) خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ پاكىتنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ ، قانۇننى توغرا تەتبىقلاپ ، ھەق تەلەپ دەۋالىرىغا ئۆز ۋاقتىدا قاراپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىپ ، ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى جازالاپ ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش .

3 ) پۇقرالارنى قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش .

4 ) ئىجتىمائىي تەرتىپنى ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداپ ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ

بىرلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش .

2 . مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى

1 ) خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋالارغا ئۆز ۋاقتىدا ، توغرا قاراپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش .

2 ) پۇقرالار ، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش .

3 ) مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي (خىزمەت ) ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىش

3 . جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى

1 ) جىنايى قىلمىشلارنى توغرا ، ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا كاپالەتلىك قىلىپ ، قانۇننى توغرا تەتبىقلاپ ، جىنايەتچىلەرنى جازالاش .

2 ) جىنايەتسىز كىشىلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىققا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش .

3 ) پۇقرالارنى قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان ، جىنايەتچىلەر بىلەن پائال كۆرەش قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ، مال - مۈلۈك ھوقۇقى ، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قوغداپ ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش .

## 3 . دەۋا قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

دەۋا قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى دېگەندە ، پۈتكۈل دەۋا تەرتىپىگە سىڭىپ كەتكەن ، ئەدلىيە ئورگىنى ۋە دەۋا قاتناشچىلىرىنىڭ دەۋا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئاساسىي ئۆلچەملەرنى كۆرسىتىدۇ . دەۋا قانۇنىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئورتاق پرىنسىپلار ۋە ئۆزگىچە پرىنسىپلار ، دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

1 . ئورتاق پرىنسىپلار

ئورتاق پرىنسىپلار دېگەندە ، تۈرلۈك دەۋالارغا تەتبىقلىنىدىغان ئاساسىي پرىنسىپلارنى كۆرسىتىدۇ . ئېلىمىزنىڭ دەۋا قانۇنىدىكى ئورتاق پرىنسىپلاردىن ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلىرى بار :

1 ) ئەدلىيە ئورگانلىرى خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزۈش . ئەدلىيە ئورگانلىرى خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزۈش دېگەندە ، دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى بىر تۇتاش يۈرگۈزىدۇ ، باشقا ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ بۇ ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش ھوقۇقى يوق . ئەدلىيە ئورگانلىرى خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشتە مەمۇرىي ئورگان ، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ .

2 ) پاكىتنى ئاساس ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش . پاكىتنى ئاساس قىلىش دېگەندە ، ئەدلىيە ئورگانلىرى دەۋا پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندا ، دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى شەرت . تەكشۈرۈپ راستلىقى ئىسپاتلانغان دېلو پاكىتلىرى دېلونى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ دېگەننى كۆرسىتىدۇ .

قانۇننى ئۆلچەم قىلىش دېگەندە ، ئەدلىيە ئورگانلىرى پاكىتنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاساسىدا ، ھەق ـ ناھەق ، توغرا ـ خاتاغا قانۇن ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىش ، قانۇننى دېلونى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىش لازىم دېگەننى كۆرسىتىدۇ .

3 ) پۇقرالار قانۇن ئالدىدا باباراۋەر . بۇ پرىنسىپ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى تەتبىقلاپ دېلولارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ،

بارلىق يۇقرالارنىڭ ھەممىسىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ھەرقانداق ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىق لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4) ئىككى سوت بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش تۈزۈمى. ئىككى سوت بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش تۈزۈمى دېگىنىمىز، بىر دېلونى ئىككى دەرىجىلىك سوتنىڭ ھۆكۈم قىلىشى ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرۇش تۈزۈۋۈمىنى كۆرسىتىدۇ.

5) ئوچۇق سوت قىلىش. ئوچۇق سوت قىلىش پرىنسىپى دېگەندە، خەلق سوت مەھكىمىسى دېلونى سوت قىلغاندا، قانۇندا ئالاھىدە بەلگىلىمە بولغانلىرىدىن باشقىلىرىنى بىردەك ئوچۇق ئېلىپ بېرىش، ئاممىنىڭ ئاڭلىشىغا، مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت قىلىشى، خەۋەر قىلىشى ۋە باھا بېرىشىگە رۇخسەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

6) چەتنەپ تۇرۇش پرىنسىپى. چەتنەپ تۇرۇش دېگەندە، شۇ دېلونى بېجىرىشكە مەسئۇل بولغان سوتچى خادىملار ۋە باشقا خادىملارنىڭ شۇ دېلو بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ياكى باشقا ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بولۇپ، دېلونىڭ ئادىل بىر تەرەپ قىلىنىشىغا تەسىر يېتىپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە، شۇ دېلونى قاراپ چىقىشتىن چېكىنىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

7) كېڭەشمە تۈزۈم. كېڭەشمە تۈزۈم دېگەندە، ئاددىي ھەق تەلەپ دېلولىرى، يېنىك جىنايى ئىشلار دېلولىرى، شۇنىڭدەك قانۇندا باشقىچە بەلگىلىمە بولغانلىرىدىن باشقا، دېلولارنى سوتچى ياكى سوتچىلار بىلەن خەلق زاسېداتېللىرىدىن كېڭەشمە سوت تەشكىللەپ دېلوغا قاراپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

8) دەۋانى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش. ئېلىمىز ئاساسىي قانۇنى ۋە دەۋا قانۇنىنىڭ ھەممىسىدە ھەرقايسى مىللەت پۇقرالىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقى

بىلەن دەۋالىشىشقا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەنگەن . شۇڭا ، دەۋا پائالىيىتى جەريانىدا ، ئەدلىيە ئورگانلىرى شۇ جايدا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان تىل - يېزىق بىلەن دېلوغا قاراپ چىقىپ ، قانۇنىي ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلىشى ھەمدە شۇ جايدا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان تىل - يېزىقنى بىلمەيدىغان دەۋا قاتناشچىلىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشى لازىم .

9 ) خەلق تەپتىش ئورگىنى دەۋا پائالىيىتىگە قارىتا قانۇنىي نازارەتچىلىكنى يۈرگۈزۈش . خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ھەق تەلەپ دەۋاسى ۋە مەمۇرىي دەۋاغا قارىتا قانۇنىي نازارەتچىلىكنى يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق . جىنايى ئىشلار دەۋاسى جەريانىدا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ تەتبىقلاش پائالىيىتى ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت پائالىيىتى ۋە ھۆكۈم - كېسىملىرىنىڭ ئىجراسىنىڭ قانۇنلۇق بولغان - بولمىغانلىقىغا قارىتا ، قانۇنىي نازەرەتچىلىكنى يۈرگۈزىدۇ .

2 . ئۆزگىچە پرىنسىپلار

ئۆزگىچە پرىنسىپلار دېگەندە ، مەلۇم دەۋالارغىلا تەتبىقلىنىدىغان ئاساسىي پرىنسىپلارنى كۆرسىتىدۇ . ئېلىمىزنىڭ ئۈچ دەۋا قانۇنىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا پەقەت شۇ خىل دەۋاغىلا تەتبىقلىنىدىغان بەزى ئۆزگىچە پرىنسىپلار بەلگىلەنگەن .

1 ) ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدىكى ئۆزگىچە پرىنسىپلاردىن دەۋالاشقۇچىنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى باراۋەر يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى ، مۇنازىرىلىشىش پرىنسىپى ، جازالاش پرىنسىپى ، جەمئىيەت ئەيىبلەشنى قوللاش پرىنسىپى قاتارلىقلار بار .

2 ) مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدىكى ئۆزگىچە پرىنسىپلاردىن ئاساسلىقى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ مەمۇرىي دەۋا جەريانىدىكى قانۇنىي ئورنى باراۋەر بولۇش پرىنسىپى ، كونكرېت مەمۇرىي

ھەربىر كەتنىڭ قانۇنلۇقلۇقىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش پرىنسىپى، مۇنازىرىلىشىش پرىنسىپى، ياراشتۇرۇشنى تەتبىقلىماسلىق پرىنسىپىدىن ئىبارەت.

3) جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى ئۆزگىچە پرىنسىپلاردىن ئاساسلىقى: ج خ، تەپتىش، سوتتىن ئىبارەت ئۈچ ئورگان ئىش تەقسىم قىلىشىپ مەسئۇل بولۇش، ئۆزئارا ماسلىشىش، ئۆزئارا چەكلەش پرىنسىپى؛ جاۋابكار ئاقلىنىشقا ھوقۇقلۇق بولۇش پرىنسىپى؛ خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقارماي تۇرۇپ ھەرقانداق ئادەمنى جىنايىتى بار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولماسلىق پرىنسىپى قاتارلىقلار بار.

## 4. دەۋادىكى دەلىل ـ ئىسپاتلار

1. دەۋادىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئالاھىدىلىكى

دەۋادىكى دەلىل ـ ئىسپاتلار دېگىنىمىز، دەۋا جەريانىدا دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان ئوبيېكتىپ پاكىتلارنى كۆرسىتىدۇ.

دەۋادىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بار:

1) ئوبيېكتىپچانلىق. ئۇ چوقۇم ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان پاكىت بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق سۇبيېكتىپ پەرەز ۋە ساختا ماتېرىياللار دەۋادىكى دەلىل ـ ئىسپات بولالمايدۇ.

2) باغلىنىشچانلىق. ئۇ چوقۇم شۇ دېلو بىلەن مۇقەررەر ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

3) قانۇنلۇق بولۇش. ئۇ چوقۇم قانۇن تەلەپ قىلغان شەكىلگە ئۇيغۇن بولۇشى ھەمدە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە توپلانغان، تەمىنلەنگەن ۋە قوللىنىلغان بولۇشى كېرەك.

2 . دەۋادىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ تۈرلىرى

ئېلىمىزنىڭ دەۋا قانۇنى دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئاساسەن دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تۈرلەرگە ئايرىيدۇ .

ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دەلىل ـ ئىسپاتلار يەتتە خىل بولۇپ ئۇلار : يازما ئىسپات ؛ ماددىي ئىسپات ؛ (كۆرۈش ، ئاڭلاش ماتېرىياللىرى ) ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرى ؛ گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى ؛ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ بايانلىرى ؛ باھالاش يەكۈنى ؛ ئېنىقلاش ، تەكشۈرۈش خاتىرىسىدىن ئىبارەت .

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ تۈرلىرى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دەلىل ـ ئىسپات تۈرلىرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ ، پەقەت نەق مەيدان خاتىرىسى بىلەن ئېنىقلاش ، تەكشۈرۈش خاتىرىسى يەتتىنچى تۈرلۈك دەلىل ـ ئىسپات قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن .

جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دەلىل ـ ئىسپاتمۇ يەتتە تۈرلۈك بولۇپ ، ئۇلار : ماددىي ئىسپات ؛ يازما ئىسپات ؛ گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى ؛ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ بايانى ؛ جىنايەت گۇماندارى ، جاۋابكارنىڭ ئىقرارى ۋە ئۆزىنى ئاقلىشى ؛ باھالاش يەكۈنى ؛ ئېنىقلاش ، تەكشۈرۈش خاتىرىسى ؛ (كۆرۈش ، ئاڭلاش ماتېرىياللىرى ) ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت .

3 . دەۋادىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تەمىنلەش ۋە توپلاش

1 ) دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتى . ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 64 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدا : «دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسقا قارىتا دەلىل ـ ئىسپات بىلەن تەمىنلەش مەسئۇلىيىتى بار» دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ بەلگىلىمە ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىش

www.uyghurkitap.com

مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ئادەتتە ، دەۋاگەر ئۆزىنىڭ دەۋا تەلىپىنى دەلىل - ئىسپات بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا مەسئۇل . جاۋابكار دەۋاگەرنىڭ دەۋا تەلىپىگە دەلىل - ئىسپات بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق رەددىيە بېرىشكە مەسئۇل .

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 32 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدا : «جاۋابكارنىڭ ئۆزى چىقارغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتكە قارىتا دەلىل - ئىسپات كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتى بار . مۇشۇ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى چىقىرىشتىكى دەلىل - ئىسپات ۋە ئاساسلانغان قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى كۆرسىتىش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ بەلگىلىمە جاۋابكار ئورۇندا تۇرغان مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئوبيېكتىپ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنى ئاساسلىق ئىسپاتلاپ بېرىدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ . مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 34 - ماددىسىدا : «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋالاشقۇچىلاردىن دەلىل - ئىسپات بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىش ياكى دەلىل - ئىسپاتلارنى تولۇقلاشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ بەلگىلىمە دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ بولغان دەۋاگەر يەنى ، پۇقرا ، قانۇنىي ئىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭمۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەش ياكى دەلىل - ئىسپاتلارنى تولۇقلاش مەجبۇرىيىتى بار .

بۇنىدىن باشقا ، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ ھەممىسىدە دېلو ئەھۋالىنى بىلىدىغانلىكى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتى بارلىقى بەلگىلەنگەن .

2 ) دەلىل - ئىسپاتلارنى توپلاش . جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 43 - ماددىسىدا : «سوتچى خادىملار تەپتىش

خادىملىرى ، تەھقىقلىگۇچى خادىملار قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە جىنايەت گۇماندارىنىڭ ، جاۋابكارنىڭ جىنايەتلىك ياكى جىنايەتسىز ئىكەنلىكىنى ، جىنايى قىلمىشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى توپلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن . ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 64 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا : «دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكالەتچىلىرى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزلىرى تولۇقلىيالمايدىغان دەلىل - ئىسپاتلار ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى دېلوغا قاراپ چىقىشتا زۆرۈر بولىدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ ئېلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن . ئۈچ خىل دەۋا قانۇنىدا يەنە : «ئەدلىيە ئورگانلىرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەردىن دەلىل - ئىسپات ئېلىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ بەلگىلىمىلەر جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى دەلىل - ئىسپاتلارنى ئاساسلىقى ئەدلىيە خادىملىرىغا تايىنىپ توپلاشنى ؛ ھەق تەلەپ دەۋاسى ۋە مەمۇرىي دەۋادا گەرچە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەلىل - ئىسپات كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتى بولسىمۇ ، لېكىن خەلق سوت مەھكىمىسىمۇ پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن دەلىل - ئىسپات توپلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئەدلىيە خادىملىرى دەلىل - ئىسپات توپلاشتا چوقۇم تەشەببۇسكار بولۇشى ، ئۆز ۋاقتىدا توپلىشى ، چوڭقۇر ، ئىنچىكە ، ئوبيېكتىپ ، ئەتراپلىق بولۇشى ، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىشى شەرت . قىيناپ سوراق قىلىپ ، قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا ۋە تەھدىت سېلىش ، ئازدۇرۇش ، ئالداش ، شۇنىڭدەك باشقا قانۇنسىز ئۇسۇللارنى قوللىنىپ دەلىل - ئىسپات توپلاشقا بولمايدۇ . توپلىنىدىغان دەلىل - ئىسپاتلار ئەگەر دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە ياكى شەخسلەرنىڭ ئار - نومۇسىغا چېتىلسا ، چوقۇم مەخپىيەتلىكنى

ساقلاش كېرەك . ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دەلىل - ئىسپات ئېلىشى توغرىسىدىكى تەلىپىنى ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ رەت قىلىشىغا بولمايدۇ . ئەدلىيە ئورگانلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا دەلىل - ئىسپاتلارنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللانسا بولىدۇ .

## § 2 . ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى

### 1 . ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى

1 . باشقۇرۇش تەۋەلىكىنىڭ مەنىسى

ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئارىسىدىكى بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئىش تەقسىماتى ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ . خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ داۋاسىنى قوبۇل قىلىش دائىرىسى بولسا خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن باشقا ئورگان ، تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى ھەل قىلىشتىكى ئىش تەقسىماتىنى بەلگىلەش ، باشقۇرۇش تەۋەلىكى بولسا ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئارىسىدا ، تەڭ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئارىسىدا ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش ئىش تەقسىماتىنى بەلگىلەشتۇر . ئېلىمىزنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى ، رايون بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى ، باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ، باشقۇرۇش تەۋەلىكنى بەلگىلەپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

2 . دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى

دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى دېگەندە ، ھەر

دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشتىكى خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ . قانۇندا ئايرىم بەلگىلىمە بولغانلىرىدىن باشقا بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلولىرى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ ؛ چەتئەلگە چېتىشلىق بولغان زور بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلولىرى، ئۆز رايونىدا تەسىرى زور بولغان بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلولىرى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن . بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلولىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ ؛ ئۆز رايونىدا تەسىرى زور بولغان بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلولىرى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ ؛ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەسىرى زور بولغان ۋە ئۆزى قاراپ چىقىش زۆرۈر دەپ قارىغان بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلولىرى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ .

3 . رايونلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى

رايونلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى تەڭ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشتىكى خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىنى رايونلار ئارقىلىق ئايرىشنى كۆرسىتىدۇ . ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن ، رايونلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى تۆۋەندىكىدەك يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ :

1 ) ئادەتتىكى رايونلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى . ئۇ ھەق تەلەپ دەۋاسىنىڭ ئادەتتە جاۋابكار تۇرۇۋاتقان ئورۇندىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدىغانلىقى ، جاۋابكارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بىلەن دائىم

ئولتۇرىدىغان ئورنى بىردەك بولمىسا، دائىم تۇرىدىغان ئورۇندىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە رايون بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئادەتتىكى ئەھۋالدا «جاۋابكار تۇرۇشلۇق ئورۇن» پرىنسىپى تەتبىقلىنىدۇ. لېكىن ئالاھىدە ئەھۋالغا قارىتا قانۇندا يەنە دەۋاگەر تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى دائىم تۇرىدىغان جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

2) ئالاھىدە رايون بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى. ئالاھىدە رايون بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى دېگەندە ئالاھىدە ئۆلچەم بويىچە بەلگىلەنگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان، دەۋا ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشى يۈز بەرگەن ئورۇن ياكى جاۋابكار تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ؛ توختام ماجىراسى سەۋەبىدىن قىلىنغان دەۋا جاۋابكار تۇرۇشلۇق جاي ياكى توختام ئىجرا قىلىنغان جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ.

3) مەخسۇس باشقۇرۇش تەۋەلىكى. مەخسۇس باشقۇرۇش تەۋەلىكى دېگەندە قانۇندا مەلۇم ھەق تەلەپ دەۋالىرىنىڭ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كۆچمەس مۈلۈك تۈپەيلىدىن قىلىنغان دەۋا كۆچمەس مۈلۈك بار جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ؛ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش تۈپەيلىدىن قىلىنغان دەۋا مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچى ئۆلۈپ كەتكەندە تۇرغان جاي ياكى ئاساسلىق مىراس بار جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە

بولىدۇ .
4 ) ئورتاق باشقۇرۇش تەۋەلىكى . ئورتاق باشقۇرۇش تەۋەلىكى دېگەندە ، ئىككىدىن ئارتۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئوخشاش بىر ھەق تەلەپ دېلوسىغا قارىتا باشقۇرۇش ھوقۇقى بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن : بىر دېلودىكى بىرنەچچە جاۋابكارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرنەچچە سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش رايونى ئىچىدە بولسا ، بۇ بىرنەچچە سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ بىر دېلوغا قارىتا باشقۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ .

5 ) باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى تاللاش . باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى تاللاش دېگەندە ، دەۋاگەرنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى بولغان بىرنەچچە سوت مەھكىمىسى ئىچىدىن بىر سوت مەھكىمىسىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى سوت مەھكىمىسى قىلىپ تاللىشىنى كۆرسىتىدۇ . باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى تاللاش ئورتاق باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ .

6 ) باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى كېلىشىش . باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى كېلىشىش دېگەندە ، دەۋالاشقۇچىلار ماجىرا يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ياكى ماجىرا يۈز بەرگەندىن كېيىن كېلىشىش شەكلى بىلەن باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنى پۈتۈشۈشىنى كۆرسىتىدۇ .

7 ) باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بىرىكتۈرۈش . باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بىرىكتۈرۈش دېگەندە ، مەلۇم بىر دېلوغا قارىتا باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى بولغان خەلق سوت مەھكىمىسى شۇ دېلو بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بولغان باشقا دېلولارنى باشقۇرسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ يەنە باشقۇرۇش تەۋەلىكى چېتىشلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

4 . باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بېكىتىپ بېرىش

www.uyghurkitap.com

1 ) باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش . خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان دېلونىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئەمەسلىكىنى سەزسە ، باشقۇرۇش تەۋەلىكى بار خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك . ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قوبۇل قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەك . ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قوبۇل قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى بەلگىلىمە بويىچە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن دېلونى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە كىرمەيدۇ دەپ قارىسا ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بېكىتىپ بېرىشىگە يوللىشى كېرەك ، يەنە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولمايدۇ .

2 ) باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ بېرىش . باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى بولغان خەلق سوت مەھكىمىسى ئالاھىدە سەۋەب تۈپەيلىدىن ، ئالايلۇق دەۋالاشقۇچىلار چەكلەپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمىسە ، يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بېكىتىپ بېرىدۇ . خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئارىسىدا باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە تالاش - تارتىش بولۇپ قالغاندا ، تالاش - تارتىشنى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ ھەل قىلىدۇ . كېڭىشىش ئۈنۈم بەرمىسە ھەر ئىككىسىنى ئورتاق باشقۇرىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بېكىتىپ بېرىشىگە يوللاش كېرەك .

## 2 . ھەق تەلەپ دەۋاسىغا قاتناشقۇچىلار

ھەق تەلەپ دەۋاسىغا قاتناشقۇچىلار دېگەندە ، ھەق تەلەپ دەۋاسىغا قاتنىشىدىغان دەۋالاشقۇچىلار ۋە دەۋا ۋەكالەتچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ . دەۋالاشقۇچىلار دەۋاگەر ۋە جاۋابكار ، ئورتاق

دەۋالاشقۇچىلار ، ئۈچىنچى كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . دەۋا قاتناشچىلىرى دەۋاغا قاتناشقۇچىلارغا ئوخشىمايدۇ . دەۋا قاتناشچىلىرى دەۋاغا قاتناشقۇچىلاردىن باشقا يەنە گۇۋاھچىلار ، باھالىغۇچىلار ۋە تەرجىمە خادىملىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

1 . دەۋالاشقۇچىلار

ھەق تەلە دەۋاسىدىكى دەۋالاشقۇچىلار دېگەندە ، ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىدە تالاش - تارتىش بولغانلىقتىن دەۋا قىلىنغان ھەمدە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھۆكۈم - كېسىملىرىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدىغان پايدا - زىيان مۇناسىۋەتتى بار كىشىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ پۇقرا بولسىمۇ ، قانۇني ئىگە بولسىمۇ ، باشقا تەشكىلاتلار بولسىمۇ بولىدۇ .

1 ) دەۋاگەر ۋە جاۋابكار . ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەنپەئەتىدە تالاش - تارتىش بولغانلىقتىن ياكى زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن خەلق سوت مەھكىمىسىدىن ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان پۇقرا ، قانۇنى ئىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ . جاۋابكار دېگەندە ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەنپەئەتىدە تالاش - تارتىش يۈز بەرگەنلىكتىن ياكى باشقىلارنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇق مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلدى دەپ ئەيىبلەنگەنلىكتىن ، خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن دەۋالىشىشقا ئۇقتۇرۇش قىلىنغان پۇقرا ، قانۇني ئىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ .

2 ) ئورتاق دەۋالاشقۇچىلار . دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم بولغان ، دەۋا نىشانى ئورتاق بولغان ياكى ئوخشاش بىرخىل بولغان ، خەلق سوت مەھكىمىسى بىرىكتۈرۈپ قاراپ چىقىشقا بولىدۇ ، دەپ قارىغان ھەمدە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەن دەۋا ئورتاق دەۋا دېيىلىدۇ . ئورتاق دەۋادىكى دەۋالاشقۇچىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ

ئورتاق دەۋالاشقۇچىلار دېيىلىدۇ.

3) ئۈچىنچى كىشى. ئۈچىنچى كىشى دېگەندە ھەق تەلەپ دەۋاسى جەريانىدا باشقىلار ئارىسىدىكى دەۋا نىشانىغا قارىتا مۇستەقىل تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولغانلىقتىن ياكى دەۋا نەتىجىسى بىلەن قانۇن جەھەتتىن پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن دەۋاغا قاتناشقان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى كىشى مۇستەقىل تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار ئۈچىنچى كىشى ۋە مۇستەقىل تەلەپ قىلىش ھوقۇقى يوق ئۈچىنچى كىشىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلىنىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان ئۈچىنچى كىشىدە دەۋالاشقۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق - مەجبۇرىيەت بولىدۇ.

2. دەۋا ۋەكالەتچىسى

دەۋا ۋەكالەتچىسى دېگەندە، ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى (ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچى بىر تەرەپتىكى دەۋالاشقۇچىلار) نىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋەكالەتلىك قىلىنغۇچىنىڭ نامىدا قانۇندا بەلگىلەنگەن، بېكىتىلگەن ياكى ھاۋالە قىلىنغان ھوقۇق چېكى دائىرىسى ئىچىدە دەۋا پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. دەۋا ۋەكالەتچىسى قانۇنىي ۋەكالەتچى، بەلگىلەنگەن ۋەكالەتچى ۋە ھاۋالە قىلىنغان ۋەكالەتچىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ.

1) قانۇنىي ۋەكالەتچى. قانۇنىي ۋەكالەتچى دېگەندە قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقىنى بىۋاستە يۈرگۈزىدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. دەۋا ھەرىكەت ئىقتىدارى يوق كىشىنىڭ ھامىيسى ئۇنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى بولىدۇ.

2) بەلگىلەنگەن ۋەكالەتچى. بەلگىلەنگەن ۋەكالەتچى دېگەندە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بېكىتىپ بېرىشىگە ئاساسەن

ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ . قانۇنىي ۋەكالەتچى ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقىنىڭ باش تارتقاندا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كىشىنى ۋەكالەتچىلىككە بەلگىلەيدۇ .

3 ) ھاۋالە قىلىنغان ۋەكالەتچى

ھاۋالە قىلىنغان ۋەكالەتچى دېگەندە ، ۋەكالەتچىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ . دەۋالاشقۇچىلار قانۇنىي ۋەكالەتچى بىردىن ئىككىگىچە ئادەمنى دەۋا ۋەكالەتچىلىكىگە ھاۋالە قىلسا بولىدۇ .

## 3 . ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى

ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى دېگەندە ، ھەق تەلەپ دەۋا پائالىيىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەق تەلەپ دەۋاسىغا توسقۇنلۇق قىلغان قىلمىش سادىر قىلغۇچىغا قوللىنىلىدىغان بىرخىل مەجبۇرلاش ئۇسۇلىدۇر . ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى بەش خىل بولۇپ ئۇلار : مەجبۇرىي چاقىرتىش ؛ تەنبىھ بېرىش ؛ سوتتىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇش ؛ جەرىمانە قويۇش ؛ توختىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت .

1 . مەجبۇرىي چاقىرتىش . مەجبۇرىي چاقىرتىش دېگەندە سوتقا كېلىشى زۆرۈر بولۇپ ، ئىككى قېتىملىق قانۇنلۇق چاقىرتقاندىن كېيىنمۇ مۇۋاپىق ئاساسى بولماي تۇرۇپ ، سوتقا كېلىشنى رەت قىلغان جاۋابكارنى سوتقا كېلىپ دەۋاغا قاتنىشىشقا مەجبۇرلاشنى كۆرسىتىدۇ .

2 . تەنبىھ بېرىش . تەنبىھ بېرىش دېگەندە ، ھەق تەلەپ دەۋاسىغا توسقۇنلۇق قىلغان قىلمىش سادىر قىلغۇچىغا بېرىلىدىغان ئاغزاكى تەنقىدىي تەربىيىسىنى كۆرسىتىدۇ .

3 . سوتتىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇش . سوتتىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇش دېگەندە ھەق ـ تەلەپ دەۋاسىغا توسقۇنلۇق قىلغان قىلمىش سادىر قىلغۇچىنى دەرھال سوتتىن ئايرىلىپ كېتىشكە بۇيرۇشنى كۆرسىتىدۇ .

4 . جەرىمانە قويۇش . ھەق تەلەپ دەۋاسىغا توسقۇنلۇق قىلغان قىلمىش سادىر قىلغۇچىنى بەلگىلىك سوممىدا پۇل تۆلەشكە بۇيرۇشنى كۆرسىتىدۇ .

5 . توختىتىپ قويۇش . توختىتىپ قويۇش دېگەندە ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسىغا توسقۇنلۇق قىلغان قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە چەكلەپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ .

## 4 . ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى سوت تەرتىپى

ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى سوت تەرتىپى بىرىنچى سوت ئادەتتىكى تەرتىپ ، ئاددىي تەرتىپ ، ئىككىنچى سوت تەرتىپى ، ئالاھىدە تەرتىپ ، سوت نازارەتچىلىك تەرتىپى ، ھەيدەكچىلىك قىلىش تەرتىپى ، ئېلان چىقىرىپ ئەرز قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش تەرتىپى ۋە كارخانا قانۇنىي ئىگىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇپ قەرزىنى قايتۇرۇش تەرتىپى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

1 . بىرىنچى سوت ئادەتتىكى تەرتىپ

بىرىنچى سوت ئادەتتىكى تەرتىپ دېگەندە ، خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ دېلولىرىغا قاراپ چىققاندا ھەمىشە قوللىنىلىدىغان ئەڭ ئادەتتىكى تەرتىپنى كۆرسىتىدۇ .

1 ) ئەرز قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش

(1 ) ئەرز قىلىش . ئەرز قىلىش دېگەندە ، دەۋاگەرنىڭ سوت مەھكىمىسىگە دەۋا تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئەرز قىلىشتا تۆت شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك .

دەۋاگەر مۇشۇ دېلو بىلەن بىۋاستە پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بار پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار بولۇشى؛ ئېنىق جاۋابكارى بولغان بولۇشى؛ كونكرېت دەۋا تەلىپى ۋە پاكىت، ئاساسلىرى بولۇشى؛ خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىدىغان ھەق تەلەپ دەۋاسى دائىرىسىگە ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولغان بولۇشى كېرەك.

(2) قوبۇل قىلىش. قوبۇل قىلىش دېگەندە، خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرزنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئۇيغۇن دەپ قاراپ دېلو ئېچىپ قاراپ چىقىدىغان دەۋا ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرزنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەرز قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن دەپ قارىسا، 7 كۈن ئىچىدە دېلو ئېچىشنى ھەمدە دەۋالاشقۇچىلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك. سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن دەۋا ۋۇجۇتقا چىقىپ، دەۋا قانۇنى مۇناسىۋىتى شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا كېلىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە دەۋاغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ دەۋا پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرزنى تەكشۈرۈپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەرز قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ قارىسا، 7 كۈن ئىچىدە كېسىم ئارقىلىق دېلونى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك. دەۋاگەر كېسىمگە قايىل بولمىسا، نارازىلىق ئەرز بەرسە بولىدۇ.

2) قاراپ چىقىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق

قاراپ چىقىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق دېگەندە، خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرزنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سوت ئېچىپ قاراپ چىقىش ئۈچۈن ئىشلىنىدىغان تەييارلىق خىزمەتلىرىنى

كۆرسىتىدۇ . خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرزنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى بەش كۈن ئىچىدە ئەرزنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى جاۋابكارغا يەتكۈزۈپ ، جاۋابكارغا تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە جاۋاب ئەرز يېزىشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك . سوتچى خادىملار چوقۇم دەۋا ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل كۆرۈشى ، تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ، دەلىل - ئىسپات توپلىشى كېرەك .

3 ) سوت ئېچىپ قاراپ چىقىش . سوت ئېچىپ قاراپ چىقىش دېگەندە ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتتا قانۇن بويىچە دېلوغا قاراپ چىقىدىغان دەۋا پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ سوت ئېچىش تەييارلىقى ، سوت تەكشۈرۈشى ، سوتتا مۇنازىرىلىشىش ، باھالاش ۋە ھۆكۈم ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ① سوت ئېچىش تەييارلىقى . خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ دېلولىرىغا قاراپ چىقىشتا ، سوت ئېچىلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن سوتقا چىقىش ئۇقتۇرۇشىنى يەتكۈزۈپ ، ئوچۇق سوت ئېلاننى تارقىتىش كېرەك . سوت ئېچىشتىن بۇرۇن دەۋالاشقۇچىلار ۋە باشقا دەۋا قاتناشچىلىرىنىڭ سوتقا ھازىر بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ، سوت ئىنتىزامىنى ئېلان قىلىشى ، سوت ئاچقاندا يەنە دەۋالاشقۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، دېلونىڭ سەۋەبىنى ئېلان قىلىشى ، سوتچىلار ، پۈتۈكچىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلىپ ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك . ② سوت تەكشۈرۈشى . سوت تەكشۈرۈشى دېلو پاكىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپاتلارنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئۇ دەۋالاشقۇچىلاردىن گەپ سوراش ۋە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ بايانىنى ئاڭلاش ؛ گۇۋاھچىلاردىن گەپ سوراش ، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئوقۇپ ئۆتۈش ؛ باھالىغۇچىلاردىن گەپ سوراش ، باھالاش نەتىجىسىنى ئوقۇش ؛

ماددىي ئىسپات ، يازما ئىسپات ، ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىش ؛ ئېنىقلاش خاتىرىسىنى ئوقۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ③ سوت مۇنازىرىسى . دەۋالاشقۇچىلار پاكىت ۋە قانۇنغا ئاساسەن دەۋا تەلىپى ۋە پىكرىنى چۈرىسەپ ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئالدى بىلەن دەۋاگەر ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋەكالەتچىسى پىكىر بايان قىلىدۇ . ئاندىن كېيىن جاۋابكار ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋەكالەتچىسى جاۋاب بېرىدۇ ، ئارقىدىن ئىككى تەرەپ ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىدۇ . سوتتا مۇنازىرە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن باش سوتچى دەۋاگەر ، جاۋابكار ، 3 ـ كىشىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پىكرىنى سورايدۇ . ④ باھالاش ۋە ھۆكۈم ئېلان قىلىش . سوتتىكى مۇنازىرە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم مۇرەسسە قىلىشقا بولىدۇ . ناۋادا مۇرەسسەدە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا ، سوتچىلار سوتتىن چېكىنىپ باھالاش ئېلىپ بېرىپ دېلونى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىدۇ . ئاندىن كېيىن سوت ئۇستىدە ياكى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدۇ ، ھۆكۈم بىردەك ئوچۇق ئېلان قىلىنىدۇ . ھۆكۈم ئېلان قىلغاندا ئالاقىدارلارغا نارازىلىق ئەرز قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك . نىكاھدىن ئاجرىشىش دەۋاسى قىلغان ئالاقىدار نىكاھدىن ئاجرىشىش ھۆكۈمى كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى ، قايتا نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ .

2 . ئاددىي تەرتىپ

ئاددىي تەرتىپ ، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئۇ ئەۋەتكەن سوتلار ئاددىي ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىشتا قوللىنىدىغان تەرتىپنى كۆرسىتىدۇ . ئادەتتىكى ھەق تەلەپ دېلولىرى پاكىتى ئېنىق ، ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى ئېنىق ، تالاش ـ تارتىشى چوڭ بولمىغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى

كۆرسىتىدۇ .

ئاددىي تەرتىپ قوللىنىلىدىغان ئادەتتىكى ھەق تەلەپ دېلولىرىدا دەۋاگەر ئەيىبلەشنى ئېغىزچە ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ . ئالاقىدارلار بىرلا ۋاقىتتا ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىگە ۋە ئۇ ئەۋەتكەن سوتلارغا بېرىپ تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ . دەۋانى قوبۇل قىلغان سوت مەھكىمىسى ۋە سوتلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قاراپ چىقىپ ئاددىي تەرتىپنى قوللىنىپ ، ئالاقىدار ۋە گۇۋاھچىلارنى ھەرقانداق ۋاقىتتا چاقىرتىپ كەلسە بولىدۇ . بۇ خىل دېلولارنى سوتچىلاردىن بىرى تەنھا قاراپ چىقىدۇ .

3 . ئىككىنچى سوت تەرتىپى

ئىككىنچى سوت تەرتىپى — سوت مەھكىمىلىرىنىڭ نارازىلىق ئەرز بەرگەن دېلولارنى قاراپ چىقىشتا قوللىنىدىغان تەرتىپنى كۆرسىتىدۇ . نارازىلىق ئەرزىنى چوقۇم قانۇندا بەلگىلەنگەن نارازىلىق ئەرز قىلغۇچى قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە نارازىلىق ئەرز شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك . قانۇندا بەلگىلەنگەن نارازىلىق ئەرز قىلغۇچىلار ئالاقىدارلار ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكالەتچى ، قانۇنىي ۋەكىل ، ھاۋالە قىلىنغان ۋەكالەتچى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇلار ھاۋالە قىلىنغۇچى ئالاھىدە ھوقۇق بەرگەندىلا ئاندىن نارازىلىق ئەرزىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك . ھۆكۈمگە قارىتا نارازىلىق ئەرزىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ مۇددىتى 15 كۈن ، كېسىمگە قارىتا نارازىلىق ئەرز بېرىشنىڭ مۇددىتى 10 كۈن . نارازىلىق ئەرزنامە ئەسلى سوت قىلغان سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ، بىۋاستە ئىككىنچى سوت قىلىدىغان سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەرسىمۇ بولىدۇ . ئىككىنچى سوت مەھكىمىسى چوقۇم كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇپ ، نارازىلىق ئەرز بەرگەن دېلولارنى سوت ئېچىپ

قاراپ چىقىشى كېرەك . قاراپ چىقىلىدىغان كېيىن ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئايرىم ـ ئايرىم بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ .

4 . ئالاھىدە تەرتىپ

ئالاھىدە تەرتىپ — سوت مەھكىمىلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئالاھىدە دېلولارنى سوت قىلىشتا قوللىنىدىغان تەرتىپنى كۆرسىتىدۇ . بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالاھىدە دېلولار سايلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك دېلولار ، يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلاش ، ئۆلگەنلىكىنى جاكارلاشقا ئالاقىدار دېلولار ، پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقى ياكى ھەق تەلەپ ھوقۇق ئىقتىدارىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى دېلولار ، مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدىكى دېلولارنى كۆرسىتىدۇ .

5 . سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش تەرتىپى

سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش تەرتىپى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئاللىقاچان قانۇني كۈچكە ئىگە بولغان خاتا ھۆكۈم ۋە كېسىملەرگە قارىتا يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقىشتا قوللىنىدىغان تەرتىپنى كۆرسىتىدۇ . بۇ قايتا سوت قىلىش تەرتىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

سوت مەھكىمىلىرى دېلولارنى قايتا سوت قىلىشتا باشقىدىن كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك . قايتا سوت قىلىنىدىغان دېلولار بىرىنچى سوت دېلوسى بولسا بىرىنچى سوت تەرتىپى ، ئىككىنچى سوت دېلوسى بولسا ئىككىنچى سوت تەرتىپى قوللىنىلىدۇ . يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنى ئالدۇرۇپ سوت قىلغان دېلولارغا بولسا ، ئىككىنچى سوت تەرتىپى قوللىنىلىدۇ .

6 . ھەيدەكچىلىك تەرتىپى

ھەيدەكچىلىك تەرتىپىدە ھەقدارنىڭ سوت مەھكىمىسىگە تۆلەپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلىدىغان، قەرزدارنى بەلگىلىك مىقداردا تۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان تەرتىپنى كۆرسىتىدۇ.

ھەقدار قەرزداردىن پۇل قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ھەقدار بىلەن قەرزدار ئوتتۇرىسىدا باشقا قەرز ماجىراسى بولمىسا ھەمدە تۆلەش بۇيرۇقىنى قەرزدارغا يەتكۈزگىلى بولغان شارائىتتا باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسىگە تۆلەش بۇيرۇقىنى چىقىرىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنسا بولىدۇ.

سوت مەھكىمىسى ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ھەقدارلىق قەرزدارلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق قانۇنلۇق دەپ قارىسا، قەرزدارغا تۆلەش بۇيرۇقى چىقارسا بولىدۇ. قەرزدار قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويمىسا ھەم تۆلەش بۇيرۇقىنى ئادا قىلمىسا، ھەقدار سوت مەھكىمىسىگە ئىجرا قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئەگەر قەرزدار قانۇن بويىچە سوت مەھكىمىسىگە باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا، سوت مەھكىمىسى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ھەيدەكچىلىك قىلىش تەرتىپىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقى ھەققىدە كېسىم چىقىرىدۇ. تۆلەش بۇيرۇقى ئۆزلۈكىدىن كۈچتىن قالىدۇ. ھەقدار سوت مەھكىمىسىگە ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلسا بولىدۇ.

7. ئېلان چىقىرىپ ئۇقتۇرۇش قىلىش تەرتىپى

ئېلان چىقىرىپ ئۇقتۇرۇش قىلىش تەرتىپى دېگىنىمىز، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دەۋاگەرنىڭ ۋېكسىلىنى ئوغۇرلىتىپ قويغان، يوقىتىپ قويغان ياكى يوقىتىۋەتكەنلىك ئىلتىماسىغا ئاساسەن، ئېلان شەكلى ئارقىلىق، ئېنىق

بولمىغان مەنپەئەت مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ھوقۇقىنى مەلۇم قىلىش، ۋېكسىلنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان، ئۇنداق قىلمىسا مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ۋېكسىلنى ئىناۋەتسىز دەپ ھۆكۈم قىلىدىغان بىرخىل تەرتىپنى كۆرسىتىدۇ.

8. كارخانا تېپىدىكى قانۇنىي ئىگىلەردىن ۋەيران بولغانلىرىنىڭ قەرز قايتۇرۇش تەرتىپى

ئومۇمىي خەلق ئىگىدارلىقىدىكى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولغانلىقتىن قەرزنى قايتۇرۇشىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» دىكى بەلگىلىمىلەر تەتبىق قىلىنىدۇ. باشقا كارخانا تېپىدىكى قانۇن ئىگىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن كارخانا تېپىدىكى قانۇن ئىگىلىرىنىڭ ۋەيران بولغانلىقتىن قەرزنى قايتۇرۇش تەرتىپى تەتبىق قىلىنىدۇ.

## §3. مەمۇرىي دەۋا قانۇنى

### 1. دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى ۋە باشقۇرۇش تەۋەلىكى

1. دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى

مەمۇرىي دەۋادىكى دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى يەنى مەمۇرىي دەۋا تەرتىپىنى قوللىنىپ قايسى مەمۇرىي دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ياكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەمۇرىي دېلولارنى قوبۇل قىلىش ھوقۇق دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق سوت

مەھكىمىلىرى پەقەت پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەلۇم كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتكە قايىل بولماي قىلغان مەمۇرىي دېلولارنى قوبۇل قىلىدۇ.

كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت دېگەندە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە مەمۇرىي ئورگان خادىملىرىنىڭ، قانۇن ـ نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات، مەمۇرىي ئورگان ھاۋالە قىلغان تەشكىلات ياكى شەخسلەرنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيىتى جەريانىدا مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزۈپ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارغا قاراتقان ھوقۇق مەجبۇرىيەت جەھەتتىكى تاق تەرەپلىك ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 11 ـ ماددىسىدا خەلق سوت مەھكىمىلىرى پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتكە قايىل بولماي قىلغان دەۋاسىنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن: ① ئۇقتۇرۇپ قويۇش، جەرىمانە، ئىجازەتنامە ۋە كېنىشكىلىرىنى تۇتۇپ قېلىش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى توختىتىشقا بۇيرۇش، مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق مەمۇرىي جازارلارغا قايىل بولمىسا؛ ② جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش ياكى مال ـ مۈلۈكنى پېچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش، توڭلىتىش، قاتارلىق مەمۇرىي مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىگە قايىل بولماسلىق؛ ③ مەمۇرىي ئورگانلار قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇستەقىل تىجارەت قىلىش ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى دەپ قارىسا؛ ④ قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولغانلىقىنى مەمۇرىي ئورگانلارغا ئىجازەتنامە ۋە كېنىشكە بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ، مەمۇرىي ئورگانلار

www.uyghurkitap.com

تارقىتىشنى رەت قىلغان ياكى جاۋاب بەرمىگەن ؛ ⑤ مەمۇرىي ئورگانلاردىن جىسمانىي ھوقۇقى ۋە مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشتىن ئىبارەت قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا مەمۇرىي ئورگانلار ئادا قىلىشنى رەت قىلغان ياكى جاۋاب بەرمىگەن ؛ ⑥ مەمۇرىي ئورگانلار قانۇن بويىچە نەپىقە پۇلىنى بەرمىدى دەپ قارالسا ؛ ⑦ مەمۇرىي ئورگانلار قانۇنغا خىلاپ ھالدا مەجبۇرىيەتنى ئۆتەشنى تەلەپ قىلدى دەپ قارالسا ؛ ⑧ مەمۇرىي ئورگانلار باشقا جىسمانىي ھوقۇق ، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى دەپ قارالسا . بۇنىڭدىن باشقا ، خەلق سوت مەھكىمىلىرى يەنە قانۇن ، قائىدە نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ، دەۋا قىلسا بولىدىغان باشقا مەمۇرىي دېلولارنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ .

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 12 ـ ماددىسىدا خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۆۋەندىكى ئىشلارغا قىلىنغان دەۋانى قوبۇل قىلمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن : ① دۆلەت مۇداپىئەسى ، دىپلوماتىيە قاتارلىق دۆلەت ھەرىكىتى ؛ ② مەمۇرىي قانۇن ـ نىزام ، بەلگىلىمە ياكى مەمۇرىي ئورگانلار تۈزگەن ئېلان قىلىنغان ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش كۈچىگە ئىگە قارار ـ بۇيرۇقلار ؛ ③ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي خادىملارغا قارىتا مۇكاپاتلاش ، جازالاش ، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ، قالدۇرۇش قاتارلىق قارارلىرى ؛ ④ قانۇندا مەمۇرىي ئورگانلار ئەڭ ئاخىرقى كېسىمنى چىقىرىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلەر .

2 . باشقۇرۇش تەۋەلىكى

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى — خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى سوت مەمۇرىي دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئىش تەقسىماتىنى كۆرسىتىدۇ . مەمۇرىي دەۋادىكى دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىلەن مەمۇرىي ئورگان ياكى باشقا تەشكىلاتلار

مەمۇري تالاش ـ تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئىش تەقسىماتىنى ھەل قىلىدۇ. باشقۇرۇش تەۋەلىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىدىكى مەمۇري دېلولارنى قايسى دەرىجىدىكى سوت مەھكىمىلىرى ياكى تەڭ دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئىچىدىكى قايسى سوت مەھكىمىسىنىڭ قوبۇل قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. مەمۇري دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش، رايون بويىچە باشقۇرۇش، يۆتكەپ باشقۇرۇش ۋە بەلگىلەنگەن باشقۇرۇشقا بۆلىنىدۇ.

1) دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى

يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى دېلولاردىن باشقا بىرىنچى سوت مەمۇري دېلولىرى، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. بىرىنچى سوتتىكى تۆۋەندىكى مەمۇري دېلولار ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ: كەشپىيات پاتېنت ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە دائىر دېلولار؛ تاموژنا تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان دېلولار؛ گوۋۇيۈەننىڭ تارماقلىرى ياكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كونكرېت مەمۇري ھەرىكىتى ئۈستىدىن ئەرز قىلىنغان دېلولار؛ تەۋەلىكىدىكى رايونلاردا يۈز بەرگەن چوڭ، مۇرەككەپ دېلولار. يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، تەۋەلىكىدىكى رايوندا يۈز بەرگەن، بىرىنچى سوتتىكى چوڭ، مۇرەككەپ مەمۇري دېلولارنى باشقۇرىدۇ. مەملىكەت مىقياسىدا يۈز بەرگەن، بىرىنچى سوتتىكى چوڭ، مۇرەككەپ مەمۇري دېلولار ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ.

2) جايلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى. جايلار بويىچە

باشقۇرۇش تەۋەلىكى، ئوخشاش بولمىغان مەمۇرىي دېلولارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدا جايلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى جەھەتتە تۆت خىل ئەھۋال بەلگىلەنگەن: ① ئادەتتىكى جايلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى، ئەرز قىلغۇچى ئارقىلىق جاۋابكارنى بېكىتىش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىدۇ. مەمۇرىي دېلولار باشقا كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت قىلغان مەمۇرىي ئورگان تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. قايتا قارالغان دېلولاردىن قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئۆزگەرتكەنلىرى قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولسىمۇ بولىدۇ؛ ② جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى ياكى دەۋاگەر تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. «دەۋاگەر تۇرۇشلۇق جاي» دەۋاگەرنىڭ ئولتۇرۇشلۇق جايى، دائىم تۇرىدىغان جايى ۋە جىسمانىي ئەركىنلىكى چەكلەنگەن جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل باشقۇرۇش تەۋەلىكى جىسمانىي ئەركىنلىككە چەك قويۇش يۈزىسىدىن قوللىنىدىغان مەمۇرىي مەجبۇرلاش تەدبىرىگە قايىل بولماي قىلىنغان دەۋالارغا تەتبىقلىنىدۇ؛ ③ كۆچمەس مۈلۈك سەۋەبى بىلەن قىلىنغان مەمۇرىي دەۋالار، كۆچمەس مۈلۈك بار جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ؛ ④ ئىككىدىن ئارتۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى بولغان دېلولاردا ئاشۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىن بىرىنى تاللاپ دەۋا قىلسا بولىدۇ.

3) باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە بېكىتىش ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىدە يەنە، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بىرىنچى سوت مەمۇرىي دېلولىرىنى سوت قىلىشقا ھوقۇقلۇق، شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بىرىنچى سوت مەمۇرىي دېلولىرىنى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بىرىنچى سوت مەمۇرىي دېلولىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىشقا تېگىشلىك، دەپ ھېسابلىغانلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قارار قىلىشىغا يوللىسا بولىدۇ.

## 2. مەمۇرىي دەۋاغا قاتناشقۇچىلار

مەمۇرىي دەۋاغا قاتناشقۇچىلار دېگىنىمىز، دەۋاغا قاتناشقان دەۋا قىلغۇچىلار ۋە دەۋاغا قاتناشقۇچىلارغا ئوخشاش دەۋا ئورنىغا ئىگە كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دەۋاگەر ۋە جاۋابكارنى، ئورتاق دەۋا قىلغۇچى، ئۈچىنچى كىشى شۇنىڭدەك دەۋا ۋەكالەتچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. دەۋاگەر

دەۋاگەر دېگىنىمىز، ئۆزىنىڭ نامىدا خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەمۇرىي دەۋا تەلىپىنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداشنى تەلەپ قىلغان پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ.

2. جاۋابكار

مەمۇرىي دەۋادىكى جاۋابكار دېگىنىمىز، دەۋاگەر دەۋا قىلغاندىن كېيىن خەلق سوت مەھكىمىسى دەۋاغا جاۋاب بېرىشنى ئۇقتۇرغان دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەمۇري دەۋا قانۇندا بەلگىلەنگەن دەۋاگەرلەر 5 خىل ئەھۋالغا ئىگە .

1 ) پۇقرالار ، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاستە دەۋا قىلغان بولسا ، كونكرېت مەمۇري ھەرىكەت قىلغان مەمۇري ئورگان جاۋابكار بولىدۇ .

2 ) قايتا قارالغان دېلولاردا قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇري ھەرىكەتنى كۈچكە ئىگە قىلىشنى قارار قىلغان بولسا ، ئەسلىدە كونكرېت مەمۇري ھەرىكەت قىلغان مەمۇري ئورگان جاۋابكار بولىدۇ ؛ قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇري ھەرىكەتنى ئۆزگەرتكەن بولسا ، قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان جاۋابكار بولىدۇ .

3 ) ئىككىدىن ئارتۇق مەمۇري ئورگان ئوخشاش كونكرېت ھەرىكەت قىلغان بولسا ، كونكرېت مەمۇري ھەرىكەتنى تەڭ قىلغان مەمۇري ئورگانلار جاۋابكار بولىدۇ .

4 ) قانۇن ـ نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات قىلغان كونكرېت مەمۇري ھەرىكەت ئۈچۈن شۇ تەشكىلات جاۋابكار بولىدۇ . مەمۇري ئورگانلار ھاۋالە قىلغان تەشكىلاتلارنىڭ كونكرېت مەمۇري ھەرىكىتى ئۈچۈن ھاۋالە قىلغۇچى مەمۇري ئورگان جاۋابكار بولىدۇ .

5 ) مەمۇري ئورگان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسا ، ئۇنىڭ ھوقۇقىنى داۋاملىق يۈرگۈزگەن ئورگان جاۋابكار بولىدۇ .

3 . ئورتاق دەۋا قىلغۇچى

دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ ئىككىدىن كۆپ بولغان ، بىر كونكرېت مەمۇري ھەرىكەتتىن تۇغۇلغان مەمۇري دېلولار ياكى ئوخشاش كونكرېت مەمۇري ھەرىكەتتىن تۇغۇلغان مەمۇري دېلولاردىن خەلق سوت مەھكىمىسى بىر يولدىلا سوت قىلىشقا بولىدۇ ، دەپ ھېسابلىغانلىرى ئورتاق دەۋا

بولىدۇ . ئورتاق دەۋادىكى مەمۇرىي ھەرىكەتكە قايىل بولماي ئەرز قىلغان تەرەپ ئورتاق دەۋاگەر بولىدۇ ، كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى تەرىپىدىن ئەرز قىلىنغان تەرەپ ئورتاق جاۋابكار بولىدۇ .

4 . ئۈچىنچى كىشى

دەۋا قىلىنغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلەر بىلەن مەنپەئەتدار بولغان باشقا پۇقرالار ، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار ئۈچىنچى كىشى سۈپىتىدە دەۋاغا قاتناشسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن دەۋاغا قاتناشسا بولىدۇ .

مەمۇرىي دەۋادىكى ئۈچىنچى كىشى شۇ دېلوغا مۇناسىۋەتلىك دەۋا تەلىپىنى مەسىلەن : كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى ساقلاپ قېلىش ، ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى بولىدۇ . شۇنداقلا ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى سوتتىكى ھۆكۈمىگە قايىل بولمىسا ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ .

5 . دەۋا ۋەكالەتچىسى

مەمۇرىي دەۋا ۋەكالەتچىنىڭ تۈرى ھەق تەلەپ دەۋا ۋەكالەتچىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ . ئەمەلىيەت جەريانىدا دىققەت قىلىدىغان مەسىلە شۇكى ، قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئۆزگەرتسە ، قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان جاۋابكار بولىدۇ . ئەمما ، قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان ئەسلى كېسىم قىلغان ئورگاندىكى 1 دىن 2 گە قەدەر خىزمەتچى خادىمنى دەۋا ۋەكالەتچىلىكىگە ھاۋالە قىلسا بولىدۇ . شۇنداقلا ، قانۇن بويىچە باشقا خىزمەتچى خادىملارنى ياكى ئادۋوكاتلارنى دەۋا ۋاكالەتچىلىكىگە ھاۋالە قىلسا بولىدۇ .

### 3 . مەمۇرىي دەۋانىڭ تەرتىپلىرى

مەمۇرىي دەۋانىڭ تەرتىپلىرى دەۋا قىلىش ۋە دەۋانى قوبۇل قىلىش ، سوت قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ، ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت 3 ئاساسىي باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

1 . دەۋا قىلىش ۋە دەۋا قوبۇل قىلىش

1 ) مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش ۋە دەۋا قىلىش . مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش دېگىنىمىز ، پۇقرالار ، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا قايىل بولماي ، قانۇن بويىچە بەلگىلەنگەن دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى قايتا تەكشۈرىدىغان ۋە كېسىم قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ . مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدا ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە كىرىدىغان مەمۇرىي دېلولارنى پۇقرالار ، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار ئالدى بىلەن بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي ئورگاننىڭ ياكى قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن مەمۇرىي ئورگاننىڭ قايتا قاراپ چىقىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ . قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىن قايىل بولمىسا ، خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ . خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ . قانۇن ـ نىزاملاردا ئالدى بىلەن مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىنى ئىلتىماس قىلىش ، قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىن قايىل بولمىغاندا ، ئاندىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىش بەلگىلەنگەنلىرى قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

2 ) دەۋا قىلىشنىڭ شەرتلىرى . دەۋا 4 شەرتنى ھازىرلاش كېرەك : ① دەۋاگەر كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىمىزگە دەخلى ـ تەرۇز قىلدى دەپ ھېسابلىغان پۇقرا ، قانۇنىي ئىگە ياكى باشقا تەشكىلات بولۇشى ؛ ② جاۋابكار ئېنىق بولۇشى ؛ ③ كونكرېت دەۋا تەلىپى ۋە پاكىت

ئاساس بولۇشى ؛ ④ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىدە ۋە دەۋا قوبۇل قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇشى .

بۇنىڭدىن باشقا ، دەۋا دەۋا سۇرۇكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك . ئىلتىماس قىلغۇچى قايتا قاراپ چىقىش قارارىغا قايىل بولمىسا ، قايتا قاراپ چىقىش قارارىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ . بىۋاستە دەۋا قىلماقچى بولسا ، كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتتىن خەۋەردار بولغاندىن باشلاپ 3 ئاي ئىچىدە دەۋا قىلىش كېرەك ، قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا .

3 ) دەۋانى قوبۇل قىلىش . خەلق سوت مەھكىمىسى دەۋاگەرنىڭ دەۋا خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن ، دەۋا شەرتىگە ئۇيغۇن بولغانلىرىغا 7 كۈن ئىچىدە دېلو ئېچىش توغرىسىدا كېسىم قىلىش كېرەك . دەۋا شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىرىنى 7 كۈن ئىچىدە قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا كېسىم قىلىش كېرەك . دەۋاگەر كېسىمگە قايىل بولمىسا ، نارازىلىق ئەرز سۇنسا بولىدۇ .

2 . سوت قىلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش

1 ) سوت قىلىش

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ، خەلق سوت مەھكىمىلىرى مەمۇرىي دېلولارنى سوت قىلىشتا قانۇن ، مەمۇرىي نىزام ۋە يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى ئاساس قىلىدۇ . يەرلىك نىزاملار شۇ مەمۇرىي رايون تەۋەسىدە يۈز بەرگەن مەمۇرىي دېلولارغا تەتبىقلىنىدۇ . خەلق سوت مەھكىمىسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مەمۇرىي دېلولارنى سوت قىلىشتا ، شۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملىرىنىمۇ ئاساس قىلىش كېرەك .

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدا يەنە خەلق سوت مەھكىمىلىرى

مەمۇرىي دېلولارنى سوت قىلىشتا، مەمۇرىي قائىدىلەر ۋە يەرلىك قائىدىلەردىن پايدىلىنىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى يەرلىك قائىدىلەر بىلەن مەمۇرىي قائىدىلەر بىردەك بولمايتۇ، شۇنىڭدەك مەمۇرىي قائىدىلەرمۇ بىر - بىرىگە زىت بولۇپ قاپتۇ دەپ قارىسا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى گوۋۇيۈەنىڭ ئىزاھات بېرىشىگە ياكى كېسىم قىلىشىغا يوللاپ بېرىدۇ. كېڭەشمە سوتنىڭ مەمۇرىي دېلولارنى سوت قىلىش تەرتىپى ھەق تەلەپ دەۋاسى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ.

2 ) ھۆكۈم قىلىش

خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي دېلولارنى سوت قىلىش ئارقىلىق، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىدەك 4 خىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

(1) جاۋابكارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنى كۈچكە ئىگە دەپ ھۆكۈم قىلىش. بۇ خىل ھۆكۈم دەلىل - ئىسپاتلىرى تولۇق، قانۇن - نىزاملارنىڭ تەتبىقلىنىشى توغرا، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئۇيغۇن دەپ قارالغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتكە تەتبىقلىنىدۇ.

(2) جاۋابكارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى بىكار قىلىنىدى ياكى قىسمەن بىكار قىلىنىدى ھەمدە جاۋابكار يېڭى باشتىن كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىش. بۇ خىل ھۆكۈم ئاساسىي دەلىل - ئىسپاتلىرى تولۇق بولمىغان ياكى قانۇن - نىزاملار خاتا تەتبىقلانغان ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەرگە خىلاپلىق قىلىنغان ياكى خىزمەت ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن ياكى خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان دەپ قارالغان جاۋابكارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە تەتبىقلىنىدۇ.

(3) جاۋابكارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى مەلۇم مۇددەت ئىچىدە ئادا قىلىشنى ھۆكۈم قىلىش. جاۋابكار قانۇندا بەلگىلىگەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىسا ياكى ئادا

www.uyghurkitap.com

قىلىشنى كېچىكتۈرسە ، خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ خىل ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ .

(4) مەمۇرىي جازانى ئۆزگەرتىشنى ھۆكۈم قىلىش . مەمۇرىي جازانىڭ ئادىل بولمىغانلىقىنى سەزسە ، مەمۇرىي جازانى ئۆزگەرتىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقارسا بولىدۇ .

مەمۇرىي دەۋادىكى دەۋالاشقۇچىلار خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى سوت ھۆكۈمىگە ياكى كېسىمىگە قايىل بولمىسا ، ھۆكۈمنامە يەتكۈزۈلگەن كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە ، كېسىمنامە يەتكۈزۈلگەن كۈندىن باشلاپ 10 كۈن ئىچىدە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز سۇنۇشقا ھوقۇقلۇق ، خەلق سوت مەھكىمىسى ئىككىنچى سوت تەرتىپىنى تەتبىقلاپ نارازىلىق ئەرزىنى سوت قىلغاندىن كېيىن ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن ، ئايرىم - ئايرىم بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى چىقارسا بولىدۇ .

قانۇن كۈچىگە ئىگە ھۆكۈم ۋە كېسىمگە قارىتا دەۋالاشقۇچىلار ئەرز قىلسا بولىدۇ . خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ھوقۇقلۇق ؛ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شۇ مەھكىمىنىڭ قانۇن كۈچىگە ئىگە ھۆكۈم ۋە كېسىملىرىگە ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە ھۆكۈم ۋە كېسىمگە دېلونى ئالدۇرۇپ قايتا سوت قىلىشقا بۇيرۇشقا ھوقۇقلۇق .

3 . ئىجرا قىلىش

ئىجرا قىلىش دېگىنىمىز ، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنىي تەرتىپ بويىچە مەجبۇرىي ھالدا مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى كىشىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قانۇنىي ھۆججەتلەردە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ .

قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان مەمۇرىي ھۆكۈم ، كېسىم ۋە مەمۇرىي تۆلەم مۇرەسسەنامىلىرىنى بىرىنچى سوتتىكى خەلق

www.uyghurkitap.com

سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىدۇ .

پۈقرالار ، قانۇننى ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار ھۆكۈم ، كېسىمنى ئىجرا قىلمىسا ياكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتكە قانۇن بەلگىلىگەن مۇددەت ئىچىدە دەۋا قىلمىسا ھەم ئىجرا قىلمىسا ، مەمۇرىي ئورگانلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى قانۇن بويىچە مەجبۇرىي ئىجرا قىلسا بولىدۇ .

مەمۇرىي ئورگانلار ھۆكۈم ، كېسىمنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلسا ، بىرىنچى سوتتىكى خەلق سوت مەھكىمىسى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن ، بانكىلارغا ئاغدۇرۇپ بېرىشكە ، جەرىمانە قويۇشقا ئۇقتۇرۇش قىلىش ، مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي ئورۇنلارغا ئەدلىيە تەكلىپى بېرىش ، باشقۇرغۇچى خادىم ۋە بىۋاستە باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق ئىجرا تەدبىرلىرىنى ئايرىم - ئايرىم قوللانسا بولىدۇ .

## 4 § . جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى

### 1 . جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى

جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى دېلو ئېچىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى ۋە سوت ئېچىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

1 . دېلو ئېچىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى

دېلو ئېچىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى دېگىنىمىز ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قوبۇل

قىلىشتىكى ئىش تەقسىماتى ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى دېلو ئېچىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى تەھقىقلايدۇ، قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

2) خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى. دۆلەت خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتى، دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز سولىغان، قىيناپ سوراق قىلغان، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرغان، ئۆچ ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلغان، قانۇنسىز ئاقتۇرغانلىرىنىڭ پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى، شۇنىڭدەك پۇقرالارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتىنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دېلو ئېچىپ تەھقىقلايدۇ. دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ سادىر قىلغان باشقا چوڭ - چوڭ جىنايەت دېلولىرىنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بىۋاستە قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قارارى بىلەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دېلو ئېچىپ تەھقىقلىسە بولىدۇ.

3) بىۋاستە دەۋا قىلىنغان دېلولارنى خەلق سوت مەھكىمىسى بىۋاستە قوبۇل قىلىدۇ. بىۋاستە دەۋا قىلىنغان دېلو دېگىنىمىز، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋە ئۇنىڭ قانۇني ۋەكالەتچىسىنىڭ بىۋاستە خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەمدىلا بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولار؛ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىسپاتى بولغان ئادەتتىكى يېنىك جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ جاۋابكارنىڭ ئۆزىنىڭ جىسمانىي

ھوقۇقى ۋە مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىغا قارىتا ئىسپاتى بولۇپ، جىنايى جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈش زۆرۈر بولغان، ئەمما ج خ ت ئورگانلىرى ياكى خەلق مەھكىمىسى جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان دېلولارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 . سوت ئېچىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى

سوت ئېچىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى دېگىنىمىز، خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى سوتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئىش تەقسىماتى ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. سوت ئېچىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى، رايون بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى ۋە مەخسۇس باشقۇرۇش تەۋەلىكى دەپ ئايرىلىدۇ.

1) دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى. يەنى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىرىنچى سوتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئىش تەقسىماتى ۋە ھوقۇق دائىرىسى. بىرىنچى، بىرىنچى سوتتىكى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. ئەمما، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدە بولىدۇ دېيىلگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا؛ ئىككىنچى، بىرىنچى سوتتىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان دېلولار، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى؛ چەت ئەللىكلەر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدىغان بىرىنچى سوتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى پۈتۈن ئۆلكە (بىۋاسىتە

قاراشلىق شەھەر ، ئاپتونوم رايون ) خاراكتېرىدىكى زور جىنايى ئىشلار دېلولىرىدۇر .

بۇنىڭدىن باشقا ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى بىرىنچى سوتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا سوت ئاچسا بولىدۇ ؛ تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېلو ئەھۋالى مۇرەككەپ ، ئېغىر ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت ئاچسا بولىدۇ دەپ قارىغان بىرىنچى سوتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت ئېچىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ .

2 ) رايون بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى ، يەنى تەڭ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى سوتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى قوبۇل قىلىشتىكى ئىش تەقسىماتى ۋە ھوقۇق دائىرىسى ، جىنايى ئىشلار دېلولىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ . ئەگەر جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇپ تېخىمۇ مۇۋاپىق بولسا ، جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولسا بولىدۇ . بىرنەچچە تەڭ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدىغان دېلولارنى ئەڭ بۇرۇن قوبۇل قىلغان خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىدۇ . زۆرۈر تېپىلغاندا ئاساسلىق جىنايەت يۈز بەرگەن جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ . يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئېنىق بولمىغان دېلولارنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بېكىتىپ بەرسە

بولىدۇ . شۇنداقلا ، تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلونى باشقا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى بېكىتىپ بەرسە بولىدۇ .

3 ) مەخسۇس باشقۇرۇش تەۋەلىكى . يەنى ھەر قايسى مەخسۇس خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى شۇنىڭدەك مەخسۇس خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىلەن ئادەتتىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى سوتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش دائىرىسى .

## 2 . جىنايى ئىشلار دەۋاسىغا قاتناشقۇچىلار

جىنايى ئىشلار دەۋاسىغا قاتناشقۇچىلار دېگىنىمىز ، دەۋالاشقۇچى ، قانۇنىي ۋەكالەتچى ، دەۋا ۋەكالەتچىسى ، ئاقلىغۇچى ، گۇۋاھچى ، باھالىغۇچى ۋە تەرجىمە خادىملىرىنى كۆرسىتىدۇ .

1 ) دەۋالاشقۇچى

دەۋالاشقۇچى دېگىنىمىز ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ، ئەرز قىلغۇچى ، جىنايەت گۇماندارى ، جاۋابكار ، قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى دەۋاگەر ۋە جاۋابكارنى كۆرسىتىدۇ . ئۇلار جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرىدۇر .

(1) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى . زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دېگىنىمىز ، جىنايى قىلمىشنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا بىۋاسىتە ئۇچرىغان دەۋالاشقۇچىنى كۆرسىتىدۇ . دۆلەت نامىدىن شىكايەت قىلىنىدىغان دېلولاردا دۆلەت ئەرز قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ ؛ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئەرز قىلغۇچى بولمايدۇ ، ئەمما ئۇ خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەرز قىلماسلىق قارارىنى ساقلاپ قالسا ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ . شۇنداقلا ، شىكايەت قىلماي بىۋاسىتە ئەرز قىلسىمۇ بولىدۇ .

(2) ئەرز قىلغۇچى . ئەرز قىلغۇچى دېگىنىمىز ، قانۇن بويىچە بىۋاستە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان دەۋالاشقۇچىنى يەنى ئەرز قىلىنغان دېلودىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى ئۇنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسىنى كۆرسىتىدۇ .

(3) جىنايەت گۇماندارى . جىنايەت گۇماندارى جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى شىكايەت قىلىنغان جىنايەتتىكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىنغان تەرەپنى كۆرسىتىدۇ .

(4) جاۋابكار . جاۋابكار دېگىنىمىز ، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبلىگەن ياكى ئەرز قىلغۇچى بىۋاستە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان تەرەپنى كۆرسىتىدۇ .

(5) قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى دەۋاگەر ۋە جاۋابكار . بۇ خىل دەۋادىكى دەۋاگەر دېگىنىمىز ، جاۋابكارنىڭ جىنايى قىلمىشى سەۋەبىدىن بىۋاستە ماددىي زىيانغا ئۇچرىغان جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا ھەق تەلەپ دەۋا تەلىپىنى قويۇپ تۆلەم تەلەپ قىلغان تەرەپنى كۆرسىتىدۇ .

2 . باشقا دەۋاغا قاتناشقۇچىلار

باشقا دەۋاغا قاتناشقۇچىلار دېگىنىمىز ، دەۋالاشقۇچىلاردىن باشقا دەۋاغا قاتناشقۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ . ئۇلار قانۇنىي ۋەكالەتچى ، دەۋا ۋەكالەتچىسى ، ئاقلىغۇچى ، گۇۋاھچى ، باھالىغۇچى ۋە تەرجىمە خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

1 ) قانۇنىي ۋەكالەتچى . قانۇنىي ۋەكالەتچى دېگىنىمىز ، ۋەكالەتچىلىك قىلىنغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ، بېقىۋالغان ئاتا - ئانىسى ، ۋەسىيلىرى ۋە مۇھاپىزەت قىلىش مەسئۇلىيىتى بار ئورگان ، تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىلىنى كۆرسىتىدۇ .

2 ) دەۋا ۋەكالەتچىسى . دەۋا ۋەكالەتچىسى دېگىنىمىز ، دەۋا

www.uyghurkitap.com

دېلولىرىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى ياكى يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئەرز قىلىش دېلولىرىدىكى ئەرز قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى قاتارلىقلار ھاۋالە قىلغان ئۆزى ئۇچۇن دەۋاغا قاتناشقۇچىنى كىشىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ يەردە ئېيتىلغان يېقىن تۇغقانلىرى ، يولدىشى ، پەرزەنتلىرى ۋە بىر تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

3 ) ئاقلىغۇچى . ئاقلىغۇچى دېگىنىمىز ، جىنايەت گۇماندارى ، جاۋابكار ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن ئاقلاش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان دەۋاغا قاتناشقۇچىنى كۆرسىتىدۇ .

4 ) گۇۋاھچى . گۇۋاھچى دېگىنىمىز ، دېلو ئەھۋالىنى بىلىدىغان ھەمدە ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بىلىدىغان دېلو ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەرگەن دەۋاغا قاتناشقۇچىنى كۆرسىتىدۇ . فىزىئولوگىيە ۋە پسىخىكا جەھەتتە نۇقسانى بولغان ياكى نارەسىدە ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ، مەقسىتىنى توغرا ئىپادىلىيەلمەيدىغان كىشىلەر گۇۋاھچى بولالمايدۇ . گۇۋاھچىلار ئەينەن گۇۋاھلىق بېرىشى كېرەك . ئۇنداق قىلمايدىكەن ، قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ .

5 ) باھالىغۇچى . باھالىغۇچى دېگىنىمىز ، كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولغان ئەدلىيە ئورگانلىرى ئەۋەتكەن ياكى تەكلىپ قىلغان دېلودىكى مەخسۇس مەسىلىلەرگە قارىتا باھالاش ئېلىپ بارىدىغان ياكى ئىلمىي يەكۇن چىقىرىدىغان دەۋاغا قاتناشقۇچىنى كۆرسىتىدۇ .

6 ) تەرجىمان خادىملار . تەرجىمان خادىملار دېگىنىمىز ، ئەدلىيە ئورگانلىرى بەلگىلىگەن ياكى تەكلىپ قىلغان ئالاھىدە دەۋاغا قاتناشقۇچى ئۇچۇن تىل ـ يېزىق ياكى قول ئىشارىتى قىلىپ بېرىدىغان تەرجىمە خادىملىرىنى كۆرسىتىدۇ .

## 3 . جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى

1 . مەجبۇرلاش تەدبىرىنىڭ ئۇقۇمى

دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرى ئەدلىيە ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا جىنايەت گۇماندارى ، جاۋابكارغا قانۇن بويىچە قوللىنىلىدىغان جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش ئۇسۇلىدۇر . جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا قانۇن بويىچە مەجبۇرلاش تەدبىرىنى قوللىنىشنىڭ مەقسىتى جىنايەت گۇماندارى ۋە جاۋابكارلارنىڭ قېچىپ كېتىشى ، يوشۇرۇنۇۋېلىشى ، جىنايەت پاكىتىنى يوقىتىۋېتىشى ياكى داۋاملىق جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى توسۇپ ، جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت .

2 . مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنىڭ تۈرى

دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا ، جىنايى ئىشلار داۋاسىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىدىن مەجبۇرىي چاقىرىش ، بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىللىككە بېرىش ، تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش ، توختىتىپ قويۇش ۋە قولغا ئېلىش قاتارلىق بەش خىلى بار .

1 ) مەجبۇرىي چاقىرىش . مەجبۇرىي چاقىرىش دېگىنىمىز ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلمىغان جىنايەت گۇماندارلىرىنى ، جاۋابكارلارنى سوراق قىلىشنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلدۇرىدىغان بىر خىل ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ .

2 ) بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىللىككە بېرىش . بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىللىككە بېرىش دېگىنىمىز ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ جىنايەت گۇماندارلىرى ، جاۋابكارلارغا كاپالەت بەرگۈچى ياكى كاپالەت پۇلى تاپشۇرۇشنى بۇيرۇپ ، ئۇلارنىڭ قاچان چاقىرسا شۇ ۋاقىتتا كېلىشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر

خىل مەجبۇرلاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

3 ) تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش. تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش دېگىنىمىز، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ جىنايەت گۇماندارى ياكى جاۋابكارنى بېكىتىلگەن تۇرار جايىدىن ئايرىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بۇيرۇشتەك بىر خىل مەجبۇرلاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

4 ) توختىتىپ قويۇش. توختىتىپ قويۇش دېگىنىمىز، جىنايى ئىشلار دېلو تەھقىقلەش داۋامىدىكى نەق جىنايەتچى ياكى زور جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ ۋاقىتنىچە جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان مەجبۇرلاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. توختىتىپ قويۇشنى تەتبىقلاشتا تۆۋەندىكى ئىككى شەرتنى هازىرلاش كېرەك: بىرى، توختىتىپ قويۇلىدىغان ئوبىيېكت چوقۇم نەق جىنايەتچى ياكى زور جىنايەت گۇماندارى بولۇش. يەنە بىرى، قانۇندا بېكىتىلگەن جىددىي ئەھۋال بولۇش.

5 ) قولغا ئېلىش. قولغا ئېلىش دېگىنىمىز، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە جىنايەت گۇماندارى ياكى جاۋابكارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قانۇن بويىچە قىسقا مۇددەت مەھرۇم قىلىدىغان مەجبۇرلاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. قولغا ئېلىش تەدبىرىنى تەتبىقلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتنى هازىرلاش زۆرۈر: بىرىنچى، جىنايەت ئەمەلىيىتىگە دەلىل - ئىسپات بولۇپ، قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جىنايى جازا بېرىلىدىغان بولۇش؛ ئىككىنچى، بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىللىككە بېرىش، تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغاندىمۇ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان، قولغا ئېلىش زۆرۈرىيىتى بولغان بولۇش؛ ئۈچىنچى، جىنايەت گۇماندارى،

جاۋابكارنى قولغا ئېلىشتا خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەستىقلايدۇ، قارار قىلىدۇ ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى قارار قىلىدۇ، ج خ ئورگانلىرى ئىجرا قىلىدۇ.

## 4. جىنايى ئىشلار قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسى

جىنايى ئىشلار قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسى دېگىنىمىز، ئەدلىيە ئورگانلىرى جاۋابكارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش بىلەن بىرگە، قانۇن بويىچە جاۋابكاردىن زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ماددىي زىيىنىنى تۆلىتىپ بېرىشتەك دەۋا پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلىشتا 3 شەرتنى ھازىرلاش كېرەك: بىرىنچى، جاۋابكارنىڭ جىنايى قىلمىشىنىڭ بېكىتىلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش لازىم؛ ئىككىنچى، جاۋابكارنىڭ قىلمىشى بىۋاستە ھالدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ماددىي زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇش لازىم. ئۈچىنچى، جىنايى ئىشلار دەۋاسى باشلانغاندىن كېيىن، ھۆكۈم ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى دەۋا قىلىش كېرەك.

قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسىنى جىنايى ئىشلار دېلوسى بىلەن تەڭ سوتلاش كېرەك. جىنايى ئىشلار دېلوسىنىڭ سوت قىلىنىشىنىڭ سوزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈنلا، ئاۋۋال جىنايى ئىشلار دېلوسىنى سوتلاپ، ئاندىن كېيىن، ئوخشاش بىر سوت قىلىش تەشكىلى قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسىنى داۋاملىق تەھقىقلىسە بولىدۇ.

## 5. جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ تەرتىپى

جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ تەرتىپى: دېلو ئېچىش، ئىجرا قىلىش تەرتىپى قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ. سوت قىلىش تەرتىپى:

بىرىنچى سوت تەرتىپى ، ئىككىنچى سوت تەرتىپى ، ئۆلۈم جازاسىنى قايتا قاراپ چىقىش تەرتىپى ، سوت ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش تەرتىپى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېلىنىدىغان دېلولار ئادەتتە دېلو ئېچىش ، تەھقىقلاش ، ئەيىبلەش ، سوت قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت بەش باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك .

1 . دېلو ئېچىش

دېلو ئېچىش دېگىنىمىز ، ئەدلىيە ئورگانلىرى قىلىنغان ئەرزلەرنى ، پاش قىلىنغان ئىشلارنى ياكى جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ، جىنايى پاكىتى بار ، جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك دەپ قارىغان ۋاقىتتا ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قانۇن بويىچە تەھقىقلەش ياكى سوت قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىدىغان دەۋا پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . دېلو ئېچىش جىنايى ئىشلار دەۋا پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۆتەشكە تېگىشلىك تەرتىپى . ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تەكشۈرۈشتە ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردا جىنايەت پاكىتىنىڭ بار - يوقلۇقى ، جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەكمۇ - ئەمەسمۇ ، دېلو ئېچىش كېرەكمۇ - يوق دېگەنلەرنى قارار قىلىشتىن ئىبارەت . دېلو ئېچىشتا بىرلا ۋاقىتتا تۆۋەندىكى ئىككى شەرتنى ھازىرلاش كېرەك : بىرىنچى ، جىنايى پاكىت يۈز بەرگەن بولۇش ؛ ئىككىنچى ، قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش زۆرۈر بولۇش .

2 . تەھقىقلەش

تەھقىقلەش دېگىنىمىز ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى ، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرىش جەريانىدا ، قانۇن بويىچە ئېلىپ بارىدىغان مەخسۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەجبۇرلاش

تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ . تەھقىقلەشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىسپات ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە تەكشۈرۈش ، جىنايەت پاكىتىنى ئېنىقلاش ، جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇش ، ئەيىبلەشكە تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت . تەھقىقلەشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى جىنايەت گۇماندارىنى سوراق قىلىش ، گۇۋاھچىلارنى سورۇشتۇرۇش ، تەكشۈرۈش ، ئاقتۇرۇش ، ماددىي ئىسپات ۋە يازما ئىسپاتلارنى تۇتۇپ قىلىش ، باھالاش ۋە تۇتۇش بۇيرۇقى بېرىشتىن ئىبارەت . تەھقىقلەش ئورگانلىرى پاكىت ئېنىق ، دەلىل - ئىسپات تولۇق دەپ ، جىنايەت ياكى ئەمەسلىكىنى ، بۇ جىنايەت ياكى ئۇ جىنايەت ئىكەنلىكىنى بېكىتىشكە يېتەرلىك دەپ قارىغاندا تەھقىقلەش ئاخىرلىشىدۇ . خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنى دېلونى تەھقىقلەپ ، تەھقىقلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئەيىبلەش ياكى ئەيىبلىمەسلىك ياكى دېلونى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىش كېرەك . ج خ ئورگانلىرى دېلو تەھقىقلەپ ، تەھقىقلەش جەريانىدا جىنايەت گۇماندارىدىن جىنايى جاۋابكارلىقنى سورۇشتۇرمەسلىكنى بايقىغاندا ، دېلونى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم . تەھقىقلەش ئاخىرلىشىپ خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئەيىبلەشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان دېلولارنى ئەيىبلەش پىكىرىنى دېلو ماتېرىيالى ، دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن بىرلىكتە تەڭ دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش لازىم .

3 . ئەيىبلەش

خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەھقىقلەپ ئاخىرلاشقان دېلولارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرىدۇ . تەكشۈرۈپ ئەيىبلەشتە تۆۋەندىكىلەرنى ئېنىقلاش كېرەك : جىنايەت پاكىتى ، جەريانى ئېنىقمۇ - يوق ، دەلىل - ئىسپاتلار تولۇقمۇ - قانداق ، جىنايەت خاراكتېرى ۋە جىنايەتنى بېكىتىش توغرىمۇ - يوق ، قېپقالغان

www.uyghurkitap.com

جىنايى قىلمىش ۋە باشقا جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلار بارمۇ ـ يوق ، جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان دېلوغا كىرەمدۇ ـ قانداق ، قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسى بارمۇ ـ يوق ، تەھقىقلەش پائالىيىتى قانۇنلۇقمۇ ـ يوق . ئەيىبلەش ـ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى دۆلەتكە ۋەكالىتەن قانۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە سوت قىلىشنى ئۆتتۈرىغا قويىدىغان دەۋا پائالىيىتىدۇر . ئەيىبلەشتە 3 شەرتنى ھازىرلاش كېرەك : بىرىنچى ، جىنايەت پاكىتى ئېنىق ، دەلىل ـ ئىسپاتلار تولۇق بولغان ، قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش زۆرۈر بولۇش ؛ ئىككىنچى ، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان جىنايەت گۇماندارلىرىغا قارىتا ئەيىبلىمەسلىك قارارىنى چىقىرىش كېرەك ؛ ئۈچىنچى ، جىنايەت ئەھۋالى يېنىك جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن جىنايى جازا بېرىش ھاجەتسىز بولغانلىرىغا ئەيىبلىمەسلىك قارارىنى چىقارسا بولىدۇ .

4 . سوت قىلىش

سوت قىلىش دېگىنىمىز ، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇن بويىچە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت دەۋا پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت پائالىيىتى مەلۇم سوت تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ . سوت تەشكىلاتى كېڭەشمە تۈزۈمى ۋە يالغۇز مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ . كېڭەشمە تۈزۈمى — سوتچىلاردىن ياكى سوتچىلار بىلەن خەلق زاسىتاتېللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ كېڭەشمە سوت دېلونى سوتلايدۇ . بۇ سوت تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي شەكلى . يالغۇز مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى بىرلا سوتچى دېلونى سوتلايدۇ ،

بۇ تۈزۈمنى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە ئاددىي تەرتىپلىك دېلولاردا بىرلا سوتچى مۇستەقىل سوت قىلىشقا تەتبىقلىغاندىن باشقا، جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا بىردەك كېڭەشمە تۈزۈم تەتبىقلىنىدۇ. كېڭەشمە سوتتا دېلو مۇزاكىرە قىلىنغاندا ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنۇش تۈزۈمى بويىچە قارار چىقىرىلىدۇ. كېڭەشمە سوت قىيىن، مۇرەككەپ چوڭ دېلولار ئۈستىدە قارار چىقىرىش قىيىن دەپ ھېسابلىسا، كېڭەشمە سوت مەھكىمە باشلىقىنىڭ قارارى بىلەن سوت ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشقا سۇنىدۇ. سوت ھەيئىتىنىڭ قارارىنى كېڭەشمە سوت ئىجرا قىلىشى كېرەك.

1) بىرىنچى سوت تەرتىپى

بىرىنچى سوت تەرتىپى — خەلق سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى تۇنجى قېتىم سوتلاشتەك دەۋا تەرتىپىدىن ئىبارەت. دەۋا دېلولىرىنىڭ بىرىنچى سوت تەرتىپى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە بولىدۇ: ① سوت ئېچىش. سوت ئاچقاندا باش سوتچى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھازىر بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ، دېلو مەزمۇنىنى ئېلان قىلىدۇ. كېڭەشمە سوت ئەزالىرى، پۇتۇكچى، ئاقلىغۇچى، دەۋا ۋەكالەتچىسى، باھالىغۇچى ۋە تەرجىمانىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. دەۋالاشقۇچىلارغا ئۇلارنىڭ چەتلەپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلىدۇ. جاۋابكارغا ئاقلىنىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ؛ ② سوتتا تەكشۈرۈش. سوتتا تەكشۈرۈشتە ئاساسلىقى دېلو پاكىتى تەكشۈرۈلىدۇ. دەلىل ـ ئىسپاتلار ئۇدۇللاشتۇرۇلىدۇ. جىنايەت پاكىتى ۋە جەريانى ئېنىقلىنىدۇ؛ ③ سوت مۇنازىرىسى. سوتتا مۇنازىرە باشلانغاندا، ئالدى بىلەن ئەيىبلىگۈچى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى سۆز قىلىدۇ، ئۇندىن كېيىن جاۋابكار چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئۆزىنى ئاقلايدۇ. ئاقلىغۇچى ئاقلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا

www.uyghurkitap.com

قويىدۇ ھەمدە ئۆزئارا مۇنازىرە قىلىشقا بولىدۇ ؛ ④ جاۋابكارنىڭ ئاخىرقى بايانى . ئاخىرقى بايان قىلىش ھوقۇقى جاۋابكارلارنىڭ مۇھىم دەۋا ھوقۇقلىرىدىن بىرى . جاۋابكار جىنايەت يۈكلىتىش ۋە جازا ئۆلچەش قاتارلىق مەسىلىلەردە تولۇق پىكىر بايان قىلىدۇ ؛ ⑤ باھالاش ۋە ھۆكۈمنى ئېلان قىلىش . جاۋابكار ئاخىرقى پىكىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن باش سوتچى سوتنىڭ توختىتىپ تۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ ، كېڭەشمە سوت ھەيئەتلىرى باھالايدۇ . باھالاشتىن كېيىن ھۆكۈم نەق مەيداندا ئېلان قىلىنىدۇ ياكى قەرەللىك ئېلان قىلىنىدۇ . ھۆكۈمنى ئېلان قىلغاندا ئەرز قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر تەرەپلەرگە ئۇقتۇرۇلىدۇ .

2 ) ئىككىنچى سوت تەرتىپى

ئىككىنچى سوت تەرتىپى يەنە ئەرز قىلىش سوتلاش تەرتىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى نارازىلىق ياكى ئېتىرازغا ئاساسەن بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولمىغان ھۆكۈمى ۋە كېسىمى ئۈستىدە ئىككىنچى قېتىم قاراپ چىقىشتىن ئىبارەت دەۋا تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ . نارازىلىق ئەرزى — دەۋالاشقۇچى ياكى ئۇنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسىنىڭ يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىرىنچى سوتتىكى ھۆكۈمى ياكى كېسىمىگە قايىل بولمىغاندا ، قانۇن بويىچە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ ھۆكۈمنى قايتا قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت دەۋا پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئېتىراز — يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەڭ دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھۆكۈمى ۋە كېسىمىدە ھەقىقەتەن خاتالىق بار دەپ قارىغاندا ، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدىن دېلونى قايتا قاراپ چىقىشنى قاراپ چىقىشتىن ئىبارەت دەۋا پائالىيىتىنى

كۆرسىتىدۇ . ئىككىنچى سوت نارازىلىق ئەرزىنى سوتلىغاندا جاۋابكارغا جىنايى جازانى ئېغىرلىتىشقا بولمايدۇ . ئەمما ، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئېتىراز بىلدۈرسە ياكى بىۋاستە ئەرز قىلغۇچى نارازىلىق ئەرزىنى سۇنسا بۇنداق چەكلىمە قويۇلمايدۇ .

3 ) ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەستىقلاش تەرتىپى

ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەستىقلاش تەرتىپى دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى بىر خىل ئالاھىدە تەرتىپ بولۇپ ، ئۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن دېلولارنى قايتا تەستىقلاش تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ . بارلىق ئۆلۈم جازاسى دېلولىرى ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەستىقلاش تەرتىپىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ . ئۆلۈم جازاسىنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تەستىقلايدۇ . ئەمما بەزى ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى تەستىقلاش هوقۇقىنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ يۇرگۈزۈشىگە بېرىدۇ . ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا هۆكۈم قىلغان دېلولىرىنى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەستىقلايدۇ .

4 ) سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش تەرتىپى

سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش تەرتىپى ، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان هۆكۈم ۋە كېسىملىرىدە ئەگەر پاكىتنى بېكىتىش ياكى قانۇننى تەتبىقلاش جەھەتتە ھەقىقەتەن خاتالىق بار دەپ قاراپ ، قانۇن بويىچە قايتا قاراپ چىقىدىغان دەۋا تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ . دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى يېقىن تۇغقانلىرى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان هۆكۈم ياكى كېسىمدە ھەقىقەتەن خاتالىق بار دەپ قارىسا ، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ياكى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ . ئۇنىڭ ئەرزى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 204 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىنىڭ بىرىگە

ئۇيغۇن كەلسە ، خەلق سوت مەھكىمىلىرى قايتا سوت قىلىش كېرەك . ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقى شۇ مەھكىمىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم ، كېسىملىرىدە پاكىتنى بېكىتىش ياكى قانۇنىي تەتبىقلاش جەھەتتە ھەقىقەتەن خاتالىق بارلىقىنى سەزسە ، سوت ھەيئىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇشى شەرت . ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە ھۆكۈم ۋە كېسىمىدە ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم ۋە كېسىمىدە ھەقىقەتەن خاتالىق بارلىقىنى سەزسە ، دېلونى ئالدۇرۇپ سوت قىلىشقا ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنى قايتا سوت قىلىشقا بۇيرۇشقا ھوقۇقلۇق . خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم ۋە كېسىمىدە ھەقىقەتەن خاتالىق بارلىقىنى سەزسە ، سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ھوقۇقلۇق . خەلق سوت مەھكىمىسى سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپ بويىچە قايتا سوت قىلىدىغان دېلونى باشقىدىن كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇپ سوت قىلىش لازىم . ئۇ ئەسلى بىرىنچى سوت دېلوسى بولسا ، بىرىنچى سوت تەرتىپى بويىچە سوت قىلىش لازىم . چىقىرىلغان ھۆكۈم ۋە كېسىم ئۈستىدە نارازىلىق ئەرزى بېرىشكە ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە بولىدۇ . ئۇ ئىككىنچى سوت دېلوسى بولسا ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئالدۇرۇپ سوت قىلغان دېلو بولسا ، ئىككىنچى سوت تەرتىپى بويىچە سوت قىلىش لازىم . چىقىرىلغان ھۆكۈم ۋە كېسىم ئاخىرقى ھۆكۈم ۋە كېسىم بولىدۇ .

5 . ئىجرا قىلىش

ئىجرا قىلىش — قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم ۋە

كېسىملەردە بېكىتىلگەن مەزمۇن بويىچە ئىجرا قىلىدىغان دەۋا پائالىيىتىدۇر . ئۇ جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تەرتىپ بولۇپ ، ئىجرا تەرتىپى ئارقىلىقلا ، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسى تاماملىنىدۇ . ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشنى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئەدلىيە ساقچىلىرىغا ياكى قوراللىق ساقچىلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ . ئۆلۈم جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا سوتچى خادىملار نەق مەيدانغا بېرىپ قوماندانلىق قىلىدۇ . تەپتىش خادىملار جازا مەيدانىنى نازارەت قىلىدۇ . ج خ خادىملىرى جازا مەيدانىنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ . ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغانلار ، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ، مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنى ج خ ئورۇنلىرى تۈرمىلەرنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ . تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىنىدىغان ، رېجىمغا ئېلىنىدىغان ، سىياسىي هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان جىنايەتچىلەر ، شۇنىڭدەك ۋاقتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىنىدىغان جىنايەتچىلەرنى ج خ ئورگانلىرى ئىجرا قىلىدۇ . جەرىمانە قويۇلىدىغان ۋە مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش توغرىسىدىكى هۆكۈملەرنى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا قىلىدۇ .

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

1 . دەۋا قانۇنىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ۋەزىپىسىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ .
2 . دۆلىتىمىزنىڭ دەۋا قانۇنلىرىنىڭ بارلىق پرىنسىپلىرى

قايسىلار ؟

3 . دەۋا دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تۈرلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ ؟

4 . ھەق تەلەپ دەۋالىرىدىكى بىرىنچى سوتنىڭ ئادەتتىكى تەرتىپلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ .

5 . مەمۇرىي دەۋانىڭ ئۈچ ئاساسىي باسقۇچى قايسى ؟

6 . جىنايى ئىشلار دەۋاسىغا قاتناشقۇچىلار كىملەر ؟

www.uyghurkitap.com

# ئاخىرقى سۆز

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى بىرلىكتە تارقاتقان «ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئومۇمىي بايان“ دەرسلىكىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش »ۋە « (ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ”ئىككى دەرس“ دەرسلىكىنى تەسىس قىلىش بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر ) نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلەرنىڭ قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ، مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت مەھكىمىسى بىلەن ئەدلىيە مىنىستىرلىقى قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات مەھكىمىسى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس ، پروفېسسورلارنى تەشكىللەپ ، ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلەرنىڭ «قانۇن ئاساسلىرى دەرسلىكى» ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشتا قوللىنىشى ئۈچۈن تەمىنلىدى .
تۈزۈش جەريانىدا ، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىش ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈش ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى قانۇن ئىلمى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى

قوبۇل قىلىش ، قانۇن ئىلمى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى ۋە ئاساسىي قانۇن ، نېگىزلىك قانۇنلاردىكى ئاساسىي بىلىملەرنى توغرا بايان قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇردۇق . ئەمما ۋاقىت قىسقا بولغانلىقى ، بولۇپمۇ بىزنىڭ قانۇن ئىلمى ئاساسىي نەزەرىيە سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ، مەزكۇر دەرسلىكتە نامۇۋاپىق تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن ؛ شۇڭا ، مەزكۇر دەرسلىكنىڭ تېخىمۇ پىشقان ، مۇكەممەل ۋە ئىلمىي بولۇشى ئۈچۈن ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ، ساۋاقداشلارنىڭ ۋە مۇتەخەسسىس ، ئالىملارنىڭ تەنقىد بېرىپ تۈزىتىشىنى ھەمدە كونكرېت ئۆزگەرتىش پىكىرىنى بېرىشىنى سەمىمىي قارشى ئالىمىز .

مەزكۇر دەرسلىك كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ مەھسۇلى . مەزكۇر كىتابنى تۈزۈش تىزىسى ۋە دەسلەپكى ئۆرگىنالىنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتكەن . مەزكۇر كىتابقا مائارىپ مىنىستىرلىقى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق دەرسلىكىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى ، قانۇن ئاساسلىرى دەرسلىكىگە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گۇچۇندې مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ، مائارىپ مىنىستىرلىقى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق دەرسلىكى ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى ، قانۇن ئاساسلىرى دەرسلىكى ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ، چاڭچۇن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى چېن لاۋجى مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ، ھەرقايسى بابلارغا قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر : مۇقەددىمە قىسمى مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ۋە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت مەھكىمىسىدىن دوتسېنت لىيۇگۇيچىن ؛ 1 ـ باب ، 2 ـ باب ، 1 ـ پاراگرافنى پروفېسسور گۇچۇندې ؛ 3 ـ بابنى ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن

پروفېسسور جوۋيېجوڭ؛ 2 ـ باب 2 ـ پاراگراف، 4 ـ بابنى مائارىپ مىنىستىرلىقى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، قانۇن ئاساسلىرى دەرسى ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى گوڭ شيەنتيەن؛ 5 ـ بابنى جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى ياڭ شاۋچىڭ؛ 6 ـ بابنى نەنجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى دوتسېنتى سۇي خۇڭمىڭ؛ 7 ـ بابنى پروفېسسور چېن لاۋجى؛ 8 ـ بابنى مائارىپ مىنىستىرلىقى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق دەرسلىكى ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، قانۇن ئاساسلىرى دەرسى ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى جياڭفەن، نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى چېن داۋېن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ باشقا مۇھەررىرى ۋە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ھەرقايسى بابلارنىڭ قەلەم تەۋرەتكۈچىلىرىمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، پۈتۈن كىتابنىڭ دەسلەپكى ئۇرىگىنالىنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، ئاخىرىدا پروفېسسور گۇچۈنديې بىرلىككە كەلتۈرۈپ بېكىتىپ چىقتى.

مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ۋە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گۇخەيلياڭ، مۇئاۋىن باشلىقى جىن نو ۋە سۇۋېي خەن، لى گۇاڭدا، ليۇگۇيچىن قاتارلىق يولداشلار كىتابنىڭ تىزىسىنى، دەسلەپكى ئۇرىگىنالى ۋە ئۇرىگىنالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى ھەمدە قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى. سابىق دۆلەت مائارىپ كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى يولداش جۇشىنيۇن، مائارىپ مىنىستىرلىقى ئوقۇغۇچىلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، سابىق دۆلەت مائارىپ كومىتېتى

ئىدىيە ـ ئەخلاق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يولداش چوۋ جېنيوەن بۇ كىتابىنىڭ تۈزۈلۈش خىزمىتىگە باشتىن ـ ئاخىرى ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ، كىتاب تۈزۈش تىزىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتناشتى ھەمدە نۇرغۇن يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى پىكىرلەرنى بەردى ، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى بۇ كىتابنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش ئۈچۈن كۆپ تەرەپلەردىن ياردەم بەردى . بۇ يەردە ئۇلارغا سەمىمىي تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرىمىز .

«قانۇن ئاساسلىرى دەرسلىكى» (مەخسۇس كۇرس نۇسخىسى ) تۈزۈش گۇرۇپپىسى

بۇ كىتاب ئالىي مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1999-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 2-قېتىملىق
باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据高等教育出版社 1999 年 6 月第 1 版第 2 次印刷
版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئالىم
كوررېكتورى : رەيھان نۇر

# قانۇن ئاساسلىرى دەرسلىكى

(مەخسۇس كۇرس سىناق نۇسخىسى)

ئېلى مۇختەر
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇرەھىم زۇنۇن
ئېزىز مەتتۇرسۇن

---

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 66-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1168×850مم 32 فورمات 18 باسما تاۋاق
2000-يىل 8-ئاي 1-نەشرى 1-قېتىم بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000

---

ISBN7—5372—2245—2/D. 4
باھاسى: 21.60 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

责任编辑：艾尔肯．阿力木
封面设计：艾克拜尔．萨里

ISBN 7-5372-2245-2
9 787537 222457 >

ISBN 7-5372-2245-2
D·4(民文)定价:21.60元